مۇھەممەت ئىمىن

# ئالتۇن گىرۋەكلىك ھالقا

(تاللانغان پوۋېستلار)

مىللەتلەر نەشرىياتى



يازغۇچى مۇھەممەت ئىمىن

# مۇندەرىجە


نەشرىياتتىن ........................................ (1)

داغدا قالغان قىز ........................................ (1)
ئالتۇن گىرۋەكلىك ھالقا ........................................ (98)
ئىككى يۈزلۈك ئادەم ........................................ (207)
ۋىجدانىڭ نېمە دەيدۇ؟ ........................................ (280)
ئاخىرەتلىك سوۋغا ........................................ (390)

قەدىرلىنىدىغىنى خاسلىقتا ئىگە خاراكتېر ........................................ (1)

# نەشرىياتتىن

مۇھەممەت ئىمىن 1946-يىل 6-ئاينىڭ 30-كۈنى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئارال يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ دادىسى ئىمىرەل ئاخۇن ئۇزۇن قىش ئاخشاملىرى ئوغلى مۇھەممەت ئىمىنگە ئاجايىپ قىزىق چۆچەك، مەسەل، تېپىشماق، جەڭنامىلەرنى ئېيتىپ بېرىپ، تۇنجى ئۇستاز سۈپىتىدە يازغۇچىنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋىسىنى ئويغاتتى.

مۇھەممەت ئىمىن 1954-يىلدىن 1958-يىلغىچە ئارال باشلانغۇچ مەكتىپىدە، 1958-يىلدىن 1960-يىلغىچە ياپچان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىدە، 1960-يىلدىن 1963-يىلغىچە قەشقەر يېڭىشەھەر 1-ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىدا، 1963-يىلدىن 1965-يىلغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا، 1965-يىلدىن 1970-يىلغىچە بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرستېتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكولتېتىدا ئوقۇدى. ئوقۇش

«رەيھان بەرگىدە شەبنەم» ، «قارىغاي بىلەن تىيىن» ، «داغدا قالغان قىز» ، «ئىككى يۈزلۈك ئادەم» ، «قورقۇنچلۇق ئاپەت» قاتارلىق شېئىر ، مەسەل ۋە ھېكايە-پوۋېست توپلاملىرى نەشىر قىلىندى.

شائىر ۋە يازغۇچى مۇھەممەت ئىمىننىڭ «دۇتار ۋە زۇلپىقار» ناملىق ھېكايىسى 1983-يىلى «تۇرپان» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاش پائالىيىتىدە 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ «بىر جۈپ لاي قورچاق» ناملىق مەسەلى 1987-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 2-قېتىملىق مۇنەۋۋەر بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ «رەيھاننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» ناملىق ھېكايىسى 1989-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يېڭى دەۋردىكى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاش پائالىيىتىدە 1 - دەرىجىلىك ھېكايە مۇكاپاتىغا؛ «ئاقىۋەت» ناملىق ھېكايىسى 1991-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 3- قېتىملىق مۇنەۋۋەر بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «توشقان نېمە ئۈچۈن ئۆلدى» ، «ئەركىننىڭ چۈشى» قاتارلىق مەسەللىرى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلدى. «ئاينۇرى» ، «تورغاي» ، «راست ۋە يالغان» ، «قورقۇنچلۇق ئاپەت» ، «مەردلىك ، جىنايەت ۋە مۇھەببەت» ، «ئامەتچوڭ ھەققىدە رىۋايەت» ، «ئۇمۇرتقىسىز ئەرۋاھ» ، «ئازاب» قاتارلىق ھېكايىلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ مەملىكەتلىك «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. ئەدەبىي ئوبزورچىلار ئۇ-

پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1975-يىلغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىدە، 1975-يىلدىن 1990-يىلغىچە مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىدە ئىشلىدى. 1990-يىلى نەشرىياتىمىزغا يۆتكىلىپ كەل-گەندىن بۇيان ئەدەبىي مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئىجادىي پائالىيىتى شېئىر يېزىش بىلەن باشلاندى. 1963-يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دە «بەختلىك بىركۈن» ناملىق تۇنجى شېئىرى ئېلان قىلىنغاندىن باشلاپ، 1966-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا خېلى كۆپ شېئىرلىرى ھەر-قايسى گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى.

مۇھەممەت ئىمىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرىدا ئاساسەن قولىغا قەلەم ئالمىدى. جۇت قىشنى قوغلىغان ئىللىق باھار شامىلى شائىرنىڭ قەلبىدە قايتىدىن ئىجادىيەت قىزغىنلى-قىنى ئۇرغۇتتى. شائىر يېڭى دەۋرگە بولغان چەكسىز قىزغىن مۇھەببىتى بىلەن قولىغا قايتىدىن قەلەم ئېلىپ، «ئاسلان ئوي-غاندى»، «مۇھەببەت ناخشىلىرى»، «پەسىل لىرىكىلىرى»، «بارىكاللا غۇنچىلار»، «جاسارەتلىك قوشكېزەك»، «باغۋەن سىڭلىمغا»، «ئۇل تاش بىلەن كاھىش» قاتارلىق شېئىر، داس-تان، باللادا، سېكىل ۋە مەسەللەرنى يازدى.

مۇھەممەت ئىمىن 1982-يىلغىچە ئاساسەن شېئىر ئىجادىي-تى بىلەن، 1982-يىلدىن كېيىن ئاساسەن مەسەل، ھېكايە، پوۋېست ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى. شۇنىڭدىن بۇيان مىل-لەتلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ۋە قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا ئۇنىڭ

باھا بەردى. ئۇ تەرجىمە قىلىپ ئىشلىگەن «بېلىقچى بوۋاي
بىلەن ئالتۇن بېلىق» ، «مارجان» ، «ئەيشى-ئىشرەت سورۇن-
نىڭ يېڭى نومۇرى» ، «چاپان قىز» ، «مىدوزنىڭ نېمە ئۈچۈن
سۆڭىكى يوق» قاتارلىق رادىئو دىراممىلىرى مەركىزىي خەلق
رادىئو ئىستانسىسى ۋە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىيلىرىدا
كۆپ قېتىم ئاڭلىتىلدى ۋە ئاڭلىتىلماقتا. ئۇ يەنە «تيەنئەنمىن
شېئىرلىرى» نى تەرجىمە قىلىشقا قاتناشتى. ئۇنىڭ «ياشلىقتى-
كى بىرغەۋغا» ناملىق تەرجىمە ھېكايىسى 1982-يىلى ئاپتونوم
رايون بويىچە ئۆيۈشتۇرۇلغان مۇنەۋۋەر تەرجىمە ئەسەرلەرنى
باھالاش پائالىيىتىدە 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ ئۇ تەرجىمە قى-
لىپ ئىشلىگەن «چاپان قىز» ناملىق رادىئو دىراممىسى مەملى-
كەتلىك ئاز سانلىق مىللەت رادىئو دىراممىلىرىنى باھالاش پائا-
لىيىتىدە 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ ئۇ تەرجىمە قىلغان «سېغى-
نىش» قاتارلىق ئۈچ پارچە شېئىر «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى
ئۇيۇشتۇرغان تاڭ دەۋرىدىكى شېئىرلارنى تەرجىمە قىلىش مۇسا-
بىقىسىدە 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

كىتابخانلارغا قىممەتلىك مەنىۋى مەھسۇلاتلىرىنى ئۈزلۈك-
سىز تەقدىم قىلىپ كېلىۋاتقان ئىقتىدارلىق شائىر، يازغۇچى
ۋە ئەدەبىي تەرجىمان مۇھەممەت ئىمىنگە 1985-يىلى كاندىدات
ئالىي تەرجىمانلىق ئۇنۋانى، 1995-يىلى ئالىي مۇھەررىرلىك
ئۇنۋانى بېرىلدى. 1988-يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى-
نىڭ ئەزالىقىغا ۋە جۇڭگو تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا
قوبۇل قىلىندى. ئۇنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى
«قەشقەر ئەدەبىياتى» ، «شىنجاڭ ياشلىرى» ، «تارىم» ۋە «ئە-

نىڭ «رەيھان بەرگىدە شەبنەم» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، «جا-
سارەتلىك قوشكېزەك» ناملىق داستانى، «قارىغاي بىلەن تى-
يىن» ناملىق مەسەللەر توپلىمى، «سۆيگۈ سىنىقى»، «رەيھان-
نىڭ سەرگۈزەشتلىرى» ناملىق ھېكايىلىرى ۋە «داغدا قالغان
قىز»، «ئىككى يۈزلۈك ئادەم»، «ۋىجدانىڭ نېمە دەيدۇ» قاتار-
لىق پوۋېستلىرىغا خېلى يۇقىرى باھا بەردى.
مۇھەممەت ئىمىنىنىڭ بەدىئىي ئىقتىدارى ۋە تالانتى ئەدەبىي
ئىجادىيەت جەھەتتىلا كۆرۈلۈپ قالماي، ئەدەبىي تەرجىمە جەھەت-
تىمۇ كۆرۈلىدۇ. ئۇ ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، «ئاسىيا»،
«ئۇۋۇلاڭشەن تېغى»، «قوش بۇلاقتىكى ئاي شولىسى»، «فو-
رۇيدانىڭ تەقدىرى»، «پوتئېر شېئىرلىرىدىن تاللانما»، «ياشا
ھەم ئېسىڭدە ساقلا»، «فېڭ شۆفېڭ مەسەللىرى»، «سەرگەر-
دان بالا»، «دۇنيادىكى مەشھۇر چۆچەكلەر»، «غەزنە گىرۋەك-
لىرى»، «پوشكىن شېئىرى چۆچەكلىرى»، «قىزىل تام ئىچى-
دىكى دەقىقىلەر»، (باشقىلار بىلەن بىللە)، «چەت ئەل يۇمۇر-
لىرى» قاتارلىق داستان، كىنو سىنارىيىسى، پوۋېست، رومان-
لارنى ھەمدە شېئىر، مەسەل ۋە يۇمۇر توپلاملىرىنى ئۇيغۇرچىغا
تەرجىمە قىلدى. ئۇ تەرجىمە قىلغان بايرون، شېللېر، گېنرىخ
گېينى، پوشكىن، پوتئېر قاتارلىق دۇنياۋىي مەشھۇر شائىرلار-
نىڭ شېئىرلىرى كىتابخانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇ
تەرجىمە قىلغان، داڭلىق چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ تاللانغان
شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن «غەزنە گىرۋەكلىرى» ناملىق توپ-
لامغا ئوبزورچىلار «تىل ۋە تەرجىمە»، «ئىشچىلار ۋاقتى گې-
زىتى»دە مەخسۇس ئوبزور ئېلان قىلىپ، تەرجىمىگە يۇقىرى

زى قاراڭغۇ تەرەپلىرىنىمۇ دادىللىق بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، كى-
شىلەرنى جاق تويغۇزغان ناتوغرا سىستىللارنى، چاكىنا- ناچار
ئىللەتلەرنى، خۇنۇكلۇك- رەزىللىكلەرنى چوڭقۇر پاش قىلىپ
ۋە رەھىمسىز قامچىلاپ، ئۇنى بىر قەدەر يۇقىرى بەدىئىي ۋاسى-
تىلار ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلى-
كى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كەڭ كىتابخانلارنىڭ، بولۇپمۇ
ئوتتۇرا ياش ۋە ياش كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ
كەلمەكتە.

يازغۇچىنىڭ 50 ياشقا كىرگەنلىكىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋ-
تى بىلەن چىقىرىلغان قولىڭىزدىكى بۇ توپلامغا ئۇنىڭ كىتابخا-
لار ئارىسىدا بىر قەدەر چوڭ تەسىر قوزغىغان بىرقىسىم پو-
ۋېستلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.



دەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىدا تەپسىلى تونۇشتۇرۇلدى. ئۇ يەنە
جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن «جۇڭگو
ھازىرقى زامان داڭلىق ياش شەخسلەرقامۇسى» ، «جۇڭگو ھا-
زىرقى زامان ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى مەشھۇر كى-
شىلەر» ، «جۇڭگو يازغۇچىلىرى لۇغىتى» ، «دۇنيادىكى مەش-
ھۇر شەخسلەر» قاتارلىق مەملىكەت ۋە دۇنيا خاراكتېرلىك قا-
مۇس-لۇغەتلەرگە كىرگۈزۈلدى.

مۇھەممەت ئىمىن كېيىنكى يىللاردا تۈرلۈك ئىقىملار توغ-
رىسىدا بىرقەدەر چوڭقۇر ئىزدەندى، ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت
ئۇسلۇبى يارىتىش ھەققىدە كۆپرەك باش قاتۇردى. ئۇ ئەدەبىيات
پىشۋالىرىنىڭ ئىجادىيەت ھەققىدىكى بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆ-
گىنىش ۋە مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق تىرىشىپ ئۆزىگە خاس
ئۇسلۇپ يارىتىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ،
بۇ ھەقتە ئېنىق كۆز قاراش تۇرغۇزدى ھەمدە بۇ كۆز قارىشىنى
كېيىنكى يىللاردا يازغان ئەسەرلىرىدە روشەن ئىپادىلىدى. ئۆ-
زىنىڭ پۈتۈن زېھنى كۈچىنى پايدىلىق ئىقىملارنىڭ ئارتۇقچىلى-
قىنى مۇۋاپىق قوبۇل قىلىپ ۋە قوشۇپ يۇغۇرۇپ، مەلۇم خاس-
لىققا ئىگە ئوبرازلارنى يارىتىشقا قارىتىپ، ئۆزگىچە پېرسوناژ-
لار ئوبرازىنى ياراتتى.

مۇھەممەت ئىمىن تۇرمۇشنى چوڭقۇر كۆزىتىپ، ئاممىنىڭ
دەرد-ھالىنى چۈشىنىپ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى، مۇڭ-
زارى ۋە يۈرەك ساداسىنى، ياشلار كۆڭۈل بۆلىدىغان غايە،
ئەخلاق، خىزمەت، مۇھەببەت، ئائىلە قاتارلىق جىددى ئىجتىما-
ئىي مەسىلىلەرنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈشكە؛ جەمئىيەتنىڭ بە-

# داغدا قالغان قىز



ئورما ئوردۇق ئايدىڭدا،
ئېتىزلاردا باغ قالدى.
ئاز كۈن ئويناپ ئايرىلدۇق،
يۈرەكلەردە داغ قالدى.

—— ئۇيغۇر خەلق ناخشىسى

ئاغرىۋاتقان بىلىنى سىلىغىنىچە ۋايساپ، — قاچانغىچە كەتمەن بىلەن ئورغاقنىڭ بەندىسى بولۇپ يۈرەرمىز؟ ھەي تەقدىر، ھەي تەقدىر، سەن نېمىدېگەن رەھىمسىز-ھە! قېيشقاندەك بەختكە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغاننى بەختسىز، باي بولۇش كويىدا يۈرگەننى گاداي قىلىپ قويىسەن. مۇھەببەت يېغىدا يارىنىڭ ۋىسالىغا قېنىشقا تەشنا بولۇپ يۈرگەنلەرنى ھىجران چۆلىدە قاڭغىر قاقشىتىسەن! لېكىن بۇلارنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمايدىغانلارغا بولسا شۇنچىلىك سېخىيلىق قىلىسەنكى، ئۇلار تويۇقسىز بېشىغا قونغان دۆلەت قۇشىدىن، سان-ساناقسىز مال-دۇنيادىن، شېرىن سۆيگۈ شارابىدىن ئەس-ھۇشىنى يوقىتىپ قويۇشقا ئاز قالىدۇ! توۋا! توۋا!... بۇ دۇنيانىڭ تەڭسىزلىكىگە نېمە دېگۈلۈككىن-تاڭ؟

— يەنە نېمىلەرنى دەپ كېتىۋاتىسىز، زىننەت؟ — شۆھرەت ئورغىقىنى شارتىلدىتىپ تۇختىتىپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى، — سادىقكاملارنىڭ ئالدىدا پو ئېتىپ چىققان بولغاندىكىن، يەنە ئازراق غەيرەت قىلىشىپ بەرسىڭىز، بۈگۈن ئاخشام بۇ ئىككى مو يەرنىڭ بۇغدىيىنى تۈگىتىۋالاتتۇق!

— ئادەمگە ئازراقمۇ ئىچىڭىز ئاغرىمايدىكەن، — زىننەت ئاسماندىكى جىمىرلىشىۋاتقان يۇلتۇزلاردىن كۆزىنى ئۈزۈپ شۆھرەتكە قارىدى، — قارىڭا، قاپارتقۇ سويۇلۇپ، قولۇمدىن قان چىقىپ كەتتى، يەنە تېخى سىز...

شۆھرەت ئورغىقىنى تاشلاپ زىننەتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى-دە، ئۇنىڭ قوللىرىنى ئاۋايلاپ سىلىدى. زىننەتنىڭ ئورغاق تۇتقان قولىنىڭ باش بارمىقىدىكى سويۇلۇپ كەتكەن

# بىرىنچى باب

## ئايدىڭدىكى سۆھبەت

سۈتتەك ئايدىڭدا ئورما ئورۇش نەقەدەر كۆڭۈللۈك-ھە! تومۇزنىڭ پىژغىرىم ئاپتىپى كۈندۈزدىكىدەك دۈمبەڭنى چېقىپ كۆيدۈرمەيدۇ، پۈتۈن ئەزايىڭنى چىلىق-چىلىق قارا تەرگە چۆمدۈرمەيدۇ، بىر يۇتۇم مۇزدەك سوغۇق سۇغا تەشنا قىلىپ لەۋلىرىڭنى چاكىلداتمايدۇ. كېچە، ئايدىڭ كېچە، ئۇ پۈتۈنلەي باشقىچە بىر دۇنيا، پۈتۈن كائىنات ئۈستىگە ئاپئاق شايى تون يېپىنىۋالغاندەك كۆزۈڭگە ئاجايىپ سىرلىق كۆرۈنىدۇ. باغلاردىكى گۈل-چېچەكلەرنىڭ خۇش ھىدىنى ئېلىپ كەلگەن سالقىن شامال يۈزۈڭنى مەيىن يەلپۈپ ئۆتۈپ، جېنىڭغا راھەت بېغىشلايدۇ، چېكەتكىلەرنىڭ لەرزان ئورما ناخشىلىرىغا جور بولۇۋاتقاندەك توختىماي چىرىلداشلىرى غەيرىتىڭگە غەيرەت قوشىدۇ. ئاي نۇرىدا ۋال-ۋۇل چاقناپ تۇرغان شەمشەردەك ئىتتىك ئورغىقىڭنى ئوينىتىپ، ھەش-پەش دېگىچىلا ئەنجىنى تاغدەك دۈۋۈلەۋەتكۈڭ، قىسقىسى، ئىشلىگەنسېرى ئىشلىگۈڭ كېلىدۇ… بىراق، زىننەت بۇنىڭ ئەكسىچە ئېغىر ئۇھ تارتىپ، ئېرىنچەكلىك بىلەن ئۆزىنى ئەنجە ئۈستىگە تاشلىدى.

— ئۇھ، ۋاييەي، ھېرىپ ئۆلەي دېدىما! — دېدى ئۇ تېلىپ

— مەن سىزگە ئوخشاش مۇھەببەت رومانىنىلا تاللاپ كۆر-مىدىم-دە!

— ۋىيەي، كۆرمەپتىمىش تېخى! «ئۆتكەن كۈنلەر» رومانى-دىكى سۆيگۈ خەتلىرىنى خاتىرىسىگە كۆچۈرۈپ يۈرگەن كىم بولغىيدى ئۇ؟

— ئۇنى سىزگە تەقدىم قىلىش ئۈچۈن كۆچۈرگەنغۇ!

— ئەمىسە، نېمىشقا هازىرغىچە تەقدىم قىلمىدىڭىز؟ ئېيى-تىڭا، كىمگە تەقدىم قىلىۋەتتىڭىز، كىمگە؟! — زىننەت ئاغزى-نى دومسايتىپ، ئاچچىقلىغان هالدا شۆھرەتنىڭ تىزىنى قاتتىق سىلكىدى، — بۈگۈن ياۋاشلىق بىلەن ئىقرار قىلىڭ، بولمىسا ئىڭىكىڭىزنى ئەيلەپ، سۆڭىكىڭىزنى چەيلىۋېتىمەن!

شۆھرەت ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى. زىننەتمۇ ئۆزىنى تۇتال-ماي كۈلۈپ تاشلىدى.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا هازىرغىچە ماڭا تولۇق ئىشەنمەيدى-كەنسىز — دە، زىننەت؟ — دېدى شۆھرەت ئاغرىنغان هالدا، — ئۇ خاتىرىنىڭ يېرىمىنى توشقۇزۇپ بولغاندا بىرسىنىڭ ئوغرىلاپ كەتكەنلىكىنى سىزگە ئازدېگەندە 10 قېتىمدەك ئېيتقاندىمەن. لېكىن هەر قېتىم بۇ گەپ چىقا-چىقمايلا ماڭا يېپىشىۋالىسىز، سورىقىڭىز تۈگىمەي كېتىدۇ. سىزگە قەلبىمنى قانداق چۈشەن-دۈرسەم بولىدىكىن-تاڭ؟

— ئوينىشىپ دەپ قويدۇم، خاپا بولماڭ! — چاقچاقنىڭ چېكىگە ئايلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن زىننەت ئالمان-تالمان ئەپۇ سورىدى، — بۇنچىلىك ئەستايىدىللىق قىلىپ كېتىدىغانلى-قىڭىزنى ئويلىماپتىمەن. كۆڭلۈمدىكى گەپنى ئېيتسام، شۆھ-

قاپارتقۇدا ھەقىقەتەن سېرىق سۇ ئارىلاش قان ۋىلىلداپ تۇراتتى.

—ۋاي بىچارە! —شۆھرەت يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى چىقىرىپ، كۆيۈنگەن ھالدا تېڭىپ قويغاندىن كېيىن پەسكە ئېڭىشىپ، ئۇنىڭ كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن قولى دۈمبىسىگە ئاستاغىنە سۆيۈپ قويدى ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قىزنىڭ ئالمىدەك كۆكسىگە قولىنى ئۇزاتتى.

—قېلىنلىقىنى! —زىننەت نازلانغان ھالدا ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئۆرۈلۈپ تەتۈر قارىۋالدى، —خەق كۆرۈپ قالىدۇ، نېرىراق ئولتۇرۇڭ!

—بۇ كېچىدە كىم بىلەن كىمنىڭ كارى! —دېدى شۆھرەت پىسەنت قىلماي، —ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزنى ھەممە ئادەم بىلىدۇغۇ!

—ئەپسۇسكى، بۇ شەھەر ئەمەس، يېزا! —دېدى زىننەت ئېغىر خورسىنىپ، —خەق كۆتۈرمەيدۇ، ھەر خىل گەپلەرنى تاپىدۇ. ئەگەر بۇلتۇر ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلىگەن بولساق، ئۇ چاغدا باشقىچە بولغان بولاتتى.

—قانداق بولاتتى؟ —شۆھرەت ئەتەي گەپ ئالماقچى بولۇۋاتقاندەك كوچىلاپ سورىغىلى تۇردى، —دەپ بېرىڭا، رومانتىك قىز، مەنمۇ بۇ جەھەتتە ئاز-تولا مەلۇماتلىق بولۇپ قالسام ئەجەب ئەمەس.

—ھىم، بىلمەس بولۇۋالغىنىنى تېخى! —زىننەت قايتىدىن شۆھرەت تەرەپكە ئۆرۈلۈپ سول قولىنى ئۇنىڭ تىزى ئۈستىگە قويدى، —بۇ جەھەتتە مەندەكلەردىن نەچچىنى ئوقۇتارسىز، كۆرگەن رومانلىرىڭىزمۇ مەندىن ئاز ئەمەسقۇ!

شى كۆرۈش، ئىككى خىل مۇھەببەت! بۇنى قانداقمۇ تەڭ ئو-
رۇنغا قويغىلى بولسۇن؟!
—بولدى، پەلسەپىڭىزنى ئازراق سۆزلەڭ! —بەخت بۆشۈ-
گىدە لەرزان تەۋرىنىشكە باشلىغان زىننەتنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى
ئىچ-ئىچىدىن قايناپ چىققان بىرخىل شادلىق، ھاياجان، غەلىبە
تۇيغۇسى چۇلغىۋالدى. ئاۋازىمۇ شۇنداق مۇلايىم ۋە تىترەڭگۈ-
چىقتىكى، بۇنىڭدىن ئۆزىمۇ ھەيران قالدى، —كەچۈرۈڭ،
شۆھرەت! مەن ھەقىقەتەن سىزگىمۇ، ئۇنىڭغىمۇ ئوۋال قىپتى-
مەن. ئۆتكەن ھەپتە تېخى ئىككىڭلارنىڭ يولدا پاراڭلىشىپ
تۇرغانلىقىڭلارنى كۆرۈپ قۇيقا چېچىم تىك تۇرۇپ كەتكەن ئى-
دى. ئاچچىغىمغا ھاي بەرمىگەن بولسام، ئۇدۇل بېرىپ ئۇنىڭ
چېچىدىن ئالغان بولاتتىم!...ماڭا بونداق تىكىلىپ قارا ۋەرمە-
ڭا، ئىزا-نومۇستىن يۈزۈم ئوت ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ!
شۆھرەت ئۇنىڭ قاپقارا، يۇمشاق چاچلىرىنى مۇلايىملىق
بىلەن سىلىدى، ئەتراپتا ئورما ئورۇۋاتقانلارنىڭ كۆرۈپ قېلى-
شىدىن قورقمىغاندا ئىدى، شۇ تاپتا ئۇ زىننەتنىڭ ياش ئەگىپ
قالغان ئۇزۇن كىرپىكلىك شەھلا كۆزىگە، ئاي نۇرىدا تېخىمۇ
سۇزۇكلىشىپ كۆرۈنگەن توغاچتەك مەڭزىگە، يۇمۇلاق يۈزىنى
ئىككى تەرەپكە ئايرىپ تۇرغان تۈز، قاڭشارلىق بۇرنىغا، بېلى-
نەر-بېلىنمەس لىپىلداۋاتقان گىلاستەك لىۋىگە، ئۇششاق گۆل-
لۈك چىت كۆڭلىكى ئىچىدىن ئالمىدەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان
كۆكسىگە قانماي سۆيۈپ كەتكەن بولاتتى. بىراق بۇ شەھەر
ئەمەس، يېزا! ئۇ باياتىن قەستەن خۇپسەنلىك قىلغان بولسىمۇ،
لېكىن زىننەت ئېيتقان ھېلىقى گەپلەرنىڭ مەنىسىنى ئوبدان

رەت، دەسلىپىدە مەن سىزدىن راستىنلا ئۇ خاتىرىنى ئىززەتكە تەقدىم قىلىشۋەتتىمىكىن دەپ گۇمان قىلغان ئىدىم...

—بۇنى مەنمۇ پەملىگەن، —دېدى شۆھرەت ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ، — شۇ ۋەجىدىن سىز يوقىلاڭ باھانىلارنى تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشتىڭىز، ھەتتا كېيىن ئۇنىڭ يۈزىگە قارىمايلا قويدىڭىز، ئۇ بىچارىگە ھەقىقەتەن بەكمۇ ئۇۋال بولدى.

—ئىچىڭىز ئاغرىپ كېتىۋاتامدۇ؟—دېدى زىنىنەت بېشىنى كۆتۈرۈپ تەنە ئارىلاش، —"ئۇينىڭ مۇڭگۈزىگە ئۇرسا تۇيىقى سىقىراپتۇ" دېگەن شۇ-دە!

—مانا، دېمىدىممۇ، —شۆھرەت يەنە كۈلۈۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران توختىتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، —ھە دېسىلا مۇشۇنىڭغا يېپىشىۋالىسىز، "تازنىڭ نېمىسى بار، تۆمۈر تارغىقى" دېگەندەك...

—قېنى ئەمىسە، بۇگۈن راست گېپىڭىزنى ئېيتىپ بېقىڭا، —دېدى زىنىنەت يانپاشلاپ ياتقاچ بېشىنى ئۇنىڭ يوتىسىغا قويۇۋېتىپ، -ئىززەتنى راستىنلا ياخشى كۆرمەمسىز؟

—بۇنى سىزگە نېمىدەپ چۈشەندۈرسەم بولار؟ —شۆھرەت تەڭلىكتە قالغاندەك بېشىنى قاشلاپ قويدى، —ۋىجدان بىلەن گەپ قىلغاندا، زىنىنەت، ئۇمۇ سىزگە ئوخشاشلا ياخشى قىز، تىرىشچان، ئەخلاقلىق، غەيرەتلىك، غايىسى بار. بىراق ئۇنى سىڭلىم سۈپىتىدە ياخشى كۆرسەم، سىزنى كىشىلىك ھاياتىنىڭ ئەگرى-تۇقاي يوللىرىنى بىللە باسىدىغان ئۆمۈرلۈك ھەمراھىم، قەلبىم تۆرىدىكى سادىق پەرىشتەم دەپ ياخشى كۆرىمەن. بۇ، خاراكتېرى بىر-بىرىگە تۇپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ياخ-

بوۋايدەك قارىيىپ كۆرۈنگەن غىل-پال سايىسىنى ئاران-ئارانلا ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. ئارىلاپ-ئارىلاپ بۆرىنىڭ كۆزىدەك ۋالىلدىغان يېشىل ئوت ئۇچقۇنى چاقناپ قالاتتى. ئېھتىمال شۇ تاپتا تاغ باغرىدىكى مالچىلار گۇلخان يېقىپ تاماق ئېتىۋاتقاندۇ ياكى تاغنىڭ سۆڭەكتىن ئۆتۈپ كەتكۈدەك تۈندىكى سوغۇق شامىلىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئوتنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئىسسىنغاچ ھېكايە-چۆچەك ئېيتىشىۋاتقاندۇ. مانا بىر يۇلتۇز شۇررىدە ئېقىپ چۈشتى، ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى سوزۇپ ئېقىشىغا قارىغاندا، ئاسمان قەرىدىن بىراقلا يەر تەكتىگە كىرىپ كەتكىسى كەلمەيۋاتقان بولسا كېرەك. يەنە نەدىندۇ كومباينىنىڭ رىتىملىق ئاۋازى، سوقا سۆرەۋاتقان تراكتورنىڭ يېقىملىق تارتىلدىشىغا ئارىلىشىپ كەتكەن مۇڭلۇق خامان ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ...

شۆھرەتنىڭ خىيال قۇشى پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. ئۇ نۇرغۇن ئىشلارنى بىر-بىرلەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى، تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆردى...

—نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسىز، شۆھرەت؟—زىننەتنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى،—ھېلىغىچە مېنىڭ ئەخمىقانە قىلىقلىرىمغا ئاچچىغىڭىز كېلىۋاتامدۇ-يا؟

—ياق!—دېدى شۆھرەت ئەستايىدىللىق بىلەن،—كەلگۈسى توغرۇلۇق ئويلىنىۋاتىمەن.

—توغرا، كەلگۈسى توغرۇلۇق ئەتراپلىق ئويلانماي بولمايدۇ،—زىننەت ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى،—قاچانغىچە لايغا مىلىنىپ يۈرۈيمىز؟ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە بولۇپ قالغان كىشىلەرگە نىسبەتەن بۇ كەچۈرگىلى بولمايدىغان

چۈشىنىدۇ. بۇلتۇر ئۇلار راستىنلا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، سەھرادا توپا كېچىپ ئەمەس، ئاكاتسىيە دەرەخلىرى قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان چىنىدەك پاكىز ئاسفالىت يوللاردا قولتۇقلىشىپ ماڭاتتى، كەتمەن-ئورغاق ئورنىغا قېلىن-قېلىن دەرسلىك كىتابلارنى كۆتۈرۈپ، ئازادە- يورۇق سىنىپلارغا كىرىپ لېكسىيە ئاڭلايتتى، گۈلزارلىق ئارىسىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلاردا قېتىرقىنىپ دەرس تەكرارلايتتى. يەكشەنبە كۈنلىرى ئاۋات باغچىلاردا خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان گۈللۈكلەرنى ئارىلىغاچ كەلگۈسى ئىستىقبال، گۈزەل غايە، كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ۋە قەدىر-قىممىتى قاتار- لىق بىر مۇنچە مەسىلىلەر ئۈستىدە قىزغىن پاراڭلىشاتتى. ئاخشاملىرى ئادەمنى سىرلىق مۇھەببەت دۇنياسىغا باشلاپ كىرى- دىغان كىنولارنى زوقلىنىپ كۆرەتتى، ئۆزلىرىمۇ ئىكراندىكى پېرسوناژلارنى دوراپ خالىسا لەۋنى لەۋگە ياقاتتى، خالىسا قول- مۇ-قول تۇتۇشۇپ شاۋقۇنلۇق دەريا بويىدا سەيلى قىلاتتى... بىراق، بۇ يەردە بۇنىڭغا ئىمكان يوق. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىمتىھان قەغىزى ئەخلەت ساندۇقىغا چۆرۈپ تاشلىنىش بىلەن تەڭلا شېرىن چۈشكە ئوخشاش ھەش-پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىپ بولدى. ئۇلارنىڭ ھازىرقى ھەمراسى ناھايەت گۈزەل غايە توغرى- سىدىكى شېرىن ئەسلىمە، رەھىمسىز رېئاللىق، كەتمەن ۋە ئورغاق...

شۆھرەت ئېغىر خورسىنىپ، يىراقلارغا كۆز تاشلىدى. گىرىمسەن پەردە ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان ئاپئاق چوققىلىق تاغلار كۈندۈزدىكىدەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنمەيتتى، مۈكچىيىپ قالغان

بولۇپ، مېنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە رام قىلىۋالدى.

— قانداق پىلان ئۇ؟ دەپ بېقىڭا!

— ئاڭلاۋاتامسىز، يېڭى ئاۋات[1] تىكى تراكتور، كومباين-لارنىڭ گۈرۈلدەشلىرىنى! ئۇلار نېمە ئۈچۈن ماشىنىلاشتۇرۇش-نى ئىشقا ئاشۇرالىغان؟ ئاساسلىقى ئۆز يېرىنىڭ تەبىئىي باي-لىق جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىشنى بىلگەن، پەقەت تۈز زاۋۇتىدىنلا بىرىيلدا قىلغان ساپ كىرىمى 70 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. لېكىن بىز ئاراللىقلارچۇ[2] ، دېھقانچى-لىقىلا باغلىنىپ قالدۇق، 3 - ئىگىلىك يوللىرىنى ئاچمىدۇق. ھەدېسىلا ھازىرقى تۇرمۇش سەۋىيىمىزنى بىر بۇردا نانغا زار بولۇپ قاڭغىر قاقشىغان ئۆتمۈش بىلەن، مەدەك ئۇنىدا يېقىلغان زاغرا يەپ، كىپەكتە چېلىنغان ئاداپ ئىچىپ يىلىگىمىز قۇرۇپ قالغان قىيىنچىلىق مەزگىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، قورساق تويغانغا شۈكرى قىلدۇق. بۇنداقتا قانداقمۇ بېيىشتىن، ماشى-نىلاشتۇرۇشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن؟!

— يەنە دادامغا ھۇجۇم قىلغىلى تۇردىڭىزغۇ! — زىننەت چى-رايى ئۆڭگەن ھالدا شۆھرەتنىڭ يوتىسىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئەنجە ئۈستىگە جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — گېزىتتىن يادلىۋالغان سۆز - ئىبارىلەرنى چى-رايلىق تەكرارلاپ قويۇش ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ، لېكىن دېگەننى ئەمەلدە كۆرسەتمەك تەس. ئەگەر سىز دادامنىڭ

---

[1] يېڭى ئاۋات — يۇرت ئىسمى، ئاپتوردىن.
[2] ئارال — يۇرت ئىسمى. ئاپتوردىن.

بىرخىل ئىسراپچىلىق! ئۆزىمىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىمىزنى جارى قىلدۇرالايدىغان يەرگە تېزراق كېتەيلى، شۆھرەت! نەچچە قېتىم دېسەم قۇلاق سالغىڭىز كەلمىدى. تاغىڭىز ھېبىبۇللا ئاكا ناھىيىلىك تراكتور رېمونت زاۋۇتىنىڭ باشلىقى بولغاندىكىن، يېلىنىپ باقسىڭىزلا ئىككىمىزنى گەپ-سۆزسىز ئىشچىلىققا قوبۇل قىلاتتى. ھېچبولمىغاندا شەھەردە ئىشلەش سەھرادا توپىغا مىلىنىپ يۈرگەندىن، بىر ئۆمۈر كەتمەن بىلەن ئورغاقنىڭ قولى بولۇپ ئۆتكەندىن كۆپ ياخشى ئىدى.

— ئۆز يېزىمىزنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش راستىنلا خىيالىڭىزغا كىرىپ باقمىدىمۇ؟ — شۆھرەتنىڭ ئاۋازى ھاياجانلانغانلىقتىن تىترەپ كەتتى، — قارىڭا، ھازىر دېگەن قايسى دەۋر؟ لېكىن بىز تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئىككى بىلىكىمىزگە — قارا كۈچىمىزگە تايىنىپ دېھقانچىلىق قىلىشتىن قۇتۇلالمايۋاتىمىز. بىزنىڭ ئاتا-ئانىلىرىمىز مۇشۇ ۋەجىدىن مۈكچىيىپ كەتتى، لېكىن قورساقنى ئاران بېقىشتىن نېرىغا ئۆتەلمىدى. بىز ئەۋلادلىرىمىزغا نېمىنى قالدۇرۇپ كېتىمىز؟ يەنىلا كالىدەك قارا كۈچىگە تايىنىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئېغىر ئەمگەك جاپاسىنى، نادانلىق ۋە نامراتلىقنى قالدۇرىمىزمۇ؟! ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەندە، مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا مەيۈسلەنگەن، ئۈمىدسىزلەنگەن، ھەتتا بارلىق ئارزۇ-ئارمانلىرىم بىلەن ۋىدالاشقان ئىدىم. لېكىن كېيىنچە رەھىمسىز رېئاللىق مېنى ئويغاتتى، مېڭەم خېلىلا سەگەكلىشىپ قالدى، ئاستا-ئاستا كۆڭلۈمدە بىرخىل يېڭى ئۈمىد پەيدا بولدى، ئىستىقبالىمىزغا يول ئېچىشنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانى تەسەۋۋۇر ئەينىكىمدە نامايان

ۋىجدان ئالدىدا جاۋابكارلىقتا تارتىلمايمىزمۇ؟
— بىز نېمە قىلالايتتۇق؟ — دېدى زىننەت قايىل بولمىغان هالدا ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ، - بۇنى ئۇلارنىڭ ئۆز شورىدىن، هورۇنلىقىدىن كۆرۈش كېرەك. قاتتىق ئىشلىگەن بولسا ئايۇپ-كام، مەتتوختىكاملارغا ئوخشاش بېيىغان بولاتتى.
— بىز نورغۇن ئىشلارنى قىلالايمىز، زىننەت! — دېدى شۆھرەت ئەستايىدىللىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، — يېزىلارغىمۇ بىلىملىك ئادەملەر كېرەك، ئۆگەنگەن بىلىمىمىزنى جايىدا ئىشلەتسەكلا، ئۇلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىش يولىغا يېتەكلىيەلەيمىز. مەن ئۆزۈڭدىن بۇيان يېزىمىزدا بىر مېۋە كونسېرۋا زاۋۇتى قۇرۇش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ كېلىۋاتىمەن. ھەممە ئائىلىنىڭ ئازدۇر-كۆپتۇر بېغى بار، مېۋىسىنى يەپ تۈگىتەلمەيدۇ، ساتاي دېسە ئالىدىغان ئادەم يوق. ناھىيە بازىرى يېزىمىزدىن تولىمۇ يىراق، قاتناش قولايسىز. ئەترەتنىڭ 60 مودەك ئۈرۈكلىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىمۇ يوق دې-يەرلىك. ئۈرۈك تۆكمە بولغان كۈنلەردە بىرقىسمى گۆلە سې-لىنىسىمۇ كۆپىنچىسى چۈشكەن يېرىدىلا سېسىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئىسراپ بولۇپ كېتىۋاتقان مۇشۇ مېۋە-چېۋىلەردىن كونسېرۋا، شەربەت، مۇراببا ياساپ ساتىدىغان بولساق، ئايھاي، بىر-ئىككى يىل ئىچىدە بېيىپلا قالماستىن، ماشىنىلاشتۇرۇشنىمۇ ئىشقا ئاشۇرۇۋالغان بولاتتۇق!
— نېمىدېگەن گۈزەل سىخېما، ئۇلۇغۋار پىلان! — زىننەتنىڭ تەلەپپۇزىدىن روشەن مەسخىرە ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى، — دائىم مېنى رومانتىك دەيتتىڭىز، ئەھۋالدىن قارى-

ئورنىدا سېكرېتار بولغان بولسىڭىز قانداق قىلاتتىڭىز؟

—تۇرمۇش گىردابىدا قىيىنىلىۋاتقانلارغا ”ئاچ قالمىغانغا شۈكرى قىلىڭلار“ دەپ خىزمەت ئىشلىمەي، ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشكە تىرىشاتتىم.

—دادامۇ قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىۋاتىدىغۇ!

—بىرەر خالتا ئۇن ئاپىرىپ بېرىش، ئون-يىگىرمە كوي ياردەم قىلىش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، زىننەت! —دېدى شۆھرەت ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، —مەسىلىنى تۈپ نېگىزىدىن ھەل قىلىش ئۈچۈن ئورتاق بېيىش يولىغا مېڭىش كېرەك. يېزىمىزدا ئەيسا بوۋا، ئايىمخان ئاچا، سايىم سالتاڭلارغا ئوخشاش ھېلىغىچە قورسىقىنى باقالماي يۈرگەنلەر ئاز ئەمەس. بولۇپمۇ ئايىمخان ئاچىدەك بالا-چاقىسى كۆپ، ئەمگەك كۈچى يوق ئائىلىلەرنىڭ بىچارە ھالىتىنى كۆرسىڭىز ئىچىڭىز سىيرىلىپ كېتىدۇ. قىشتا بىر قېتىم كىرسەم، چۆچۈرىدەك بەش بالىسى كۆلۈڭغا پۈتىنى تىقىپ دۈگدەرەشكەن ھالدا ”ئانا، نان!…“ دەپ يىغلىشىپ ئولتۇرىدۇ، پالەچ بولۇپ قالغان مەسۇمكام يىرتىق يوتقانغا يۆگىنىپ تىترەپ ياتىدۇ. ئۆينىڭ ئىچى خۇددى مۇزخانا. شىۋىرغان تورۇستىكى ئۆتمىتۆشۈكلەردىن ھۇشقىتىپ تۇرىدۇ. بۇنى كۆرۈپ ئۆتمۈش تەسۋىرلەنگەن كىنولاردىكى ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈش كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدىم. ئويلاپ بېقىڭا، بېيىشقا كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىلگەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق تۇرمۇش كەچۈرۈۋېرىشىگە يۈرىكىمىز چىداپ تۇرالامدۇ؟ خەقنىڭ ئۆلۈپ-تىرىلىشى بىلەن كارىمىز بولماي، ئۆزىمىز بىلەنلا بولۇپ كەتسەك

بىرنىمە دېگەندۇ. سىزمۇ ھەدېسىلا ئۆزگىپېگىزنى يۇرغىلىتى-
ۋەرمەي، ئۇنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سېلىپ قويۇڭ. ھەرھالدا
”ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەيمەن“ دېگەندىن،
ئەمەلىيرەك ئىش كۆرگەن ياخشى!...



غاندا ئۆزىڭىز مېنىڭدىن مىڭ ھەسسە ئېشىپ چۈشىدىغان روماد-
تىك ئىكەنسىز. بۇ پىلانلىرىڭىزنى قۇرۇق خىيالغا تايىنىپ
ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ، شۆھرەت! ئۇنىڭغا نۇرغۇن پۇل
كېرەك، مەبلەغ كېرەك! بۇلارنى ئويلاپ باقمىدىڭىزمۇ!

— ئويلىدىم! — شۆھرەتنىڭ ئاۋازى قەتئىي ۋە كەسكىن ئى-
دى، — بېيىغان بىرقانچە ئائىلە بىلەن سۆزلىشىپمۇ كۆردۈم،
ئۇلار زاۋۇتنى بىرلىكتە قۇرۇشقا، بار-يوقىنى ئايىماسلىققا ۋەدە
بەردى. دادامۇ مېنى قوللىدى، ئۆيدىكى قوي-كالا، بارلىق
بىساتنى سېتىپمۇ بولسا دەسمايە ھازىرلاپ بېرەي دېدى. يېتىش-
مىگىنىگە بانكىدىن قەرز ئېلىشقىمۇ سۆزلىشىپ قويدۇم. ئەم-
دىكى گەپ دادىڭىزدا قالدى. سادىقكام ئوبدان ئادەم، جاپالىق
ئىشلەيدۇ، لېكىن كونا رامكا ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەيۋا-
تىدۇ. بىر ئىزدا توختىۋېلىپ، دادىل ئالغا چامدىغىلى ئۇنىمايۋا-
تىدۇ، بارىغا شۈكرى قىلىۋاتىدۇ. زاۋۇت قۇرۇش توغرىسىدىكى
ئوي-پىكرىمنى ئېيتسام: «بۇ ئويۇنىشىدىغان ئىش ئەمەس،
شۆھرەتجان، ئەستايىدىل، ئەتراپلىق ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ،
ئالدىرىماي تۇرۇپ تۇر، بىر-ئىككى يىلدىن كېيىن بىرگەپ
بولار...» دەۋاتىدۇ. بۇنداق كېتىۋەرسە قانداق بولغىنى؟ دادى-
ڭىزنى كۆندۈرسىڭىزلا، زىننەت، ئىشچى بولىمىز دەپ باشقى-
لارغا يالۋۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ، ئۆزىمىز زاۋۇتنىڭ خو-
جايىنى بولىمىز!

— ھىم! — دېدى زىننەت سوغۇق كۈلۈپ، — دادام ھېچبول-
مىسا سىزدىن نەچچە ئىشتاننى ئوشۇق كىيگەن، بېشىدىن نۇر-
غۇن ئىسسىق-سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەن، تەجرىبىسى بار، بىلىپ

تۇرۇۋەرمەس، 60-50 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يېزىدىن مىڭ بىر جاپادا كەلگەن بولغۇسى جىيەن كېلىنىنىڭ تەلىپىنى يەردە قويماس! زىننەت ئاۋۋال ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىنىش رەسمىيە-تىنى بېجىرىۋالسۇنچۇ قېنى، شۆھرەتنىڭ ئۇنىمىغىنىنى ئاندىن بىر كۆرۈپ باقسۇن! ...

زىننەت كۆڭلىدە مەسلىھەتنى پىشۇرىۋالغاندىن كېيىن شۆھرەتكە ئېيتىپمۇ قويمايلا تاڭ سەھەردە غەللە-پاراق ئېلىپ ماڭغان تراكتورغا ئولتۇرۇپ ناھىيە بازىرىغا قاراپ يولغا چىق-تى. بىر يىلدىن بۇيان ئۇ ئالىلىكىملەرنىڭ تومشۇقىنى بىگىز-دەك ئۇشلاپ، قاش-قاپاقلىرىنى سوزۇپ مەسخىرىلىك كۆز قى-سىشلىرىنى ئاز كۆردىمۇ؟ قايسىبىرلىرىنىڭ: "ئەجەب ئىش، 10 يىل ئوقۇغان ئادەمگە كۆتمەك قەلەمنىڭ بىر ئۇچىمۇ بولسا تەگمەپتىيا، شۇنىڭغا قارىغاندا ھالى چاغلىق بولسا كې-رەك..."دەپ كوسۇرلىشۋاتقانلىقىنى؛ يەنە كەچلەردىكى كوت-كوتچى خوتۇنلار يىغىلىشقان غەيۋەت سورۇنىدا بەزىلەرنىڭ يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ: "چوقۇم بىرئىش چىقىرىپ قويغان گەپ، بولمىسا باشلانغۇچنىڭ ئەپەندىلىگىمۇ بولسا تەگكەن بولات-تى، توتىنچى سىنىپنى تولۇق پۈتتۈرمىگەن غازى ئەپەندىمۇ 50 -40 بالىنى چۆگىلىتىپ يۈرمەمدۇ. ئويلاپ بېقىڭلارا، شۇنچە كۆپ ئوقۇغان ئادەمنىڭ بىزگە ئوخشاش كەتمەن سېپىنى تۇتۇپ يۈرگىنى نەدە بار؟..." دەۋاتقىنىنى ئاز ئاڭلىدىمۇ؟ بۇ مەسخىرى-لىك قاراشلار، تەنىلىك تەگەشلەر ئۇنىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك سانچىلاتتى، ھەتتا چۈشىدىمۇ ئۇنىڭغا تۇزۇك ئارام بەرمەيتتى. بىچارە زىننەت بۇنداق روھىي ئازاب مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلۇش

## ئىككىنچى باب

# ئەمەلگە ئاشمىغان ئارزۇ

شۆھرەتنى ھەرقانچە قىلىپمۇ گېپىگە كۆندۈرەلمىگەن زىننەت ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىپ بېقىش قارارىغا كەلدى. ئۇلار ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلاردا ھېمىشە ھېببۇللا ئاكىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مېھمان بولاتتى. ئۇ مۇلايىم، سىلىق-سىپايە ئادەم بولۇپ، ھەرقېتىم ئۇلارنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالاتتى، ئوقۇش ئەھۋالىنى سوراۋشتۇراتتى، ئۇلار بىلەن ئۇز تەگتۇشلىرىدەك ئەركىن-ئازادە پاراڭلىشاتتى. ”قىزىقچىلىقىڭىز بولسا تارتىنماي دەۋېرىڭ جۇمۇ، زىننەت! — دەيتتى ئۇ پاراڭ ئارىلىقىدا، — بىزنىڭ شۆھرەت تازا مۆرىمەسنىڭ بىرى، ئاچ قېلىپ ئۆلەي دېگەندىمۇ بىر بۇردا نان دېيىشنى بىلمەيدۇ. سىز ھەرگىز تارتىنماڭ، نېمە لازىم بولسا دەۋېرىڭ، قولۇمدىن كەلگەن ياردەمنى ئايىمايمەن...“

ئۆزىگە ئاشۇنداق ياخشى مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن ئادەمگە دەردىنى تۆكۈپ باقسا نېمە بولۇپتۇ؟ ھېسسىداشلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھالىغا يەتسە، دەردىگە دەرمان بولسا ئەجەب ئەمەس! قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ، سەھرادا كۆڭلى سۇ ئىچمىگەن بىر قىزنىڭ سەلدەك ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرى ئالدىدا سۈكۈت قىلىپ

جۇرئەت قىلالماي كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. شۇھامان ئىززەت ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك بىرخىل كۆرۈنۇشتە يەنە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇۋالدى. بۇ قېتىم ئۇ ئۆزىنى خېلى ياسىۋالغاندەك تۇراتتى: يېڭىدىن تاراپ ئۆرۈلگەن قاپقارا چاچلىرى ئاستىدىكى چۆچۈرىدەك كىچىككىنە كەلگەن قۇلىقىغا ۋالىلداپ تۇرغان ئالتۇن ھالقا سېلىۋالغان، غازىڭكىدەك ئۇزۇن، كۆرۈمسىز بوينىغا كۆزىنىڭ يېغىنى يېگۈدەك چىرايلىق كەھرىۋا مارجان ئېسىۋالغان، قوناق شېخىدەك ئىنچىكە، ئورۇق جۇغىغا ياراشمىغىنىغا قارىماي گۈللۈك نېپىز قارا گىرىپتىشنىدىن ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىۋالغان ئىدى. "ئۆزۈڭنى ھەر قانچە ياسىساڭمۇ، — دېدى زىننەت كۆڭلىدە كىنايە قىلىپ، — ئاشۇ چىرايىڭ بىلەن ماڭا يېتىشەلەيتتىڭمۇ؟ ئەينەككە قاراپ باققىنا، شۇنچە قېلىن ئۇپا سۇرتسەڭمۇ چىرايىڭنىڭ كۆسەيدەك قارىلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرۇپتۇ. بۇرنۇڭنىڭ قالتىسلىقىچۇ تېخى! قىڭراقتەك تىك ۋە ئېگىز، كۆزلىرىڭ توغرىسىدا سۆزلىمەيلا قوياي. ئۇ شۇنداق كىچىك ۋە نۇرسىزكى، كىشىگە ئىختىيارسىز قاراڭغۇ كېچىدە ئۆچۈپ قالاي دەۋاتقان جىن چىراغنى ئەسلىتىدۇ. قاشلىرىڭ ئەگمە ۋە قاپقارا بولسىمۇ، قىسقا، شالاڭ كىرپىكلىرىڭ ئۇنىڭغا قىلچە ماسلاشمىغاچقا، يىگىتلەرنى جەلپ قىلىش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قويغان. پىشانەڭغۇ خېلى تۈزۈكتەك قىلىدۇ، لېكىن تولىمۇ كەڭ ۋە پارقىراق. ماڭلاي چاچلىرىڭ ئەيىبىنى يېپىپ تۇرمىغاندا ئىدى، ئۇ بەئەينى پاينەكباش بوۋايىنىڭكىگە ئوخشاپ قالغان بولاتتى. شۇ ھالىڭغا مەن بىلەن ئۆستۈنلۈك تالاشماقچىمۇ؟ سەن

ئۇچۇن قايسى ئامالىلار ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرمىدى؟ لېكىن ھەممىسى تاش يۈرەك شۆھرەت تەرىپىدىن بىر-بىرلەپ رەت قىلىندى. ئۇنىڭ يېزىغا سالجىدەك چاپلىشىۋېلىشىدا زادى قانداق سەۋەب باردۇ؟ نېمىگە شۇنداق تارتىشىپ تۇرۇۋالىدىغاندۇ؟ تۇيۇقسىز ئىززەتنىڭ تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان قارامتۇل چىرايى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى. "ماڭ نېرى!" زىننەت ئىززەتنىڭ سىماسىنى كۆڭۈل ئېكرانىدىن قوغلىۋەتمەكچى بولغاندەك، قولىنى ئەلەم بىلەن شىلتىدى.

— نېمە بولدۇڭ، قىزىم؟ — ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ھاپىز ئاكا دومبىسىگە تەگكەن شاپىلاقتىن چۆچۈپ ئارقىسىغا قارىدى، — نېمە، چۈشەكېگەنمىدىڭ؟ شەھەرگە ساق-سالامەت بېرىۋالغىچە ئۇخلاپ قالماي چىڭ ئولتۇر جۇمۇ، بولمىسا تراكتور ئوڭغۇل-دوڭغۇللاردا سەكرىگەندە موللاق ئېتىپ چۈشۈپ كېتىسەن!

زىننەت ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى. ھەتتا ھاپىز ئاكىنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قاراشقىمۇ، بىرەر ئېغىز ئۆزرىخاھلىق ئېيتىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي جىم ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ كۆڭلىدىكى مەخپىيەتلىكنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. راست ئەمەسمۇ، تېخى ياتلىق بولغان بىر قىز ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق باشقىلاردىن كۆنلىگىلى تۇرسا، خەق نېمە دەپ قالىدۇ؟ بەلكىم ئىچى قارىلىق قىلىپ تېخىمۇ ئېچىتىپ بېرەر، ئۇنىڭ چىچاڭشىشىنى، شۆھرەتنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ جېدەل چىقىرىشىنى تاماشا قىلغاچ، ئۇنىڭ نادانلىقى ۋە ئەخمەقلىقىدىن ئۇچىيى ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك كۈلەر!... زىننەت داۋامىنى ئويلاشقا

زىننەت ھەرقېتىم ئەينەككە قارىغاندا ئۆزىنىڭ گۈزەل
ھۆسنى-جامالىغا مەسلىكى كېلىپ تاتلىق كۈلۈمسىرەيتتى، كۈ-
لۈش بىلەن تەڭ توغاچتەك مەڭزىدە پەيدا بولغان چىرايلىق
زىناقلىرىنىڭ تويۇقسىز غايىپ بولۇپ كېتىشىدىن قورققاندەك
ئاۋايلاپ سىلاپ قوياتتى. بۇلاقتەك شەھلا كۆزلىرى ۋە ئۇنىڭ
چۆرىسىدە مەجنۇن تالدەك سايە تاشلاپ تۇرغان تال-تال ئۇزۇن
كىرپىكلىرى ئارىسىغا غايەت زور سېھرى كۈچنىڭ يوشۇرۇنغان-
لىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى. ھەرقېتىم كەلگۈسىدە ئېرىشىدىغان
بەختى توغرىسىدا شېرىن خىيال سۈرۈشتىن خالى بولالمايتتى.
بەزىدە مەن-مەن دېگەن قاۋۇل يىگىتلەرنىڭ ئۆزىگە ئاشىق-بىقا-
رار بولۇپ ئايىغى ئاستىدا قۇللارچە باش ئۇرۇۋاتقانلىقىنى،
ھەتتا ئۆزىنى تالىشىپ بىر-بىرىگە پىچاق سېلىشىپ كېتىۋاتقان-
لىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى-دە، جەڭدە غالىپ كەلگەن
گېنىراللاردەك مەغرۇرانە قىياپەتتە ئۆزىنى تۇتالماي قاقاقلاپ
كۈلۈۋەتتەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا تەييار
تۇرغان ھەرقانداق باشقا يىگىتلەرگە كۆز قىرىنى سېلىشنى خالى-
مايتتى. چۈنكى شۆھرەت ئۇنىڭ قەلبىدىن ئاللىبۇرۇنلا ئورۇن
ئېلىپ بولغان ئىدى. بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ بىر
مەھەللىدە ئۆسۈپ چوڭ بولۇپ، دىل رىشتىسىنىڭ بىر-بىرىگە
مەھكەم باغلىنىپ قالغانلىقى بىرسەۋەب بولغان بولسا، مۇھىمى
شۆھرەتتە ئوغۇللاردا بولۇشقا تېگىشلىك گۈزەللىكلەر تولۇق
تېپىلغاندىن باشقا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يەنە قىزلار كۆپرەك ھەۋەس
قىلىدىغان بىرخىل ئەرلىك غۇرۇرى، قەيسەر روھ جۇش ئۇرۇپ
تۇراتتى. ئۇ بەزىلەرگە ئوخشاش رەڭگى-روھى جايىدىراق بولغان

كىم؟ مەن كىم؟ ھالىڭغا بېقىپ ھال تارت، خالتاڭغا بېقىپ ئۇن! سېنىڭ بالدۇرراق ئۆزۈڭگە تۇشلۇق پاخشەكتىن بىرەرنى تېپىۋالغىنىڭ تۈزۈكمىكىن! شۆھرەتنى مەندىن تارتىۋېلىش ئۇخلاپ چۈشۈڭ!...» زىننەت ئۇز خىيالىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى: "بىچارىنىڭ تۈزۈككىنە پىگۇ-رىسىمۇ يوق-ھە! قايسىسى كۆكرىكى، قايسىسى بېلى، قايسىسى-سى ساغرىسى، بىرقاراشتىلا ئىلغا قىلىپ كېتىش تەس. قىزلار دېگەندە قىزلارغا خاس خۇسۇسىيەت بولۇش كېرەك-تە! بولمىسا قوي ھەيدەيدىغان تاياقتىن نېمە پەرقى؟ مەيدىسىمۇ رەندە سېلىن-غان تاختىدەك تۈپتۈز..." ئۇ ئىختىيارسىز ئۆزىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىنى ئاستا سىلاپ قويۇپ، خىيالىنى داۋاملاشتۇر-دى: "ئىززەتكە ئوخشاش قىزلارغىمۇ كۆز تاشلايدىغان ئەخمەق يىگىتلەر چىقامدىغاندۇ؟ چىقامدىكى دېسەڭ، ئۇنىڭ يىگىتلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغۇدەك يېرىنىڭ تايىنى يوق، بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ئەقلىڭ ھەيران قېلىۋاتقان؛ چىقامدىكى دېسەڭ، ئۇ-نىڭدىن سەت قىزلارمۇ خېلى ئوڭلۇق يىگىتلەرگە ياتلىق بولۇپ كېتىۋاتقان! توۋا، ئاجايىپ ئىش، يىگىتلەر ئۆزىگە لايىق تال-لاشتا زادى نېمىنى ئۆلچەم قىلىدىغاندۇ؟ نېمىلەرنى كۆزلەيدى-غاندۇ؟ بىزنىڭ قەيىرىمىزگە كۆڭلى چۈشۈپ قالىدىغاندۇ؟!... ھە، توغرا، چىراي! نى-نى شاھزادىلەرنىڭ نامراتلىق يېغىپ تۇرغان سەھرادا تۇيۇقسىز ئۇچرىتىپ قالغان گۈزەل قىزلارنىڭ ھۆسنى-جامالىغا ئاشىق بولۇپ قېلىپ، كەلگۈسىدە ئولتۇرىدى-غان پادىشاھلىق تەختىدىنمۇ ۋاز كېچىشكە رازى بولغانلىقى كىتابلاردا ئاز تەسۋىرلەنگەنمۇ؟..."

مەي تۆرۈپلا قالدى.

— مانا بۇ يەرگە دەسسەپ چۈشكىن! — ھاپىز ئاكا ئوڭ پۇتىنى ئالدىغا چىقىرىپ ئېگىپ، يوتىسىنى پەلەمپەي قىلىپ تۇتۇپ بەردى، — ئىزا تارتما، دەسسەۋەر، ھېچنېمە بولمايدۇ. ناۋادا يىقىلىپ چۈشۈپ بىرەر يېرىڭ زەخىملىنىپ قالسا سادىق سېكرېتارغا جاۋاب بېرەلمەي قالىمەن، قىزىم!

زىننەت تراكتورنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ھاپىز ئاكىنىڭ يوتىسىغا دەسسەپ چۈشۈۋالدى. پۇتى ئۇيۇشۇپ قالغاچقىمۇ ياكى بۈگۈن ئالاھىتەن كىيىۋالغان ئېگىز پاشنىلىق توفلىيىگە دەماللىققا ماسلىشىپ كېتەلمىگەچكىمۇ، ئەيتاۋۇر تاپىنى يەرگە تىگە-تەگمەيلا مۇدۇرۇپ كەتتى. ھاپىز ئاكا چاققانلىق بىلەن يۆلىۋالمىغان بولسا، راستىنلا ئادەملەر ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان كوچىغا يىقىلىپ چۈشكەن بولاتتى.

— نەرسىلىرىڭنى ئاپىرىشىپ بىرەيمۇ قىزىم، ياكى ئۆزۈڭ ئېلىپ بارالامسەن؟

زىننەت ھاپىز ئاكىغا رەھمەت ئېيتىپ، سېۋەتىنى كۆتۈرگەن پېتى ئۆزى يالغۇز يۈرۈپ كەتتى. مانا، تونۇش كوچا، ھۆپىگەرلەر بۇرۇنقىدەكلا شەھەرنى بېشىغا كىيىپ بەس-بەستە ۋارقىرىشىۋاتاتتى. سامسىپەزلەر ئورۇق ئۆچكىنىڭ گۆشىدە ئەتكەن سامسىلىرىنى: ”ياغ يەپ كەت، ئوغۇل باللا، ئەركەك قويىنىڭ!“ دەپ توختىماي ماختىشاتتى. باققاللارمۇ ئارقىدا قېلىشنى خالىمىغاندەك شامالدا قېقىلىپ چۈشكەن، ئەمدىلا ئالا بولغان ئۆرۈكلەرنى قارىداپ كەتكەن ماتا لاتىلاردا ئېيتىپ پارقىراتقاچ: ”كۆزۈڭ بولسا كۆرۈپ يە! جەننەتتىن چىققان سەر

قىزلارنى كۆرگەن هامان چىشىنىڭ ئىقىنى چىقىرىپ، ئاپتاپپە-
رەستەك ئىگىلىپ يۈرمەيتتى، كەلسە-كەلمەس چاقچاقلاشمايتت-
تى، ئۆزىنى تۇتۇپ سالماق يۈرۈشنى بىلەتتى. زىننەت شۆھرەت-
نىڭ بۇ يېرىنى ئالاھىدە ياقتۇراتتى ۋە ئۇنى چىن يۈرىكىدىن
ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ بەختى ئۈچۈن بارلىقىنى
ئاتاشقا تەييار ئىدى. لېكىن شۆھرەت ئۇنىڭ قەلبىنى چۈشەنمىدى
ياكى چۈشىنىشنى خالىمىدى. يېقىندىن بۇيان ئۇلارنىڭ ئوتتۇ-
رىسىدا قانداق ھاياتلىق يولىنى تاللاش ئۈستىدىكى تالاش-تار-
تىشتىن كېلىپ چىققان زىددىيەت بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ كەت-
تى. بۇنداق كېتىۋەرسە قانداق بولغىنى؟ زىننەت بۇنىڭغا سۈ-
كۈت قىلىپ تۇرالمايدۇ، ھەرقانداق قىلىپمۇ بولسا ئۇنى ئۆز
ئىرادىسىگە بويسۇندۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ گۈزەل، قىلىۋاتقىنىمۇ
توغرا. بۇنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى بەخت-سائا-
دىتى ئۈچۈن. شۆھرەت بۇ نوقتىنى چۈشىنىشى كېرەك!...
—ھوي قىزىم! بۈگۈن ساڭا نېمە بولغاندۇ؟ تېخىچە تراك-
توردا ھاڭۋېقىپ ئولتۇرغىنىڭ نېمىسى؟ شەھەرگە يېتىپ كەل-
دۇق، تېزراق چۈشە دەيمەن، تېزراق!
زىننەت تۇيۇقسىز چىققان بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتى.
ئاللىقاچان يەرگە چۈشۈپ بولغان ھاپىز ئاكا ئۈستىبېشىغا قون-
غان چاڭ-توزانلارنىقاققاچ ئۆزىگە قاراپ كايىۋاتاتتى. ئۇنىڭ
ئالاخۇرجۇنى بىلەن زىننەتنىڭ ئۆرۈك قاچىلانغان سېۋىتى يول
بويىدىكى تېرەككە يۆلەگلىك تۇراتتى. تېخى خىيال قايىنىمىدىن
چىقىپ ئۆزىنى تۈزۈككىنە تۈزەشتۈرۈۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن
زىننەت ھودۇقۇپ كەتكەنلىكتىن دەماللىققا نېمە قىلىشنى بىلەل-

زىننەت بوغۇق، بوم ئاۋازدىن توخان ئاچا ئىكەنلىكىنى تونۇدى ۋە ئالمان-تالمان ئۆزىنى تونۇشتۇردى:

—بۇ مەن، توخان ئاچا،—زىننەت!

ئارقىدىنلا شىپىرلىغان ئاياق تاۋۇشى يېقىنلاشتى، تۆمۈر ئىلغۇچ شاراقشىدى. هاڭيا ئېچىلغان ئىشىك ئالدىدا قورسىقى هامىلدار ئاياللاردەك تومپىيىپ چىققان توخان ئاچا پەيدا بول-دى. ئۇ ئۆپكىدەك ئاپئاق، سېمىز، بوغماق-بوغماق كەلگەن ئوڭ قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن يۇمۇلۇپ قالاي دېگەن كۆزىنى ئېتىشۇتىپ، زىننەتنىڭ ئۈستىبېشىغا سىنچىلاپ قارىدى.

—ۋاي خۇدايىمەي، قايسى زىننەتكىن دېسەم، سەنمىدىڭ قىزىم!—ئۇ قوللىرىنى كېرىگىنىچە زىننەت بىلەن قۇچاغلى-شىپ، مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ كۆرۈشتى،—خېلى چاغلار بولدى، يوقاپلا كەتتىڭلار، سىلەرنى تازا سېغىندىم جۇمۇ! ئۆت-كەندە شۆھرەت كەپتىكەن، تاغىسى بىلەن ئالىلقانداق زاۋۇت قورۇش ئۈستىدە قىزغىن پاراڭلىشىپلا كەتتى، مەن بىلەن مۇڭ-دىششقا چولىسىمۇ تەگمىدى. ئەمدىغۇ ئىككىمىز قانغۇدەك مۇڭدىششۇالارمىز—هە! بۇ نېمەڭ؟ ئۆرۈكمۇ؟ كايىمساڭمۇ بولا-تتى، لېكىن مەن ئۆرۈككە تولىمۇ ئامراق، ئالغاچ كەلگىنىڭمۇ بىر هېسابتا ياخشى بولۇپتۇ، شەهەردە بۇنداق شېخىدا پىشقان ياخشى ئۆرۈك تېپىپ يېيىش تەس.

توخان ئاچا سېۋەتنى كۆتۈرۈپ ئۆدەكتەك ئېغىناقلىغان پېتى ئالدىدا يول باشلاپ كېتىۋېتىپ توختىماي سۆزلەيتتى، قارىغاندا ئۇ كەڭرى ئۆيدە يالغۇز، بىكار ئولتۇرۇۋېرىپ زېرى-كىپ، بىرەر ھەمسۆھبەتنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن

خىل مېۋە! بۇنى يېگىنىڭ دەرماندا، يېمىگىنىڭ ئارماندا!“ دەپ خېرىدار چاقىرىشاتتى. زىننەتنىڭ ھازىر ناھىيە بازىرىنىڭ ئاۋات كوچىلىرىنى تاماشا قىلىشقا، ئۆزىگە باشقىچە يېقىملىق تۇيۇلۇپ كېتىۋاتقان شاۋقۇن-سۈرەنگە قۇلاق سېلىشقا چولىسى يوق. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس-يادى ھېبىبۇللا ئاكىنى تېپىپ ئىشنى تېزراق پۈتتۈرۈۋېلىش بىلەن بەنت.

زىننەت كېتىۋېتىپ كۈنگە قارىدى، قوزا چۈش بولۇپ قالغان ئىدى. ھېبىبۇللا ئاكا يەنە بىرە سائەتتىن كېيىن چۈشلۈك تاماق يېگىلى ئۆيىگە كېلەتتى. شۇڭا ئۇ ئۇنىڭ بىلەن ئادەمنى قورۇندۇرۇپ قويىدىغان ئىشخانىدا سۆزلىشىشتىن ھېچكىم كۆز-قۇلاق بولمايدىغان ئۆيدە ئەركىن-ئازادە سۆزلىشىشنى ئەۋزەل كۆردى-دە، ئىختىيارسىز قەدىمىنى تېزلەتتى. ئۇنىڭ ھويلا-قورۇسى ناھىيە بازىرىنىڭ ئاۋات كوچىسىدىن نېرىراقتىكى ئۆستەڭ بويىغا جايلاشقان بولۇپ، مەنزىرىسى گۈزەل، ھاۋالىق، كەڭ-كۇشادە ئىدى. پېشايۋانغا ياماشقان ئۈزۈم تېلىمۇ بولىدىغان، ساپاق-ساپاق مۇناقى ئۈزۈم غۇچچىدە ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۆتكەن يىلى ھېبىبۇللا ئاكا ئۆز قولى بىلەن بىرنەچچە ساپاق ئۈزۈپمۇ بەرگەن. ھويلا تېمىنى بويلىتىپ ئۆستۈرۈلگەن ئەتىر گۈللەر تېخىمۇ زوق-ھەۋىسىڭنى قوزغايتتى. ئۇ ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن كۈنلەردە ئادەمنى مەست قىلغۇدەك خۇش پۇراق دىماغقا گۇپۇلدەپ ئۇرۇلاتتى. ھازىرمۇ شۇ پىتى تۇرغانمىكىن-تاڭ؟ زىننەت قورۇنغان ھالدا ھويلا ئىشىكىنىڭ ئالتۇن رەڭ ھالقىسىنى بوشقىنا جاراڭلاتتى.

— كىم؟

دېگەن ماڭسا-ماڭسا تۈگىمىگەن، شۇنىڭغا قاراپ مېنى ئالداپ بارسا-كەلمەس يەرگە ئېلىپ كېتىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، بېشىمنى ئېچىمگە تىقىپ تازا يىغلىغانتىم!

زىننەت ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى. توخان ئاچىمۇ ياشلىقىدىكى ئۇنتۇلماس چاغلارنى ئەسلەپ كەتتى بولغاي ئەتىمالىم، ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كۆن نۇرنى كۆرمەي ئاقىرىپ كەتكەن چىرايىغا قىزىللىق يۈگۈردى. ئۇ چىلاپچا بىلەن ئاپتۇۋىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ زىننەتنىڭ قولىغا سۇ بەرمەكچى بولۇۋىدى، زىننەت ئۆزى يۇيىدىغانلىقىنى ئېيتىپ زادىلا ئۇنىمىدى.

— كىچىك بولغىنىڭ بىلەن يىراقتىن كەلگەن ئېزىز مېھمانسەن-دە، قىزىم! — دېدى توخان ئاچا ئۇنىڭ قولىغا زورلاپ سۇ بېرىۋېتىپ، — مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك بولسۇن، مېھمان بولىدىكەن، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىش بىزنىڭ ئادىتىمىز. سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ، بۇرۇنقى زامان بولىدىغان بولسا ئاللىقاچان بىر ئۆينى بېشىڭغا كىيەتتىڭ. ھېلىھەم بولسىمۇ ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزنى پىششىق ئۆگىنىپ قوي، ئۆي-ئوچاقلىق بولغاندا ئەسقاتىدۇ. ۋاي-ۋۇي، نېمە چاك-تۇزان بۇ؟ بېشىڭغا توپا سورۇپ ئوينىغانمىدىڭ؟! چېچىڭنىڭ رەڭگىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بولۇپ كېتىپتۇغۇ! نېمىگە چۈشۈپ كەلگەنتىڭ؟ تراكتورغا دېگىن! ئۇنىڭ قوپال مېڭىشىنى قوي! قايسىبىر يىلى مەنمۇ شۇنىڭغا چۈشۈپ قېلىپ، ئۆتكەمىدە تاسقالغاندەك تاسقىلىۋېرىپ، سۆڭەكلىرىم گۆشىدىن ئاجراپ، پۈتۈن ئەزايىم چۈۋۈلۈپ كەتكىلى تاسلا قالغانتى! سەنمۇ شۇنداق بولغانسەن ھەقچان؟ ھەي، سەھرا دېگەن يەنىلا سەھرا-دە! كوند-

كۇتۇپ تۇرغانەدك قىلاتتى.

—تېخى تۇنۇگۇن تاڭ ئاتارغا يېقىن، —دېدى ئۇ ئۇزۇم
بارىڭى ئاستىدىكى سۇپىغا تاۋار كۆرپە سېلىۋېتىپ، —
ئىككىڭلارنىڭ تويىنى ئويناپ چۈش كۆرۈپتىكەنمەن، بىر خۇ-
شاللىق ئىش بارغۇ دەپ ئويلىغانتىم، راست دېگەندەك بۇگۇن
سەن كەپسەن. خويما ئوبدان بولدى. شەلپەردەك قىزىرىپ كەت-
كىنىڭ نېمىسى، بالام؟ ئولتۇر دەيمەن، تۆرگە چىق!

تويىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ زىننەتنىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز
شوخ كېيىكتەك تىپچەكلەپ، قىنىغا پاتماي قالدى، يۈزىمۇ
لاپپىدە ئوت ئېلىپ كەتتى. ئۇ چاندۇرماسلىق ئۈچۈن چاچلىرى-
نى تۈزەشتۈرگەن بولۇپ، كۆرپە ئۈستىگە جايلىشىپ ئولتۇرۇ-
ۋالغاندىن كېيىن يەرگە قارىۋالدى.

—ھېببۇللا ئاكاملارمۇ ئوبدان تۇرغاندۇ، تۇخان ئاچا؟—
دېدى زىننەت ئۆزىنى سەل توختىتىۋالغاندىن كېيىن يەر ئاستى-
دىن قىيا بېقىپ، —مانا سىلەر بىلەن كۆرۈشمىگىلى بىر يىل
بولۇپ قاپتۇ، شاققىدە كېلەيلى دېسەك، ئارىلىق بەك يىراق،
ئامال قانچە؟

—ئوبدان تۇرۇشىنغۇ ئوبدان تۇردى، شۇغىنىسى بەكلا
ئالدىراش، —دېدى تۇخان ئاچا ئاپتۇۋىغا سۇ قۇيۇۋېتىپ، —
ئىسلاھات دەمدۇ، ھۆددىگەرلىك دەمدۇ، ئىشقىلىپ، يېڭى گەپ-
لىرى تولا، مەنمۇ تۈزۈك چۈشەنمەيمەن. ئۇ-ھوش، بۇلارنى
قويۇپ ئۆزىمىزنىڭ پارىڭىنى قىلايلىچۇ، بايا نېمە دېگەنتىڭ؟
يول بەك يىراق دېدىڭما؟ ئۇنى بىر دېمەيلا قوي. ھېببۇللا ئاكاڭ
مېنى ئالغاندا سەھرادىن ئات ھارۋىدا ئېلىپ چىققانتى. بۇ يول

ئاقارغان كۆتمەك چاساقىلى ئۇچلۇق ئىڭەكىنى چىڭگىلىكتەك
قاپلىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋاق ۋە ۋىجىكلىقى توخان ئاچا بىلەن
روشەن سېلىشتۇرما هاسىل قىلغان بولۇپ، بىرقاراشتىلا كى-
شىدە ئېرى خوتۇنىنىڭ يېرىمچىلىكمۇ كەلمەيدىكەن دېگەن تۇي-
غۇنى پەيدا قىلىپ قوياتتى.
هېبىبۇللا ئاكا زىننەت بىلەن قىزغىن هال-ئەهۋال سو-
راشقاندىن كېيىن، شوهرەتنىڭ بىللە كەلمىگەنلىكىدىن ئەپ-
سۇسلاندى، ئارقىدىنلا قېيىشقاندەك ئۇنىڭ قانداقتۇ ”ئۇلۇغۋار
پىلان“لىرىنى بىرهازا ماختىدى.
— مەن سىلەردەك ئىرادىلىك ياشلارغا قايىلمەن، —دېدى ئۇ
ئاخىرىدا ئۆزگېپىدىن خۇلاسە چىقىرىپ، —تۇرمۇش يولى دې-
گەن شۇنداق ئەگرى-توقاي بولىدىكى، بەزىدە قاياقىا مېڭىشىڭنى
بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالىسەن، هەتتا تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلى-
شىڭمۇ مۇمكىن. لېكىن ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغاندا، بولۇپ-
مۇ ئارزۇ-ئارمانلىرى ئىشقا ئاشماي قالغاندا ئۆزىنى تاشلىۋەت-
مەي، ئالغا ئىلگىرىلىگەن، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقى-
تىپ قويمىغان كىشىلەرلا كۆزلىگەن نىشانغا چوقۇم يېتەلەيدۇ.
ئىككىڭلارغا قول قويىدىغان يېرىم شۇكى، سىلەر بەزىلەردەك:
”ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىدۇق، هەممە ئىش تۈگىدى“دەپ ئۈمىد-
سىزلىنىپ ئولتۇرماي، يېزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قورالىرى
جەهەتتىكى قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە بەل باغلاپسىلەر.
مانا بۇ هەممىدىن قىممەتلىك روھ، مۇشۇنداق روهلا بولسا هەر
قانداق قىيىنچىلىقنى يەڭگىلى بولىدۇ. سىلەر قۇرماقچى بولغان
زاۋۇت ئۇسكۇنىلىرىنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلى-


لار: "سەھرايى قىيامەت" دەپ ئاتىغان. جاپاسى جىق.
مەنمۇ كىچىككىمدە ئاز جاپا چەكمىگەن، ھازىر شەھەرگە كۆچۈپ
كەتتىم، سەھرادا بىرەر كۈن تۇرغۇممۇ كەلمەيدۇ!...

زىننەت ئېغىر خورسىنىپ قويدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىغا نان
بىلەن چاي كەلتۈرگەندىن كېيىن تاماققا تۇتۇش قىلغان تۇخان
ئاچىغا ياردەملىشىپ، تاغدىن-باغدىن سۆزلەشكەچ ھەبىبۇللا ئا-
كىنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى.

لېكىن زىننەت بۇ ئۈمىدىنىڭمۇ سۇغا چىلىشىپ قالىدىغان-
لىقىنى نەدىن بىلسۇن؟

ھەبىبۇللا ئاكا راست دېگەندەك تۇخان ئاچىنىڭ ئېيتقىنى
بويىچە جىزنىي قازانغا تاشلاش ئالدىدا قايتىپ كەلدى. مىنگەن
ۋېلىسىپىتى ئۈچىسىدىكى مايلىشىپ كەتكەن ئىش كىيىمىدەك
كونا بولۇپ، ئېھتىيات قىلمىسا ھېلىلا چۇۋۇلۇپ كېتىدىغاندەك
تۇراتتى. ئۇ شۇنداق ئورۇقلاپ كەتكەن ئىدىكى، ئىش كىيىمىنى
سېلىپ تاشلىۋەتكەندىن كېيىن ئۈچىسىدا قېپقالغان ئاق خەسە
كۆڭلىكىنىڭ ئىچىدىنمۇ قوۋۇرغا سۆڭەكلىرىنى قىنالماي سانى-
غىلى بولىدىغاندەك قىلاتتى. تاقىر بېشىغا رەڭلىرى ئۆچۈشكە
باشلىغان چىمەن دوپپا قوندۇرۇلغان، ئۆسكىلەك قاشلىرى ئول-
تۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى كۈن نۇرىنىڭ چېقىپ كېتىشى-
دىن ساقلىماقچى بولۇۋاتقاندەك پەسكە ساڭگىلاپ چۈشكەن، يا-
غاق سۆڭەكلىرى مىس رەڭگىنى ئەسلىتىدىغان مەڭزىلىرىنىڭ
تېرىسىنى ھېلىلا تېشىپ چىقىدىغاندەك تومپىيىپ چىققان، بۇر-
كۈتنىڭ تۇمشۇقىدەك ئازراق ئالدىغا ئىگىشكەن بۇرنى شۇمشى-
يىپ تۇرغان بۇرۇتى بىلەن قەدىناسلارچە دىدارلاشقان، يېرىمى

— راستىنى ئېيتسام، قىزىم، — دېدى ھېبىبۇللا ئاكا لەڭ-
مەن سۆيىدىن بىر ئۇتلام ئىچكەندىن كېيىن بۇرۇتىنى ئېيتىۋد-
تىپ، — بۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. مەن
تارتىپ چىقىرىلىپ، ھوقۇق ئىسيانچىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەت-
كەن كۈنلەردە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىدىن تارتىپ ئۇ-
رۇق-تۇغقانلىرىغىچە، بەك چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ھەر-
بىي سەپتىن قايتقانلاردىن تارتىپ ئولتۇرۇشلاردىكى ئولپەتلىرى-
گىچە ھەدەپ تىنقۇرگەن ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن شەكىللىنىپ
قالغان ”ئالتە ئۆچكىگە يەتتە تېكە“ دېگەندەك بىكارتەلەپلىك
ھالەتنى تېخىچە ئوڭشاپ بولالمايۋاتىمىز. ھازىرقى بار ئادىمىمىز
شتاتتا بەلگىلەنگەندىكىدىن بەش ھەسسە ئارتۇق. بۇلارنى قانداق
ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىرگەپ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا يېڭىدىن ئادەم
ئالالمايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە زاۋۇت باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەندىن
تارتىپ تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئارقا ئىشىكتىن مېڭىپ باقماپتىمە-
مەن، ئەمدى بىر ئۆمۈر ماڭمايلا ئۆتۈپ كېتەي. بۇنى توغرا
چۈشىنىدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن! ...



شىپ قويدۇم، يېقىندا ھەل قىلىپ بېرىدىغان بولدى. مەبلەغ جەھەتتە قىسىلىپ قالساڭلار مەنمۇ قاراپ تۇرماسمەن، بانكىدا قويغان ئازراق پۇلۇم بار. ھەي، يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالدى، بولمايدىغان بولسىزە، سىلەر بىلەن بىرلىكتە يەنە بىر-قېتىم ئۆز قولۇم بىلەن ئىگىلىك يارىتىش خۇشاللىقىدىن بەھرى-مەن بولغان بولاتتىم!...

ھېبىبۇللا ئاكا ھاياجانلانغان ھالدا توختىماي سۆزلەيتتى، ئارقىدىنلا ئۇ ئۆز زاۋۇتىدىكى تېخنىكا يېڭىلاش، ئۇرگان ئىخ-چاملاش، ھۆددىگە بېرىش، ئىسلاھات قاتارلىق بىرمۇنچە يېڭى-لىقلار ئۈستىدە توختالدى. قارىغاندا ئۇ زىننەتكە سۆزلەش پۇر-ستى بېرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

ھېبىبۇللا ئاكىنىڭ سۆزلىرى زور ئىشەنچ بىلەن كەلگەن زىننەتكە كۈتۈلمىگەن زەربە بولدى. ئۇ ”ھېبىبۇللا ئاكا بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىدىمنى ئاللىبۇرۇن بىلىۋېلىپ، بالدۇرراق ئاغزىمنى تۇۋاقلاپ قويۇش ئۈچۈن قەستەن شۇنداق گەپلەرنى قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ“ دېگەن ھېسسىياتقا كېلىپ، كۆڭلى سو-ۋۇپلا كەتتى. شۇنداقتىمۇ تاماقتىن كېيىن لىۋىنى چىڭ چىش-لەپ ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە ئالاھىتەن كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى ئېيتتى ۋە ئەھۋالنى تەپسىلى چۈشەندۈرۈدى.

ھېبىبۇللا ئاكا ئاغزىنى ئېچىپ ھاڭۋاققان پېتى تۇرۇپلا قالدى. ئۇ زىننەتنىڭ بىر يىل ئىشلە-ئىشلىمەيلا ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىدىن بۇنچىلا بىزار بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ھەقىقە-تەن خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى. ئۇ ئاچچىقىنى زورى-غا بېسىپ، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتىش قارارىغا كەلدى:

رۇشۇپ بىر ئامال قىلىپ بېقىش كېرەك!

خىيال بىلەن بەنت بولۇپ كەتكەن زىننەت دوقمۇشتىكى يېڭى سېلىنغان ماگىزىنىدىن ئالدىراش چىقىپ كەلگەن بىر ئەرگە ئۇسسۇپ تاشلىغىلى تاس قالدى، ئۇ ھودۇقۇپ كەتكەنلىكتىن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي شەلپەردەك قىزىرىپ تۇرغاندا، ھېلىقى كىشى ئۇنى خىجىللىقتىن قۇتۇلدۇردى:

— كەچۇرۇڭ، سىڭلىم! ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويدۇم!

— يوقسۇ، مەن—... ئۇ تىرنىقىنى تاتىلىغان بولۇپ، يەر تىگىدىن ئۇنىڭغا لاپپىدە بىرقارىۋالدى. 45 ياشلارچامىسىدىكى بۇ كىشى خېلىلا سالاپەتلىك بولۇپ، ساقال-بۇرۇتلىرى پاكىز ئېلىنغان، قويۇق چاچلىرى ئارقىسىغا قارىتىپ تارالغان، ئۇس-تىگە غۇۋا يوللۇق كاستۇم-بۇرۇلكا كىيىگەن، قاتۇرما ياقىلىق ئاپئاق كۆڭلەكىگە ماسلاشتۇرۇپ قارا رەڭلىك گالىستۇك تاقى-غان ئىدى. پۇتىدا ئۇشلۇق خىروم بەتىنكە پارقىراپ تۇراتتى.

— كۆڭلىڭىزگە ئالمىسىڭىز، —دېدى يەنە ھېلىقى كىشى ئەدەپ بىلەن، —قەسەم قىلىمەنكى، قەستەن ئەمەس، ئالدىراش بىر ئىشىم چىقىپ قېلىپ...

— ھېچ ۋەقەسى يوق، —زىننەت ئۇنىڭ قاپقارا قاشلىرى ئاستىدىكى يوغان كۆزلىرىدىن ئاللىقانداق غەلىتە بىر نۇرنىڭ چاقناپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ تەمتىرەپ قالدى ۋە ئالدىراپ-تى-نەپ ئۇنى يانداپ ئۆتۇپ كەتتى. «مىڭ قىلسا، —دەپ ئويلىدى ئۇ، تاڭ نۇرى تۇرلۇك ماللار ماگىزىنى، دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغان دوقمۇشتىكى ھېلىقى يېڭى ماگىزىنغا كىرىپ كېتىۋېتىپ، -شە-ھەر دېگەن بەربىر شەھەر-دە! قارىمامسەن، ئادەملىرى نېمىدې-

### ئۈچىنچى باب

## سىرلىق تۇرمۇش

زىننەت ھېبىبۇللا ئاكا بىلەن تۇخان ئاچىنىڭ «بىر-ئىككى كۈن تۇرۇپ كەت» دەپ چىڭ تۇتۇۋالغىنىغا ئۇنىماي، سوغۇقلا خوشلىشىپ يېنىپ چىقتى. ئۇ ئۆزىنىڭ نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشىنى بىلمەيتتى. بۈگۈن كەچقۇرۇن يولغا چىقىدىغان ھې-لىقى تراكتورغا ئولتۇرۇپ قايتىپ كەتسۇنمۇ؟ بۇ، بىر ئۆمۈر كەتمەن بىلەن ئورغاقنىڭ قۇلى بولۇشقا رازى بولۇشتىن دېرەك بېرىدۇ، زىننەتنىڭ بۇنىڭغا رايى يوق. گەرچە ئۇ ئۆزىنىڭ ناھىيە بازىرىغا كېلىشتىكى مەقسىدىنى ھېچكىمگە تىنمىغان بول-سىمۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى پاراڭلىرىمۇ ئۇنىڭغا”قا-راڭلارا، ئۆزىنى چاغلىماي شىلتىڭ ئاتقان خېنىمنىڭ ھېچ يەرگە يارىماي سالپىيىپ قايتىپ كەلگىنىنى!“ دەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كېتىشى ئەقىلدىن يىراق ئەمەس. زىننەت بۇنداق روھىي ئازابقا چىداپ تۇرالمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەجەبا، بۇنىڭدىن باشقىچە بىرەر يول تېپىلماسمۇ؟ ئۇ تۇساتتىن تولۇق ئوتتۇرىدا ئۆزى بىلەن خېلى ياخشى ئۆتۈپ كەلگەن شەھەرلىك ساۋاقدىشى رىسالەتنى ئېسىگە ئالدى. ئۇمۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالغان ئىدى، ھازىر نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىدىكىن-تاڭ؟ توغرا، شۇنىڭ بىلەن كۆ-

قاش-كۆزلىرىگە قېنىق گىرىم قىلىپ، قوچاقتەك چىراي-
لىق ياسىنىۋالغان رىسالەت ئالدىنى توسۇپ تۇرغان قاتمۇقات
گەۋدىلەر ئۈستىدىن بويۇنداپ قارىدى ۋە ئالدىراپ-تىنەپ پۇكەي-
نىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، خېرىدارلارنى ئۇيان-بۇيانغا ئىتتىرىپ
سىرتقا ئېتىلدى:

— زىننەت! جېنىم ئاداش! قاچان كېلىپ قالدىڭ؟
ئىككى ساۋاقداش خېرىدارلارنىڭ هاڭ-تاڭ بولۇپ قاراپ
تۇرۇشقىنىغىمۇ پەرۋا قىلماي قىزغىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى
ۋە خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان هالدا كىچىك بالىلار-
دەك تاقلاپ كېتىشتى.

— چۈشكە يېقىن كېلىۋىدىم، — دېدى زىننەت رىسالەتنىڭ
بوينىدىكى چاقناپ تۇرغان مارجاندىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراۋې-
تىپ، — سەن بىلەن كۆرۈشمەي كەتكىم كەلمىدى، ئۆيۈڭگە
ئىزدەپ باراي دەپ تۇراتتىم، ئويلىمىغان يەردە ئۇچرىشىپ قال-
دۇق، بەكمۇ ئوبدان بولدى، ئەهۋالدىن قارىغاندا خىزمەتكە
ئورۇنلىشىۋاپسەن — دە!

— ئىشقىلىپ ئۆزۈمنىڭ نېنىنى ئۆزۈم تېپىپ يېيەلەيدىغان
بولدۇم، — دېدى رىسالەت قاش-كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ماختانغان
هالدا، — ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلگەنلەرمۇ ناهايەت 80-
70 سوم ئالىدىكەن. مەن ئاز ئەمەس، كۆپ ئەمەس، توپتوغرا
100 سوم ئالىمەن، كۈنۈم ئوبدان. ئۆزۈڭچۇ، ئاداش، نېمە
ئىشلارنى قىلىپ يۈردۈڭ؟

زىننەتنى تۇيۇقسىز يىغا تۇتتى، ئۆزىنى زورىغا چىڭ تۇتۇ-
ۋالمىغاندا ئىدى، ئاللىقاچان هۆركىرەپ يىغلىۋەتكەنمۇ بولاتتى.

گەن ئەدەپ-ئەخلاقلىق! مۇھىمى تەربىيە كۆرگەن. بولمىسا سە-
ۋەنلىك مەندىن ئۆتكەن تۇرسا يەنە مەندىن ئەپۇ سوراپ يۇرەمتى؟
سەھرالىقلار پۇتۇڭغا ناھاللىق ئۆتۈكى بىلەن دەسسەپ سالسىمۇ
مۆرىمەي كالىدەك بېشىنى ئىچىگە تىقىپ كېتىۋېرىدۇ. ھەي،
شۇ سەھرادىن قاچانمۇ قۇتۇلارمەن-ھە! ...". ئۇ بېشىنى كۆتۈ-
رۈپ ماگىزىنغا سەپسالدى. چوڭراق بىر ئېغىز ئۆيدەك كېلىدى-
غان بۇ ماگىزىن خېلى چىرايلىق بېزەلگەن بولۇپ، ئەپچىل
قىيىلغان رەڭدار قەغەز قىيىقچىلار ئۇ بۇلۇڭدىن بۇ بۇلۇڭغا
قايچىسىمان ئېسىلغان، خېلى چوڭ ماگىزىنلاردىمۇ كۆرگىلى
بولمايدىغان ھەرخىل ئېسىل گۇباردىئون، سارجا-سوكنولار،
دوخاۋا-گىرىپتىشىنلار، ئېگىز پاشنىلىق كۆركەم توفلىيلار جا-
زىلارغا قاتار-قاتار تىزىۋېتىلگەن؛ تۇرلۇك يېڭى پوسۇنلاردىكى
كاستۇم-بورولكىلار، كوپتا-يۇپكىلار، گۇللىرى ۋە رەڭگى ئا-
دەمنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يېگۇدەك چىرايلىق ئايالچە ئۇزۇن
كۆڭلەكلەر سىغداپ ئېسىۋېتىلگەن ئىدى. بىر بۇلۇڭدا يەنە
پەرداز بۇيۇملىرى، ئەتىرسۇپۇن، چاچ مايلىرى، بۇلارنىڭ يې-
نىدا تۇرلۇك كونسىرىۋالار، سۇت پاراشۇكلىرى كۆزگە تاشلى-
نىپ تۇراتتى. ماگىزىن ئىچى تىقما-تىقماق بولۇپ، خېرىدارلار
گويا بىر-بىرىدىن قىزغىنىۋاتقاندەك بەس-بەستە مال تاللىشاتتى
ۋە قىزغىنلىق بىلەن سېتىۋالماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى ئەڭ
باس-باس يەردە مال سېتىۋاتقان ئۇچىنچى پىرىكازچىك قىزغا
توغرىلانغاندا خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئىختىيارسىز
ۋارقىراپ تاشلىدى:
— رىسالەت!

جىك، تاتىراڭغۇ چىراي كەلگەن بىرسىنىڭ تەپ تارتماي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەرگە تۈكۈرۈپ قويۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ”كۆرەلمەسلىك ھەممىلا يەردە باركەن-دە! ،-دېدى ئۇ ئىچىدە ئەلەم بىلەن، — ئەھۋالدىن قارىغاندا رىسالەت بۇ ماگىزىنىڭ مەسئۇلى بولغاندەك قىلىدۇ، باشقىلارنىڭ بۇنىڭغا كۆزى قىزارغان، ئىچى تارلىقى كەلگەن گەپ! يامانلاردىن خۇدا ئۆزى ساقلىمىسا ئىنسانلارنىڭ ئۆزى ساقلىنىشى تەس ئوخشايدۇ جۇمۇ! ...“

— يۇر، ئاداش، كەتتۇق! — رىسالەت ئۇنى قولتۇقلىغان پېتى ناھىيە بازىرىنىڭ ئاساسلىق ئاۋات كوچىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، شەرقىي دەرۋازا تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. زىننەتكە ئۇنىڭ ئارقىسىغا پولتىيىپ چىققان ساغرىسى، ۋالىلداپ تۇرغان زەر ھەللىك كۆڭلىكىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قوش تاغ چوققىسىدەك چوقچىيىپ تۇرغان كۆكرىكى بىريىلدىن بۇيان تولىمۇ يوغىناپ كەتكەندەك بولۇپ تۇيۇلدى. بوغداي ئۆڭلۈك چىرايىمۇ ئۆزگىرىپلا كەتكەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىكى ساددىلىق، خىيالپەرەسلىك ۋە تارتىنچاقلىقتىن قىلچە ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ھازىرقى تۇرقى كىشىگە پىشىپ يېتىلىپ بىر-ئىككى بالىغا ئانا بولغان ئاياللارنى ئەسلىتەتتى.

— مېنى نەگە باشلاپ كېتىۋاتىسەن، ئاداش؟ — دېدى زىننەت ھەيران بولۇپ، — ئۆيۈڭ بۇياقتا ئەمەس ئىدىغۇ، كۆچتۈڭلارمۇ-يا؟

— ھە، ھېلىقى ئۆيىنى دەمسەن؟ — دېدى رىسالەت كوچىدا ھېچ كىشى يوقتەكدەك قاقاقلاپ كۈلۈپ، — تېخىچە ئېسىڭدىن

ئۇ ياش ئەگىپ قالغان كۆزلىرىنى ئۆزىگە مىقتەك قادىلىپ تۇرغان رىسالەتتىن قاچۇرۇپ، ئاران ئاڭلىنىدىغان بوش ئاۋاز بىلەن دېدى:

— بۇلارنى كېيىن دەپ بېرەي، جېنىم ئاداش! قاچان ئىشتىن چۈشىسەن؟

— ئىشتىن چۈشۈشكە تېخى ئەتىگەن، — دېدى رىسالەت ئەستايىدىللىق بىلەن چۈشەندۇرۇپ، — ئادەتتىكى چاغلاردا ماگىزىننى سائەت ئون بىرلەرگىچە ئاچىمىز. بۈگۈن سەن كېلىپ قالدىڭ ئەمەسمۇ، ھازىر چۈشسەممۇ بولۇۋېرىدۇ، ئەركىنلىك ئۆزۈمدە. سەل توختاپتۇر، ئۇلارغا بەزىبىر ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇۋېتەي، خاپا بولمىغىن-ھە!

زىننەتكە رىسالەتنىڭ گەپ-سۆزلىرى ۋە قىلىقلىرى ئەتەي ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتقاندەك بولۇپ تۇيۇلدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ كۆڭلىدىكىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، چىرايىنى كۈلكىگە زورلاپ رازىلىقىنى بىلدۈردى. رىسالەت ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك كەلگۈدەك ئۈچ قىزنى بىر يەرگە يىغىپ، قولىنى شىلتىپ ئۇنى-بۇنى كۆرسىتىپ بىرنېمىلەرنى دېدى. ئۇ ئۇچەيلەننىڭ بېشىنى لىڭشىتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن مەمنۇنىيەتلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ ئارقىغا ياندى. زىننەت مانا شۇ ئەسنادا ھېلىقى قىزلار ئىچىدىن ئېگىز بويلۇق، كۆرۈمسىزرەك كەلگەن بىرسىنىڭ قاش-قاپاقلىرىنى سوزۇپ، ئاغزىنى ئۇشلاپ، ئۇنىڭغا مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى؛ دوغىلاق يۈزىنى سەپكۈل قاپلىغان، خام سېمىز بىرسىنىڭ كۈلۈپ تاشلىماسلىق ئۈچۈن ئاغرىنى چىڭ ئېتىۋالغانلىقىنى؛ پاكار، ۋې-

بىكار كەتكەن شۇ ئۈچ يىللىق ئۆمرۈمگە ئېچىنىمەن. ئوقۇدۇق، نېمىگە ئېرىشتۇق؟ بىز بىلەن كىمنىڭ كارى بولدى؟ يەنىلا ھەركىم ئۆزىگە تايىنىپ ياشايدىغان گەپكەن. مانا قارىغىنا، بىر يىلغا يېتە-يەتمەيلا قانات-قۇيرۇقۇمنى خېلىلا ئوڭشىۋالدىم. توققۇزۇم تەل دېيەلمىسەممۇ، ھەر ھالدا دوست-دۈشمەن ئالدىدا چېنىپ قالمىغۇدەك بولدى. ماڭا ئۇنداق ھەيران بولۇپ قاراۋەر-مىگىنە! ھازىر دېگەن قايسى دەۋر؟ دەۋرگە يارىشا ياشاشنى بىلىۋالمىسا بولمايدىكەن، جان دوستۇم! ھازىرچۇ، مۇھەببەت باغلاش، ئائىلە قۇرۇش، پەرزەنت كۆرۈش دېگەنلەر ۋاقتى ئۆ-تۈپ كەتكەن كونا رامكا بولۇپ قاپتۇ دېگىنە. بۈگۈنكى كۈننىڭ ياشلىرى ئەنەشۇ ئەنئەنىۋى قالاق ئۆرپ-ئادەتكە دادىل جەڭ ئېلان قىلىۋېتىپتۇ. مېنىڭغۇ ئالدىراپ-تېنەپلا بۇ ئېقىمغا قوشۇلۇپ كەتكىم يوق ئىدى. ئامال قانچە؟ ئۆيگە كىرسەڭ ئاتا-ئانانىڭ تاپا-تەنىسى. ھەدېسىلا: ”مەن سېنى باشقىلارنىڭ بالىلىرىدىن بىرنانى كەم بېرىپ باققانمۇ؟ باشقىلار ئۆتەلىگەن ئالىي مەكتەپ-كە سەن نېمىشقا ئۆتەلمەيسەن؟ قورسۇقۇڭنى قاچانغىچە باقىمەن! ...“ دەۋاتقان، تالاغا چىقساڭ ئىشسىزلىق! شۇنداق قىلىپ مەنمۇ يېڭى تۇرمۇش يولىنى تېپىۋېلىشقا مەجبۇر بول-دۇم، شۇ ۋەجىدىن ئۆيدىنمۇ قوغلاپ چىقىرىلدىم. لېكىن بۇ-نىڭغا ھېچقانداق پۇشايمىنىم يوق، ھەقىقىي بەختنىڭ نېمە ئى-كەنلىكىنى بىلىۋالغىنىمغا خۇشالمەن!

زىننەت ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى. ئادەم بىر يىلدا شۇنچىلىكمۇ ئۆزگىرىپ كېتەرمۇ؟ ھازىرقى رىسالەتنىڭ ۋۇجۇ-دىدىن بۇرۇنقى رىسالەتنىڭ قىلچىلىك ئىزناسى تېپىلسا كاشكى!

چىقماپتۇ-دە! ئۇ توخۇ كاتىكى ئاتا-ئانامغا قالدى، ئۆزۈم ئىككى
ئېغىزلىق يېڭى ئۆيگە كۆچۈۋالدىم. ھېلى كۆرىسەن، خېلى
يامان ئەمەس.

—بىر دەمدىلا توي قىلىۋالغان ئوخشىمامسەن؟

—ۋاي ئەخمەق ئادىشىمەي! توي قىلىپ نېمە
قىلىسەن؟— دېدى رىسالەت ئالقانچىلىك كېلىدىغان كىچىككىنە
سومكىسىدىن ئاچقۇچنى چىقىرىۋېتىپ، —مانا ئۆيگە كەلدۇق.
توي قىلدىڭمۇ، ئۆزۈڭنى تۈگەشتىم دەپ ھېسابلاۋەرگىن. بىل-
سەڭ، ئاداش، ئۇ دېگەن كۆزگە كۆرۈنمەس ئارغامچا، پۇت-قو-
لۇڭنى چۈشەپ قويىدۇ، ھېچ ياققا قىمىر قىلالمايسەن، ئەركىن-
لىكىڭدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالىسەن. مەن-زە، قاراپ تۇرۇپ
ئوتقا ئۆزۈمنى تاشلامتىم؟ ۋاي ساڭا نېمە بولدى؟ ھاڭۋېقىپ
تۇرىسەنغۇ؟ مۇنۇ سافاغا ئولتۇرىۋەر، ھېچنېمە بولمايدۇ. بەك
لۆم-لۆمكەن دەمسەن؟ نەدىكىنى! بۇنى قاتتىق كۆرۈپ، ئىتالى-
يىدىن ئىمپورت قىلىنغان يېڭى نۇسخىدىكى ئالىي دەرىجىلىك
سافاغا ئالماشتۇرۇۋالايمىكىن دەۋاتىمەن!

رىسالەت ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىگەچ بۇلۇڭغا توختى-
تىپ قويۇلغان پاختەك تۈكى رەڭگىدىكى قوش ئىشىكلىك توڭ-
لاتقۇنى ئېچىپ، ئىچىدىن ئىككى بوتۇلكا گازسۇ چىقاردى.

—ئىچە، دوستۇم، قانغىدەك ئىچ، يەتمىسە يەنە بار. راس-
تىنى ئېيتسام، زىننەت، نېمە ئۈچۈن بالدۇرراق جەمئىيەتكە
چىقىۋالمىغان بولغىيدىم دەپ پۇشايمان قىلىدىغان بولۇپ قال-
دىم. ئىشنىڭ ئېپىنى بالدۇرراق ئۇققان بولسام تولۇقسىز ئوت-
تۇرىدىن كېيىنلا كىتابنى چۆرۈپ تاشلايدىكەنمەن. ھەي ئىسىت،

ىىدە ئېچىلىپ كەتكەن ئىككى تاشتەك ئەتىرگۈل جۇلالىنىپ تۇراتتى.

— يېتىپ باقە، ئېمىدېگەن راھەت! — رىسالەت چىرايلىق بىزەلگەن ئۆيگە ھەۋەس بىلەن قاراۋاتقان زىننەتنى كوچەپ بىر ئىتتىرىۋىدى، ئۇ ئالدىدىكى لوم-لوم كارىۋات ئۇستىگە دۇم چۈشۈپ چوكوپلا كەتتى. ئارقىدىن رىسالەتمۇ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. ئىككى دوست بىر-بىرى بىلەن قىچىغلىشىپ، يومىداقلىشىپ بىرھازا كۈلۈشتى.

— باياتىن ئېمىلەرنى دەپ كەتكەنلىكىڭنى بىلەمسەن، رىسالەت! — دېدى زىننەت چاچلىرىنى تۈزەشتۈرگەچ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — ئۇ گەپلىرىڭ ئېمىدېگەن بىمەنە ۋە غەلىتە-ھە! ئەگەر سېنى چۈشەنمىگەن بولسامچۇ، چوقۇم ئالجىغان بىرسى سۆزلەۋاتقان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالغان بولاتتىم!

— مېنى بۇرۇن چۈشەنگەن بولساڭ ھازىر چۈشەنمەيسەن، زىننەت! — رىسالەت بېشىنى مەيۈسلۈك بىلەن چايقىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىق ئورنىنى تۇساتتىن بىرخىل ھەسرەت، ئۈمىدسىزلىك ئىگەللىگەن ئىدى، — نۇرغۇن كىشىلەر چۈشەنمەيدۇ، ھەتتا ئاتا-ئاناممۇ چۈشەنمىدى. بىزگە خۇددى غەلىتە مەخلۇقتا قارىغاندەك ئەجەبلىنىش، كەمسىتىش نەزەرى بىلەن قارىشىدۇ. بىز ئانىمىزنىڭ قورسىقىدىن چۈشۈپلا مۇشۇنداق تۇرمۇش يولىنى تاللىۋالىمىز دېيىشكەنمىدۇق؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن رەھىمسىز رېئاللىقنىڭ بىزنى مۇشۇنداق يولغا مېڭىشقا مەجبۇر قىلغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ھەممە گۇناھنى بىزگىلا ئارتىپ قويىدۇ؟ بۇ ئادالەتسىزلىك! جەمئىيەت، تۇر-

توۋا! توۋا!

زىننەت بۇ سىرنى يەشمەكچى بولۇۋاتقاندەك مېھمانخانا قى-
لىنغان تاشقارقى ئۆيگە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. سافانىڭ
ئۇدۇلىدىكى غاز بويۇنلۇق شىشىلەر ۋە چىنە-قاچىلار تىزىۋېتىل-
گەن پاكار هاراق ئىشكابى ئۈستىدە قوبۇل قىلغۇچ سىمى چىقى-
رىپ قويۇلغان 18 دىيوملۇق رەڭلىك تېلېۋىزور تۇراتتى. ئۇنىڭ
ئارقىسىدىكى تامغا ئىتتىنىڭ تىلىدەك تار، ئۇزۇنچاق بىر گىلەم
ئېسىلغان ئىدى. دېرىزىنىڭ ئىككى تەرەپكە قىيا قايرىپ قويۇل-
غان زەرھەللىك پەردىسى ئوتتۇرىسىدىن هاۋا رەڭلىك ئارقا
تورپەردىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. ئۆي ئازادە، كەڭتاشا ۋە
رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولۇپ، كىشىگە ھەقىقەتەن
راھەت بېغىشلايتتى.

—ئىچكەركى ئۆينى كۆرۈپ باقامسەن؟—دېدى رىسالەت
ئۇنىڭ مېھمانخانىغا قىزىقسىنىپ قاراپ كەتكەنلىكىنى
كۆرۈپ،—ساڭا ياردىمى دەيمەن! ئامال قىلساڭچۇ، سەن دېگەن
بۇنىڭدىنمۇ ئېسىل ئۆيلەرگە ئېرىشەلەيسەن!

ئۇ ئىچكەركى ئۆينىڭ ئىشىكىگە تارتىلغان ئالما ئۇرۇقى
رەڭگىدىكى دۇخاۋا مىلەڭزىنى قايرىپ، زىننەتنى ئاۋۋال كىر-
گۈزدى. ئۆيگە كىرگەن ھامان ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى تامغا
تارتىلغان ئىران نۇسخىسىدىكى چوڭ گىلەم كىشىنىڭ دىققىتىنى
قوزغايتتى. ئۇنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى قوش كىشىلىك لۆم-لۆم
كارىۋات ئۈستىگە ئوتقاش رەڭگىدىكى ساپ يۇڭ ئەدىيال يېپىلغان
ئىدى. بۇ ئۆينىڭ دېرىزىسىگىمۇ تاشقارقى ئۆينىڭ دېرىزىسىگە
ئوخشاشلا قوش پەردە تارتىلغان بولۇپ، دېرىزە تەكچىسىدە ھۆپ-

مۇ ئۈمۈچۈكنىڭ تورىدەك ھەر ياڭغا تارتىلغان بۇ يول-يول سىزىقچىلارنى تولۇق يېپىپ كېتىشكە قۇدرىتى يەتمىگەندەك قى-لاتتى. ئۇ مېھرىبانلىق بىلەن رىسالەتنىڭ چاچ مېيى بىلەن ئەتىرنىڭ ئارىلاشما ھىدى كېلىپ تۇرغان چاچلىرىدىن تارتىپ كىچىك بىرجۇپ ئالتۇن ھالقا سېلىنغان قۇلاقلىرىغىچە، ئۇپا ئۇستىدىن سۇس قىزغۇچ لاك سۈرۈلۈپ سىلىغلىشىپ كەتكەن مەڭزىدىن تارتىپ قوش بولۇشقا ئاز قالغان ئىڭەكلىرىگىچە قال-دۇرماي سىلاپ چىقتى. رىسالەت ئاخىرى ئېسەدەشتىن توختىدى ۋە ئۇنىڭ قاداق بېسىپ كەتكەن قوللىرىنى سىلاپ بىقىپ ئىختى-يارسىز كۈلۈۋەتتى.

— شۇمۇ قول بولدىمۇ؟ — ئۇ ئىچى ئاغرىغان ۋە ئېچىنغان ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇنى 19 ياشلىق قىزنىڭ قولى دېگەندىن كۆرە، چۆلدە سۇسىز قاغجىراپ يېرىلىپ كەتكەن جىگدىنىڭ قوۋزىقى دېگەن تۈزۈكتەك قىلىدۇ! ھەي، بىچارە دوستۇم، ئەمگەك ئېغىر ئوخشايدۇ-ھە! بۇنداق جاپا-مۇشەققەت-كە قانداقمۇ چىدىغانسەن؟ مەن بولسام بىر كۈنمۇ چىدىيالماسمى-دىمكىن-تاڭ؟ مەن تېخى ئۆزۈمنى بەختسىز ئوخشايمەن دەپ ئويلاپ يىغلاپ يۈرۈپتىمەن، ئەھۋالدىن قارىغاندا سەن مەندىن كۆپ بەختسىز ئىكەنسەن جۇمۇ! بۇنداق ئازابلىق كۈنلەردىن قۇتۇلۇشنى ئويلاپ باقمىدىڭمۇ؟

— سىنىڭ يېنىڭغا دەل مۇشۇ ئىش بىلەن كېلىۋىدىم، — زىننەت ئۆزى كۈتكەن بۇ پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆ-رۈپ ئالدىراپ — تىنەپ سۆز ئالدى، — زادى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، رىسالەت! ھېچبولمىسا شەھەردىكى بىر زاۋۇتتا قارا

مۇش دەرۋازىسىغا قەدەم قويغىچە بولغان ئارىلىقتا قايسىمىز نېمە
شېرىن خىياللارنى سۈرمىگەن؟! قانداق ئارزۇ-ئارمانلارنى
كۆڭلىمىزگە پۈكمىگەن؟! لېكىن كېيىنچە بۇلارنىڭ ھەممىسى-
نىڭ تاڭ ئېتىش ئالدىدا كۆرگەن شېرىن چۈشتەك كۆزنى ئاچ-
قان ھامان بەربات بولىدىغانلىقىنى كىممۇ يادىغا كەلتۈرۈپ باق-
قان؟! بۇرۇن مەنمۇ: "تۇرمۇش ئادەمنى نېمە كويلارغا سالمايدۇ
دەيسەن؟" دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى ئاڭلىغىنىمدا ئاغزىمنى
پۈرۈشتۈرۈپ كۈلۈپ قوياتتىم. مانا ئەمدى ئۆز بېشىمدىن بىۋا-
ستە ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلىرىم ئارقىلىق خىيال بىلەن رېئال-
لىق ئوتتۇرىسىدا ھەقىقەتەن ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان چوڭ-
قۇر بىر ھاڭ بارلىقىنى چۈشەندىم. ئەمەلىي تۇرمۇش تەجرىبىسى
يوق، خىيالپەرەست، سەبىي كەلگەن نۇرغۇن قىزلارنىڭ مۇشۇ
ھاڭغا چۈشۈپ كېتىپ ھالاك بولىدىغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئە-
مەسكەن، ئاداش! مېنى ھازىر چۈشەنمىسەڭ، كېيىنچە چۈشى-
نىپ قالىسەن، ئاخىرى بىركۈنى چۈشىنىسەن!...

سول جەينىكىنى كارىۋاتقا تىرەپ، يۈزىنى ئالقىنىغا ئېلىپ
سىڭايان ياتقان پېتى سۆزلەۋاتقان رىسالەت توساتتىن بېشىنى
ئىچىگە تىقىپ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى. زىننەت نېمە قى-
لىشنى بىلەلمەي بىردەم مەڭدەپ قالدى-يۇ، لېكىن شۇھامان
ئىسىنى يىغىپ، ئاستا ئۇنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ يوتىسىغا قويدى
ۋە قول ياغلىقىنى چىقىرىپ كۆز يېشىنى سۈرتتى. رىسالەتنىڭ
تېخى بىر يىلدىن ئىلگىرى جەرەنىڭكىدەك شوخلۇق بىلەن ئوي-
ناپ تۇرىدىغان چىرايلىق قارا كۆزلىرى ئەتراپىغا ئىنچىكە قو-
رۇقلار چۈشكەن بولۇپ، قېنىق بېرىلگەن پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ-

نەدىن كېلىپ قالدى! ...“ بۇ سوئالغا جاۋاب تېپىش ھەقىقەتەن
قىيىن ئىدى. زىنىنەت ئۆزىنىڭ ھارغانلىقىنى سىزىپ، كۆزىنى
جىندەك يۇمۇۋالماقچى بولۇپ، ئەمدىلەتىن يېتىپ تۇرۇشىغا
ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ، ئىچكەركى ئۆيگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان
ئېغىر ئاياق تاۋۇشى ئاڭلاندى.
— رىسالەت، سۆيۈملۈكۈم، نېمانچە بالدۇر يېتىۋالدىڭىز؟ — دۇخاۋا مىلەڭزە قايرىلىپ، سالاپەتلىك بىر ئەركىشىنىڭ بېشى كۆرۈندى. زىنىنەت چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ھېلىقى كىشىمۇ چۆچۈپ كارىۋات يېنىدا توختاپ قالدى. لېكىن ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ-ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، خۇشخۇيلۇق بىلەن قولىنى ئۇزاتتى.
— قايتا ئۇچراشقىنىمىزدىن خۇشالمەن، بىز كونا تۇنۇشلاردىنغۇ!
— زىنىنەتمۇ ئۆزىنى سەل توختىتىۋالغاندىن كېيىن بۇ كىشىنىڭ چىرايىغا قارىغاچ قولىنى ئۇزاتتى. ئۇ باشقا بىرسى ئەمەس، دەل دوقمۇشتىكى ماگىزىن ئالدىدا دوقۇرۇشۇپ قالغان ھېلىقى ئەدەپلىك كىشى ئىدى. بۇ كىشى دەسلەپكى ئۇچرىشىشتىلا خېلى ياخشى تەسىر قالدۇرغاچقا، زىنىنەتنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ، ئۆزىنى دىدىل تۇتتى ۋە كۇتۇلمىگەن بۇ مېھماننى تاشقارقى ئۆيدىكى سافادا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ ئىچكىرىسىگە قادىلىپ قارىۋالىدىغان ئەيىبىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئومۇمەن ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، ئەدەپ-يوسۇننى ئوبدان بىلىدىغان ئەخلاقلىق ئەردەك قىلاتتى.
ئۇلار بىر-ئىككى ئېغىز پاراڭلىشىشقا ئۇلگۇرە-ئۇلگۇر-

ئىشچى بولۇپ ئىشلىسەممۇ مەيلىدى!

—زاۋۇت دېگەن يېزىغا ئوخشاشلا جاپالىق بىر يەر،— دېدى رىسالەت ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلىرىنى ئويناۋېتىپ، — بەرداشلىق بېرەلمەيسەن. بولدى، بۇ ئىشنى ماڭا قويۇپ بەر، ئۆزۈم سېنى كۆڭلۈڭدىكىدەك ياخشى ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمەن. ۋاي-ۋۇي، دۆتلىكىمنى قارىغىنا، گەپ بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، قورسۇقۇڭ بىلەن كارىم بولماپتۇ ئەمەسمۇ! خاپا بولماي تۇرۇپ تۇر، بىردەم سوزۇلۇپ يېتىپ ئارام ئېلىۋالساڭمۇ مەيلى. مەن ھەش-پەش دېگۈچە كوچىدىن پېتىرمانتا ئەپكىرەي!

ئۇ زىننەتنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا قوش قۇلاقلىق، ئۈستى يېپىق بىرقاچىنى كۆتۈرگەن پېتى ئىشىكنى يېنىك يېپىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

”تۇۋا، ئىشقا ئورۇنلاشقىنىغا بىر يىل بولماپتۇ، ھەرئايدا 100 سوم ئالسىمۇ ساق بىر يىل ئىشلىسە ئاران 1200 سوم يىغالايدۇ، بۇنىڭغا بىررەڭلىك تېلېۋىزورمۇ كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاماق يېمەمدۇ، كىيىم كىيمەمدۇ؟ ئۇ بۇنچىلا جىق پۇلنى نەدىنمۇ تاپقاندۇ؟...“

بۇ سوئاللار زىننەتنىڭ كۆڭلىدىن نەچچە قېتىم ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى باشتىن-ئاياق ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالمىدى. ئۇ ھەرخىل قىياسلارنى قىلىپ باقتى، بەزى قىياسلىرىدىن ئۆزى قورقۇپمۇ قالدى. ”ياق، ئۇ ئۇنداق قىز ئەمەس!— دەيتتى ئۇ ئۆزىنىڭ سۆزىگە ئۆزى رەددىيە بېرىپ،— مۇمكىن ئەمەس، ئۇنداق قىلىشنى ۋىجدانى كۆتۈرمەيدۇ. لېكىن بۇ ئۆي، ئۆيدىكى قىممەت باھالىق سەرەمجانلار

كەتتى. دېمەك ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدىمۇ بەربات بولدى. يەنىلا
ئۆز يېزىسىغا قايتىپ كېتىپ، كەتمەن بىلەن ئورغاقنىڭ سېپىغا
قايتىدىن ئېسىلىسۇنمۇ؟ قىشتا قەھرىتان سوغۇقنىڭ يۈز-كۆز-
لەرنى يىلاندەك چېقىشىغا قارىماي چۆيۈندەك قېتىپ كەتكەن
توڭنى چېپىپ ئۆستەڭ قازسا، يازدا بەدەننى تونۇردەك قىزدۇرى-
دىغان تومۇز ئىسسىقىغا بەرداشلىق بېرىپ ئورما ئورسۇن،
مومىنى پىرقىراپ ئايلىنىپ خامان تەپسۇنمۇ؟ چاڭ-توزان،
دىمىق، زىرىكىشلىك هايات!... ئۇ بۇلارنى ئويلاشقا جۈرئەت
قىلالمايتتى. زادى قانداق قىلىش كېرەك؟

—ساتتاروپكا،— دېدى رىسالەت زىننەتنىڭ خىيالىنى بۆ-
لۈپ، -زىننەت مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇم، يېزىدا قىينىلىپ
قاپتۇ، شەھەردە ئىشلەپ قالغىسى بارئىكەن، ياردەم قىلارسىز؟

—ئەلۋەتتە!— ساتتاروپ سۈت رەڭلىك ئىستاكاندىكى گاز-
سۇنى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، ئاغزى-بۇرنىنى ئېيتىۋېتىپ دې-
دى، -مەن سىلەردەك مەلۇماتلىق ياردەمچىلەرگە تولىمۇ مۇھ-
تاج. جانغا ئەسقاتىدىغان ئادىمىمدىن يەنە بەشى بولىسىدى،
خېلى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان بولاتتىم! ئەپسۇسكى، سى-
لەرگە ئوخشاش كارغا كېلىدىغانلارنى تاپماق تەس. بۇنداقلار
ھەدېسىلا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارغا يۈگۈرەيدۇ. ئەمەلى-
يەتتە ئالىدىغىنى تايىنلىق، بىز بەرگەن ئىش ھەققىنىڭ يېرى-
مىغىمۇ يەتمەيدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى چۈشەنمەسلىك ۋە
ئىشەنمەسلىكتىن بولۇۋاتىدۇ. دۆلەت بۇنچىلا كۆپ ئادەمنى قاي-
داقمۇ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولالىسۇن؟ ھازىر بىزگە شۇنداق
كەڭرى ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىلگەندىكىن، ئامال قىلىپ ئۆ-

مەيلا رىسالەت قايتىپ كەلدى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ، بىر دەقى-
قىدەك تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. توساتتىن ئۆتۈپ كەتكەن چى-
رايى قانداق تېز ئۆزگەرگەن بولسا شۇنداق تېز ئەسلىگە كەلدى.
—بۇ چاققىچە تونۇشۇپمۇ بولغانسىلەر، شۇنداقتىمۇ تونۇش-
تۇرۇپ قوياي، — دېدى ئۇ چىرايىنى كۈلكىگە زورلاپ، — بۇياق
بىزنىڭ باش دېرىكتورىمىز ساتتاروپ بولىدۇ، ئۇياق مېنىڭ
تولۇق ئوتتۇرىدىكى ساۋاقدىشىم زىننەت!
— ئىنتايىن خۇشالمەن! — ساتتاروپ ئورنىدىن قوزغۇلۇپ،
زىننەت بىلەن قايتىدىن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، —
ئەسلىدە ساۋاقداشتۇق دەڭلار، ئىككىڭلارنى بىر ئانىدىن تۇغۇل-
غان قوشكېزەك، بىر ئۇچكىنىڭ ئىچىدىكى قوشماق مېغىز
دېسىمۇ چېنىپ قالمىغىدەك، بىر-بىرىڭلاردىن زادىلا قېلىشماي-
دىكەنسىلەر. مۇشۇنداق چىرايلىق ھەم ئەقىللىق قىزلارنى يارات-
قان خۇدانىڭ كارامىتىگە ھەيرانمەن!
ساتتاروپ سۆزمەن ئادەم ئىدى، ئۇ مانتا يېگەچ ئۆزىنىڭ
كەلگۈسى پىلانلىرى توغرىسىدا ھەۋەس بىلەن سۆزلەپ كەتتى.
ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئىككى ئاشخانا، بىرماگىزىن ئېچىپ بولۇپتۇ،
ئەمدى ناھىيە بويىچە ئەڭ چوڭ بولغان ئۈچ قەۋەتلىك بىرمېھمان-
خانا سالماقچىكەن، ياغاچ-تاشلارنى تېزراق ھەل قىلالىسا، كې-
لەر يىلغا قالماي پۈتتۈرۈپ بولىدىكەن.
زىننەت مانا شۇندىلا رىسالەتنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ما-
گىزىندا ئەمەس، شەخسى تىجارەتچىنىڭ دۇكىنىدا ياللىنىپ
ئىشلەۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ ئوتتەك قىزىپ تۇرغان كۆڭلى
تۇيۇقسىز بىرچېلەك سوغۇق سۇ سېپىلگەندەك شاپپىدە سوۋۇپلا-

لەن قاراپ قويدى.

— سېنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن، زىننەت! — رىسالەت ئۇ-نىڭ بويىندىن چىڭ قۇچاقلىۋالدى، — ساتتاروپكام ئاشۇنداق مەرد ئادەم، ھەمىشە باشقىلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشنى خا-لايدۇ. قارىغىنا، تونۇشا-تونۇشمايلا سېنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈر-گىلى تۇردى، مەندىنمۇ ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ قويدى. مەن ئاران ئۈچ ئادەمنىلا باشقۇرسام سەن يەتتە ئادەمنى باشقۇرىدىغان كاتتا چوڭ باشلىق بولۇپ كەتتىڭ. تەلىيىڭ بار جۇمۇ سېنىڭ! ئىشلەپ قال، جان دوستۇم، ھەرگىز پۇشايمانغا قالمايسەن!

رىسالەتنىڭ بۇگەپلەرنى چىن دىلىدىن دەۋاتقانلىقىنى ياكى قەستەن تەنە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. زىننەت دەمال-لىققا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تىگىرقاپ تۇرۇپ قالدى. رەھ-مەت ئېيتسۇنمۇ؟ نېمىگە رەھمەت ئېيتىدۇ؟ ئايدا 100 سوم تاپالايدىغان ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغىنى ئۈچۈنمۇ؟ پۇل ئاز ئەمەس، لېكىن ئۇنىڭ سايىسى ئارقىسىدا قورقۇنچلۇق بىر مۇددىئا، ۋەھىمىلىك بىر مەخلۇق يوشۇرۇنۇپ تۇرغاندەك قىلى-دۇ، ئېھتىيات قىلمىسا ئۆزىنى ھاپ ئېتىۋېتىشى مۇمكىن. بۇ تەكلىپنى رەت قىلسۇنمۇ-يا؟ نېمە ئۈچۈن رەت قىلىدۇ؟ سەھرا-نىڭ لاي سۇيىگە قانمىغانلىقتىنمۇ؟ ئېلىپنىڭ سۇنىقىنى تونۇماي-دىغان خوتۇنلارنىڭ تۇمشۇقىنى ئۇشلاپ، قاپاقلىرىنى سوزۇپ مەنىستىمىگەن ھالدا قاراشلىرىغا تويمىغانلىقتىنمۇ؟ كۆزۈڭنى ئېچىپ قارىساڭ، چاڭ-تۇزان ئىچىدە ساڭا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقىنى جاپا-مۇشەققەت دېۋىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈ-سەن، ئەجەبا، بۇ قورقۇنچلۇق ئەمەسمىكەن؟! ... ئۇ كۆزىنى

زىمىزنى ئۆزىمىز ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغىنىمىز، ھۆكۈمەتكە ئې-
غىرچىلىقىمىزنى چۈشۈرۈۋالمىغىنىمىز تۈزۈك! ھەي، راستى-
نى ئېيتسام، شەھەردە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارغا ئىچىم
ئاغرىيدۇ. ئۆزى قولىدىن كېلىدىغان بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى
تۇتۇپ باقاي دېمەيدۇ، لەلەڭلەپ يۈرگىنى يۈرگەن، بىكارچىلىق-
تىن بۇزۇلۇپ كەتكەنلەرمۇ يوق ئەمەس. شۇلارنىڭ ھەممىسىنى
ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسام دەيمەن، لېكىن ئارمانغا تۇشلۇق
دەرمان يوق. ھەرھالدا قولۇمدىن كېلىشىچە شۇنداق قىلىشقا
تىرىشىۋاتىمەن. مېھمانخانا ئېچىۋالساق ئاز دېگەندە 20 بالىنى
ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغىلى بولىدۇ. مۇھىمى بىر-بىرىمىزنى چۈ-
شىنىپ، بىر-بىرىمىزگە ئىشەنسەك، جاپا-مۇشەققەتتىنمۇ، ھو-
زۇر-ھالاۋەتتىنمۇ تەڭ كۆرۈش روھىنى تىكلىسەك ئىشلىرىمىز-
نى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلاردىنمۇ ئوبدانراق روناق تاپقۇ-
زۇشىمىزدا شەك يوق! بىزدە ئىشلەپ قېلىشنى خالىسىڭىز،
تاڭ نۇرى ئۈنىۋېرسال مولازىمەت شىركىتىگە ۋاكالىتەن سىزنى
قىزغىن قارشى ئالىمەن! كونكرېتىراق قىلىپ ئېيتسام، «تاڭ
نۇرى ئىككىنچى مۇسۇلمانلار ئاشخانىسى» نىڭ دېرىكتورلىقىنى
ئىشلەپ تۇرىسىز، ئايلىق ئىش ھەققىڭىز 100 سوم. ئەپلىشەل-
مىسىڭىز، كېيىنچە باشقا ئورۇنغا تەڭشەپ قويۇشقىمۇ بولىدۇ.
ساتتاروپ ئاللىقانداق بىر موھىم يىغىندا دوكلات بېرىۋاتقان-
دەك ئۆزۈندىن-ئۆزۈنغا سۆزلىدى. كەڭ پېشانىسى ۋە قاڭشار-
لىق بۇرنىنىڭ ئۈچىدا يالتىراشقا باشلىغان تەرلەرنى چىرايلىق
قاتلانغان ھاۋارەڭ قول ياغلىقى بىلەن سۈرتتى. ئۇ زىنىنەتكە
گويا: "قانداق، مەردمىكەنمەن؟" دېگەندەك بىرخىل نەزەر بە-

## تۆتىنچى باب


# باياشاتلىق ۋە نامراتلىق

زىننەتنىڭ "خانىش"لاردەك تۇرمۇش كۆچۈرۈۋاتقىنىغا بىر يىلدىن ئاشتى. ئۆي دېسە، يوغان-يوغان بەش ئېغىزلىق ئۆيى بار، ھويلىسىمۇ شۇنداق كەڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈلزارلىق. ئوتتۇرا ياشلىق چاققانغىنا بىر ئايال ئۇنىڭ خىزمىتىگە ھەر قاچان تەييار. كىر-قاتلىرىنى يۇيۇپ، دەزماللاپ بېرىدۇ، نېمە يېگۈسى كەلسە شۇنى دەرھال ئېتىپ، يىگۈزۈپ قويغىدەك بولۇپ كېتىدۇ. قىسقىسى، زىننەتنىڭ بۇيرۇقىغا ھەرۋاقىت "خوپ!" دەپ تۇرىدۇ، ئۇ "ئاق"دېگەننى ھەرگىز "قارا" دېمەيدۇ. ئۆي سەرەمجانلىرىغا كەلسەك، رىسالەتنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ چۈشىدۇ. 22 دىيوملۇق رەڭلىك تېلېۋىزور، سىنئالغۇ، قوش ئىشكلىك ئەڭ چوڭ توڭلاتقۇ، قوش ئىقتىدارلىق كىرئالغۇ، ئېلېكترون مېڭىلىق رادىئولۇق ئۈنئالغۇ، نەچچە كېيىم ئىشكاپى، ھاراق ئىشكاپى، چوڭ-كىچىك سافا، ئىككى كىشىلىك ئىككى لۆم-لۆم كارىۋات، قىممەت باھالىق بەش-ئالتە گىلەم، ئەڭ يېڭى نۇسخىدىكى دېرىزە پەردىلىرى، يۇڭ ئەدىياللار، جۇپ-جۇپ ماموق ياستۇق، قات-قات تاۋار يوتقان-كۆرپە ... ئىشقىلىپ، زىننەت ئۆيدە كەم نەرسىنىڭ

چىنىڭ يۇمۇۋالدى.

”رىسالەت، سۆيۈملۈكۈم! ...“، رىسالەتنى تەپ تارتماي ”سۆيۈملۈكۈم“ دەۋاتقان كىمدۇ ئۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق دەيدۇ؟ نېمىگە ئاساسەن شۇنداق دەيدۇ؟ بۇ ئاۋاز زادى قاياقتىن كېلىۋاتىدۇ؟ ئۇ نېمە ئانچە يىراق؟ لېكىن بۇ ئاۋازنىڭ يەنە ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە توختىماي ياڭراۋەرگىنى نېمىسى؟ ھە، بۇ ساتتاروپنىڭ ئاۋازى، ئۇ رىسالەتنى ”سۆيۈملۈكۈم“ دەپ ئاتاشقا ھەقلىق، ئەلۋەتتە. چۈنكى ئۇ رىسالەتنىڭ ”توققۇزىنى تەل“قىلىپ بەردى، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ پۇل خەجلىدى. پۇل! توغرا، پۇل! ”پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا“ دېگەن راست گەپ ئىكەن-دە! ھە، مانا، سىر يېشىلدى، رىسالەتنىڭ توساتتىن بېيىپ كېتىشىدىكى سىر يېشىلدى! لېكىن زىننەت ھەرگىز ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭمايدۇ، ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ ياشايدۇ، ئۇنىڭ ئەقلى- ھوشى جايىدا، ئۇنداق ئاسان ئېزىپ كەتمەيدۇ! ...

زىننەت زىددىيەتلىك ئوي-خىياللار ئىسكەنجىسىدە زىڭىلداپ ئاغرىپ كېتىۋاتقان بېشىنى ئىككى ئالقىنىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ قىسىپمۇ باقتى، لېكىن توساتتىن پەيدا بولغان بۇ باش ئاغرىقى دەماللىققا يېنىكلەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى.



دەرىجىدە ھىجايغان پېتى بىرقانچە قۇتا ئۆرۈك كونسىرۋاسىنى
ئۆيگە كۆتۈرۈپ كىرىشى سەۋەب بولدى.
— كۆردىڭىزمۇ بۇنى، جېنىم! — دېدى ئۇ چىرايلىق سودا
ماركىسى چاپلانغان ئۆزگىچە بىر كونسىرۋا قۇتىسىنى كۆرسى-
تىپ، — سىلەرنىڭ يېزاڭلاردا ئىشلەپچىقىرىلىپتۇ، باھاسى باش-
قا مېۋە كونسىرۋالىرىدىن كۆپ ئەرزان، تەمى ياخشى ئىكەن،
شۇڭا بازىرى ئىتتىك بولۇۋاتىدۇ، 50 مىڭنى سېتىۋېلىشقا توخ-
تام تۈزۈپ قوياي دەۋاتىمەن. دادىڭىز سېكرىتارغۇ، كۆيئوغلى-
غا تېخىمۇ ئەرزانراق بېرەر، شۇنداق بولىدىغان بولسا پايدا
ئۈستىگە پايدا دېگەن گەپ. غاچچىدە يۇرتىڭىزغا بېرىپ ئاتا-ئا-
نىڭىزنى يوقلىغاچ مۇشۇ ئىشنى پۈتتۈرۈپ كەلمەمسىز؟
ساتتاروپنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭغا گويا سۈزۈك ئاسماندا چې-
قىلغان چاقماق بولۇپ تۇيۇلدى، كۆزلىرى ئىختىيارسىز قاراڭ-
غۇلاشتى، نېرۋىسى نورمال پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ
قويدى.
— بارغىڭىز كەلسە ئۆزىڭىز بېرىڭ! — دېدى ئۇ ئەسەبىي-
لەرچە ۋارقىراپ، — سىزنىڭ سودىڭىزنى قىلىشقا چولام تەگمەي-
دۇ!
ساتتاروپ نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ
قالدى. بىردەمدىن كېيىن ئەس-ھۇشىنى يىغىپ، ئۆزىنى كارى-
ۋاتقا تاشلاپ ھۆركىرەپ يىغلاشقا باشلىغان زىننەتنىڭ كۆڭلىنى
ئېلىش ئۈچۈن ھەرخىل قىلىقلارنى قىلىپمۇ باقتى. لېكىن
بارلىق تىرىشچانلىقلىرىنىڭ بىكارغا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ،
مەزىسىزلىك ھېس قىلدى بولغاي ئەتىمالىم، قىزىل ھاراقتىن

بارلىقىنى بىلمەيدۇ. ئىپسىل زىبۇ-زىننەت، تۈرلۈك قول سائى-تىمۇ ئاز ئەمەس. ئىرى ساتتاروپ ئۆزىدىن 20 نەچچە ياش چوڭ بولسىمۇ، ھەر ھالدا قاش-كۆزلىرى جايىدا، بوي-تۇرقى كې-لىشكەن، سالاپەتلىك، ناھىيە بويىچە ئەڭ باي ئادەم، ياپپاشلا تۇرغان چىرايى ئۇنى ئانچە چوڭ كۆرسەتمەيدۇ. ئەڭ مۇھىمى زىننەتنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا قول-لاردەك ئىتائەتمەن، ئادەمگە كۆيۈنۈشنى بىلىدۇ، خاپا بولۇپ قالغاندا تەسەللى بەرگىلى تۇرسا، باغرى تاش ئادەمنىڭمۇ كۆڭلى ئېرىپ قالىدۇ. شۇڭا زىننەت بۇنداق توققۇزى تەل، غەم-قايغۇ-سىز ھايات ئىچىدە دەسلەپكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى، ۋىجدان ئازا-بىنى ئاستا-ئاستا ئۇنتۇپمۇ كەتتى. ئۇنىڭ ھازىر كۈندۈلۈك ئىشى خالىغان ۋاقىتىدا ئىرىنچەكلىك بىلەن ئەسنەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، چۇۋۇلۇپ كەتكەن چاچلىرىنى تاراش، قاش-كۆزلىرىنى پەردازلاش، تاماق يېيىش، كىيىم تاللاش، ئانچە-مۇنچە شېئىر يېزىش، زىرىكسە كوچىغا چىقىپ ئايلىنىش، ھارغاندا قايتىپ كېلىپ سىنئالغۇ كۆرۈش، ئاخشاملىرى ئېرى بىلەن كىنوغا بېرىش، كېچىسى خوتۇنلۇق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش …

بىراق زىننەت يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان بۇنداق باياشاتلىق ئىچىدە ئاللىقانداق بىرنەرسىنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قى-لىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكى دەسلەپتە ئۇنىڭغا قويۇق تۇمان ئارىسىدا گاھ غىل-پال كۆرۈنۈپ، گاھ كۆزدىن پۈتۈنلەي غايىپ بولۇپ تۇرغان نۇرسىز چىراغتەك غۇۋا بىلىنگەن ئىدى. كېيىنچە ئۇ، بۇ نۇقتىنى كۈتۈلمىگەندە چۈشى-نىپ قالدى. بۇنىڭغا ساتتاروپنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكۈدەك

پاقىدە يەرگە چۈشۈپ، چۆل-چۆل بولۇپ كەتتى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى ھەرقانچە ئەيىبلىگەن بىلەنمۇ بۇرۇنقى ئىشلارنىڭ ھەرگىز ئەسلىگە كەلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. زىننەت شۆھرەتنىمۇ شەھەرگە كىرىپ ساتتاروپىنىڭ دوكىنىدا ئۆزى بىلەن بىللە ئىشلەشكە دەۋەت قىلغاندا، ئۇ دەسلەپتە پايدا-زىياننى سىلىقلىق بىلەن تەپسىلى چۈشەندۈرۈپ باقتى، ئاخىرى زىننەتنى نىيىتىدىن ياندۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، قوپاللىق بىلەن بىرمۇنچە قاتتىق گەپلەرنىمۇ قىلىۋەتتى.

— دۇنياغا كېلىپ يەپ-ئىچىشتىن باشقىنى بىلمىگەن ئادەمنىڭ ھايۋاندىن نېمە پەرقى؟ -دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن، — ھەدېسىلا بەخت-سائادەت ئۈستىدە گەپ ئاچىسىز، لېكىن شۇ بەخت-سائادەتنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى، قانداق يارىتىلىدىغانلىقىنى بىلمەيسىز! قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۆتكەن ھەممە ئادەم سىزگە ئوخشاش جاپا-مۇشەققەتتىن قاچقىلى تۇرغان بولسا، ئويلاپ بېقىڭا، بۇ دۇنيا بۈگۈنكىدەك ھالەتكە كېلەرمىدى؟! ئېھتىمال ھېلىغىچە ئىپتىدائىي ئورمانلىقتىن چىقالماي، ياۋا مېۋە-چېۋىلەرگە تايىنىپ جان بېقىشتىن قۇتۇلالماي كەلگەن بولاتتۇق! چۈنكى ھامان بىرىنچى بولۇپ تاشلارنى بىر-بىرىگە سۈركەپ ئوت چىقىرىپ ئىسسىنىشقا، خام گۆشلەرنى پىشۇرۇپ يېيىشكە؛ كىيىم-كېچەك ئورنىدا ئىشلىتىپ كەلگەن دەرەخ قوۋزاقلىرى ۋە يوپۇرماقلارنى چۆرۈپ تاشلاپ كېۋەز تېرىپ، يىپ ئىگىرىپ ماتا توقۇشقا؛ چاتقاللىقلارنى چېپىپ، تاغلارنى تېشىپ داغدام يوللارنى ئېچىشقا جۈرئەت قىلىدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك-تە! سىز ئوقۇغان، مەلۇماتلىق قىز،

بىرنەچچە رومكىنى ئارقا-ئارقىدىن ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ئى-
شىكنى جالاقىدە يېپىپ چىقىپ كەتتى. زىننەت ئۆزىنىڭ يىغى-
دىن قاچان توختىغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيدۇ. ئىشقىلىپ ئۇ ئويى-
غانغاندا ئۆي ئىچى گۆردەك قاراڭغۇ ئىدى. خىزمەتچى ئايالمۇ
بىرنېمە دېيىشنى ئەپسىز ھېسابلاپ، ئۇخلاپ قالغاندەك قىلاتتى.
ئۇ سىلاپ-سىپاشتۇرۇپ، كارىۋات يېنىدىكى تومپۇچكا ئۇستىگە
قويۇلغان چىراغنى ياقتى. سىترېلكىسى ئىككىگە توغرىلانغان
سائەت يېنىدا ھېلىقى كونسېرۋىلار قالايمىقان تاشلاغلىق تۇرات-
تى. بىرىنى يېقىن ئەپكىلىپ قارىۋىدى، كۆزىگە سودا ماركى-
سىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە يېزىلغان «ئارال مېۋە كونسېرۋا زاۋۇ-
تىدا ئىشلەندى» دېگەن خەتلەر ئېنىق كۆرۈندى. ئۇنىڭ قۇلىقى
تۈۋىدە تۇيۇقسىز شۆھرەتنىڭ: ”ئۆتۈنۈپ قالاي، زىننەت، بار-
ماق! جىنىڭ قەستى شاپتۇلدا دېگەن گەپ بار، ئۇنىڭ نېمە
غەرەز بىلەن سىزنى بىر ئاشخانىنىڭ دېرىكتورى قىلىپ قويۇۋات-
قانلىقىنى ئويلىنىپ باقمىدىڭىزمۇ؟...“ دېگەن سۆزلىرى قايتى-
دىن جاراڭلىغاندەك بولدى. ”شۆھرەت ھەقلىق ئىكەندۇق، —
دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن لىۋىنى قاتتىق چىشلەپ، — ئۆزۈمنى نېمە
ئۈچۈن شۇنچىۋالا ئەقىللىق چاغلىغاندىمەن؟ ھەرقانچە قۇۋ تۈلكى-
مۇ تەجرىبىلىك ئوۋچىنىڭ قورغان قاپقىنىدىن قېچىپ قۇتۇلال-
مىغاندەك، ئاخىرى بۇ قېرى قاقباشنىڭ ئولجىسى بولۇپ قال-
دىم. ھەي ئىست، ناھايەت ئىككى يىل چىداپ تۇرغان بولسام
...“

زىننەت ئاخىرىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالماي كۆزىنى چىڭ
يۇمۇۋالدى. قولىدىكى ئەينەك قۇتىلىق ئۆرۈك كونسېرۋاسىمۇ

يېم-كېچەكمۇ قىلىپ بېرەلمىدىم، بولارنى ئويلىسام ئالدىڭدا خېجىلمەن، قىزىم!

زىننەت دادىسىنىڭ سۆزىدىن تەسىرلەندى، ياش يۇقى چېرايىغا كۇلكە ياماشتى، ئىشەنچىسىمۇ ئاشتى. ئەتىسىلا شەھەرگە قايتىپ كىرىپ، ساتتاروپنىڭ ئىلتىپاتى بويىچە يېرىم يىلدەك ئاشخانىغا دىرېكتور بولۇپ ئىشلىدى. بۇ جەرياندا ساتتاروپ ئۇنىڭغا ئالاھىدە قىزغىن مۇئامىلە قىلدى، ھال-ئەھۋالىنى سوراپ تۇردى. ھەرئايدا دېگۇدەك 100 سوم ئىش ھەققىدىن سىرت 50-60 سوم مۇكاپات سوممىسى بەردى. ھەتتا ئۇنى يوقلىغىلى كەلگەن ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىغا بىر كىيىملىك سارجا، بىر كىيىملىك دۇخاۋا قويدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى چەك-چېگرىدىن ھالقىپ ئۆتىدىغان چاقچاق ياكى بەتقىلىقلارنى قىلىپ باقمىدى، ئۇ ھامان دەسلەپكى قېتىم كۆرۈشكەن چاغدىكىدەك ئەدەپلىك ۋە سالاپەتلىك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن زىننەتنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدا لەيلەپ يۈرگەن گۇمان بۇلۇتلىرى ئاستا-ئاستا تارقاپ كەتتى. لېكىن ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ساتتاروپ ئۇنىڭغا ئۆز ”مۇھەببىتى“نى ئىزھار قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ھازىرغىچە مۇھەببەتتىن تەلىيى چىقماپتۇ. تۇنجى خوتۇنى ئۆيدىكى بار-يوقنى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە توشۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاياللاردىن كۆڭلى سوۋۇپ كېتىپتۇ، شۇڭا ھازىرغىچە قايتا ئۆيلەنمەي بويتاق يۈرگەن ئىكەن. لېكىن زىننەت بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان كۈندىن باشلاپ يۈرىكىگە غايىۋانە ئوت تۇتۇشۇپتۇ. ئەسلىدە ئاياللار ئىچىدىمۇ مۇشۇنداق ئالىيجاناپ، نازا-

ئاق-قارا، ياخشى-يامانني پەرق ئەتكۈچىلىكىڭىز بار، ھەرھالدا ئويلىنىپراق ئىش قىلغىنىڭىز تۈزۈك! بىر دەملىك راھەتنى دەپ مەنىسىز ھايات ئىچىدە ئۆمرىڭىزنى خاراپ قىلماڭ!...

شۆھرەت دەيدىغىنىنى دەۋېلىپ، ئىككىسى ئۇچراشقان ئۈستەل بويىدىكى تاللىقتىن يىراقلاپ كەتتى، ھەتتا ئارقىسىغا قاراپمۇ قويمىدى. ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان بۇ گەپلەر دىلى نازۇك زىنىنەتكە تولىمۇ ھاركەلدى. ئۇ بىرھازا يىغلاپمۇ كۆكسى-قارنىنى بوشىتالماي، قالغان دەردىنى ئاتا-ئانىسىغا تۆكتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ دادىسى سادىق سىپكەرىتار قىزىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بەكمۇ خۇشال بولدى، ئۇنىڭ زىرەكلىكىگە باركاللا ئوقۇدى.

—توغرا ئويلاپسەن، قىزىم، —دېدى ئۇ تەسەللى بېرىپ، —شەھەر دېگەن مىڭ قىلسا شەھەر. جاھان ئۆزگىرىپلا كەتتى، سېنى ئالىي مەكتەپكە كىرگۈزۈپ قويۇشقا ياكى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشقا چامىم يەتمىگەن ئىدى، ئۆزۈڭ خىزمەت تېپىپسەن، تەبرىكلەشكە تېگىشلىك. بىر ئايدا 100 سوم ئالغىلى بولىدىغان خىزمەت دېگەن ھەدېسىلا تېپىلىۋەرمەيدۇ. تېزراق بېرىپ ئورۇنلىشىۋال، مۇقىملىشىپ قالساڭ بىزنىمۇ يېنىڭغا ئاپىرىۋالارسەن. نەچچە ئون يىلدىن بېرى كەتمەن سېپىنى تۇتۇپ كۆرمىگەن قولۇم مەسئۇلىيەت تۇزۇمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن تازا كۆنەلمەيۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرۇنقىدەك دېمەسەممۇ ئامبارچىلار ئاق ئۇن، كاسسىرلار شاراقشىغان تىزا ئەپكىلىپ بېرىپ تۇرىدىغان ھېلىقى باياشاتلىق كۈنلەر كەلمەسكەكەتتى. قولۇم قىسقا بولۇپ قېلىپ، ساڭا تۈزۈكرەك كى-

تۇيۇقسىز چاچراپ چىقىپ، ئۆزىنى كۆتۈرۈپ بېسىپ تىتما-كا-
تاڭ قىلىۋېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. رىسالەتنىڭ ئۆيىدە يېتىپ-قو-
پۇشنى خالىماسلىقتا يەنە بىر سەۋەبمۇ بار ئىدى، ئەلۋەتتە. ئۇ
بولسا ساتتاروپنىڭ: "رىسالەت، سۆيۈملۈكۈم!..." دېگەن ھېلى-
قى ئاۋازى...

ساتتاروپ كۈتۈلمىگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كې-
يىنكى بىرنەچچە كۈن ئىچىدە زىننەتنىڭ قولى تۇزۇك ئىشقا
بارمىدى. دەككە-دۈككە ئىچىدە ئۆتكەن ھەر بىر دەقىقە ئۇنىڭغا
شۇنداق ئۇزۇن تۇيۇلۇپ كەتتى. لېكىن ساتتاروپنىڭ پوزىتسى-
يىسىدە قىلچىلىك ئۆزگىرىش بولمىدى. ئۇ زىننەتكە يەنە بۇ-
رۇنقىدەكلا قىزغىن، مۇلايىم، ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلدى. ناھا-
يەت چىرايىدىن بىرخىل روھى ئازاب، غەمكىنلىك چىقىپ تۇرات-
تى. زىننەت بارا-بارا ئارامىغا چۈشۈشكە باشلىغان كۆڭلىدە
ساتتاروپقا نىسبەتەن ئاللىقانداق ھېسسىداشلىق تۇيغۇسى پەيدا
بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدى. "بىچارە، ماڭا راستىنلا ئاشىق بولۇپ
قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ پىژغىرىم ئاپتاپنىڭ كۆيدۈرۈشى-
دىن قۇتۇلۇپ ئاقىرىشقا باشلىغان چىرايىنىڭ ئەينەكتىكى ئەك-
سىگە سەپسىلىۋېتىپ، — راست دېگەندەك تېخىمۇ گۈزەللىشىپ
كېتىپتىمەن ئەمەسمۇ! ئەرلەرنىڭ ئىچىدە گۈزەل قىزلارنى
سۆيمەيدىغان كىم بار؟ ساتتاروپنى بەك ئەيىبلەپ كېتىشكىمۇ
بولمىغۇدەك. ھەي ئىسىت، يېشى كىچىكرەك بولغان
بولسىچۇ، كاشكى!..."

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇيۇقسىز شۆھرەتنىڭ كېلىشكەن چىرا-
يى پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇر-

كەتلىك، ئەدەپ-ئەخلاقلىق ئاياللارنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەن-
مەي يۈرگەن ئادەم ئەمدىلىكتە ئۆز كۆزقارىشىنىڭ خاتا، بىرتە-
رەپلىمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر
بوپتۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى زىننەتنىڭ سېھرى كۈچىدىن،
ئۆزىدە قالدۇرغان ياخشى تەسىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدى-
كەن. ناۋادا زىننەت ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ قالسا، ئۆزى-
نىڭ قانداق ياشىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىكەن. ئەرزىمەس ھا-
ياتىدىن ۋاقىتسىز ۋىدالىشىشى ئېھتىمالغا ئىنتايىن يېقىن ئىكەن
...

زىننەت كۆپ ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا ساتتاروپنىڭ تەلىپىنى
كەسكىن رەت قىلدى.

—ئۇنداق باغرى تاشلىق قىلماڭ!—دېدى ساتتاروپ ياش
ئەگىپ قالغان كۆزلىرىنى ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئۇنىڭغا
تىكىپ،—بەختسىز ئىنسانغا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، ئۆلۈم گىردا-
بىدا جان تالىشىۋاتقان ئادەمنى قاراپ تۇرۇپ قۇتقازماسلىق رە-
ھىمدىل كىشىلەرگە خاس پەزىلەت ئەمەس، ئويلىنىپ بېقىڭ!

ئۇ ئارقىسىچە مېڭىپ چىقىپ كېتىۋېتىپ پاكار ئىشىككە
ئۇسسۇۋالغىلى تاس قالدى. زىننەت شەھەردە ئىشلەپ قالغاندىن
كېيىن ساتتاروپنىڭ ئايرىم ئۆي ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى
تەكلىپىنى رەت قىلىپ، ئاشخانىنىڭ كىچىككىنە ئامبىرىنى
ئۆزىگە ياتاق قىلىۋالغان ئىدى. رىسالەتنىڭ ئۆز ئۆيىدە بىللە
تۇرۇشقا زورلاشلىرىمۇ بىكارغا كەتتى. ئۇنىڭ ئۆيىگە قەدەم
باسقان ھامان زىننەتنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى سۇر بېسىپ كېتەت-
تى. ئاللىقانداق قورقۇنچلۇق بىر مەخلۇق قايسىبىر بۇلۇڭدىن

قوچۇلۇپ كەتكەن كاللىسىنى ئاز-تولا بولسىمۇ ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن تولا تەكەللۇپ قىلمايلا بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. تانسىدا ئادەم ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. شەھەردە-كى ئەڭ چوڭ توپ سېتىش ماگىزىنىنىڭ باش دىرېكتورى دەپ تونۇشتۇرۇلغان پاينەكباش، پاكار، خام سېمىز بوساقوپ ئۇنى تانسىغا كۆپ تارتىپ بەزدۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئەدەپ بىلەن تانسا ئوينىماي، ئۆزىنىڭ گۆپۈلدەپ سامساق پۇراپ تۇر-غان تۇمشۇقىنى قۇلاقىغا يېقىن ئەپكىلىۋېلىپ ئاللىنېمىلەرنى دەپ بىلجىرلاشتىن توختىمايتتى، يېشىغا باقماي ئادەمنىڭ كۆ-زىنىڭ ئىچكىرىسىگە تىكىلىپ قارىۋېلىشلىرىچۇ تېخى! بۇ كىشى-دىن ساتتاروپ كۆپ ئەدەپلىك بولغاچقا، ئىزانى بىر ياققا قايرىپ قويۇشقا مەجبۇر بولغان زىننەت ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇ-ۋالدى ۋە ھەر قېتىم مۇزىكا باشلانغان ھامان ئۇنىڭ بىلەن تانسا ئوينىدى. سورۇندا ئالىي ھاراق-شاراپ، ئېسىل-ئېسىل قورۇ-مىلار، ھەرخىل مېۋە-چېۋىلەر كەم ئەمەس ئىدى. ئۇ ساتتاروپ ئۆز قولى بىلەن سۇنغان بىرقانچە رومكا ئالىي دەرىجىلىك قىزىل ھاراقنى خىجىل بولغان ھالدا ئىچىۋەتتى. ئۇ بارا-بارا پۈتۈن ئەزالىرىنىڭ قىزىپ، يۈزىنىڭ ئوت ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. تانسا ئاياقلىشىش ئالدىدا رىسالەت: ”بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم!“دەپ تۇتقان ئاخىرقى بىر رومكا ھاراقنىمۇ ئىچىۋەت-مەي بولمىدى. توساتتىن زىننەتنىڭ بېشى قېيىپ كۆڭلى ئېلى-شىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى بۇلۇتلار ئارىسىدا لەيلەپ يۈرگەن-دەك يېنىك سەزدى. ئۆيدىن بىر-بىرلەپ چىقىپ كېتىۋاتقان كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا يەرگە ئەمەس، ئاسمانغا دەسسەپ كېتىۋاتقاند-

غان كۆزلىرى زىننەتكە مىختەك قادالغان ئىدى. ”ۋاي تاش يۈرەك، بىرقانچە قېتىم شەھەرگە كىرىپسەن، يوقلاپمۇ قويماي دېمىدىڭ-ھە! خەپ سېنى! ئالدىمغا قولدەك ئۆمىلەپ كەلمەيدى-غان بولساڭ، سېنى ھەرگىز كەچۈرمەيمەن! مېنى ناماقۇل بول دەمسەن تېخى! ياق، سۆيۈملۈكۈم، مەندە خاتالىق يوق، مەن پۈتۈنلەي ئىككىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىۋاتىمەن، بۇنى چۈشىنىشىڭ كېرەك! ئەگەر يېڭىلگەنلىكىڭگە تەن بەرگىڭ كەلمىسە، كەچۈرۈم سوراشنى خالىمىساڭ، بۇ پۈتۈنلەي ئۆز پېشانەڭنىڭ شورى! ئۇ چاغدا مەندىن ئاغرىنىپ قالما! مېنى راستىنلا ئۆزۈڭ ئېيتقاندەك چىن قەلبىڭدىن سۆيىدىغان بول-ساڭ، قېنى ئېيتقىنا، سەھرايى دوزاختا سەن كېچەلمەيدىغان زادى نېمە بار؟! پەرھاتمۇ شېرىننى دەپ ھەتتا ئۆز جېنىدىن كېچىشكە رازى بولغانغۇ! سەن ماڭا بولغان چىن مۇھەببىتىڭنى زادى نېمە بىلەن ئىپادىلىمەكچى؟! ئەگەر ئىززەتنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولساڭ، راست گېپىڭنى بالدۇرراق ئېيت، مېنى ئۇنداق قېيناپ يۈرمە، سەنمۇ ناھايەت ئادەتتىكى بىر يىگىت، تېپىلماسنىڭ خورمىسى ئەمەسقۇ!...“

زىننەتنىڭ مېڭىسى ھەركۈنى ئاخشىمى ئەنە شۇنداق ئەي-جەش بوتقا پورۇقلاپ قايىنتىلىۋاتقان قازاندەك تىنىم تاپمايتتى. بەزىدە يامان چۈشلەرنى كۆرۈپ جۆيلۈپ ئويغىنىپ كېتەتتى. بىراق شۆھرەتنى يوقلاپ كېلىشكە ياكى بىرەر پارچە خەت يېزى-ۋېتىشكە بوينى قاتتىقلىق قىلاتتى.

ئاردىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن رىسالەت ئۇنى ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان كەچكى تانسىغا تەكلىپ قىلدى. زىننەت

لەن قۇرۇلغان قىلتاققا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى پەملەپ ئىزا ۋە ئەلەمدىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدى ۋە تومپوچكا ئۈستىدىكى ئىستاكاننى غەزەپ بىلەن ساتتاروپقا ئاتتى. ئۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ دەرھال يەرگە تىزلاندى:

— سۆيۈملۈكۈم، جېنىم زىننەت! گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ! مەن سىزسىز ياشىيالمايمەن! مەندە باشقا ئامال بولمىدى. سىز ئۈچۈن جېنىم پىدا! مېنىڭ سىزنى بىر ئۆمۈر بەختلىك قىلالاي-دىغانلىقىمغا ئىشىنىڭ!

ساتتاروپ بېشىنى يوتقانغا پۈركەپ بۇقۇلداپ ئاچچىق يىغلا-ۋاتقان زىننەتنىڭ ئېچىنىشلىق ئاۋازىغا بىردەم قۇلاق سېلىپ تۇرغاندىن كېيىن ئاستا ئورنىدىن قوزغالدى. ئۇ ئالدىن تەيي-ارلاپ قويۇلغان يېڭى پوسۇندىكى قىممەت باھالىق بىرنەچچە قۇر كىيىم-كېچەك ۋە ئاياقلارنى كارىۋات ئۈستىگە قويۇۋېتىپ، دېدى:

— بۇدا سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىپ ئىش قىلىڭ، زىن-نەت! ھەرگىز ئالدىراقسانلىق قىلماڭ! دۇنيادا ھەممىدىن مۇ-ھىمى يۈز-ئابرۇي! ئادەمنىڭ يۈز-ئابرۇيى بىر قېتىم چۈشۈپ كەتسە، ئۇنى ئۆمۈر بويى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ! بۇ ئىشلارنى يېيىپ يۈرسىڭىز ئۆزىڭىزگىمۇ، ماڭىمۇ سەت، بولۇپ-مۇ سىزگە بەك پايدىسىز! ئەگەر تەلىپىمگە ماقۇل بولسىڭىز چىرايلىق توي قىلىۋالايلى. يېشىم چوڭراق بولسىمۇ سىزگە جۈپ بولالمىغىدەك ئۇنداق كالتە كۆسەيلەردىن ئەمەسمەن. نا-ھىيە بويىچە خېلى يۈز-ئابرۇيۇم، ئىناۋىتىم بار. سىز مېنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك مەلىكەم بولىسىز، خالىغىنىڭىزنى كىيىسىز،

دەك بىلىنندى. ئۇنىڭ مەيلىگە باقماي يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقان كۆز-لىرى ئالدىدا يەر-جاھان توختىماي پىرقىراپ ئايلىناتتى ...

زىنىنەت كۆزىنى ئېچىپ، ئەمدىلا ئۆرلىگەن قۇياش نۇرىنىڭ ھەم ئېتىۋېتىلگەن دېرىزە پەردىسىدە جىلۋىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇستىخانلىرى ئۇرۇپ چېقىۋېتىلگەندەك بىر قىرايتتى، ئالدىنقاندىق بىر يېرى ئېچىشىپ ئاغرىيتتى، چۇۋۇۋېتىل-گەن ئۇزۇن قاپقارا چاچلىرى ماموق ياستۇق ئۇستىدە يېيىلىپ ياتاتتى. "مەن نەدە؟ نېمە ئۇچۇن بۇ يەردە ئۇخلاپ قالغاندىمەن؟ ھە، توغرا، تۈنۈگۈن مەست بولۇپ قالغان بولسام كېرەك. رىسالەت مېنى كارىۋىتىدا ياتقۇزۇپ قويۇپ ئۆزى سافادا بىر كې-چىنى ئۆتكۈزگەن ئوخشايدۇ. نېمىشقا مەن بىلەن بىللە يېتىۋەر-مىدىكىنە؟ ھەي بىچارە، مېنى كەڭ-كۇشادە يېتىپ ئوبدان ئارام ئېلىۋالسۇن دەپتۇ-دە! ..." ئۇ ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇپ يوتقان-نى ئېچىپ، ۋارقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدى، خەقنىڭ ئۆيىدە ئۆزىنىڭ تۇغما قىياپەتتە يېتىپ قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈ-رۈپ باقمىغان زىنىنەت ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ تولىمۇ نومۇسلۇق ئىش ئىدى. ئۇ يوتقان ئىچىگە قايتىدىن شۇڭغۇپ، خىجالىتىنى تولۇق يوشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەتراپقا سەپسالدى، لېكىن كىيىملىرى كۆرۈنمەيتتى.

—رىسالەت! ھەي رىسالەت!

—ئويغاندىڭىزمۇ؟—دۇخاۋا مىلەڭزە قايرىلىپ، كۆك بال-داق يوللۇق كېچىلىك كىيىم كىيگەن ساتتاروپ خۇشخۇي كۈلۈمسىرىگەن پېتى كىرىپ كەلدى،—زىنىنەت، سۆيۈملۈكۈم!

ھەممە ئىش ئايدىڭلاشتى. زىنىنەت ئۆزىنىڭ ئەپچىللىك بى-

لېكىن بۇ قانداق بەخت؟ ماددى جەھەتتىكى باياشاتلىق، راھەت-پاراغەت! مۇھەببەتتىن ئېغىز ئېچىش تەس، ئېھتىمال ئۆمۈرۋايەت مۇھەببەتسىز تۇرمۇش كۆچۈرۈشى مۇمكىن. ئالدامچىلىق قىلىپ شۆھرەتكە تىگىشۋالسىچۇ؟ بۇنى كۆڭلى كۆتۈرمەيدۇ، بىر ئۆمۈر ۋىجدان ئازابىغا قالىدۇ. چۈنكى ئۇ ئەمدى بۇرۇنقىدەك سەبى، پاك قىز ئەمەس، بىر كېچىدىلا خوتۇنلۇق دۇنياسىغا سەپەر قىلىپ بولدى. كۆز بويامچىلىق ئىچىدە ئۆتكەن تۇرمۇشنى مۇھەببەتلىك تۇرمۇش دېگىلى بولمايدۇ. ئەمىسە، قانداق قىلىش كېرەك؟ ھە، يەنە بىر يول بار، ئۇ بولسىمۇ ھايات بىلەن ۋىدالىشىش! بۇ يولدا مېڭىش ھەممىدىن ئاسان، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتا ئارتۇقچە بىرجان گويا بۇ دۇنياغا ئەزەلدىن كېلىپ باقمىغاندەكلا غايىپ بولۇپ كېتىدۇ. لېكىن ھايات قالغان ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا پۈتمەس-تۈگىمەس ئازاب، دەرد-ئەلەم قالدۇرىدۇ. ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلىپ قويغىنى ئۈچۈن ئۇلارنى ئەنە شۇنداق ئازابقا مەھكوم قىلىشى كېرەكمۇ؟ ياق! بۇنداق قىلىشقا ھوقۇقى يوق، ئۆلۈۋالغىسى كەلسە قاچان ئۆلۈۋالسا بولۇۋېرىدۇ، ئەمما تىرىلگىسى كەلگەندە تىرىلىۋالماق قىيىن!

خىيالى بارغانسېرى چىگىشلىنىپ كېتىۋاتقان زىننەت ئويلىنىپ-ئويلىنىپ، ئاخىرى ۋىجدانى ئازابلانمايدىغان يولدا مېڭىش قارارىغا كەلدى. بۇنداقتا ئۇ غەم-قايغۇسىز تۇرمۇش ئىچىدە تېخىمۇ كۆپرەك ۋاقىت چىقىرىپ، ئۆزى ھەۋەس قىلىدىغان شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنالايتتى. تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 2-يىللىقىدا ئىككى كوپلېتلىق بىر شېئىر يېزىپ، تىل-ئەدە-

خالىغىنىڭىزنى يەيسىز، خالىغىنىڭىزچە يۈرۈيسىز. قىسقىسى، نېمە قىلىشنى خالىسىڭىز شۇنى قىلىپ بېرىشكە تەييارمەن. مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا قول، ئۆمۈرلۈك قول! سىزنى راستىنلا چىن قەلبىمدىن سۆيىمەن، مەڭگۈ بېشىمغا ئېلىپ كۆتۈرىمەن. ئېھتىمال ئۆزۈم بىلەن تەڭ ياشتىكى بىر يىگىتكە تەگسەم بولاتتى دەپ ئويلايدىغانسىز، لېكىن ئۇنىڭمۇ ئاخىرى قېرىيدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭ. ئاشۇنداق ئۆزىنى توختاتمىغان ياشلارنىڭ بىردەملىك قىزغىنلىقىغا ئالدىنىپ كېتىپ، بىر ئۆمۈر بەختسىز بولۇپ قېلىپ، پۇشايمىنىنى ئالدىغانغا قاچا تاپالماي يۈرگەن قىزلارمۇ ئاز ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇستىگە سۆزىدە تۇرمايدىغان ئۇنداق تەنتەكلەرنىڭ ماڭا ئوخشاش سىزنى چىن قەلبىدىن سۆيۈشى، قەدىرلىشى، ئىززەتلىشى ناتايىن. مەن بىر بەختسىز ئادەم، مۇھەببەت چۆلىدە قاڭغىر قاقشاپ يۈرگەن ئادەم. سىز بىلەن ئۇچراشقاندىن بۇيان ئۆز بەختىمنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلدىم، ھاياتلىق كەۋسىرىنى تاپتىم. ماڭا ئۇنداق رەھىمسىزلىك قىلىپ، قەلب دەرۋازىڭىزنى ئېتىۋالماڭ، ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە قالدۇرۇپ نابۇت قىلىۋەتمەڭ! ئۆتۈنۈپ قالاي، سۆيۈملۈكۈم زىننەت! مەنمۇ ئادەم، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن!

زىننەت ساتتاروپنىڭ ئۆيدىن قاچان چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ كۆپ يىغلىدى، كۆپ ئويلاندى، ئۆزىنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا ھەرخىل تەسەۋۋۇرلارنى قىلىپ كۆردى. ساتتاروپقا تەگسۇنمۇ؟ ئۇنىڭغا تەگسە يۇقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتماسلىقى تۇرغان گەپ، بىر ئۆمۈر بەختلىك بولۇشىمۇ مۇمكىن.

چۆرۆپ يۆرگىنىگە قارىماي، شۆھرەت ئاخىرى ئۇنى ئۇلارنىڭ
بېغىدىكى گۈللۈك ئارىسىدىن تېپىۋالدى. ئۇنىڭ تۆمۆر رەڭگىگە
كىرىپ قالغان چىرايى ئادەمنىڭ قورقىسىنى كەلتۈرەتتى، پۈ-
تۈن ئەزايى بەزگەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بىماردەك
لاغىلداپ تىترەيتتى.

— سىزدىكى ۋىجدان قېنى؟! — دېدى ئۇ زىنىنەتنىڭ قولىنى
مىجىۋەتكۈدەك دەرىجىدە قاتتىق قىسىپ ۋە سىلكىپ
تۇرۇپ، — پۇلنى دەپ ئۆزىڭىزنى تاۋارغا ئايلاندۇرىۋەتمەكچىمۇ؟
پۇلنى ھەقىقەتەن شۇنداق ياخشى كۆرسىڭىز، قەسەم قىلىمەنـ
كى، ئۇنى مەنمۇ تاپالايمەن. مېۋە كونسىرىۋا زاۋۇتىنى قۇرۇشـ
نىڭ ھەممە تەييارلىقى پۈتۈپ قالدى. زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىشقا
كىرىشتۇرۇلسىلا، لاپ ئەمەس، سىزنى پۇل بىلەن كۆمۈپ تاشـ
لىيالايمەن. ئاڭلاۋاتامسىز، پۇل بىلەن كۆمۈپ تاشلىيالايمەن!
ئۆزىڭىزنى راستىنلا تاۋار دەپ قارىسىڭىز، بۇ تاۋارغا مەن
خېرىدار! باشقىلارنىڭ چاڭ سېلىشىغا ھەققى يوق! سىز
مېنىڭ! نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟ جاۋاب بېرىڭ دەيمەن! گەپ
قىلىڭ!

ئۇ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرايتتى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش
تۆكۈلەتتى. ئۇنى نىيىتىدىن يېنىشقا ئۈندەيتتى، يالۋۇراتتى،
قەلبىنى ئىزھار قىلاتتى، ئاخىرىدا تەھدىت سېلىپمۇ باقتى.
دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇرغان زىنىنەت
نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ ئۇ لىۋىنى چىڭ چىشلىگەن پېتى باشتىن-
ئاياق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئاخىرى ئۈمىدىنى ئۈزگەن
شۆھرەت ئۇنىڭ كاچىتىغا زەرپ بىلەن بىرنى سېلىپ، كىرگەن

بىيات ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەنلىكى ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئېسىدە. شۇندىن كېيىن ئۇ خېلى شېئىرلارنى يېزىپمۇ كۆردى، لېكىن ھېچقايسىسى ھېلىقى شېئىرىدەك كۆڭلىگە ياق-مىدى. ئۇ چاغدا قانداق قىلىپ شۇنداق ياخشى يېزىۋاپتىكىن--تاڭ؟ بۇنىڭ سىرىنى بىلىپ بولغىچە تولۇق ئوتتۇرىنىمۇ پۈتتۈ-رۈپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بۇ ھەۋىسىمۇ ئېغىر ئەمگەك ئاستى-دا بېسىلىپ قالدى. ئاچال يول ئېغىزىدا قاياققا مېڭىشىنى بىلمەي تۇرغاندا، ئۇنتۇلۇپ كەتكەن شائىر بولۇش ئارزۇسىنىڭ تۇيۇقسىز ئېسىگە كېلىپ قېلىشى ئۇنىڭ مۇزلاپ كەتكەن قەلبى-گە ئاز-تولا ئۈمىد بېغىشلىدى. ئۇ يوتقاندىن سوغۇرۇلۇپ چى-قىپ، ساتتاروپ قالدۇرۇپ چىقىپ كەتكەن كىيىملەردىن بىرى-نى تاللاپ كىيدى، شۇتاپتا ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايى جىددى تۈس ئالغان ئىدى...

زىننەت يۇقىرىقىلارنى كۆڭۈل ئېكرانىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتكۈزۈپ كۆزىنى ئاستا ئاچتى. سائەت سترېلكىسى 4 نى كۆر-سىتىپ تۇراتتى، چېقىلىپ كەتكەن ئۆرۈك كونسېرۋاسىنىڭ مېزىلىك ھىدى دىماغقا ئۇرۇلاتتى. ئۇ كارىۋاتتىن چۈشۈپ، چۇل-چۇل بولۇپ كەتكەن كونسېرۋا قۇتىسى پارچىلىرىنى تەر-دى، كونسېرۋا شىرىنىسىگە چىلىشىپ ياتقان سودا ماركىسىنى ئاۋايلاپ قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ”ئارال مېۋە كونسې-رۋا زاۋۇتىدا ئىشلەندى“ دېگەن خەتلەرگە خېلى ئۇزاققىچە توي-ماي قارىدى. ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئېنىق ئېسىدە تۇرۇپتۇ: تويى بولۇش ھارپىسىدا زىننەتنىڭ كۆرۈشۈپ قېلىشتىن ئۆزىنى قا-

ئايلى بولۇشنى ھەممىدىن ئەۋزەل كۆردۈم. قېنى ئۇ مەندىكى غايە؟ قېنى ئۇ مەندىكى ئارزۇ؟ تاماق يەيمەن، ئۇخلايمەن. ئۇخلايمەن، تاماق يەيمەن. بۇنداقتا لالما ئىتتىن پەرقىم يوق بولۇپ قالدىغۇ! بۇ زادى قانداق ھايات؟! ئۆزۈمنى بەختلىك دەپ ھېسابلىيالامدىمەن؟ توغرا، مەن ئىنتايىن بايمەن، ساتتاروپ ماددى جەھەتتىكى ھەممە تەلىپىمنى قاندۇردى، ھېچنېمىدىن قىسىلىپ قالمايمەن. لېكىن بۇ مەنىسىز ئۆتۈۋاتقان ھاياتىمدىكى بوشلۇقنى تولدۇرالامدۇ؟ ماڭا ھامان بۇنداق ماددى جەھەتتىكى باياشاتلىق ئىچىدە ئاللىقانداق بىر نەرسە يېتىشمەيۋاتقاندەك بولۇپ تۇيۇلاتتى. ئەمدى بىلدىم، بۇ باشقا نەرسە ئەمەس، روھى جەھەتتىكى نامراتلىق ئىكەن!...“

زىننەت چىراغنى ئۆچۈرۈپ، دېرىزە پەردىسىنى ئېچىپ، ئاسمانغا قارىدى. سان-ساناقسىز يۇلتۇزلار ئارىسىدا يېڭى چىققان چولپان ئۆزگىچە چاقناپ تۇراتتى. شۆھرەت ئۇنى چولپانغا ئوخشىتىشنى ياخشى كۆرىدىغان، ساتتاروپ بولسا ئۇنى تولۇن ئايدىن گۈزەل دەپ تەرىپلەشكە ئامراق. ”راست، ئۇ نەگە كەتكەندۇ؟“، — زىننەت توساتتىن ساتتاروپنى يادىغا ئېلىپ قالدى، — رىسالەتنىڭكىگە بارالماسلىقى ئېنىق. ئەڭ يېقىن دوستۇم دەپ ساناپ يۈرگەن بۇ نائەھلى مېنى قۇربان قىلىپ، ئۆزى ئۇنىڭ تۆمۈر پەنجىسىدىن قۇتۇلۇۋالدى. كۆرسەتكەن خىزمىتى بەدىلىگە ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىنى پۈتۈن سەرەمجانلىرى بىلەن قوشۇپ بىكارغا ئالغاندىن باشقا، يېقىندىن سېلىنغان ئۈچ قەۋەتلىك مېھمانخانىنىڭ دىرېكتورلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. ھازىر ئۇ ئۆزىنىڭ ھېلىقى تەشەببۇسلىرىغا قارشى ھالدا سىنىپتىكى

شورادىن ئۆمىلەپ چىقىپ كەتتى ...
”بىچارە شۆھرەت، — زىننەت يەنە يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى
ئاران توختىتىپ ئاستاغىنە پىچىرلىدى، — سېنىڭ يۈرىكىڭدە
مەڭگۈ ساقايماس جاراھەت قالدۇردۇم، مېنى ئەلۋەتتە كەچۈر-
مەيسەن، مەنمۇ كەچۈرۈشنى تەلەپ قىلمايمەن. لېكىن ئىككى-
مىزنىڭ ھاياتى نەقەدەر ئوخشاشمايدۇ-ھە! سەن دېگىنىڭنى ئە-
مەلدە كۆرسىتىپ، مېۋە كونسېرۋا زاۋۇتى قۇرۇۋاپسەن، ئېھ-
تىمال بۇ چاققىچە ئايىمخان ئاچىغا ئوخشاش نەچچە ئونلىغان
نامراتنى يوقسۇزلۇق گىردابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ بولغانسەن؟ ئەم-
دىلىكتە پۈتۈن يېزا ئىشلەپچىقىرىشنى ماشىنىلاشتۇرىمەن دەپ
چېپىپ يۈرۈيدىغانسەن ھەقچان! قانداقلا بولمىسۇن، سەن باش-
قىلارغا نەپ بېرىۋاتىسەن، ھاياتىڭنى مەنىلىك ھايات دېيىشكە
بولىدۇ. مېنىڭكىنىچۇ؟ مېنىڭكىنى نېمە دېيىش كېرەك؟ بىكار
ۋاقتىم كۆپ بولغاندىكىن، ئۇلۇغۋار، ئۆلمەس شېئىرلارنى
كۆپرەك يېزىپ، مىللىتىمگە شان-شەرەپ كەلتۈرەرمەن، جەم-
ئىيەتكە تىگىشلىك تۆھپە قوشارمەن دېگەن خام-خىياللىرىممۇ
بەربات بولدى. قايناق تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ قالغاچقىمۇ ياكى
جۇشقۇن ھېسسىياتىم ئۇچقۇنلىرى مۇھەببەتتە ئۇچرىغان بەخت-
سىزلىك يامغۇرىدا بىمەھەل ئۆچۈرۈپ تاشلانغاچقىمۇ، ئەيتاۋۇر
تاھازىرغىچە كۆڭلۈمگە يارىغۇدەك، ۋاي دېگۈدەك بىرمۇ شېئىر
يازالمىدىم. خىزمەتداشلىرىمنىڭ يۈزىگە قاراشتىن نومۇس قى-
لىپ، ئاشخانا دىرېكتورلىقىنى تاشلىۋەتكىنىمگىمۇ نەۋاخ. ئۇ-
نىڭدىن باشقا ئىشلارنى قىلىپ بېقىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپمۇ
ئولتۇرمىدىم. كۈن بويى بىكار يەپ ئوڭدا ياتىدىغان ئائىلە


## بەشىنچى باب

# بەختلىك بولۇڭ!

ئادەمنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە يۈزىمۇ مۇناسىپ يۇسۇندا قېلىنلاپ قالىدىغان ئوخشايدۇ. ”ئۆلسەممۇ ئۆز يۇرتۇمغا قەدەم باسماسمەن“ دەپ قەسەم قىلىۋەتكەن زىننەت ئۆيىگە پەرىشان هالِدا قايتىپ كەلدى. قايتىپ كەلگەندىمۇ قۇرۇق قول، پىيادە قايتىپ كەلدى. ئاتا-ئانىسىنىڭ ئارقا-ئارقىدىن ياغدۇرغان سو-ئاللىرى جاۋابسىز قالدى. ئۇ گەپ قىلمايتتى، بىر نوقتىغا تىكىلىپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان ئىدى. زەپىراندەك سارغايغان، جۇدەپ كەتكەن چىرايىدىن نە شادلىقنىڭ، نە قايغۇنىڭ ئىپادى-سىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئاتا-ئانىسى ”قىزىمىز ساراڭ بو-لۇپ قالغان ئوخشايدۇ“ دەپ ئويلاپ قورقۇپ كېتىپ تېۋىپ چاقىرماقچى بولۇۋىدى، زىننەت ئۇلارنى باش ئىشارىتى بىلەن رەت قىلدى ۋە يانچۇقىدىن تۆت بۇرجەك قىلىپ قاتلانغان بىر پارچە قەغەزنى چىقىرىپ كۆرپە ئۈستىگە تاشلاپ قويدى. سادىق ئاكا قەغەزنى ئېچىپ، بىرقاراپلا تونۇدى: بۇ، يېزىلاردا كۆپ ئۇچراپ تۇرىدىغان نىكاھدىن ئاجرىشىش قەغىزى ئىدى. بىچارە ئاتا-ئانا ئەتىۋارلىق يالغۇز قىزىنىڭ تويۇقسىز توي قىلىدىغانلى-قىنى ئاڭلىغاندا قانداق هەيران قالغان بولسا، بۇدامۇ ئۇنىڭ

ئەڭ ئالىقانات ساۋاقداش ھەسەن ئۇچقۇر بىلەن توي قىلىۋالدى. تۇۋا، بۇ يىگىتمۇ ئەھۋالنى بەش قولدەك بىلىپ تۇرۇقلۇق ئۇنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىشقا رازى بولدى. بۇ ئىشلارنى زادى نېمە دېگۈلۈككىن-تاڭ؟ ساتتاروپنىڭ شۇ چاققىچە قايتىپ كەلمىگەن-نىگە قارىغاندا ئۇنىڭ يەنە باشقا يوشۇرۇن نۇقتىلىرىمۇ بار ئوخشىمامدۇ؟ ئېھتىيات قىلىش كېرەك! راستىنى ئېيتقاندا، ئادەمنى تولۇق چۈشىنىش — دۇنيادىكى ھەممىدىن قىيىن ئىش بولسا كېرەك. ئۇمۇ مېنىڭ ئىچكى سىرلىرىمنى بىلگەن بولسا ئىدى، مېنى ھەرگىز كونسىرىۋا سودىسىغا بۇيرۇمىغان بولات-تى. بۇ قاپاق باش-ھاماقەت زاۋۇتنىڭ دادام ئىلكىدە ئەمەس، شۆھرەتنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن؟ ھەي ئادەم، ھەي ئىنسان! سەن نېمىدېگەن مۇرەككەپ يارالغان — ھە!...“

تۇيۇقسىز بىر يۇلتۇز قۇيرۇقىنى ئۇزۇن سوزغىنىچە شۇر-ردە ئېقىپ چۈشتى. بىر چاغلاردا مۇمىسى ئۇنىڭغا: ”ھەممە ئادەمنىڭ بىردىن يۇلتۇزى بولىدۇ، كىم قازا قىلسا شۇنىڭ يۇلتۇزى ئېقىپ چۈشىدۇ“ دەپ بەرگەن ئىدى. شۇ تاپتا زىنندەت نېمە ئۈچۈندۇ: ”ئادەممۇ شۇ يۇلتۇزدەك ھەش-پەش دېگۈچە يەر يۈزىدىن غىپلا قىلىپ غايىپ بولۇپ كەتسە بولمامدىغاندۇ؟“ دەپ ئويلاپ قالدى.



تۇلغۇسىز چاغلارنىڭ يادىگارى سۈپىتىدە قېپقالغان ئەسلىمە دەپتىرىنى توختىماي ۋاراقلاۋاتقاندەك، شېرىن-شېرىن چۈشلەرنى كۆرىدىغان بولۇپ قالدى. بۇلارنىڭ ئويلىمىغان يەردىن رېئاللىققا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ ياق، مۇمكىن ئەمەس! يەرگە سىپىۋەتكەن سۈنى يەنە يىغىۋالغىلى، تۈكۈرۈۋەتكەن تۈكۈرۈكنى قايتىدىن ئېغىزغا ئالغىلى بولمىغاندەك، ئۆزقولى بىلەن كېسىپ تاشلىغان مۇھەببەت رىشتىسىنىڭ يىڭىباشتىن ئۇلىنىشى ئەمەلىيەتتىن تولىمۇ يىراق. خام-خىيالنى تاشلاپ سىڭگەن نېنىڭنى يە، زىننەت! ئۆزۈڭنى بىھۇدە ئاۋارە قىلما!...ئۇ مۇشۇلارنى ئويلىغاندا ئاچچىق كۈلۈپ قوياتتى. لېكىن ”ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار“ دېگەندەك، ئاللىقانداق بىر شېرىن تۇيغۇ ھامان ئۇنىڭ قەلبىنى غىدىقلاپ ئارام بەرمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىندىن بۇيان ئۆيىگە ئەلچىلەر ئۈزۈلمەي كېلىشكە باشلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يۇرتتا خېلى يۈز-ئابرۇيى بار كىشىلەرنىڭ تېخى كۆزى ئېچىلمىغان ئوغۇللىرىمۇ، يېشىغا يەتمەي تۇرۇپلا بىر-ئىككى خوتۇن ئېلىپ قويۇۋېتىشكە ئۈلگۈرگەن دۆلەتمەن ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ، يېزا كادىرلىرىنىڭ گىدىيىپ يۈرىدىغان سۆلەتۋاز بالىلىرىمۇ، ھەتتا ئەللىك-ئاتمىش ياشلارغا كىرىپ قالغان ئىشقۋاز قېرىلارمۇ بار ئىدى. ئاتا-ئانىسى زىننەتنى ئالدىراتقىلى تۇردى.

— بىز سېنى زورلاپ ئەرگە بەرمەكچى ئەمەسمىز، — دېيىشتى ئۇلار ئەلچىلەرگە چىراي ئاچقىلى ئۇنىمىغان زىننەتكە چۈشەندۈرۈپ، —لېكىن چوپچوڭلا بولۇپ قالغان قىز بويتاق يۈرۈۋەرسە ياخشى ئەمەس، يۇرتتا سۆز-چۆچەك بولىدۇ، بالام.

كۈتۈلمىگەندە ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىدىن شۇنداق ھەيران قالدى.
ئۇلار قىزىغا كۆڭلىنى ياساپ بىرنەچچە ئېغىز تەسەللى بەرگەن-
دىن باشقا ئارتۇقچە بىرنەرسە دېيىشنى ئەپ كۆرمەي، ئۇنى ئۆز
رايىغا قويۇپ بەردى. مەھەللىكويلار ئىچىدىن ئۆزىنى يەنە بىرىن-
چى بولۇپ يوقلاپ كەلگەن شۆھرەتنىڭ ئۇدا بىرنەچچە كۈنگىچە
زىرىكمەي-تىرىكمەي ئەھۋال تونۇشتۇرۇشى، قايتا-قايتا ئۆتۈنۈ-
شى، سەمىمىي نەسىھەت قىلىشى ۋە بۇرۇنقىدەكلا قىزغىن مۇئا-
مىلە قىلىشىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن زىننەت ئاخىرى مېۋە
كونسىرۋا زاۋۇتىدا ئىشلەپ قېلىشقا ماقۇل بولدى. ئۇ ئىشقا
چىققان كۈندىن باشلاپلا ھەر قايسى تېخنىكىلىق ئۆتكەللەرنى
قېتىرقىنىپ ئىگەللەشكە كىرىشتى ۋە يېرىم يىل ئۆتمەيلا زاۋۇت-
نىڭ رەسمىي تېخنىكى بولۇپ قالدى. مەھسۇلات بازىرىنىڭ
ئىتتىك بولۇشىغا ئەگىشىپ زاۋۇتنىڭ كۆلىمى ۋە كەسپى دائى-
رىسى بارغانسېرى كېڭىيىۋاتاتتى. زىننەتنىڭمۇ ئۆزىگە بولغان
ئىشەنچىسى كۈچىيىپ، چىرايىنى قايتىدىن كۈلكە قاپلىدى.
يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا كۈلگە ئايلىنىپ كەتكەن ئۈمىد چوغى
يېڭىباشتىن يالقۇنلاشقا باشلىدى. شۆھرەتنىڭ ئۆزىگە تۇتقان
پوزىتسىيىسى ئىككىسى مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن چاغدىكىدىن
ئانچە پەرقلەنمەيتتى. ئۇ ھەرخىل ئالامەتلەرگە قاراپ، ئاياللارغا
خاس سەزگۈرلۈك بىلەن "شۆھرەت ھېلىمۇ مېنى سۆيىدىغان
ئوخشايدۇ" دېگەن چۈشەنچىگە كەلدى. ناھايەت ئۇنىڭ ئىززەت
بىلەن بولغان ئۇچرىشىشى بۇرۇنقىدىن كۆپىيىپ قالغاندەك قى-
لاتتى. يېقىندىن بۇيان زىننەت نېمە ئۈچۈندۇ، كېچىلىرى ئوت-
لۇق ئاھ تارتىپ تولغىنىپ ئۇخلىيالمايدىغان، قەلب قولى ئۇن-

ياتلىق بولمىغان ھەرقانداق قىزلاردىن قېلىشمايدۇ، نى-نى يە-
گىتلەرنى مەھلىيا قىلىشۋالغۇچىلىكىم بار، نېمىگە ئاساسەن
شۇنچە ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىمەن؟ قېنى غەيرەت قىلىپ كۆ-
رەي، ئۆتىنىگە لاپقۇت دېگەندەك، تەلپىم رەت قىلىنىشىمۇ مۇم-
كىن. شۇنداقتىمۇ سەۋرى قىلىپ باقمايمەنمۇ، غورىدىن ھالۋا
پىشىپ قالسا ئەجەب ئەمەس!...“
ئۆرۈك چېچەكلىگەن چاغلار ئىدى. زىننەت ئۆز تەلىپى
بويىچە شۆھرەت بىلەن ئۆرۈكزارلىقتا ئۇچراشتى. ئايدىڭ كې-
چە، ئەتراپ جىمجىت. كۈندۈزدىكىدەك كاككۇكلارنىڭ يېقىم-
لىق سايراشلىرىمۇ، چېچەكلەر ئەتراپىدىن كېتەلمەيدىغان ھەرى-
لەرنىڭ رىتىملىق غوڭۇلداشلىرىمۇ ئاڭلانمايدۇ، ئادەمنى مەست
قىلغۇچى خۇش پۇراق دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. يىراقتىن سۇ-
چى يىگىتلەرنىڭ سوزۇپ ئېيتقان مۇڭلۇق ناخشىلىرى ئارى-
لاپ-ئارىلاپ ئاڭلىنىپ قالىدۇ. ئۇلار ئۆتتۇرىسىدا مەلۇم ئارى-
لىق قالدۇرۇپ، باغ ئارىلاپ ئاستا كېتىۋاتاتتى. زىننەت نېمى-
لەرنى دەيدىغانلىقى ئۈستىدە ئەتراپلىق ئويلىنىپ قويغان بولسى-
مۇ، دەماللىققا گەپنى قەيەردىن باشلاشنى بىلەلمەي قىينالماقتا
ئىدى. ئۇ ئاخىرى غەيرەتكە كېلىپ ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىنى
تەپسىلى بايان قىلدى، لېكىن ساتتاروپ بىلەن ئاجرىشىپ كېتى-
شىدىكى ھەقىقى سەۋەبنى ئېيتىشقا پېتىنالمىدى، بۇنى ئويلاش
زىننەت ئۈچۈن دەھشەت ۋە قورقۇنچلۇق. يۈرىكىدە مەڭگۈ ئې-
چىلماس سىر بولۇپ ساقلىنىپ قالىدىغان قاباھەتلىك چۈشتىكى-
دەك بۇ سىرلىق كۆرۈنۈش كۆز ئالدىغا كەلسىلا ئۇنى ۋەھىمە
باسىدۇ ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى كەچكۈزنىڭ شامىلىدا قالغان ياپراق-

شۇڭا كۆزىمىزنىڭ يورۇقىدا بېشىڭنى ئۆزۈڭ خالىغان بىرەر يىگىتكە چېتىپ قويساق دەيمىز. خېلى ئوبدان ئادەملەرنىڭ بالىلىرىدىن ئەلچى كېلىۋاتىدۇ، بالدۇرراق بىرەر يىگىتنىڭ پېشىنى تۇتساڭ ئۆلۈپ كەتسەكمۇ كۆزىمىز ئوچۇق كەتمەيتتى!

بېشى قوچۇلۇپ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالغان زىننەت لىۋىنى چىڭ چىشلەپ، لام-جىم دېگىلى ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھامان شۆھرەتنىڭ كۆلەڭگىسى تەۋرىنەتتى، جاراھەتلەنگەن قەلبىگە ئۇنىڭدىن باشقا يىگىت سىغمايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ”مەيلى، قانداقلا بولمىسۇن، شۆھرەت بىلەن بىر سۆزلىشىپ باقاي، —دېدى ئۇ ئاخىرى قەتئىي قارارغا كېلىپ، — بولسا بولار، بولمىسا ئىز پۇلى. مېنى چىن يۈرىكىدىن ھەقىقى ياخشى كۆرگەن بولسا، بۇرۇنقى ئىشلارنى كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمەس. بىر قېتىم ئەمەس، بىر قانچە قېتىم ئەرگە تەگكەن ئاياللارنىمۇ تېخى كۆزى ئېچىلمىغان نى-نى چىرايلىق يىگىتلەر ئالىدىغان ئىشلارمۇ بارغۇ! ھەتتا ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈپ بالا-چاقىلىق بولۇپ كەتكەن ئاياللاردىن مېھرىنى ئۈزەلمەي، بىر ئۆمۈر بويتاق ئۆتۈپ كەتكەن ياكى ئۇلارنىڭ بارلىق سەۋەنلىكلىرىنى كەڭ قورساقلىق بىلەن كەچۈرۈپ، ۋىسال يولىدىكى تۈرلۈك توسقۇنلۇقلارنى تۈنجى مۇھەببەتكە بولغان ئەقىدىسى، تەشنالىقى ۋە سۇنماس ئىرادىسى بىلەن سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئاخىرى مۇرات-مەقسىتىگە يەتكەن ئەرلەرمۇ ئۇچراپ تۇرىدىغۇ! شۇڭا كونىلار «مۇھەببەتنىڭ كۆزى قارىغۇ» دەپ بىكار ئېيتمىغان. مەن ناھايەت ئىلاجىنىڭ يوقىدىن ئۆزۈم سۆيمىگەن ئەر بىلەن بىر يېرىم يىلدەكلا ئۆي تۇتتۇم، خالاس. چىرايىم ھېلىمۇ تېخى

قانچىلىك نەپ بېرەلىدىم؟...»

خىيال بىلەن بولۇپ كەتكەن زىننەت ئۆزىنىڭ گۈل-چېچەكلەر ئېچىلىپ كەتكەن هويلىسىغا قانداقلارچە كىرىپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قالدى. دېرىزىسى ئېچىۋېتىلگەن مېهمانخانا يوپيورۇق بولۇپ، نېپىز دېرىزە پەردىسىدىن ئىككى كىشىنىڭ قارىمۇقارشى ئولتۇرغان هالدا بىر نېمىلەرنى دېيىشىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ دېرىزە تۈۋىگە كەلدى ۋە دېرىزە پەردىسى تولۇق تارتىلماي قالغان يوچۇقتىن ئۇلارنى قىينالمايلا تونۇۋالدى: بۇنىڭ بىرى ئېرى ساتتاروپ، يەنە بىرى ئۆزى هەممىدىن بەك يىرگىنىدىغان، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە پات-پات كېلىپ تۇرىدىغان هېلىقى توپ سېتىش ماگىزىنىنىڭ باش دېرېكتورى، پايپەكباش بوساقوپ ئىدى.

—ماۋۇ بىر رومكىنى ئىچىۋېتىڭلارچۇ، بوساقوپ ئاكا! —دېدى ساتتاروپ خۇشامەتكويلۇق بىلەن هىجىيىپ، —سىلىنىڭ ياردەملىرى بولمىغان بولسا بۇگۈنكى كۈنگە ئېرىشەلىشىمنى تەسەۋۋۇر قىلىشىم تەس ئىدى. بۇ مېنىڭ سىلىگە بولغان هۆرمىتىم، قېنى بىر كۆتۈرۈۋېتىلا...

—هەي، بۇنچىلىك ئىشلار دېگەن نېمىگە ئەرزىيتتى؟ —دېدى بوساقوپ قىزارغان كۆزلىرىنى ساتتاروپقا تىكىپ، — مەندىن ماللارنى بىكارغا ئالغىنىڭ يوققۇ، پۇل تۆلەپ ئېلىۋاتىسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە هەر قېتىم مال بەرگىنىمدە قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرمىدۇڭ، ماڭا بولغان كۆڭلۈڭنى باشقىلاردىن نەچچە هەسسە ئاشۇرۇپ ئىزهار قىلىۋاتىسەن. هەممىمىز ئادەم ئەمەسمۇ، بۇنى چۈشىنىمىز! بۇندىن كېيىنمۇ تېخى...

تەك غەزەپتىن تىترەپ كېتىدۇ ...

ئىسمى-جىسمىغا ماس كەلمىگەن فىلىمدىكى مەزىسىز، سۆرەلمە كۆرۈنۈشلەردىن زېرىككەن زىننەت يېرىم سائەت ئۆتە-ئۆتمەيلا كىنوخانىدىن يېنىپ چىقتى. فىلىمنىڭ ھەيۋەتلىك، دەبدەبىلىك تېمىسىغا قاراپ ئۇ: "ئاجايىپ قىزىق، قالتىس فىلىم بولسا كېرەك" دەپ ئويلاپ، ساتتاروپنىڭ "بۈگۈن كەچتە ئىنتايىن مۇھىم ئىشىم بار" دېگەننى باھانە قىلىپ ھەمراھ بولۇپ بارغىلى ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، بىر كۆرۈشكە تەقەززا بولغان بۇ كىنوغا ئۆزى يالغۇز بارغان ئىدى. لېكىن ئەھۋال ئۇنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى. بۇنىڭدىن ئۇ تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندى. "تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال دەپ بىكارغا ئېتىمىغان ئىكەن-دە، كونىلار! — دېدى ئۇ مەيۇس ھالدا ئۆيىگە قاراپ كېتىۋېتىپ، — ھەممە نەرسە ئىچى-تېشى ئوخشاش، ئىسمى-جىسمىغا لايىق بولسا بولمامدىغاندۇ؟ قۇمۇشنىڭ تېشىغا قارايدىغان بولساڭ شۇنداق ئېگىز، ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ، ئەمما ئىچى كاۋاك، قۇپقۇرۇق. يۇلغۇننىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى پاكار، كۆرۈمسىز بولسىمۇ ئىچى قاتتىق، چىدامىلىق. ئادەملەرگە سەپسالساڭمۇ خۇددى شۇلارنى دورىغاندەكلا ئاسمانغا قاراپ گىدىيىۋېلىشقانلىرىنىڭ قورسىقىدا شۇنىڭغا توشلۇق ئومىچى يوقلىقىنى، ھېچكىمنىڭ نەزەرى چۈشمەيدىغانلارنىڭ ئويلىمىغان يەردىن نى-نى ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرىۋاتقانلىقىنى بايقايسەن. ئۆزۈممۇ ئادەملەرنىڭ ئالدىنقى تۈرىدىكىلەر قاتارىغا كىرىپ قالدىممۇ-قانداق؟ ھازىرقى سۆلىتىمگە قارىسا ئات تارتالمايدۇ. بىراق مەن شۇنىڭغا يارىشا نېمە ئىشلارنى قىلغاندىمەن؟ كىمگە

لەرنىمۇ نائۇمىد قايتۇرىۋەتكىنىڭ كەلمەيۋاتقان! ئىشقىلىپ سېنى رازى قىلسام ئۇنىڭ نارازى بولۇشى، ئۇنى رازى قىلسام سېنىڭ نارازى بولۇشۇڭ تورغانلا گەپ! بىلسەڭ، بەش بارماق تەڭ بولمىغاندەك، جاھاندىكى ئىشلارنىڭمۇ تەپتەكشى بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، ئۇكا! شۇڭا كونىلار: ”تەڭشەلمىگەن جاھان“دەپ بىكار ئېيتمىغان ئوخشايدۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، — ساتتاروپ بوساقوپنىڭ رومكىسىغا گالستۇكلۇق ئۇزۇم ھارىقىنى يەنە تولدۇرۇپ قويۇۋېتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ھەممە ئادەمنى تەڭ رازى قىلىش ھەققەتەن قىيىن. بىر ناننى تەپمۇ-تەڭ قىلىپ تۆت پارچىغا بۆلۈپ، تۆت ئادەمگە بۆلۈپ بەرسىلىمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە بۇنىڭ نېنى چوڭراقتەك، بۇنىڭ كۆزىگە ئۇنىڭ نېنى چوڭراقتەك كۆرۈنۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرسى سىلىدىن رازى بولسا، يەنە بىرسى جەزمەن نارازى بولىدۇ. شۇڭا بەش بارماقنى تەپتەكشى قىلىمەن دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق، بوساقوپ ئاكا! ئۇزۇنىغا ئۇزۇنچە، قىسقىسىغا قىسقىچە مۇئامىلە قىلسىلا بولۇۋېرىدۇ!

— گەپكە ئۇستىسەن — دە، ئۆزۈڭ! — بوساقوپ چۇشۇپ كەتكەن چىشلىرى ئورنىغا سېلىنۋالغان ئالتۇن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ خىرقىراپ كۈلدى، — بەزىلەر قىلغاننى بىلمەيدۇ، باشقىلاردىن يۇلۇۋېلىشنىلا كۆزلەيدۇ-يۇ، ئۆزىنىڭ يانچۇقىدىن بىر تىيىننى ئارتۇق چىقارغىسى كەلمەيدۇ. سەنغۇ ئۇنداق پىخسىق، ئىنساپسىزلاردىن ئەمەس، بىراق ۋاقتى كەلسە بەزى نەرسىلەرنىڭ مېھرىدىن كېچەلمەي قېلىشىڭ مۇمكىن!

— مېنى چۇشەنمەيدىكەنلا، بوساقوپكا! — ساتتاروپ قىزىش-

—ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن! —ساتتاروپ ئالدىراپ كېتىپ ئۇنىڭ ئاغزىدىكى گەپنى تارتىۋالدى، —ماگىزىنلىرىغا يېڭىدىن كەلگەن ماللارغا كۆز تىكىپ تۇرىدىغانلار ئازمۇ؟ قانداقلا بولمىسۇن، سېلىدىن توپ ئالغان ماللار ئۆزىمىز ئادەم چىقىرىپ گۇاڭجۇ، شاڭخەيلەردىن ئەپكەلدۈرگەن ماللاردىن كۆپ ئەرزان توختايدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ئاز پايدا ئەمەس جۇمۇ! ھەر-قېتىم بازىرى ئىتتىك ماللار دۆلەت ماگىزىنىدىن بۇرۇنراق بىزنىڭ دوكانغا سېلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن كەلگەن پايدىدا ئۆزلىرىنىڭ بىر ئۈلۈش ھەسسىلىرى بار-دە! ئاز بولسىمۇ كۆڭلىمىزنى ئىپادىلەپ تۇرمىساق، يۈزىمىز قانداق چىدايدۇ؟

—تۈنۈگۈن يەنە ماگىزىنىمىزغا بىرمۇنچە يېڭى ماللار چۈ-شۈرۈلدى، —دېدى بوساقوپ ئاۋازىنى پەسەيتىپ، —ھەممىسى بازىرى ئىتتىك ماللار: قارا گۈللۈك نىپىز دۇخاۋا، گىرىپتىن-شىن، ئەنگىلىشىن، گاباردىيون، يېڭى پاسوندىكى ئېگىز پاش-نىلىق نەپىس توفلەي ...

—ئۇنداق بولسا بەكمۇ ياخشى بوپتۇ! —دېدى ساتتاروپ خۇشاللىقىنى باسالمىغان ھالدا قاش-كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ، —دوكىنىمىزدىكى ماللارمۇ سېتىلىپ بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئىدى. بۇداغۇ ھەممىسىنى ماڭىلا توغرىلىۋېتەلا؟

—ھەي! ... —بوساقوپ ھېلىقى بىر رومكا ھاراقنى بىراقلا كۆتۈرۈۋېتىپ ئاغزى-بۇرنىنى ئېيتىۋەتكەندىن كېيىن ئېغىر خورسىنىپ قويدى، —ماڭىمۇ تەس دېگىنە، دۆلەت ماگىزىنلى-رىغا رەسمىيەت ئۆچۈنمۇ بولسا ئاز-تولا بۆلۈپ بەرمىسەك تېخى بولمايۋاتقان؛ ساڭا ئوخشاش تەلمۈرۈپ تۇرغان دوست-بۇرادەر-

—توسۇن بايتال دېگەن شۇ! ئۇنى كۆندۈرمەكنىڭ ئۆزىمۇ بىر لەززەت دېگىنە!

زىننەت ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ دەرھال ئۆيگە ئېتى-لىپ كىرىپ ساتتاروپنىڭ يۈزىگە تۈكۈرگىسى، بوساقوپنىڭ كاچىتىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالغىسى كېلىپ كەتتى، لېكىن پاراڭنىڭ ئاخىرى ئۇنى ئاچچىقىغا هاي بېرىپ، سەۋر-تاقەت بىلەن قۇلاق سېلىپ تۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى.

—ياشلىرى بىر يەرگە بارغىنى بىلەن كۆڭۈللىرى ياش تۇرۇپتۇ جۇمۇ!—بۇ ساتتاروپنىڭ ئاۋازى ئىدى.

—شۇنداق بولمايچۇ!—بوساقوپ يۇلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا يۆلەنگىنىچە قورسىقىنى تومپايتىپ كېرىلدى،—جاھاندا كۆڭۈل-دىن ئىتتىك، كۆڭۈلدىن بەڭباش نېمە يوقكەن، ئوكا! شۇ بەڭباش كۆڭۈلگە يۈگەن سالاي دەپ خېلى تىرىشىپمۇ كۆردۈم، لېكىن ھەممىسى بىكارغا كەتتى. مۇشۇ كۈنگە كەلگىچە بەش خوتۇن ئېلىپ، ئون بالا تېپىپتىمەن، يېنىمدا پەقەت ئاخىرقى خوتۇنۇمدىن بولغان بىرلا بالام قالدى. قالغانلىرى قويۇۋەتكەن خوتۇنلىرىمغا ئەگىشىپ كېتىپ قېلىشتى. ئېيتقىنچۇ، ئاتا-با-لىنى رەھىمسىزلىك بىلەن بىر-بىرىدىن ئايرىۋەتكەن نەرسە ئاشۇ بەڭباش كۆڭۈل بولماي نېمە؟! ھەي كۆڭۈل، ھەي بەڭباش كۆڭۈل، سېنى زادى قانداق قىلسا بولىدىكىن-تاڭ؟

بوساقوپ گويا بىردىنلا كۆڭلى بۇزۇلغاندەك، بېشىنى كى-رىشتۈرۈلگەن ئىككى بېلىگى ئۈستىگە قويۇپ مىچىلداپ يىغلى-ۋەتتى. ساتتاروپ ئالدىراپ-تېنەپ قول ياغلىقىنى چىقىرىپ،

قان هالدا ئۆز قەلبىنى ئىزھار قىلىشقا كىرىشتى، — ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى باشقىلارغا قانداقمۇ سىپلىشتۇرغىلى بولسۇن؟ بىز دېگەن بىر-بىرىمىزدىن ھېچنېمىنى ئايىمايدىغان قەدىناس دوستلاردىن! ھېلىغۇ نەرسكەن، سىلىدىنچۇ، جېنىمنى ئالىمەن دېسىلىمۇ ياق دېمەيمەن جۇمۇ!

— ھا! ھا! ھا! ....— بوساقوپ ئۆزىنى تۇتالماي خۇشخۇيلۇق بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى، — راستىنلا شۇنداق بولىدىغان بولسا بەكمۇ ياخشىدىغۇ! ئۇنداقتا مەنمۇ سەندىن ھېچنېمىنى ئايىمايتتىم. بولدى، ماڭا نېمە گەپ كەلسە كەلسۇن، بۇ قېتىم كەلگەن ماللارنىڭ ھەممىسىنى ساڭىلا بېرىۋېتەي، تېخىمۇ باي بولۇپ، راھەت كۆرۈۋال! كۆڭلۈمدىكى گەپنى ئېيتسام، تەلىيىڭ تازا ئوڭدىن كەلگەن ئادەمكەنسەن ئۇكا! بودا ئېلىۋالغان خوتۇنۇڭ ھەقىقەتەن پەرىزاتتىن قېلىشمايدىكەن!

— سىلىنىڭمۇ كۆزلىرى چۈشۈپتۇ-دە!

— چىرايلىق خوتۇن-قىزلارغا كىمنىڭ كۆزى چۈشمەيدۇ دەيسەن؟ — دېدى بوساقوپ ئاغزىنى ئاچكۆزلۈك بىلەن تامشىتقىنىچە.

— بىراق ئۆتكەندە ئۇ سىلىگە تولىمۇ بىھۆرمەتلىك قىلدى، ئالدىلىرىدا خىجىل بولۇپ قالدىم. بۇنداق جومباقلار دېگەن سىلىدەك ئادەمگە ھەمراھ بولۇپ ھاراق ئىچكەننى ئۆزىگە كەلگەن ئامەت دەپ ھېسابلىسا بولاتتى، لېكىن ئۇ كۆڭلىدە نېمىلەرنى ئويلىدىكىن-تاڭ، خۇددى بىر نېمىسى كېتىپ قالىدىغاندەكلا، ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ بېكىنىۋېلىپ، زادىلا چىققىلى ئۇنىمىدى.

مۇ، ھازىرلا جېنىمدىن جۇدا بولسامۇ ئارمىنىم يوق ئىدى دېگىنە!

— كۆڭۈللىرىدىكىنى چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن، — دېدى ساتاروپ سىرلىق كۇلۇمسىرەپ، — دېگەنلىرىدەك، زىنىنەتنىڭ چىرايىغۇ ھەرھالدا يامان ئەمەس، ئاز-تولا ناز-خۇلقىمۇ بار. بىراق نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇ بەرىبىر تومپاي سەھرالىق-تە! سۆز-ھەرىكەتلىرى قوپال، شەھەر نازىنىنلىرىدەك نازۇك، سىپايە، جەلىپكار ئەمەس، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى پىژژىدە كۆيدۈرەلمەيدۇ، ماختىغۇچىلىكى يوق. راستىنى ئېيتقاندا، سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا بارغۇ، زىنىنەتتەك جومباقلار بىر تېيىنغا ئەرزىمەيدۇ. شەھىرىمىزدە دېگەن ئۇنىڭدىن مىڭ ھەسسە گۈزەل، تىرناقتا توختىغىدەك نى-نى قىزلار بار، قىز بولغاندىمۇ ئۇستىگە تېخى ئەركەك چىۋىن قونۇپ باقمىغان قىزلار دېسىلە! خاتىرجەم بولسىلا، ئىپنى تېپىپ، شۇنداق قىزلاردىن بىرەرسىنى ئۆزلىرىگە غاچچىدە توغرىلاپ بېرىمەن!

— ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپلا تۇرىسەن — دە، ئۇكا! — بوساقوپ ئالاھىتەن ئورنىدىن قوزغۇلۇپ، ساتتاروپنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويدى، — سەن بىلەن بىكار دوست بولمىغان ئىكەنمەن. ھازىر دۇنيادا سەندەك مەردلەر كۆپ ئەمەس. ساڭا ئوخشاش قولغا قول، پۇتقا پۇت بولالايدىغان ئاغىنەمنىڭ بولغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىمەن. لېكىن ئۇنداق قىزلارنىڭ ماڭا كۆڭلى ناتايىن. ئۆزۈممۇ بۇرۇن ئاشۇنداقتىن بىرقانچىسىنى ئىندەككە كەلتۈرمەكچى بولۇۋىدىم، ئەپسۇسكى، ئۇلار خۇددى ئالۋاستىنى كۆرگەندەك، ئۆزلىرىنى دەرھال چەتكە ئېلىشتى. ھەي، قېرى-

ئۇنىڭ تاقىر بېشىنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ، كۆز يېشىنى سۈرتۈپ
قويغاچ، تەسەللى بەردى:
— كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا، بوساقوپكا! بالا دېگەن
ئۇرۇپ-سوقۇلۇپ چوڭ بولۇپ قالىدىغان بىر نېمە. چوڭ بول-
غاندا خۇدا كۆڭلىگە ئىنساپ بەرسە سىلىنى ئىزدەپ كېلىدۇ،
بولمىسا ئۆزىنىڭ شورى. مەنمۇ كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ،
ئۆز پۇشتۇمدىن تامغان بەش بالىدىن ۋاز كېچىشكە رازى بولۇپ،
تۆتتەك خوتۇننى قاڭغىر قاقشىتىپ قويۇۋەتتىم ئەمەسمۇ! بولۇپ-
مۇ ئاخىرقى خوتۇنۇم شۇنداق گۈزەل، ئوبدان خوتۇن ئىدى
دېسىلە. يىغلىدى، يالۋۇردى، لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ يېڭى
مۇھەببەت ئوتىدا كۆيۈشكە باشلىغان يۈرىكىمنى ئېرىتەلمىدى!
"ئىش ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن-دە!"— خورلۇق، پۇشايمان
ئىسكەنجىسىدە قەلبى مۇجۇلۇپ لىۋىنى چىڭ چىشلىۋالغان زىند-
نەت خىيالىنى داۋاملاشتۇرالمىدى، ئۆي ئىچىدىن بوساقوپنىڭ
ئاۋازى ئاڭلاندى:
— سەنمۇ تېخى ياش، نى-نى قىزلارنى قولغا كەلتۈرۈپ
بولدۇڭ، يەنە تېخى نى-نى قىزلارنى قولغا كەلتۈرەلەيسەن!
لېكىن مەنچۇ؟ پو ئېتىپ قويغىنىم بىلەن ئارمانغا تۇشلۇق
دەرمان يوق، بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن بېرىشكە ۋەدە بەرسەممۇ،
بېشىمنى تاشقا ئۇرساممۇ ئەمدى ماڭا كۆز قىرىنى سالىدىغان
قىزلارنىڭ چىققىشى ناتايىن. يا ئۆزۈڭ ياردەم بېرەي دېمىدىڭ.
كۆڭلۈمدىكىنى يوشۇرماي ئېيتسام، ئۇكا، زىننەتكە ئوخشاش
گۈزەل، نازىنىن ئايالالار بىلەن بىر كېچە كۆڭۈل ئېچىۋالسام،
پۈتكۈل مال-دۇنيايىمدىن ئايرىلىپ خانىۋەيران بولۇپ كەتسەم-

ىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، بىر قوتىنى چىقاردى، —بۇنىڭ يولى ئاسان، بوساقوپكا. مانا بۇ دورىنى چايغا ياكى هاراققا ئازراق ئارىلاشتۇرۇپ ئىچۈرسۆەتسىلە هەرقانداق شوخ بېلىقمۇ دەرهال پىلتىڭلاشتىن توختايدۇ. ئۇچاغدا ئالدىرىماي-تىنىمەي، ئۆزلە-رى خالىغاننى قىلالايلا!

—ۋاي شۇنداقمۇ؟—بوساقوپىنىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن چاقناپ كەتتى،—راستىنىلا شۇنچىلىك كۈچى بارمۇ بۇ دورى-نىڭ، ئۇكا؟

—لاپ ئەمەس، بۇ دورىدىن بىر تېمىم ئىچكەن ئادەم بار-غۇ، بىركېچە خۇدىنى بىلمەي ياتىدۇ!—دېدى ساتتاروپ مەيدى-سىگە ئۇرۇپ،—ئىشەنمىسىلە، ئالدىلىرىدا سىناق قىلىپ بېرە-مەن، زىننەت قايتىپ كەلگەن هامان...

زىننەت مانا شۇندىلا ئۆزىنىڭ بۇرۇن نېمە ئۈچۈن ئىككى-ئۈچ رومكا ئۇزۇم هارىقى ئىچىپلا "مەست" بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى. "مەن نېمىدېگەن ساددە-هە!—دېدى ئۇ ئىچىدە ئۆز ئۆزىنى ئېيىپلاپ،—باشقىلار قاپقان قۇرسا، مېنىڭ ئامانلىقىمنى قوغداۋاتقان بولسا كېرەك دەپ چۈشىنىپتىمەن، زەهەر تۇتسا مائا بولغان كۆڭلى دەپ يورۇپتىمەن. راستىنىلا ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەق ئىكەنمەن، دۆت ئىكەنمەن!..."

—بۇنداق قەدىناسلىقىڭنى ئۆلسەممۇ ئۇنۇتمايمەن، ئۇكا!—بوساقوپىنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ قويدى. قاتتىق تەسىرلىنىپ كەتكەن بوساقوپ تىترەۋاتقان كالتە، سې-مىز بارماقلىرى بىلەن قول ياغلىقىنى مىجىقلاپ، كۆز ياشلىرى-نى سۈرتۈۋاتاتتى،—قەسەم قىلىمەنكى، بىرياخشىلىقىڭغا ئون

لىق-تە، قىرىلىق! ياش چىغىمىزدا دىگەن نى سەتەڭلەرنى…
— ئۆزلىرىنى بۇنداق تۆۋەن چاغلىمىسىلا، بوساقوپكا، بول-
مىسا مىنىڭ كۆڭلۈمگە كىلىپ قالىدۇ! —ساتتاروپ راستىنلا
خاپا بولۇۋاتقاندەك قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇر-
دى، —بىز دىگەن سىلىنى ئىنتايىن چوڭ كۆرىمىز، كاتتا ئەر-
باپ سانايمىز. سىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرغان جومباقلارنىڭ ئۆزى
نادان، تىگى پەس. بولمىسا ئۇلار سىلىنىڭ نەزەرلىرى چۈشكە-
نىنى ئۆزلىرىگە كەلگەن چوڭ ئامەت دەپ ھىسابلىسا بولاتتى.
ھىچبولمىسا، پولنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغان ئەخمەقلەر—دە،
ئۇ! هازىرچۇ، ھەممىنىڭ خۇجا ئاكىسى پۇل! ”پۇل بولسا
جاڭگالدا شورپا“! ئۆزلىرى دۆلەت كادىرى ئەمەسمۇ، بەزى
ئىشلارنى بىزدەك ئوچۇق-ئاشكارە قىلىشلىرى ھەقىقەتەن ئەپ-
سىز. بۇنداق يەرلىرىنى بىزگە قويۇپ بەرسىلە، ئۆزىمىز توغ-
رىلايمىز.
—شۇنداق بولسىغۇ بەكمۇ ئىسىل ئىش بولغان بولاتتى،
لىكىنزە…— بوساقوپ تىلىنى چايناپ ئىغىر خورسىنىپ قوي-
دى، — سەن دىگەن قىزلارنىڭ ياخشىلىقىدىغۇ گەپ يوق، ئۇكا.
ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەرسىگە ئىرىشسەڭ جەننەت ھوزۇرىنى
سۈرگىنىڭ شۇ. لىكىنزە، بۇنداق قىزلارنىڭ كۆپۈنچىسى شوخ
بىلىقتەك پىلىڭلاپ تۇرىدۇ دىگىنە. ئادەمنىڭ نەپسى تاقىلداپ
كەتكەندە ھودۇقۇپ كىتىپ…
—ھا! ھا! ھا!… —ساتتاروپ كۆزىدىن ياش چىقىپ
كەتكۈچە كۈلدى، ئاندىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئادەتتە ئاچقۇ-
چىنى ئۆزىدىن باشقا ھىچكىمگە تۇتقۇزمايدىغان بىخەتەر ئىشكاپ-

قويۇۋېتەي دېسەم، خېتىنى ئالغىلى ئۇنىماسمىكىن دەپ ئەنسى-
رەيمەن. قانداق قىلاي؟ ئاخىرى يەنىلا جانغا ئەسقاتىدىغان مۇشۇ
دورىغا مۇراجەت قىلماقتىن باشقا چارە قالماي، نائىلاج ...

— گېپىڭدىن قارىغاندا، بۇ دوراڭنى زىننەت خېنىمغا بولۇ-
شىچە ئىچۈرۈۋېتىپ، ئىچكىنى پىژژىدە كۆيدۈرگەن ھېلىقى تاز-
چىقىنىڭ بىلەن شېرىن كېچىلەرنى بەخىرامان ئۆتكۈزەي دەپسەن--
دە، ئۇكا! — بوساقوپ بىر رومكا ھاراقنى ئاغزىغا دۈم كۆمتۈرۈ-
ۋەتكەندىن كېيىن، ئاغزى-بۇرنىنى ئېيتىۋېتىپ، خىرىلداپ
كۈلدى.

— كاللىلىرى قالتىس ئۆتكۈر — دە سىلىنىڭ، بوساقوپكا!

— ساتتاروپ قاش-كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ خۇشامەتكويلۇق بىلەن
ھىجايدى، — گەپنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ بولغىچە ئاخىرىنى تې-
پىپ بولىدىكەنلا ئەمەسمۇ! قالتىس ماھارەت-تە بۇ، قالتىس
ماھارەت!

— بۇنچىلىك ئىشقا ئەقلىم يەتمىسە شۇنچە چوڭ ماگىزىنىنى
قانداق چۆرۈيمەن، ئۇكا! — بوساقوپ مەغرۇرانە قىياپەتتە كېرى-
لىپ قويدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق، شۇنداق بولمامدىغان! — ساتتاروپ
ئالدىراپ-تىنەپ قوشۇمچە قىلدى، — سىلى دېگەن نى-نى نازۇك
ئىشلارنى ھەقىقەتەن ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرەلەيدىكەنلا. لېكىن
مەنچۇ؟ ئەقلىم دۈمبەمگە چىقىپ قالغانمۇ-قانداق، زىننەتنى بىر
كۆرۈپلا خۇدۇمنى يوقىتىپ، ئۆز ئەقىدەمنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكى-
نىمنى قارىمامىلا! مەن دېگەن ئەزەلدىن خوتۇن خەق دېگەننى بىر
پاي كەش قاتارىدا كۆرەتتىم. يېڭى چاغدا كىيىپ، كونىرىغان

ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرمايدىغان بولسام، ئۇكا، بولدى، بوساقوپ دېگەن ئىتىمنى يۆتكۈۋېتىمەن!

— بۇنچىلىك ئىش دېگەننىڭ كارى چاغلىق، تىلغا ئېلىپ يۈرگۈچىلىكى يوق، — دېدى ساتتاروپ ھېلىقى قۇتىنى چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ، — مەنمۇ يېڭىدىن بىر قىز تاپقان ئىدىم، چىرايىغۇ زىنىنەتتەك گۈزەل ئەمەس. بىراق ”تاز بولسىمۇ قىز ياخشى“ دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، ئادەمنىڭ ئىچىنى پىژژىدە كۆيدۈرەلىگۈدەك بىرنېمىدى، قارىسىلا. تازا ئەپ پۇرسەتنى تاپالماي كېلىۋاتىمەن. زىنىنەت دېگەن بۇ جومباق يېقىندىن بۇيان قارىسىغا كۆنلەۋاتامدۇ ياكى بەزى مەخپىيەتلىكلىرىمنى راستىنلا بىلىۋالدىمۇ، ئەيتاۋۇر، مېنى ھېچ ياققا يالغۇز بارغىلى قويمايدىغان بولۇۋالدى. بۇنى ئاز دېگەندەك، قوۋۇرغامنى ئىگىپ بەزىدە ماڭا شۇنداق سوغۇق مۇئامىلە قىلىدۇ تېخى! ئاچ بىقىنىغا تازا سالاي دېسەم، ئاۋارىچىلىقنىڭ كۆپىيىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ كەلدىم. ئەركىن-ئازادە تۇرمۇش كۆچۈرۈشۈمگە پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان بۇ كاساپەتتىن قانداق قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى تاپالماي، بېشىم تازا قاتتى. ئەسلىدە ئىشنىڭ يولىنى ئۇققان بولسامغۇ، چاندۇرماي يولغا سېلىپ قىرىغان بۇرۇنقى قىزلارغا ئوخشاش بۇنىڭ ئاغزىنىمۇ پۇل-پىچەك بىلەن مەھكەم ئېتىپ، ئاستىلا كەشىنى توغرىلاپ قويغان بولسام ياخشى بولىدىكەندۇق. قانداق بولدى، شەيتان ئازدۇردىمۇ بىلمىدىم، بىردەملىك ھېسسىياتقا بېرىلىپ كېتىپ، ئالدىراپ-تېنەپ ئۇنى ئۆز ئەمرىمگە ئېلىپ قويۇپتىمەن ئەمەسمۇ! مانا ئەمدى ئۇ قانۇنلۇق خوتۇنۇمغا ئايلىنىۋالدى.

ھېلىقى سالاپەتلىك، ئەدەپ-ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك ساتتاروپ نەگە كەتكەندۇ؟ ئۇنىڭ ئورنىغا ساتتاروپنىڭ تەلەتگە كىرىۋال-غان بىر يالماۋۇز پەيدا بولۇپ قالغان بولمىسۇن يەنە! ياق! بۇ، ھېلىقى ساتتاروپنىڭ دەل ئۆزى! ناھايەت زىننەت ئۇنىڭ ئۇستى-گە يېپىنىۋالغان ئادەم تېرىسىگە قاراپلا "راستىنلا ئادەم بولسا كېرەك" دەپ ئويلاپ، ئالدىنىپ قالغان. ئۇنىڭ ئىچىدىن ئۆتەر رەزىل ماھىيىتىنى، چىرىپ كەتكەن ئىچكى دونياسىنى كۆرەل-مىگەن. ھازىرلا ئېتىلىپ كىرىپ رەسۋاسىنى چىقىرىش كېرەك-مۇ ياكى ئۇلارنىڭ ئويۇننى ئاخىرىغىچە كۆرۈپ بېقىش كېرەك-مۇ؟...

زىننەت ھويلىنى بىر ئايلىنىپ، ئۆزىنى تۇختىتىۋالغاندىن كېيىن مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار زىننەتنىڭ تۇيۇقسىز ئۇسسۇپ كىرىشىدىن دەسلەپدە ئاز-تولا ھودۇقتى، لېكىن ھايالسىزلا چىراينى كۈلكىگە زورلىشىپ، ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، ھاراق قۇيدى. ئۇ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى رومكا ئۇزۇم ھارىقىنى تەكەللۇپ قىلمايلا ئىچىۋەت-تى، كۆزى بولسا ساتتاروپنىڭ يانچۇقى ۋە قولىدىن ئايرىلمايت-تى. ئۇ قەستەن ئەينەكلىك ئىشكاپنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرگەن بولۇپ، ئۇلارغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇردى. ئىش-كاپ ئەينىكىدىن ساتتاروپنىڭ يانچۇقىدىن ھېلىقى قۇتىنى چىقى-رىپ، ئۇنىڭ رومكىسىغا دورا تۆكۈۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆردى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ ھېچنېمىنى بىلمىگەن بولۇپ جايىغا كې-لىپ ئولتۇردى.

—قېنى، بۇ رومكىنى گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى زىننەتنىڭ

هامان تاشلىۋېتەتتىم. مانا ئەمدى كەم ئەقىللىقلىقىمدىن، ئۆ-
زۈمنىڭ پۈت-قولىنى ئۆزۈم چۆشەپ ئولتۇرامدىمەن! سىلىدى-
كى كاللا مەندىمۇ بولغان بولسا بۈنچىلىك كۈنگە قالماستىم،
ھەي ئىست!

—كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ئۇكا! —دېدى بوساقوپ ئاقىل-
لارغا خاس سالاپەت بىلەن مەسلىھەت بېرىپ، —ھېلىقى دوراڭ-
نىڭ كۈچىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانساڭ ھەممە ئىش توغرىلىنىپ
كېتىدۇ.

—توغرا-توغرا، شۇنداق قىلاي! —ساتتاروپ ھاياجانلانغان
ھالدا رومكىغا ئۆزۈم ھارىقىدىن تولدۇرۇپ قويۇپ، بوساقوپكا
ئۇزاتتى، -ناۋادا زىنىنەت ئويغىنىپ كېتىپ مەخپىيەتلىكنى سى-
زىپ قالغۇدەك بولسا، يا ئۆزى ئاجرىشىپ كېتىشنى تەلەپ
قىلار، يا بولمىسا ئاشۇنداق تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالار. «كۆڭلۈم
كۆتۈرمىدى، ۋىجدانىم چىدىمىدى» دەپ غەلۋە قىلىپمۇ يۈرمەس.
بۇندىن كېيىن شەخسى تۇرمۇشۇمغا ئارىلاشماسلىقى ۋەدە بەرسى-
لا، ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپ يۈرمىسەممۇ بولۇۋېرىدۇ.
ئادەم ئىتتىنمۇ باقىدۇ ئەمەسمۇ، بىرەر توغرام نان دېگەننىڭ
كارى چاغلىق!

باشقا چاغلار بولغان بولسا زىنىنەت ئاللىقاچان ھوشىدىن
كېتىپ قالغان بولاتتى، بۈگۈن نىمشىقىدۇ ئۆزىنى ئاخىرىغىچە
چىڭ تۇتتى. ئۇلارنىڭ يۈرەكنى تال-تال يېرىۋەتكىدەك سۆزلى-
رىنى ئازابقا بەرداشلىق بېرىپ ئاخىرىغىچە ئاڭلىدى. ھازىر
بىرلا ئىشقا تولىمۇ ھەيران ئىدى: شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇ
مۇشۇ ساتتاروپ بىلەن قانداق قىلىپ بىللە ياشاپ كەلدىكىنە؟

سۆز ئۇنچىلىرىغا جور بولۇۋاتقاندەك، كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆك-
سىدىكى قارا شىفىڭ دۇخاۋا كۆڭلىكى ئۈستىگە توختىماي تام-
چىلايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قانداقلارچە ئالدىنىپ قېلىپ ساتتارۇپ-
نىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى ئۈستىدە توختىلىۋاتقاندا،
غەزەپكە كەلگەن شۆھرەتنىڭ گويا رەقىبىنى يەنچىۋەتمەكچى بو-
لۇۋاتقاندەك، مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلى-
تىۋاتقانلىقىنى، ئىككى تامچە ياشنىڭ ئاي نۇرىدا ئاقىرىپ كۆ-
رۈنگەن مەڭزىدە پارقىراپ قالغانلىقىنى بايقىغان ۋە ئۇنىڭ ئۆزد-
گە سەمىمى تەسەللى بېرىشىدىن، چوڭقۇر ھېسسىداشلىق قىلى-
شىدىن كۆڭلى سۆيۈنۈپ، خېلىلا يېنىكلىشىپ قالغان ئىدى.
زىننەت ئاخىرىدا گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتىش قارارىغا كەلدى.

— سىزنىڭ ئېيتقانلىرىڭىز پۈتۈنلەي توغرا ئىكەن، — دېدى
ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتىپ، — سەمىمى ئاگاھلاندۇرۇشلىرىڭىزغا قۇ-
لاق سالماي ئاشۇنداق كۈنگە قالدىم، ئەمدى پۇشايماننى ئالىد-
غانغا قاچا يوق، سىزگە ھەقىقەتەن يۈز كېلەلمەيمەن. لېكىن
ياخشى ئاتىنىڭمۇ مۇدۇرۇپ كېتىدىغان چاغلىرى بولىدىغۇ، كەچۈ-
رۈشىڭىزنى سورايمەن!

— مەن سىزنى بۇرۇن ھەقىقەتەن چىن قەلبىمدىن ياخشى
كۆرەتتىم! — دېدى شۆھرەت ئۇزۇنغىچە داۋاملاشقان ئېغىر سۈ-
كۈتتىن كېيىن ئېغىز ئېچىپ، — لېكىن سىز راھەت-پاراغەتنى
چىن مۇھەببىتىمىزدىن ئۈستۈن كۆرۈپ، مېنى ھىجران ئوتىغا
تاشلاپ كېتىپ قالدىڭىز. چوڭ-كىچىك ئوندەك ماشىنىدىن
تەركىپ تاپقان قىز كۆچۈرۈش كارۋىنى ھەيۋەتلىك سەپ تارتىپ
شەھەرگە قاراپ يولغا چىققاندا، غۇيۇلداپ ئايلىنىۋاتقان چاقلار

سالامەتلىكى ئۈچۈن كۆتۈردۇق!— دېدى ساتتاروپ تەنتەنە بىلەن،— ئالە قولۇڭغا زىننەت! بىر كۆتۈرۈشتىلا قۇرۇقداي-مىز!

—بۇ مېنىڭ سىزگە بولغان كۆڭلۈم!—دېدى زىننەت قۇ-رۇقدالغان رومكىسىنى شىرە ئۈستىگە قويۇۋاتقان ساتتاروپقا قاراپ،—بۇنىمۇ قوشۇپ ئىچىۋېتىڭ، تېنىڭىزگە ماغدۇر كىر-دۇ، قولۇمنى قايتۇرىۋەتسىڭىز رەنجىپ قالىمەن!

—بۇ...بۇ...—ساتتاروپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي دۇدۇق-لاپ قالدى،—ھەركىم ئۆزىنىڭكىنى ئىچىشى كېرەك. قارىغى-نا، بوساقوپكامۇ ئۆزى ئىچتىغۇ، ئىچىۋېتە. ئادەم دېگەن بى-رەر رومكا هاراقنى ئارتۇق ئىچكەنگە ھېچنېمە بولمايدۇ!

—ئىچىشكە جۇرئەت قىلالماسىز؟ ئىچمىسىڭىز مانا ئەمى-سە!—زىننەت قولىدىكى رومكىنى ساتتاروپنىڭ يۈزىگە ئاتتى، — بۇنى داپتىن قېلىن يۈزىڭىز ئىچسۇن، تويماس نەپسىڭىز بىر قېنىۋالسۇن!...

يۈرىكى زېدە بولۇپ كەتكەن زىننەت شۆھرەتنىڭ ئالدىدا يۈقىرىقىلارنى قانداقمۇ ئېغىزىدىن چىقىرالىسۇن؟ ئۇ ناھايەت شۆھرەتنى قانداق سېغىنغانلىقىنى، سۆيگەن يارىدىن ئايرىلىپ، مۇھەببەتسىز تۇرمۇش كۆچۈرۈشنىڭ نەقەدەر ئازابلىق ئىكەنلى-كىنى، ئاخىرى ھىجران ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەي يۇرتقا قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەسىرلىك سۆز-ئىبارىلەر بىلەن ئىزھار قىلدى. يىقىندىن بۇيان ئەلچىلەرنىڭ تولا كېلىپ بېشىنى ئاغ-رىتىۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇمىدى. كۆز ياشلىرى گويا ئاغزىدىن ئۈزلۈكسىز تىزىلىپ چىقىۋاتقان

قولدەك ئايان. بارچە گۇناھ ئۆزىدە تۇرسا، قاپ كۆتۈرۈپ نەگىمۇ بارسۇن؟ شۇڭا ئۇ بىر ھازا ئىچ-ئىچىدىن ئېچىنىپ يىغلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز يېشىغا ئىنتايىن مۇرەككەپ ھېسسىيات — ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكىگە بولغان ئۆكۈنۈش، شۆھرەتنىڭ ئۆزىنى كەچۈرمەسلىكىگە بولغان ئاغرىنىش ھېسسىياتى مۇجەسسەملەنگەن ئىدى.

شۆھرەت توساتتىن ھۆركىرەپ يىغلاشقا باشلىغان زىننەتكە قاراپ، تىڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن چېكىدىن سەل ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى بولغاي ئەتىمالىم، يۈزى بىردىنلا شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى، پۈتۈن ۋۇجۇدى خىجىلچىلىق ئىچىدە ئوت بولۇپ ياندى.

— سىزنى قاتتىق رەنجىتىپ قويدۇم-ھە! — دېدى ئۇ تېخىچە ئېسەدەپ يىغلاۋاتقان زىننەتكە قاراپ، — ئۆزۈمنىڭ قورساق كۆپىكىنى چىقىرىۋېلىشىنىلا ئويلاپ، سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىز بىلەن ھېسابلاشماپتىمەن. قوپاللىقىمنى كەچۈرۈڭ، زىننەت!

شۆھرەت شۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا، يۈرىكىنىڭ ئىختىيارسىز پىژىلداپ ئېچىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ ئۆز ئىچىدە زىننەتنى ھېلىمۇ چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئادەمنىڭ ھېسسىياتى نېمىدېگەن مۇرەككەپ ھېسسىيات-ھە! سۆيگەن يارىڭنىڭ ۋىسالىغا يېتىش كويىدا يۈرگىنىڭدە كۆزۈڭگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ. بۇ يولدا ھەتتا ئېزىز جېنىڭدىن كېچىشتىنمۇ ئايانمايسەن. خۇددى پەرھاتقا ئوخشاش ئەقىل-پاراستىڭ، ئەقىدەڭ، چىن مۇھەببەتكە بولغان تەشنالىقىڭ ۋە چىدام-غەيرىتىڭگە تايىنىپ، تاغ

ئاستىدىن قوزغالغان چاڭ-توزانلارغا مىلىنىپ قەيەرلەرگىچە يۈگۈرۈپ بارغانلىقىمنى بىلمەيمەن، ئاخىرى ھالىمدىن كېتىپ يىقىلدىم... شۇ چاغدا قانچىلىك ئازابلانغانلىقىمنى، قانداق ھېسسىياتتا بولغانلىقىمنى چۈشىنەمسىز؟ ھەتتا ھاياتىمدىن ۋاز كەچمەكچىمۇ بولدۇم، دەريا بويىغا نەچچە قېتىم باردىم. شۇ ئازابلىق كۈنلەردە ماڭا بىر ئېغىز تەسەللى بەرگەن بولسىڭىزچۇ، كاشكى!...

شۆھرەت شۇ تاپتا ئۆز دەردىنى ئىزھار قىلىش بىلەن بەنت ئىدى. لېكىن بۇ گەپلەر چوڭ ئۈمىد بىلەن كەلگەن زىننەتنىڭ يۈرىكىگە ئوتتا قىزىتىلغان زىختەك گاچچىدە سانجىلدى. ئۇ ئەلەم ۋە خورلۇققا چىدالماي ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. ئۇ شۆھرەتنىڭ ئىنتايىن كەڭ قورساق، پەزىلەتلىك يىگىت ئىكەنلىكىدىن زادىلا گۇمان قىلىپ باققان ئەمەس. مانا ئەمدى ئاشۇنداق ئېسىل يىگىتمۇ قاراپ تۇرۇپ زەھەردىن ئاچچىق سۆزلەرنى ئېغىزىدىن چىقىرىپ، ئۇنىڭ يۈرەكتىكى يارىسىغا مەلھەم ئەمەس، تۇز سېپىۋاتىدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇمۇ خام سۈت ئەمگەن بەندىلەردە بولىدىغان بەزى چاكىنىلىق، چىدىماسلىقتىن خالىي ئەمەس ئىكەن-دە! ئاھ ئادەملەر، سىلەر بارغانسېرى نامەردلىشىپ كېتىۋاتامسىلەر-قانداق؟ چۆچەكلەردە تەسۋىرلەنگەندەك ھەقىقى ۋاپادار يىگىتلەر، جانانىنىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن ھەر قانداق خورلۇقلارغا چىدايدىغان، ھەتتا قىلچە ئىككىلەنمەي ئۆز جېنىدىن ۋاز كېچىدىغان مەردانە يىگىتلەر قالمىغانمۇ-نېمە؟... زىننەت بۇ سۆزلەرنى ئېغىزىدىن چىقىرالمايتتى. چۈنكى سەۋەنلىكنىڭ ئۆزىدىن ئۆتكەنلىكى ئۇنىڭغا بەش

پايدام كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ھاياتىمغا يېڭى بىر مەنا بەخش ئەتتى.

—مەن بۇلارنى ئەمدى چۈشىنىۋاتىمەن، —دېدى زىننەت ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، —ئۆز بېشىمدىن بىۋاسىتە كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىم ئارقىلىق ئادەمگە بىكارچىلىقتىن ئارتۇق ئازاب يوق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، كېيىنچە ھاياتنىڭ ھەقىقى مەنىسى، قەدىر-قىممىتى ئۈستىدە ئويلىنىدىغان بولۇپ قالغان ئىدىم. مۇشۇنداق چاغلاردا ھەمىشە سىزنىڭ ھېلىقى ئايدىڭ كېچىدە قىلغان سۆزلىرىڭىزنى ئەسلەپ قالاتتىم، بۇ سۆزلەر ماڭا ئىلھام بېغىشلايتتى، ئېزىپ چۈشۈپ قالغان تۇزاقتىن بالدۇرراق قۇتۇلۇشقا ئۈندەيتتى... ئۇچاغدا ھەقىقەتەن ھېچنېمىدىن قىسىلمايتتىم، يەي دېسەم ياخشى تاماق، كىيەي دېسەم ئېسىل كىيىم-كېچەك بارئىدى، لېكىن كىممۇ مېنى ھاياتىڭنى ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈۋاتىسەن، باشقىلارغا نەپ بېرىۋاتىسەن دەپ باققان؟ ھېچكىم! چۈنكى ئۇچاغدا مەن ئۆزۈمدىن باشقا ھېچكىمنىڭ غېمىنى يەپ باقمىغان ئىدىم. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن زاۋۇتىڭىزغا ئورۇنلاشتىم، ئاز-تولا نەتىجىمۇ قازاندىم. مانا ھازىر ئايىمخان ئاچا بىلەن ئەيسا بوۋا نەدىلا كۆرسە ئالدىمنى توسۇپ: ”ئەمدى ئەقلىڭنى تاپتىڭ، قىزىم، ياخشى ئىشلە، خودا ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلغاي!...“ دەپ دۇئا قىلىدۇ. بۇنى ئەلۋەتتە ئۆز ئەمگىكىمىز بىلەن ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولغانلىقىمىزدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا سىزگە بارغانسېرى ئىچ-ئىچىمدىن قايىل بولۇۋاتىمەن، ھەمدە سىزدىن ئايرىلىپ ياشىيالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلىۋاتىمەن.

يېرىشقا بەل باغلايسەن. مىڭبىر جاپا-مۇشەققەتتە تاغنى يېرىپ، سۇپسۇزۇك سۇنى ۋىسال دەرياسىغا باشلاپ كەلگىنىڭدە، تۆت كۆز بىلەن زارىقىپ كۈتكەن مەشۇقۇڭ سېنى ھىجران چۆلىگە تاشلاپ كېتىپ قالسا، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىڭ بىر دىنىلا نەپ-رەتكە ئايلىنىدۇ-دە، غەزىپىڭگە پايلىماي، شىر دەك ھۆركىرى-گەن پېتى ئېتىلىپ بېرىپلا ئۇنى يەرگە باسماقداپ بېسىپ، ۋاپاسىز تىنىنى نەپرەت تىرنىقىدا تىتىپ پارە-پارە قىلىۋەتكۈڭ كېلىپ كېتىدۇ! ئەسەبىيلەشكەن بۇ چاغلاردا كەڭ قورساقلىق، كەچۈرۈم دېگەنلەر يادىڭغا كېلىپمۇ قويمايدۇ. ئېھتىمال دۇنيادا مۇھەببەتنىڭ نەپرەتكە ئايلىنىشى ھەممىدىن بەك قورقۇنچلۇق بولسا كېرەك. شۇ ۋەجىدىنمىكىن، شۆھرەتمۇ باياتىن ئوغۇل بالىچىلىقتا يات ھالدا زەھەرلىك تىل نەشتىرىنى سانجىپ، بىچا-رە زىننەتنىڭ يۈرىكىدىكى كونا جاراھەت ئۈستىگە يېڭى جاراھەت قوشتى. ئۇ، ئاستا-ئاستا ئېسەدەشتىن توختىغان زىننەتكە يې-قىنلىشىپ، ئۇنىڭ مۇزلاپ كەتكەن قولىنى چىڭ تۇتقىنىچە دېدى:

— ئۆزىڭىزنى بۇنداق ئازابلاۋەرمەڭ، زىننەت، چىداملىق بولۇڭ. مەنمۇ ئەينى چاغدا ھاياتىمنى ئاشۇنداق بىھۇدە ئاخىرلاش-تۇرۇشنىڭ تولىمۇ ئەخمىقانە بىر ئىش ئىكەنلىكىنى، مېنىڭ قىلىشىمنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان نۇرغۇن ئىشلارنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ، ھېلىقى نىيىتىمدىن يانغان ئىدىم. ئىگىلىك يارىتىش يولىدىكى تىرىشچانلىقىم ئارقىلىق دەرد-ئەلەملىرىمنى بارا-بارا ئۇنتۇپ، ھاياتنىڭ ھەقىقى مەنىسىنى، بەختىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندىم. باشقىلارغا يەتكۈزگەن

سىزنىڭ خاتالىقىڭىز دەل چىرايىڭىزغا ئارتۇقچە ئىشىنىپ كەت-كەنلىكىڭىزدە! شۇنى بىلىپ قويۇڭكى، زىنىنەت، چىراي گۈزەللىكى ۋاقىتلىق، قەلب گۈزەللىكى بولسا مەڭگۈلۈكتۇر!...

زىنىنەت ئەسلىدە بويۇن تولغاپ: "ئۆزىڭىزگە لايىق تېپىپ بولغان ئادەم يەنە مېنى كولدۇرل ىپ يۈرگىنىڭىز نېمىسى؟" دېمەكچى ئىدى-يۇ، لېكىن شۇھامان بۇ گەپنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، لام-جىم دېمىدى. ئېھتىمال شۆھرەت زىنىنەتنىڭ قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنى نابۇت قىلىۋېتىشىنى خالىمىغاندۇ، "بىز بىلەن مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ ئالغا باسسۇن، ھەقىقى ھاياتلىق يولىنى تېپىۋالسۇن" دېگەندۇ. ئۇنى قانداقمۇ ئەيىبكە بۇيرىغىلى بولسۇن؟ ئۆزىنىڭ خاتا چۈشەنچىگە كېلىپ قالغانلىقىنى باشقىلاردىن كۆرگىلى بولامدۇ؟ ئۇنىڭ نەسىھەتكە قۇلاق سالماي تارتقان زىيانلىرى ئازمۇ؟ مۇشۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى پەيدا قىلغان كىم؟ باشقا بىرسى ئەمەس، ئۆزى! شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ شۆھرەتتىن ئاغرىنىشقا نېمە ھەققى بار؟ ھەممىنى ئۆزىدىن كۆرۈشى كېرەك!...

—بەختلىك بولۇڭ، شۆھرەت! —زىنىنەت تۇيۇقسىز شۆھرەتنىڭ قولىنى قاتتىق قىستى ۋە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ مېۋە كونسىرۋا زاۋۇتى تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ داغدا قالغان يۈرىكى ئۇنسىز يىغلىماقتا ئىدى.

1985-يىل 10-ئايدىن 12-ئايغىچە
بېيجىڭدا يېزىلدى.

مەن سىزنى سۆيىمەن، شۆھرەت! مېنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەڭ! مەن ...

زىننەت گېپىنى ئاخىرلاشتۇرا- ئاخىرلاشتۇرمايلا ئۆزىنى شۆھرەتنىڭ قوينىغا ئاتتى، ئۇنىڭ بويىنىغا چىڭ گىرە سېلىپ، پېشانىسىدىن تارتىپ بۇرنىغىچە، مەڭزىدىن تارتىپ لەۋلىرىگىچە ئەسەبىيلىك بىلەن سۆيۈشكە باشلىدى. شۆھرەت تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ھۇجۇمدىن ئەس-ھۇشىنى يوقىتىپ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي مەڭدەپ قالدى، كېيىن ئېسىنى يىغىپ، مىڭ تەس-لىكتە ئۇنىڭ باغرىدىن بوشاندى.

—كۆڭلىڭىزگە كەلسىمۇ گەپنىڭ راستىنى ئېيتمىسام بول-ماس، بۇ ئىشتا بەك كېچىكتىڭىز! —دېدى ئۇ تىكىرقاپ قالغان زىننەتكە قاراپ ئاۋازىنى ئىمكانقەدەر مۇلايىم چىقىرىشقا تىرى-شىپ، —ھىجران ئوتىدا ئۆرتىنىپ يۈرگەن شۇكۈنلەردە ماڭا بىر قىز يار-يۆلەك بولدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ساپ مۇھەببىتى بىلەن يۈرىكىمدىكى جاراھەتنى ساقايتتى. قەلبىمنى پۈتۈنلەي شۇ قىز-غا ئاتىۋەتكەن ئىدىم، ئەمدى قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا خىيانەت قىلسام بولماس. مېنى كەچۈرۈڭ، زىننەت!

—ئۇ قىز كىم؟

—ئىززەت!


—ئىززەت؟!

—ھەئە، شۇ ئىززەت! —دېدى شۆھرەت ئاۋازىنى سەل يۇ-قىرى كۆتۈرۈپ، —ئىشەنگىنىز كەلمەيۋاتىدۇ-ھە، بۇنى چۈشە-نىپ تۇرىمەن. ئۇ چىراي جەھەتتە ھەقىقەتەن سىزگە يېتىشەل-مەيدۇ، لېكىن چىراي ھەممىنى بەلگىلەشكە قادىر ئەمەس.

جانىۋارنى ئۇچرىتالماي ھەيرانۇ-ھەس بولدۇم. ئادەمنىڭ تېنى-
نى جۇغۇلدىتىدىغان قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈرگىمۇ كىرىپ باقتىم،
تاغ يانباغرىدىكى بولۇق چۆپلۈكلەردىن تارتىپ ئېگىز چوققىلاردا
مەغرۇر قەد كېرىپ تۇرغان قېرى قارىغايلارنىڭ تۈۋلىرىگىچە
ئالا قويماي كىزىپ چىقتىم. بۇ يەرلەردە نە ئېيىق، نە بۆرە،
نە تۈلكىلەرنىڭ ئۇۋىسىمۇ، نە كىيىك، نە ئارقار، نە ئاغمىخان-
لارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. يىراق-يېقىندىن قۇش-قاناتلا-
رنىڭ يېقىملىق سايراشلىرىمۇ ئاڭلانمايتتى. ھەتتا بۇرۇنقى چاغ-
لاردا ھەربىر تۇپ چىغ تۈۋىدىن ياكى بولۇق چۆپلۈك ئارىسىدىن
پەرتتىدە چېپىپ چىقىپ، قولاقلىرىنى دىڭگايتىپ ئۇچقاندەك
قاچىدىغان توشقانلارنىڭمۇ نەسلى قۇرۇپ كەتكەندەك قىلاتتى.
زادى نېمە ئىشتۇ بۇ؟ ھەسرەتلىنىپ ئۇھ تارتىپ، چىملىققا
ئۆزۈمنى تاشلىدىم. قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكىمدىن بولسا كې-
رەك، كىرپىكلىرىم بىر-بىرى بىلەن جۇپلەشكىلى تۇردى.
كۆزۈمنى ئاچاي دەيمەن، ئاچالمايمەن. ھارغىنلىق ئاخىرى مې-
نى ئۇيقۇ دۇنياسىغا سۆرەپ كىردى...

بېشىنىڭ يېرىمى شىرغا، يېرىمى بۆرىگە ئوخشايدىغان غە-
لىتە بىر مەخلۇق قان تېمىپ تۇرغان ئاغزىنى يوغان ئاچقىنىچە
ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ئاۋاز چىقىرىپ، ماڭا شىددەت بىلەن ئېتى-
لىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاۋازى گاھ تاغۇ-تاشلارنى زىلزىلىگە سالى-
دىغان شىرنىڭ دەھشەتلىك ھۆركىرەشلىرىنى، گاھ چۆل-جە-
زىرىلەردە قىدىرىپ يۈرگەن ئاچ چىلبۆرىنىڭ ئەنسىز ھوۋلاشلى-
رىنى ئەسلىتەتتى. خېلى پىشقان، تەجرىبىلىك، يۈرەكلىك
ئوۋچى بولسامۇ، ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق، دەھشەتلىك ئاۋازىدىن،

# ئالتۇن گىرۋەكلىك ھاڭ



## مۇقەددىمە ئورنىدىكى ھېكايە

يوپۇرماق ئاراشلىرىدىن كۈن نۇرىمۇ شۇڭغۇپ ئۆتەلمەيدى-
غان بۆك-باراقسان ئورمانلىقلارمۇ، بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ
كەتكەن قويۇق چاتقاللىقلارمۇ، قىش-ياز سۈزۈك سۇلار شىل-
دىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان جىرا بويلىرىمۇ، مەخمەلدەك ياپيې-
شىل، مامۇق سېلىنچىدەك يۇمشاق چىمەنلىكلەرمۇ چۆلدەرەپ
قالغاندەك ئىدى. ئۇدا ئۈچ كۈن ئايلانسامۇ ئوۋلىغىدەك بىرەر

نى بىسىپ، قىتىپ قالغان تىلىمنى ئەيۋەشكە كەلتۈردۇم:
—مېنى يېسەڭمۇ يېگىن، لېكىن ئۆزۈڭنىڭ زادى قانداق هايۋان ئىكەنلىكىڭنى ئېيتىپ بەرمەي يېسەڭ كۆزۈم ئوچۇق كېتىدۇ!
—مېنىڭ نامىمنى تېخىچە ئاڭلىمىغانمۇسەنوي؟—ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ئاۋازى ئادەمنىڭ سوغۇق كۈلكىسىگە ئوخشاش ۋەھ-شىلىك، سۈرلۈك ئىدى،—بىلمىگەن بولساڭ بىلىۋالغىنىكى، مۇبارەك نام-شەرىپىم: غەلىتە تۆرەلمە، يەرگىنىشلىك مەخ-لۇق!
ۋاي تۇۋا، راستىنىلا ئاڭلاپ باقمىغان غەلىتىلا ئىسىمغۇ بۇ! دۇنيادا تېخى مۇنداق هايۋانلارمۇ بولىدىكەن-ھە!
—بۇ ئەتراپتىكى جان-جانىۋارلارنىڭ ھەممىسىنى سەن يەپ تۈگەتكەنمىدىڭ؟—مەن سەل دىدىللىشىپ، ئۇنىڭغا سوراقچى-دەك سوئال قويدۇم.
—مەن بولماي كىم بولاتتى!—ھېلىقى مەخلۇق كەينى پۇتى بىلەن ئۆرە بولدى-دە، گويا ئاچكۆزلىكى ۋە تويمىغۇرلىقى-دىن پەخىرلىنىۋاتقاندەك بىر خىل تەرزدە ئالدىنقى ئوڭ پۇتى بىلەن مەيدىسىگە ئۇردى،—دېمىسەڭمۇ، ئاكاڭ قارىغاي ھەممى-نى يەپ تۈگەتتى! ئەمدى سېنىڭ گۆشۈڭنى شىلىپ يەپ، سۆڭىكىڭنى پۇركۇۋېتىمەن-دە، ئازراق ماغدۇرىمنى يىغىۋالغان-دىن كېيىن باشقا جايلارغىمۇ ھۇجۇم باشلايمەن!
—قالتىس ئىشتەيلىك ئوخشىمامسەن!—مەن ئۇنى مەسخى-رە قىلىپ سوغۇق كۈلدۈم.
—ئىشتىيىم ھەرھالدا يامان ئەمەس!—ئۇ مېنىڭ مەسخىرە

پۈتۈن دۇنيانى ھازىرلا ھاپ ئېتىۋېتىدىغاندەك يوغان ئېچىلغان قان يۇقى ئاغزىدىن چۆچۈپ، دەماللىققا نېمە قىلىشىمنى بىلەل-مەي قالدىم. بىردىنلا پۈتۈن ئەزايىمغا تىترەك ئولاشتى، ھەر-قانچە غەيرەت قىلساممۇ مىلتىقىمنى قولۇمغا ئالالمىدىم.

—ئەجەب ئوبدان كەپسەن! —دېدى ھېلىقى مەخلۇق تۇيۇق-سىز زۇۋانغا كېلىپ، —ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالغان ئىدىم، خۇدا رىسقىمنى يەنە ئەۋەتىپتۇ. ئورۇق بولساڭمۇ ھەرھالدا بىر ۋاقلىق تامىقىمغا ياراپ قالغۇدەكسەن!

ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ ماڭا يېقىنلاپ كەلدى.

ھەيرانلىق ۋە قورقۇنچ ئىچىدە تىلىم گەپكە كەلمەي قالدى. پاجىئەلىك تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىمنى پەملەپ، كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمۇۋالدىم.

—كۆزۈڭنى ئاچ دەيمەن! نېمانداق قورقۇنچاق بىرنېمە سەن؟!

دەھشەتلىك ئاۋازدىن قورقۇپ كۆزۈمنى لاپپىدە ئاچتىم. ھېلىقى مەخلۇق مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك بىرخىل قىياپەتتە بېشىمدا دۈۋەيلەپ تۇرۇپتۇ.

تا مۇشۇ ئۆمرۈمگە كەلگىچە دۇنيادا ئادەمدەك سۆزلىيەلەي-دىغان ھايۋانلارمۇ بار دېگەن گەپنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. بەربىر ئۆلىدىغان ئىش بولغاندىكىن، نېمىدىن قورقىمەن؟ بە-لىشكە قىزىققان بىرەر ئىشنىڭ سىرىنى بىلمەي ئارماندا ئۆلۈپ كەتكەندىن كۆرە بىلىۋېلىپ ئۆلگەن ياخشى ئەمەسمۇ. ئۇنىڭ زادى قانداق ھايۋان ئىكەنلىكىنى بىر سوراپ باقايچۇ!...

يۇقىرىقى ئوي-خىياللىرىم ماڭا مەدەت بەردى، تىترىگىنى-

—سېنىڭ ئۆلۈش-ئۆلمەسلىكىڭ بىلەن نېمە كارىم؟— ھېلىقى ئادەم قاپىقىدىن قار-مۇز ياغدۇرغان ھالدا ئارىدەك قول-لىرىنى سوزۇپ گېلىمدىن بوغدى، —قوغدىلىدىغان ھايۋاننى ئۆلتۈرگەن ئىكەنسەن، سېنى قانۇن بويىچە جازالاش مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم، بىلدىڭمۇ!

ئۇ شۇنداق دېگەچ يانچىسىدىكى كويزىدىن بىرىنى يۇلۇپ ئېلىپ، شالاقشىتىپ قولۇمغا سالدى.

—ماڭا ئۇۋال بولدى، ئۇۋال!—مەن تىپىرلىغاچ جان-جەھلىم بىلەن ۋارقىرىدىم، ئەلەملىك كۆز ياشلىرىم ئۈگۈپ كەتكەن مەڭزىمگە دومىلاپ چۈشتى.

—تولا كاڭشىما!—ئۇ بازغاندەك مۇشتۇمى بىلەن ئاغزىمغا بىرنى سېلىۋىدى، ئۇتتۇر ئىككى چىشىم ئاغزىمدىن ئوقتەك كەلگەن قانغا ئارىلىشىپ يەرگە چۈشتى، —ئەرزىڭ بولسا ئۇ ئالەمگە بارغاندا دەۋالارسەن!

ئۇ مېنى ئالدىغا سېلىپ، تېپىپ-دۈشكەلىگەن پېتى ئې-شەكنى ھەيدىگەندەك ھەيدەپ ماڭدى، بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ، ئۇنجىقماي مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇم. ماڭا-ماڭا، بىر تىك يار-نىڭ لېۋىگە كېلىپ قالغانلىقىمنى سەزدىم—دە، ئىختىيارسىز قەدىمىمنى توختاتتىم.

—ماڭ دەيمەن، خۇمسى، ماڭ!—مېنى ھەيدەپ كېلىۋات-قان ھېلىقى ئادەم دەھشەتلىك ھۆركىرىدى، —ماڭمىساڭ كۆر-گۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن، ھېلى بىكا!...

ئۇ تىك يار ئالدىغا كېلىپ قالغىنىمىزنى راستتىنلا تۇيمى-دىمۇ ياكى قەستەن خۇپسەنلىك قىلدىمۇ، ئەيتاۋۇر، تېخى گېپى-

قىلىۋاتقىنىمنى سەزمىگەندەك كۆرەڭلەشكە باشلىدى، — قاراپ تۇر تېخى، بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى پۈتۈن دۇنيانى بىر دولىلا ھاپ ئېتىۋەتمەيدىغان بولسام، خەپ!...

ئاھ خۇدا، راستىتىنلا قارنى بالا بىر نېمە ئىكەنغۇ بۇ! بۇ كاساپەت تىرىك بولسىلا پۈتۈن دۇنيادىكى جان-جانىۋارلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇۋەتكۇدەك. شۇنچە يىل بىكار ئوۋچىلىق قىلدۇممۇ مەن! بىر ئامال قىلىپ، بىگۇناھ، ئاجىز جان-جانىۋارلارنى بۇ بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇراي!...

كۆڭلۈمدە مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ، ھېلىقى مەخلۇق خۇدىنى يوقاتقان ھالدا كۆرەڭلەپ تۇرغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مىلتىقنى غاچچىدە قولۇمغا ئالدىم-دە، ئۇنىڭ يۈرىكىنى قارىلاپ ئوق ئۈزدۈم. ئۇ تىك موللاق چۈشۈپ تىن تارتماي ئۆلدى. "ئۇھ!" دەپ يىنىك تىن ئېلىپ، خۇشاللىقىمنى ئىچىمگە سىغدۇرالمىغان ھالدا ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتىم.

—ھەي، نوقتىلىق قوغدىلىدىغان ئەتىۋارلىق ھايۋاننى ئۆلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلغان سەنمۇ؟

تۇيۇقسىز يان تەرەپتىن غەزەپلىك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇرۇلۇپ قارىسام، گەۋدىلىك بىر ئادەم پىيالىدەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ماڭا ئالىيىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ يانپېشىدا گىلدىڭلاپ تۇرغان بىر جۈپ كويزا قۇياش نۇرىدا كۈمۈشتەك پارقىراپ، ئالاھىدە كۆزگە تاشلىناتتى.

باياتىنقىدىنمۇ بەكرەك چۆچۈپ كەتتىم.

—ئۇ مېنى يەيمەن دەۋاتسا، ئۇنى ئۆلتۈرمىسەم، ئۆزۈم ئۆلمەيمەنمۇ؟—مەن غەيرەتكە كېلىپ ئۆزۈمنى ئاقلىدىم.

لەن، بىر كۈنى دادام بىلەن بىر ئىدارىدە ئىشلەيدىغان ھوشۇر
تاغام ئۆيىمىزگە ئالدىراپ-تېنەپ كىرىپ كەلدى، ئۇزايىدىن
قارىغاندا، ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىش بىلەن كىرگەندەك قىلات-
تى. ئۇ بۇرۇنمۇ ئۆيىمىزگە دائىم كېلىپ تۇراتتى. ھەر قېتىم
كەلگەندە، يا ماڭا بىرەر سىقىم تاتلىق كەمپۈت، يا دادامغا بىرەر
سېۋەت مېۋە-چېۋە ئالغاچ كېلەتتى. ”يېزىدىكىلەر بۇگۈن ئەۋە-
تىپتىكەن، مۇشۇنچىلىك ئالغاچ كىردىم، ئاز بولسىمۇ كۆپكە
تاۋاپ قىلىپ تېتىپ بېقىڭلار ئەمدى“ دەيتتى ئۇ سېۋەتنى تۇزۇت
قىلىپ ئالغىلى ئۇنىمايۋاتقان دادامنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇۋېتىپ.
دادام ئاخىرى: ”ۋاي بۇنچىۋالا كايىپ يۈرمىسەڭلارمۇ بولاتتى،
ھوشۇراخۇن!“ دەپ، قايتا-قايتا ھەشقاللا ئېيتاتتى. بەزى ئاخ-
شاملىرى ئۇلار ھاراق ئىچكەچ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتەت-
تى. يۈزىگە قانچە قىزىللىق يۇگۈرگەنسېرى بىر-بىرىگە قەلبى-
نى شۇنچە كۈچەپ ئىزھار قىلىشقا باشلايتتى. گەپ-سۆزلىرى-
نىڭ ئورامىغا قارىغاندا، ئۇلار جاپا-مۇشەققەتتىمۇ، ھۇزۇر-ھا-
لاۋەتتىمۇ بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدىغان، بىر-بىرىنىڭ دەردىگە
دەرمان بولىدىغان قىيامەتلىك ئاغىنىلەردىن ئىكەن. ھوشۇر
تاغام بۇگۈن قۇرۇق قول كەپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇرۇنقىدەك
بېشىمنى سىلاپ ئەركىلىتىپ قويۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا
ماڭا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمىدى. ئۇ دادامنىڭ: ”ئولتۇر-
سىلا، يۇقىرى ئۆتسىلە!“ دېگەن سۆزلىرىگىمۇ پەرۋا قىلماي
ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان پېتى ئېغىز ئاچتى:
— ۋېلىسىپىتلىرىنى بېرىپ تۇرسىلا، ئەمىتاخۇن! يېزى-
مىزغا شاققىدە بېرىپ كەلمىسەم بولمىدى. دادام قاتتىق ئاغرىپ

نى تۇگەتمەي تۇرۇپلا كۆتۈمگە بىرنى تېپىۋىدى، چوڭقۇر يارغا
موللاقلاپ چۈشۈپ كەتتىم-دە، قورقىنىمدىن دەھشەتلىك چىر-
قىرىۋەتتىم ...

توۋا، بۇ قانداق چۈش؟ خىياللىرىم چېچىلغان ھالدا، ئۆز
ئورنۇمدا بىر ھازاغىچە ئۆلۈكتەك جىم ياتتىم. كۆزۈمنى ئاچقان
بولساممۇ، ئەتراپقا تۈزۈكرەك بىرقاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمى-
دىم. چۈنكى مېنى يەنە قانداق قىسمەتلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقى-
نى كىم بىلسۇن؟...

—— بىر ئۇۋچىنىڭ خاتىرە دەپتىرىدىن.

* * *

كىچىكىمدىنلا راستچىل بالا ئىدىم، ئاتا-ئانامنىڭ "ئۆلۈپ
كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ راست سۆزلە، يالغان سۆزلەش
ئۇيات!" دېگەن سۆزلىرىنى زادىلا ئېسىمدىن چىقارمايتتىم.
مەكتەپكە كىردىم، مۇئەللىملەرمۇ ئاتا-ئانامغا ئوخشاشلا راست
سۆزلەش توغرىسىدا تەربىيە بەردى. "زۆرۈر تېپىلغاندا يالغان
سۆزلىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ" دەيدىغان مۇئەللىمدىن بىرنىمۇ ئۇچ-
راتمىدىم. بىراق يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا، سەۋىيەمنىڭ ئۆ-
سۈشىگە، كۆزىتىش ۋە تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىمنىڭ كۈچىيى-
شىگە ئەگىشىپ، ئېغىزدىكى گەپ بىلەن ئەمەلىيەت ئوتتۇرىسىدا
ناھايىتى چوڭ پەرق بارلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. مەسى-

قورقۇپ ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم.

— ئەستاغپۇرۇللا! — ھوشۇر تاغام ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ مېڭگۈۋىدى، دادام ھوشۇر تاغامدىنمۇ بەك-رەك تىت-تىت بولۇۋاتقان، گويا قوقاسقا دەسسىۋالغان توخۇدەك تىپىرلاپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قېلىۋاتقان بىرخىل قىياپەتتە ئالدىراپ-تىنەپ قوشۇمچە قىلدى:

— رېمونتخانىغا ئاپىرىپ باقامدۇق-يا، ھوشۇراخۇن؟ يىلى-نىپ باقساق، رېمونتچى ئۇستاملار بىر-ئىككى سائەت ئىچىدە دەماللىققا مىنىپ تۇرۇشقا يارىغۇدەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ بەرسە ئەجەب ئەمەس!

ناۋادا ھوشۇر تاغام: ”ماقۇل، شۇنداق قىلساقمۇ قىلايلى!“ دەۋەتكەن بولسىغۇ ئىش تازا ئوخشايتتى، ئۇ چاغدا دادام نېمە دەيتتىكىن-تاڭ؟ لېكىن ھوشۇر تاغام مېنىڭ دادام-دىنمۇ بەكرەك جىددىلىشىپ كەتكەنلىكىمنى تۇيۇپ قېلىپ، بىزنى ئۇسالچىلىقتىن قۇتقۇزماقچى بولغاندەكلا قولىنى بوشقىنا سىلكىدى:

— بولدىلا، ئۆلگۈرمەيدۇ. ئاسىم ئاخۇنىڭكىگە بېرىپ با-قاي!

ھوشۇر تاغام چىقىپ كەتكەندىن كېيىن دادامدىن ھەيران بولۇپ سورىدىم:

— نېمە قىلغىنىڭ بۇ، دادا؟ ئۆزۈڭ ماڭا يالغان سۆزلىمە دەپ ئۆگىتىۋاتاتتىڭ، ئەمدى ئۆزۈڭ يالغان سۆزلەۋاتىسەنغۇ!

— ھەي، سەن تولا ساقالغا ياماشما! — دېدى دادام ئاچ-چىقلاپ، — كىچىك بالا دېگەن چوڭ ئادەملەرنىڭ ئىشلىرىغا ئارى-

قاپتۇ، كەچ بولۇپ قالغاندا ماشىنا تېپىشمۇ تەسكە چۈشىدىغان-
دەك تۇرىدۇ.
—ئاپلا، ماۋۇ كېلىشمەسچىلىكنى قارىمامسىلەر، ھوشۇرا-
خۇن،—دېدى دادام يوتىسىغا پاققىدە بىرنى ئۇرۇپ، گويا ئىنتا-
يىن ئەپسۇسلىنىۋاتقاندەك بىر خىل قىياپەتتە،—ئىشتىن چۈ-
شۈپ قايتىپ كېلىۋاتسام، دوقمۇشتىن تۇيۇقسىز بىر قارا ماشى-
نا ئۇچقاندەك چىقىپ كەلمەسمۇ! ئالدىراشچىلىقتا رولنى شاققى-
دە يانغا بۇرىۋىدىم، يول بويىدىكى سۇۋادان تېرەككە سوقۇلۇپ
كېتىپ، ۋېلىسىپىت بىلەن ئېرىققا دۇمىلاپ چۈشتۇم. مىڭ
تەسلىكتە ئورنىمدىن تۇرۇپ قارىسام، ۋېلىسىپىتنىڭ ئالدى
چاقى ماكچىيىپلا كېتىپتۇ. شوپۇرنىڭ ياقىسىدىن ئالاي دېسەم،
ماشىنىسىنى غۇيۇلدىتىپ ھەيدەپ قېچىپ كەتتى ئۇ كاساپەت!
ئىچىمدە مىڭنى تىللاپ، ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن ۋېلىسىپىتنى
ئۈشنەمگە ئارتىپ ئاران ئۆيگە ئەپكېلىۋالدىم.
مانا قىپقىزىل يالغان! قارىسام، شۇ گەپلەرنى توقۇپ چى-
قىۋاتقاندا، دادامنىڭ يۈزى قىزىرىپمۇ قويمىدى. ھېچ بولمىغاندا
نومۇستىن كۆزىنى بىرەر قېتىم مىت قىلىپ قويسىچۇ، كاش-
كى! ئۇ شۇنداق تەبىئىي سۆزلىدىكى، ناۋادا مەن دادامنىڭ
ۋېلىسىپىتنى تېخى بۇنىڭدىن يېرىم سائەت ئىلگىرى غۇيۇلدى-
تىپ مىنگەن پېتى ھويلىغا كېرىپ، كۆمۈرخانىمىزغا ئەپكىرىپ
قويغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولسام، ئۇنىڭ ئەشۇ
يالغان-ياۋىداق سۆزلىرىگە ئىشىنىپ قالغان بولاتتىم. ”بۇ گەپ-
لەر يالغان! ۋېلىسىپىت كۆمۈرخانىدا ساپساق تۇرۇپتۇ“ دەپ
ۋارقىرىۋەتكۈم كېلىپ كەتتى. لېكىن دادامنىڭ ئاچچىقىدىن

باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ئىمتىھانى يېقىنلاپ قالغان چاغلاردا دادام مەكتىپىمىزنىڭ ئىلمىي مۇدىرى شۈكۈر تاغىنى بىر قانچە قېتىم ئۆيگە چاقىرىۋالدى. ئۇلار هاراق ئىچكەچ ئاللىقانداق بىر مۇھىم ئىش ئۈستىدە ئۇزاق پاراڭلاشتى. كېيىن شۈكۈر تاغام ماڭا بەزى دەرسلەرنىڭ مەلۇم جايلىرىنى نۇقتىلىق يادلىۋېلىشنى تاپىلاپ، ”ئىمتىھان سوئالى شۇ يەردىن چىقىرىلمادۇ- يوق، هازىرچە بىر نېمىدەپ بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ شۇ يەرلەرنى پىششىق ئۆزلەشتۈرۈۋالساڭ يۇقىرى نومۇر ئېلىپ، نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆتۈپ قالامسەن تېخى! لېكىن بۇنى ساۋاقداشلىرىڭغا تىنغۇچى بولما جۇمۇ!“ دېدى. مەن ئارىسالدى بولغان هالدا شۈكۈر تاغام ئېيتقان جايلارنى سۇدەك يادلىۋالدىم، پىششىق تەكرارلىدىم. راست دېگەندەك، ئىمتىھان سوئالى شۇ يەردىن چىقىپ قالامسۇ! ئوتتۇرا هال ئوقۇپ كېتىۋاتقان ئادەم مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىدا بىر سەكرەپلا ھەممەنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتىم. بۇنىڭغا ئەلاچى ساۋاقداشلىرىم هاڭ-تاڭ قېلىشتى. مائارىپ ئىدارىسىدىن كەلگەنلەر: ”قانداق قىلىپ مۇشۇنداق يۇقىرى نومۇر ئالالىدىڭ؟“دەپ سورىۋىدى. مەن قىلچە ئىككىلەنمەستىنلا: ”شۈكۈر تاغام كۆرسىتىپ بەرگەن نۇقتىلىق جايلارنى پىششىق تەكرارلىغاچقا، شۇنداق يۇقىرى نومۇر ئالدىم!“دەپ جاۋاب بەردىم.

— هە؟ !— ئۇلار گويا بېشىدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇ قويۇۋېتىلگەندەك ئەندىكىپ كېتىشتى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي هاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدىم. مۇشۇ بىر ئېغىز راست گېپىم تۈپەيلىدىن شۈكۈر تاغامنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىقىدىن ئې-

لاشمايدىغان. ماڭ، ئۆيۈڭنىڭنى ئۆينا، قالغىنىنى چوڭ بولغاندا چۈشىنىپ قالىسەن!

— نېمىنى چۈشىنىپ قالىمەن، دادا؟

— ئاپلا، ماۋۇ بالىنى! — دادام مېنى ئۇرماقچى بولۇپ، قولىنى كۆتۈرۈپ بولۇپ، نېمىنىدۇر ئويلىغاندەك توختاپ قالدى، ئارقىدىن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — سەن تېخى كىچىك، جىق ئىشلارنى ئۇقمايسەن، بالام. ئىدارىنىڭ ۋېلىسىپىتى بولسىغۇ بېرىپ تۇرسامموۇ مەيلىدى، لېكىن بۇ ئۆزىمىز نۇرغۇن پۇل خەجلەپ ئالغان يېڭى ۋېلىسىپىت ئەمەسمۇ! بۇنى ھوشۇر تاغاڭغا بېرىپ تۇرسام، سەھرانىڭ پوپاڭ توپا ئۆرلەپ تۇرغان ئوڭغۇل-دوڭغۇل يوللىرىدا ئىككى سائەت مىنىدىغان بولسا، چۇۋۇلۇپ ئەبجىقى چىقىپ كېتىدۇ. يېقىن ئۆتۈۋاتقان ئادەمگە تۆلەپ بەر دېگىلى بولمايدۇ. بىكاردىن-بىكار بىر مۇنچە زىيان. ئۇنىڭدىن كۆرە ...

— ئۇنداقتا، زىيان تارتماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنىسىگە يالغان سۆزلەپ قويسىمۇ بولىدىكەن-ھە، دادا!

— نېمە دەيدىغاندۇ، ماۋۇ بالا، — دادامنىڭ سەپرايى ئۆرلەپ قالدى، — تولا كاڭشىماي ئىشىڭنى قىلە جوگۇ!

دادامنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ يەنە گەپ سوراشقا پېتىنالمىدىم، لېكىن كۆڭلۈمدە يوغان بىر سوئال بەلگىسى، يەشكىلى بولمايدىغان بىر تۈگۈن پەيدا بولۇپ قالدى. يەنە بىر قېتىم ئاتا-ئانامنىڭ نەسىھىتى ۋە مۇئەللىمنىڭ تەلىمىگە ئەمەل قىلىپ راست سۆزلىۋىدىم، ئويلىمىغان يەردىن مۇنداق بىر چوڭ بالاغا قالدىم:

دۇم، بەزى باشلىقلارنىڭ قاراپ تۇرۇپ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى يۈز خاتىرە قىلماي پاش قىلدىم. بىرنى بىر، ئىككىنى ئىككى دېدىم. بەزىلەردەك ئۆزىگە كېلىدىغان ئاز-تولا ئەمەلىي نەپنى كۆزلەپلا كۆزۈمنى يۇمۇپ كۆرگەننى كۆرمىدىم، راستنى يالغان دېمىدىم. لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر كىشىلەر مېنى ئارىغا ئالمىدى، تىكەندەك يالغۇز قالدىم. بۆلۈمىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مەندىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. باشلىقلارنىڭ ماڭا قارارغا تېخىمۇ كۆزى يوق ئىدى. ئالاھىدە سالام قىلساممۇ ئېغىزىنىڭ ئۇچىدا "ھە، ھە" دەپلا قويىدۇ، ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا "ئەھۋالىڭ قانداقراق؟" دەپ سوراپمۇ قويمايدۇ. قانداق قىلىدىكىن دەپ قەستەن ئىشقا چىقماي قويسامۇ، "نېمىشقا كەلمىدىڭ؟" دەپ سۈرۈشتۈرۈپ قويمايدۇ. "بۇ چاتاقچى كۆزىمىزدىن يىراقراق تۇرسا، قۇلىقىمىز بىر كۈن بولسىمۇ تىنچ تۇرار" دەپ ئويلايدىغان ئوخشايدۇ. كېيىن ئاڭلىسام ئۇلار مېنى بىر ۋىنتىسى كەم دەپ، ساراڭلار قاتارىغا چىقىرىۋېتىپتۇ. توۋا، بۇ گەپچە بولغاندا، راست گەپ قىلىدىغان ئادەم ساراڭ، يالغان گەپ قىلىدىغان ئادەم ئوڭ بولىدىكەن-دە! قانداق مەنتىقە بۇ؟

بىراق، ئاخىرى نۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇقلارنى بېشىمدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ھاياتنىڭ ئىدىيەمدىن ئۆتمەي كېلىۋاتقان ئاشۇ غەلىتە مەنتىقە بويىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. دېمىسىمۇ راست ئەمەسمۇ، ساۋاقدىشىم ئابدۇرازاقنىڭ مۇشۇ كۈنگە كەلگىچە راست گەپ قىلىپ باققىنىنى ئۇقمايمەن، ئۇ باشلىقلارنى ئۆزىدە يوق ئارتۇقچىلىقلار بىلەن شۇنداق قاملاشتۇرۇپ ماختايدۇكى، ئۇلار گويا شېرىن شەربەت

لىپ تاشلىنىشىنى، ئۆزۈمنىڭ نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن شەھىرىمىزدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ بىرىگە يۆتكۈتىلىشىمنى نەدىن بىلەي؟ دادامدىنمۇ ئۆلگۈدەك تاياق يېدىم. بۇ قېتىمقى ساۋاقتىن كېيىن سىياسەت دەرسى بېرىدىغان بارى مۇئەللىمنىڭ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ”راست گەپ قىلىش ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ گۈزەل پەزىلەتلىرىدىن بىرى!“ دېگەن گېپىگە كۆڭلۈمدە گۇمان پەيدا بولۇپ قالدى.

ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ باشلاندى. ”مىسلى كۆرۈلمىگەن بۇ زور ئىنقىلاب“ تا يالغان-ياۋىداق سۆزلەر يەر-جاھاننى قويۇق ئىس-تۈتەكتەك قاپلاپ كەتتى. راست سۆزلىگەنلەر كۈرەشكە تارتىلدى، تۈرمىلەرگە تاشلاندى، ھەتتا ھاياتىدىن ئايرىلدى. بۇلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. بىر قېتىم ئىسيانچىلارنىڭ بىر پروفېسسورنى قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قېلىپ گەپنىڭ راستىنى ئېيتىپ قويۇۋېدىم، راست گەپ قىلغاننىڭ جاجىسىنى تارتقاننى ئاز دېگەندەك، ئىسيانچىلارغا قارا چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغان تۆھمەتخور قاتارىغا چىقىرىلىپ كۆرمىگەننى كۆردۈم. ئاخىرى ھېلىقى پروفېسسورنىڭ ”جىنايىتىدىن قورقۇپ“ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنلىكىمنى، ”ھوقۇق تارتىۋېلىش“ ئۈچۈن ئاشۇنداق ”يالغان“ سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ چىقارغانلىقىمنى ياۋاشلىق بىلەن ”ئىقرار“ قىلىپ، بالا-قازادىن ئاران قۇتۇلدۇم. جەمئىيەتكە چىققىنىمدىن كېيىنمۇ يۇقىرىقى تەجرىبە-ساۋاقلارنى قوبۇل قىلماي، راست گەپ قىلىۋەردىم، خۇشامەتچىلىككە لەنەت ئوقۇ-

ئېغىز گەپ بىلەنلا ئۈزتىپ قويدى. ئەھۋالنى چۈشەندۈرگىلى، قېيىنچىلىقىم بارلىقىنى ئېيتقىلى تۇرسام، قۇلىقىنى يوپۇرۇپ ئولتۇرۇۋالدى ياكى تەتۈر قارىۋالدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ماڭا ھېچقانداق ھاجىتى چۈشمەيدۇ-دە! مەن باشلىق ئەمەس، ئادەتتىكى كادىر. ئۇلارنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشكە قادىر ئەمەسمەن، ئۇرۇق-تۇغقان، بالا-چاقىلىرىنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرەلمەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارغا سوۋغاتمۇ ئېلىپ بارغىنىم يوق. مۇشۇنداق ئەھۋالدا مېنىڭ يۇقىرىقىدەك ئەمەلىي نەپ بېرەلمەيدىغان ”قۇرۇق گەپلىرىم“نىڭ قۇلاققا خۇش ياقماسلىقى ۋە بۇنىڭغا ”مۇشۇكنىڭمۇ ئاپتاپقا چىقماسلىقى“تۇرغانلا گەپ ئىكەن. ھېچقاچان مەندىن رەنجىپ باقمىغان سۆيۈملۈك ئايالىم گۈلجەننەت مېنىڭ بىر-ئىككى ئايدەك قاتراپمۇ بالىمىزنى يەسلىگە ئالدۇرالمىغانلىقىمنى كۆرۈپ، ئىچ-ئىچىدىن ئېچىنىپ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى.

— قويىڭە، سىزدەك بوشاڭ ئەرنى! — دېدى ئۇ يىغلاۋېتىپ، -قولىڭىزدىن پوقمۇ كەلمەيدىكەن! ئېسىت، نېمىشقىمۇ سىزگە تەگكەن بولغىيدىم؟ ھە دېسىلا ”راست گەپ قىلىش كېرەك، خۇشامەتچىلىكتىن يىراق تۇرۇش كېرەك“دەپ، قۇرۇق نەزەرىيە ساتىدىكەنسىز. شۇ نەزەرىيىلىرىڭىز بىر تىيىنچىلىك جانغا ئەسقاتسىچۇ كاشكى! ئابدۇرازاققا قارىڭا، ئۇنى يالغانچى، خۇشامەتچى، ساختىپەز دەپ ئەيىبلىگىنىڭىز بىلەن سىزدىن مىڭ ھەسسە ئوبدان كۈن ئېلىۋاتىدۇ، قولىنى نەگە سۇنسا شۇ يەرگە يېتىۋاتىدۇ. لېكىن سىزچۇ؟ راست گەپ قىلىمەن دەپ ھەممە ئادەمنى ئۆزىڭىزگە دۈشمەن قىلىۋالدىڭىز.

ياكى كۈچلۈك مۇسەللەس ئىچىۋالغاندەك خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈلۈمسىرىشىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇلتۇرۇشۇپ كېتىدۇ. بەزىدە كەيىپ بولۇپ قالغاندەك دەلدەڭشىپ ئورنىدىن تۇرۇ-شۇپ، ئابدۇرازاقنى يېقىنچىلىق بىلەن قۇچاقلايدۇ. ”يارايسەن جۇمۇ، ئابدۇرازاق!“ دەپ يەلكىسىگە ئۇرۇپ قويۇشىدۇ. ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئادەتتىكى كادىرلارنىمۇ ئېپىنى تېپىپ، پەيتى-نى پايلاپ تورۇپ ماختاپ قويىدۇ، پۈۋلەپ كۆككە ئۇچۇرىدۇ. ئۇلارمۇ خۇدىنى يوقاتقان هالدا ئۆزلىرىنى كاتتا ئەرباب سانى-شىپ، بوشلۇقتا لەيلەپ قېلىشىدۇ. يالغان-ياۋىداق گەپلەرنى قاملاشتۇرۇپ دېيەلىگەنلىكى ئۈچۈنمىكىن، مەندىن باشقا ھەممەيلەن ئابدۇرازاقنى ياخشى كۆرىدۇ. سايلامدىمۇ باشلىقلارنىڭ نامزات قىلىپ كۆرسىتىشى بىلەن ھەممەيلەن ئۇنى بۆلۈم باش-لىقلىقىغا سايلىدى. ئىككى-ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۇ يەنە يالغان گەپلەرنى قاملاشتۇرۇپ قىلالايدىغان ئاشۇ پەۋقۇلئاددە ماھارىتىگە تايىنىپ، باشقارما باشلىقى بولۇۋالدى. بۇرۇن ئۇ باشقىلارنى ماختاپ، ئۇلارنىڭ چاپىنىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن بولسا، ئەمدى-لىكتە ئۇنى ماختايدىغانلارمۇ، ئۇنىڭ چاپىنىنى كۆتۈرىدىغانلارمۇ چىقتى. ھەممە ئىشلىرى يۈرۈشۈپ كەتتى. ئەقەللىيسى، ئۇنىڭ بالىسىنى ”بىز ئالىمىز“دەپ تالىشىپ، يەسلىلەر ئارا جېدەل چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى. مېنىڭ بالامنىچۇ؟ تالىشىش ئۇ-ياقتا تۇرسۇن، ئۆزۈم يەسلىمۇ-يەسلى قاتراپ، ئاغزىمنىڭ بىر قەۋەت تېرىسى چۈشۈپ كەتكۈدەك دەرىجىدە يالۋۇرۇپ باققان بولساممۇ، ئۇنى ئالىدىغانلار چىقمىدى. قايسى يەسلىگە بارماي، ھەممىسى ئالدىن كېلىشىۋالغاندەك ”ئورۇن يوق!“دېگەن بىر

چەتكە قېقىلىسەن، تېخىمۇ قاتتىق زەربە يەيسەن. يۇقىرىغا خەت يازساڭ ئادەتتە ھەممىنى تۆۋەننىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا چۈشۈ-رۈپ بېرىدۇ. بۇنى سەن ئوبدان بىلىسەنغۇ! خوش، ئۇنداق بولسا، سەن زادى قانداق قىلىشىڭ كېرەك؟ ئۆمۈرۋايەت راست سۆزلەپ ئۆتمەن، لىللا گەپ قىلمەن دەپ، ھېچ ئىشىڭنى ئاقتۇرالماي، پايتىماڭغا تەتۈر دەسسەپ خارلىنىپ، زارلىنىپ يۈرۈۋېرەمسەن ياكى كىشىلەر ئاشۇنداق يالغان-ياۋىداق سۆزلەر-گە خۇشتار بولغاندىكىن، شۇلارغا ماسلىشىپ بالداقمۇ-بالداق يۇقىرى ئۆرلەمسەن؟...

مەن يۇقىرىقىدەك گادىرماش ئوي-خىياللار ئەلگىكىدە تاس-قىلىپ، شىددەتلىك ئىدىيۋى كۈرەشنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، گۈلجەننەت بىر تويدىن ئىنتايىن خاپا ھالدا قايتىپ كەلدى. ئىشىكتىن كىرە-كىرمەيلا قولتۇقىغا قىستۇ-رۇۋالغان داستىخاننى پەگاغا ئېتىپ، ماڭا يەۋەتكۇدەك ئالىيىپ قاراپ، قايناپ كەتتى:

— تويدۇم سىزدەك ئەردىن! نەرىڭىزنى ئەر دېگىلى بولسۇن سىزنىڭ؟! ئابدۇرا زاقچۇ، ئايالى مېھرىنىسا خېنىمنى يېپيېڭى بىر پىكاپقا ئولتۇرغۇزۇپ ئەۋەتىپتىكەن، ھەممەيلەن ۋاي دېيىـ-شىپ، تۆرگە ئولتۇرغۇزۇشتى. باشلىقنىڭ ئايالى دەپ ئەتىۋار-لىشىپ بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگۈدەك بولۇشتى. مېنىڭ ئېلىپ بارغان سوۋغاتلىرىم ئۇنىڭكىدىن كۆپ ئېسىل بولسىمۇ، ماڭا ھېچكىم كۆز قىرىنى سېلىپ قويمىدى. بەزىلەر ھەتتا سالاملى-شىپ قويۇشنىمۇ ئېرىندى. كەش بازىرىدا قېلىپ ئىزاغا ئۆل-گۈدەك بولدۇم. خوتۇن خەقنىڭ يۈزىمچۇ، ئەر كىشىگە قاراپ

يىغىرىنى كوچىلاۋەرسە ئادەم ئەمەس، ئىشەكمۇ چىچاڭشىيدۇ!
يۈز خاتىرە دېگەننى بىلمىسىڭىز كىممۇ سىزنى ئارىغا
ئالسۇن؟!

گۈلجەننەتنىڭ شۇ قېتىمقى يىغا-زارى ۋە تاپا-تەنىسىدىن كېيىن، ھەقىقەتەن ئويلىنىپ قالدىم. "ۋىجدانىم كۆتۈرمەيدۇ"-دەپ مۇشۇنداق كېتىۋەرسەم، ھېچبولمىسا كەلگۈسىدە پەرزەنتلىرىمنى خىزمەتكە قانداق ئورۇنلاشتۇرىمەن؟ باللىرىم يۇقىرى نومۇر ئېلىپ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلىگەن تەقدىردىمۇ چوڭ چاتاق يوق دېيىش تەس. يۇقىرى نومۇر ئالغان باللار قېپقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يولى بار كىشىلەرنىڭ، يۇقىرى ئەمەل تۇتقانلارنىڭ باللىرى سەپلىنىپ كېتىدىغان ئىشلار ئاز دەمسىلەر؟ بولمىسا ئەڭ يۇقىرى نومۇر ئالغان باللارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنىڭ يەنە ئۇ ئىدارىدىن بۇ ئىدارىگە مۇكىدەك چېپىپ يۈرۈشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟! ھەي قاپاقباش روسۇل! مۇشۇنداق ئەھۋالدا سەن نېمىمۇ قىلالايتتىڭ؟ ئاشۇنداق ساختىلىقلارنى، ناتوغرا ئىستىللارنى پاش قىلىشقا تايىنىپ باللىرىڭنى ئالىي مەكتەپكە كىرگۈزەلەمتىڭ؟ پاش قىلىش خەتلىرىڭ پاك-دىيانەتلىك، ئادىل باشلىقنىڭ قولىغا تەگسىمۇ پارا ئالغۇچىلار بىر تەرەپ قىلىنار، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن سېنىڭ باللىرىڭنىڭ مەسىلىسى ھەل بولۇپ كەتمەيدۇ. چوڭ بولسا سېنى بىرەر قېتىم ئاغزاكى تەقدىرلەپ قويار، بۇنىڭدىن ساڭا نېمە پايدا؟ ئىش يامىنىغا ئۆرۈلۈپ پاش قىلىش خەتلىرىڭ پاش قىلىنغۇچى كاتتىباشنىڭ قولىغا چۈشسىچۇ؟ ئۇ چاغدا ئىشنىڭ ئوخشىغىنى شۇ! تېخىمۇ چوڭ بالاغا قالىسەن، تېخىمۇ بەكرەك

ئالدىغا كەلدىم. ھېلىلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك دەلدۈگۈنۈپ
تۇرغانلىقىنىمىكىن، ئەيتاۋۇر ئەينەك يۈزىدە پەيدا بولغان چىرا-
يىم ئۆزۈمگە غەلىتە تۇيۇلۇپ كەتتى. كىرپە تىكىنىدەك دىگگە-
يىپ تىك-تىك تۇرىدىغان چاچلىرىم سولىشىپ قالغان مايسىدەك
شۈمشىيىپ، تارراق كەلگەن پېشانەمگە چاپلىشىپ قاپتۇ. بىر-
بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن قويۇق قوشۇما قاشلىرىم تۆۋەنگە ساڭ-
گىلاپ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن نۇرسىز كۆزلىرىمنىڭ يېرىمىنى
توسۇۋالاي دەپتۇ. قىزىرىپ پىشقان ياغلىق توقاچتەك پارقىراپ
تۇرىدىغان مەڭزىم لەش رەڭگىنى ئاپتۇ. قاڭشارلىق بۇرنۇم
ئەسلىدىلا سوزۇنچاقراق كەلگەن يۈزۈمنى تېخىمۇ سوزۇنچاق
قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولغاندەك، قان قاچقان ئىككى مەڭزىم
ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ ئېگىز چوقچىيىۋاپتۇ. ئېڭىكىم ئۆتكۈر
بىگىزگە ئايلىنىپ كۆكرىكىمگە سانجىلىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتـ
قاندەك، ھەددىدىن زىيادە ئۈچلىنىۋاپتۇ. بۇنى ئاز دېگەندەك،
ئۈچلۈق ئېڭىكىمنىڭ ئۈچىدا بىرتال ئاق ساقالنىڭ پەيدا بولۇپ
قالغىنى نېمىسى؟ يائاللا، بىر كېچىدە نېمە بولۇپ كەتتىم-ھە؟
! مادارىمنىڭ بارىدا، يىلىكىم قۇرۇپ كەتمەستە ئۆزۈمنى ئۆزۈم
قۇتقۇزۇۋالاي!… چىشىمنى چىشلەپ، ئۆمىلەپ دېگۈدەك دوخـ
تۇرخانىغا بېرىۋالدىم. ئۆپكەمگە سوغۇق تەگكەنىكەن، ياتاققا
ئېلىنىشتى. بىر ئايدەك داۋالاندىم. بۇ جەرياندا بۆلۈمدىكىلەردىن
ھال-ئەھۋال سوراپ كەلگۈچىلەرغۇ چىقمىدى، ھەتتا گۈلجەننەتـ
مۇ مېنى بىرەر قېتىم يوقلاپ قوياي دېمىدى. ئۇ ئاخىرى،
راست گەپ قىلىمەن دەپ ئۆزىگە دۈشمەننى كۆپەيتىۋېلىپ، ھېچ
ئىشنى ئاقتۇرالمايدىغان مەندەك ئىستىقبالسىز ئەردىن پۈتۈنلەي

بولىدىكەن! ھەي ئېسىت ئۆمرۈم! سىزنىڭ قولىڭىزدا زايا
كەتكەن ياشلىقىم!
ئارقىدىن گۆلجەننەت كارىۋاتقا ئۆزىنى ئېتىپ بىر ھازا
بوقۇلداپ يىغلىدى، ئىنزا-نومۇستىن ئۆلگۈدەك بولدۇم. يۈرە-
كىمنىڭ بىر يېرى مۇشۇك تاتىلىۋالغاندەك ئېچىشىپ كەتتى.
شۇ كۈنى ھەممە دەردىمنى ھاراقتىن ئالدىم. خۇدۇمنى بىلمىگۈ-
دەك دەرىجىدە ئىچىۋېلىپ: «قۇرۇپ كەتسۇن راست گەپ!
سەمىمىيلىك دېگەننى يەر يۇتسۇن! مانا ئەمىسە...» دەپ، ئەسە-
بىيلەرچە ۋارقىراپ-جارقىراپ، قولۇمغا چىققان نەرسىنى ئۇ-
رۇپ چاقتىم. ئىچ-ئىچىمدىن قىستاپ كېلىۋاتقان يىغىنى توخ-
تىتالماي كىچىك بالىدەك ۋاررىدە يىغلىۋەتتىم. ئاندىن دۇنيا-
نىڭ بۇ كۈلكۈلۈك ئىشلىرىنى يادىمغا ئېلىپ، ئاۋازىمنى بولۇ-
شىچە قويۇۋېتىپ، ئەسەبىيلەرچە قاقاقلاپ كۈلدۈم. گۆلجەننەت
مېنى ساراڭ بولۇپ قالغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى بولغاي
ئەتىمالىم، بىر قولىدا بالىنى، يەنە بىر قولىدا بېشىنى چاڭگال-
لىغىنىچە تالاغا قاراپ ئۆزىنى ئاتتى. يىغلىدىم، كۈلدۈم. كۈل-
دۈم، يىغلىدىم. ئاخىرى ھېرىپ داق يەرگە يىقىلىپلا ئۇخلاپ
قاپتىمەن. نازا قەھرىتان سوغۇق بولۇۋاتقان قارا قىش ئىدى.
بىر چاغدا توڭۇپ ئويغىنىپ كەتتىم. تامىقىم قۇرۇپ، ئىچىمگە
ئوت كېتىۋاتقىنىغا قارىماي پۈتۈن ئەزايىم بەزگەك تەگكەن ئا-
دەمدەك لاغىلداپ تىترەۋاتىدۇ. بېشىم لوقۇلداپ ئاغرىپ كېتى-
ۋاتىدۇ. قارىسام، مەشتىكى ئوت ئاللىقاچان ئۆچۈپ قاپتۇ،
دېرىزىلەرگە مۇزدىن نەقىش ئويۇلۇپتۇ. تىركىشىپ-تىرمىشىپ
ئورنىمدىن تۇرۇپ، توي قىلغاندا ئالغان ئەينەكلىك ئىشكاپ

ئۇستىگە قويۇپ، قىسىق كۆزىنى قىسىپ، مىلتىق بىلەن يول-ۋاسنى قارىغا ئېلىۋاتقان ھالەتتە سىزىلغان ئىكەن. شۇ ئارقىلىق ھەم پادىشاھنىڭ ئەيىبى يېپىلغان ھەم باتۇرلىقى ئىپادىلەنگەن ئىكەن. شۇڭا پادىشاھمۇ بۇ رەسىمدىن ھېچقانداق ئىۋەن تاپال-ماي، رەسسامنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە ماھارىتىگە ئاپىرىن ئو-قۇپ، ئۇنىڭغا نورغۇن ئالتۇن-كۈمۈش ئىنئام قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئىكەن.

مەن بۇ چۆچەكنى كۆرگەندىن كېيىن بىرىنچى رەسسامنى نادانغا، ئىككىنچى رەسسامنى قورقۇنچاققا، ئۈچىنچى رەسسامنى دانىشمەنگە چىقاردىم. قارىماسىلەر، ئۈچىنچى رەسسامنىڭ ئۇ-سۇلى نېمىدىگەن ئاقىلانە ۋە ئەپچىل-ھە! ئۇ بىرىنچى رەسسامغا ئوخشاش ساددىلىق بىلەن پادىشاھنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ كې-تىپ، نېمە بولسا شۇنى سىزىپ، كاللىسىدىن ئايرىلمىغان. ئىككىنچى رەسسامغا ئوخشاش قورقۇپ كېتىپ، ئەقلىنى يوقى-تىپ، يوق نەرسىنى بار قىلىپ كۆرسىتىپ، بالاغىمۇ قالمى-غان. ناھايەت رېئاللىق ئاساسىدا تەسەۋۋۇر كۈچىگە، ماھىيەتتە يەنىلا يالغان سۆزلەشكە تايىنىپ، ھەم پادىشاھنى رازى قىلىش ھەم ئۆزىنى ئامان ساقلاپ قېلىش مۇددىئاسىغا يەتكەن. قېنى، ئۆزۈڭلەر ئويلاپ باقماسىلەر، نەچچە مىڭ يىلدىن بىرى ئاشۇن-داق زالىم، قانخور، دۆت-ھاماقەت پادىشاھ-خاقانلار نەچچە يۈزلىگەن خۇشامەتكوي ئوردا شائىرىنى يالالاپ قەسىدە يازدۇ-رۇپ، ئۆزلىرىنى "دانىشمەن"، "ئۇلۇغ"، "ئادالەتپەرۋەر"، "رەھىمدىل"دەپ مەدھىيىلەتكۈزۈپ كەلمىدىمۇ؟! پادىشاھلارنىڭ زالىم، قانخور، دۆت-ھاماقەتلىكىنى پاش قىلغۇچىلارنىڭ،

ئۈمىد ئۈزگەن ئوخشايدۇ. كېيىن خېتىمنى ئالىمەن دەپ سوتقا ئەرز سۇنغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. ئاجرىشىمىز دەپ سۆرۈشۈپ يۈرگەن كۈنلەردە قايسىبىر كىتابتىن كۆرگەن بىر چۆچەك نېرۋامغا قاتتىق تەسىر قىلدى. بۇ چۆچەكنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ بىر كۆزى قىسىق، بىر پۇتى توكۇر ئىكەن. شۇڭا ئادەتتە پۇقرالارغا كۆرۈنمەيدىكەن. ئۆز پادىشاسىنىڭ قانداقلىقىنى بىلمىگەن پۇقرالار ئارىسىدا ھەرخىل سۆز-چۆچەكلەر تارقىلىپتۇ، بۇ گەپلەر پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئۇ پۇقرالارغا ئۆزىنىڭ رەسىمىنى بولسا كۆرسىتىش ئۈچۈن مەملىكىتىدىكى ئەڭ داڭلىق ئۈچ رەسسامنى ئوردىسىغا چاقىرتىپ، ئۆزىنىڭ رەسىمىنى ئەينەن سىزىشقا بۇيرۇپتۇ. بىرىنچى رەسسام پادىشاھنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، ئۇ قانداق بولسا شۇنداق سىزىپتۇ. بىر كۆزىنىڭ قىسىق، بىر پۇتىنىڭ توكۇر قىلىپ ئەينەن سىزىلغانلىقىنى كۆرگەن پادىشاھ ”مېنى خۇنۇكلاشتۇرۇپسەن!“ دەپ غەزەپكە كېلىپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئىككىنچى رەسسام قورقۇپ كېتىپ، پادىشاھنى شۇنداق كېلىشكەن بىرىگىت قىلىپ سىزىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىمۇ ”مېنى مازاق قىلىپسەن!“ دېگەن باھانە بىلەن ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. بۇ ئىشتىن ساۋاق ئالغان ئۈچىنچى رەسسام رەسىمنى شۇنداق قاملاشتۇرۇپ سىزىپتىكى، بۇنىڭدىن پادىشاھنىڭ ئۆزىمۇ ھەيران قاپتۇ ۋە خۇشاللىقىدىن: ”ھەقىقى رەسسام دېگەن سەن ئىكەنسەنغۇ!“ دەپ ماختاپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە پادىشاھ بۇ رەسىمدە توكۇر پۇتىنى قورام تاش

رەتتىكى چوڭ-كىچىك باشلىقلارنىڭ مىجەز-خۇلقى، روھىي ھالىتى، نېمىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى، نېمىگە ئۆچ ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي ئىگىلىدىم. ئۇلارغا قانداق ئۇسۇل بىلەن قانداق قىلىپ ياخشى كۆرۈنۈش، قانداق قىلىپ ئۇلاردا ياخشى تەسىرات قالدۇرۇش ئۈستىدە باش قاتۇردۇم. ئادەتتىكى خىزمەتداشلىرىمغا بولغان بۇرۇنقى "قوپال" مۇئامىلىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۆزگەرتتىم. تۇيۇقسىز باشقىچە ئادەم بولۇپ قالغىنىمدىن ھەممەيلەن ھەيران قالدى، "ئەسلىدە روسۇل نېرۋا كېسىلى ئىكەندۇق، بۇدا دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىپ ساقىيىۋاپتۇ" دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى تاپقۇچىلارمۇ بولدى. بۇرۇن راست گەپ قىلغاندا ھەممەيلەن مېنى "ساراڭ" دېيىشەتتى. ئەمدى يالغان گەپ قىلىشقا ئۆتسەم "ئوڭ" دەيدىغان بولدى. قارىماسىلەر بۇ جاھاننىڭ تەتۈرلۈكىنى!

تۈنۈگۈن ئاپتوبۇستىن چۈشۈۋېتىپ، ئېرىق بويىدىكى تېرەككە يۆلىنىپ، گىجىم رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ئېسەدەپ يىغلاپ تۇرغان گۈلخان ھەدىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ، نازارىتىمىزنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ئايۇپ ئاكىنىڭ ئايالى ئىدى.

—نېمە بولدىلا، گۈلخان ھەدە؟—مەن ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ كۆيۈنگەن ھالدا سورىدىم. ئۇ چۆچۈگەن ھالدا ماڭا لەپپىدە بىر قارىۋېتىپ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. مەن مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئىشلىتىشكە باپ كېلىدىغان مۇۋاپىق سۆزلەرنى ئەقىل ئەلگىكىدە تاسقاپ-ئىلغاپ تەسەللى بېرىۋېدىم، ئۇ بىر ئاز پەسكويغا چۈشۈپ، ماڭا ئىشەنگەن ھالدا دەردىنى تۆكتى:

راست سۆزلىگۈچىلەرنىڭ كاللىسىنى ئالدى ياكى ئۇلارنى زىن-
دانغا تاشلىدى. بۇ راستچىل ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى بىكاردىن
بىكار قاراڭغۇ زىنداندا چۇسا، بۇرگە ۋە پىتلارغا يەم بولۇپ
كەتتى. يەنە بەزىلىرى قاتتىق قىيىن-قىستاقلارغا بەرداشلىق
بېرەلمەي، ساختىلىق بىلەن تولغان بۇ ۋاپاسىز دۇنياغا لەنەت-
نەپرەت ئوقۇپ ئۆلۈپ كەتتى. بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ راست
گەپنىڭ ئاقمايدىغانلىقىنى ۋە ئادەملەرنىڭ يەنىلا يالغان گەپكە
خۇشتار ئىكەنلىكىنى! مەنمۇ راستچىللىق قارشى ئېلىنمايدى-
غان بۇ دۇنيادا "لىللاگەپ قىلىمەن"، "راستچىل بولىمەن"-
دەپ، بىكاردىن بىكار ساختىلىق، زوراۋانلىق ۋە هوقۇق-ئىمتى-
يازنىڭ يېمى بولۇپ كېتەيمۇ؟! ياق! ئۇنىڭدىن كۆرە ئۈچىنچى
رەسسامنىڭ ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، جېنىمنى جان ئەتسەم نېمە
بوپتۇ؟ بۇ ئۇسۇلنى بالدۇرراق قوللانغان بولسام ھېچبولمىدى
دېگەندە قاراپ تۇرۇپ بىر خوتۇندىن قورۇق قالمايتتىم ئەمەسمۇ
...

"باشقىلار قىلالىغان ئىشنى مەن نېمىشقا قىلالمىغۇدەك-
مەن؟ — دېدىم مەن ئاخىرى ئەلەم بىلەن چىشلىرىمنى غۇچۇرلى-
تىپ، — ئەجەبا، ئۇلاردىن بىرەر يېرىم كەممىكەن-يا؟ مەن چو-
قۇم ئۇلارغا يېتىشىۋالىمەن، ھەتتا ئۇلاردىن ئېشىپ
كېتىمەن! ..."

يۇقىرىقى ئوي-خىياللىرىمغا ئاساسەن ئادەملەرگە ئۈچىنچى
رەسسامنىڭ ئۇسۇلى بويىچە مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا قەسەم
قىلدىم ھەمدە شۇ قەسىمىم بويىچە ئىش كۆرۈشكە باشلىدىم.
شۇنداق قىلىپ مەن بۆلۈم ۋە باشقارمىمىزدىكى ھەتتا نازا-

بېسىقلىق قىلغانلىرىمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بوپتۇ. ئەل-جامائەت مۇشۇ ئىشنىڭ ئۆزىدىنمۇ كىمنىڭ ياخشى، كىمنىڭ ئەسكى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالامدۇ؟

— بۇ دېگىنىڭىز توغرا، ئۇكام، — گۇلخان ھەدىنىڭ قارا-مۇتۇق چىرايىدا بىلىنەر-بىلىنمەس تەبەسسۇم جىلۋىلەندى، — "پوقا چالما ئاتساڭ يۈزۈڭگە چاچرايدۇ" دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، شۇڭا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم دېگىنە!

— پەقەت ياخشى تەربىيە كۆرگەن ئادەملەرلا مۇشۇنداق ئېغىر-بېسىق، تەمكىن بولالايدۇ، — مەن گۇلخان ھەدىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپنىمۇ چالا-بۇلا پۈتتۈرگىنىنى يادىمدىن چىقىرىپ قويۇپ، يۇقىرىقى گەپنى ئېغىزىمدىن چىقىرىپ سالدىم، لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدىن "مېنى مازاق قىلىۋاتىدىغۇ" دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان بىرەر ئۆزگىرىشنى كۆرمىدىم، ئەكسىچە ئۇنىڭ يۇمۇق كۆزلىرىدىن شادلىق ئۇچقۇنلىرى چاقناۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدىم. دېمەك، گېپىمنىڭ كۆڭلىگە ياققانلىقى ئېنىق. شۇنىڭ بىلەن مەن خاتىرجەم بولۇپ سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىلىنىڭ چىرايلىرىنى قانداقمۇ قارا دېگىلى بولسۇن؟ سىلى دېگەن ئەرلەر ئومۇمىيۈزلۈك ياقتۇرىدىغان بۇغداي ئۆڭلۈك تۇرسىلا قانداق بولۇپ ئۇنىڭ كۆزىگە قارا كۆرۈنۈپ قالدىلىكىن-تاڭ؟ شۇنىڭغا قارىغاندا، سىلىنى تىللىغان ھېلىقى جىن قوشۇقنىڭ كۆزى كور ئوخشايدۇ!

گۇلخان ھەدە ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كۈلدى. چىرايىدا بايىقى خاپىلىقتىن قىلچە ئەسەرمۇ قالمىدى. ئۇنىڭ كۈلكىدىن پۇرۇشۇپ كەتكەن قارامۇتۇق چىرايىدىن، تېخىمۇ يۇمۇلۇپ يو-

—ئاپتوبۇستا جىن تېپىۋەتكەن بىر ئىنجىمارۇق قاراپ تۇ-
رۇپ مېنى ”قارا مەدەك“دەپ تىللاۋاتىدۇ، قارا، ئۇكام! ئۆزد-
نىڭ چىرايىغۇ گۆردىن تارتىپ چىقارغان ئۆلۈكنىڭ چىرايىدىن-
مۇ بەدبەشىرە ئىكەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە مېنى تىللاشقا
قانداق يۈزى چىدىدىكىن ئۇ دەيۈزنىڭ! ھۇ تىلى كۆيگۈر پاسكد-
نا! مۇشۇ يېشىمغىچە ھېچكىمدىن بۇنداق تىل ئىشتىپ باقمد-
غاندىم. شۇڭا ماڭا تولىمۇ ئېغىر كەلدى دېگىنە!

—سىلىنى تىللاشقا جۈرئەت قىلغان قانداق نېمكەن
ئۇ!—دېدىم مەن مۇشتلىرىمنى چىڭ تۈگۈپ غەزەپلەنگەن
هالدا،—قېنى ئۇ ئىنجىمارۇق؟ ئانا-مانىسىنى كۆزىگە كۆرسد-
تىپ ئادەم تىللىغانغا تازا بىر تويغۇزۇپ قوياي!

—ئاللىقاچان تىكىۋەتتى.

—ھەي، سىلىمۇ ئارتۇقچە يۈزخاتىرە قىلىپلا!—مەن گۈل-
خان ھەدىنى ئەيىبلىگەن قىياپەتتە ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىپ سۆ-
زۈمنى داۋاملاشتۇردۇم،—ئۇنداقلارنىڭ تازا ئەدىپىنى بېرىپ
قويۇش كېرەك ئىدى. چېچىدىن قامالاپ ئېلىپ يەرگە كۆتۈ-
رۈپ باسماي!

—ھەي، مېنىڭ شۇ كۆڭلى يۇمشاقلىقىمنى-زە،—گۈلخان
ھەدە ئىچ-ئىچىدىن ئېچىنىپ، ئېغىر خورسىنىپ قويدى،—ئۇ
توخۇ پوقىنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالايمىغۇ دېۋىدىم، لېكىن كۆ-
چۈم يەتمەسمىكىن دەپ ...

—بوپتۇ، گۈلخان ھەدە، خاپا بولمىسىلا!—مەن دەرھال
گېپىمنى ئۆزگەرتىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساشقا ئۆتتۈم،—ئەسكى
بىلەن تەڭ بولمەن دەپ ئۆزلىرىنى ئۇپرىتىپ يۈرگىچە ئېغىر-

تۇرسا نېمە ئۈچۈن ئۇنى يەنە ساپسېرىق قىلىپ بويۇۋالىدۇ؟
چۈنكى سېرىق رەڭ دېگەن مودا-دە! ھەممە ئادەم ئەتىۋارلايدى-
غان، قەدىرلەيدىغان ۋە مۇقەددەس بىلىدىغان ئالتۇننىڭ رەڭگى-
مۇ سېرىق ئەمەسمۇ! ئەجەبا، ئالتۇننى ياخشى كۆرمەمسىز-يا؟
! يەنە سېرىق سەپدە گۈلگە قارىڭا، ئالتۇندەك ساپسېرىق ئېچى-
لىپ كەتسە كىشىلەر بەس-بەستە ئۈزۈپ چىكىسىگە قىسىۋالى-
دۇ، قەدىرلەيدۇ. بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ سېرىق رەڭنىڭ
ئەتىۋارلىقىنى ۋە قىممىتىنىڭ چوڭلۇقىنى! ئۇنىڭ ئۈستىگە
مەسىلىگە قارىغاندا يۈزەكى قارىماي، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى كۆ-
رۈش كېرەك. ياۋرۇپالىقلار ساپسېرىق تۇرۇپمۇ نېمىشقا ئۆزلى-
رىنى ئاق تەنلىك دەيدۇ؟ بۇنىڭدا جەزمەن ئىلمىي ئاساس بار.
شۇنىڭدىن قارىغاندا، چىرايىڭىزنى سېرىق دەپ كەتكىلىمۇ بول-
ماس، ئاققا مايىل دېيىش تېخىمۇ مۇۋاپىق! قېنى، سوغۇققان-
لىق بىلەن ئويلاپ بېقىڭا، گېپىم ئورۇنلۇقمۇ-يوق؟

ئانارگۈلنىڭ خاپىچىلىق تۇمانلىرى قاپلىغان ساپسېرىق
چىرايى شۇ ھامان باھار ئاپتىپىغا تويۇنغان ئانار گۈلىدەك ئېچى-
لىپلا كەتتى. ئارقىدىن ئۇ كىچىك بالىلاردەك تاخلىغىنىچە
كۈچەپ چاۋاك چېلىۋەتتى:

— كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىڭىز ھەقىقەتەن يۇ-
قىرى ئىكەن جۇمۇ سىزنىڭ! بۇرۇن سىزنى چۈشەنمەپتىكەن-
مەن. باشقىلارسىزنى ”روسۇل توڭ“ دېسە راستىمىكىن دەپ ئى-
شىنىپ قېلىپ، بىكاردىن بىكار ئادەمنىڭ يېغىرىنى كوچىلاپ
دىلىمغا ئازار بېرىپ يۈرمىسۇن دەپ، ئۆزۈمنى تارتىپ يۈرۈپتى-
كەنمەن. ئادەمنىڭ قەلبىنى بۇنداق چۈشىنىدىغانلىقىڭىزنى، ئا-

قاپ كېتەي دەپ قالغان يۇمۇق كۆزلىرىدىن مىنىنەتدارلىق ئالامەتلىرى بىلىنىپ تۇراتتى. مانا، كۆردۇڭلارمۇ! گەپنىڭ ئۇچۇقىنى، راستىنى ئېيتقاندا، گۇلخان ھەدىنىڭ چىرايى ھەقىقەتەن قارا، لېكىن ئۇنى قارا دېسە ئۆلگۇدەك خاپا بولىدۇ، ئاق دېسىمۇ ئىشەنمەيدۇ، ئەلۋەتتە. چىرايى شۇنداق كۆرۈمسىز، قارا تۇرسىمۇ لايىقىدا، ئېپىدە گەپ تېپىپ "چىرايلىق"، "بۇغداي ئۆڭلۈك" دەپ ماختاپ قويساڭ مانا مۇشۇنداق خۇشال بولىدۇ. مانا بۇ، ئادەملەرنىڭ يالغان گەپكە خۇشتار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەمدۇ؟!

بۇنداق مىساللار كۆپ، ئانار گۇلنى بىرى "سېرىق ئاسلان" دەپ تىللاپ قويۇپتىكەن، ئۇ ئىككى-ئۈچ كۈنگىچە يىغلاپ يۈردى، ھەتتا خاپىچىلىقتا گېلىدىن غىزامۇ ئۆتمىگەنمىش. مەن بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنى بىر يانغا تارتىپ كۆڭلىنى ياسىدىم:

—شۇنچىلىك ئىشقىمۇ شۇنچىۋالا خاپا بولۇپ كەتكەن بارمۇ! —دېدىم مەن جىددىي تەلەپپۇزدا، —سىزنى "سېرىق" دېگەن بولسا خاپا بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، خۇشال بولسىڭىز، پەخىرلەنسىڭىز بولىدۇ، ئانارگۇل!

—نېمىشقا؟ —ئانارگۇلنىڭ سوپىسوپىياڭدەك ساپسېرىق چىرايى تەئەججۈپ ئىلكىدە پۈرۈشۈپ كەتتى، —خەق مېنى تىللىسا خۇشال بولىدىغانغا سىزگە ئوخشاش ساراڭ بولمىسام!

—ئاۋۋال گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ! —دېدىم مەن چىرايىمغا تېخىمۇ جىددىي تۈس بېرىپ، —ھازىرقى زاماننىڭ قىزلىرىغا تازا زەڭ سېلىپ قاراپ باقماپسىز، قوندۇزدەك قاپقارا چاچلىرى

ئىچىلغان ھالدا پەيدا بولدى. بۇنىڭ سىرىنى سورىغۇچىلارغا ھېچنېمە دەپ بەرمىدىم، لېكىن سىلەرگە دەپ بەرمىسەم بول-ماس. قوللانغان ئۇسۇلۇم ھېچقانداق سىرلىق ئۇسۇل ئەمەس، يەنىلا شۇ يالغان سۆزلەش بولۇپ، مەن ئۇنىڭغا ئاق رەڭنىڭ پاكلىقىنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكىنى ئېزىپ-ئىچۇرۇپ چۈشەندۈ-رۈپ قويدۇم، خالاس. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خاپىچىلىقتىن خالاس بولدى. مەن بولسام، كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە "ياخشى"، "كۆيۈم-چان"، "قابىلىيەتلىك"، "تەدبىرلىك" ئادەم بولۇپ قالدىم. بارا-بارا كىشىلەرنىڭ قەدىرلىشى ۋە ئەتىۋارلىشىغا ئېرىششكە باشلىدىم. بۇ، يالغان سۆزلەشنىڭ كۈچ-قۇدرىتى بولماي نېمە؟ بۇنىڭغا قاراپ سىلەر مىڭ يەردىن چېنىپ تۇرىدىغان بۇنداق يالغان-ياۋىداق گەپلىرىمىز بەزىبىر گول خوتۇنلار ئالدىدا ئاناـ چە-مۇنچە ئاققان بىلەن پاراسەت بابىدا كامالەتكە يەتكەن ئەرلەر ئالدىدىغۇ ئاقمىغاندۇر، ھەقىچان! دەپ ئويلاپ قالماڭلار. بۇ-نىڭغىمۇ ھېچقانچە قىينالمايلا تالاي ئەمەلىي مىساللارنى كەلتۈ-رۈپ بېرەلەيمەن.

بۆلۈم باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگىنىمگە ئەمدىلا بىر يىل بول-غان ساۋۇتنىڭ يېشى ئوتتۇزغا بارا-بارمايلا چېچى چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ چېچى بۆلۈممىزنىڭ گادىرماش ئىشلىرى ئۈستىدە كۆپ باش قاتۇرۇپ كەتكەنلىكتىن شۇنداق چۈشۈپ كېتىۋاتامدىكىن دېسە، ئۇنداقمۇ ئەمەس. مىجەزىگە ئاساسلانغان-دا، قىلچە ئىككىلەنمەيلا ئۇنىڭغا تەپسە تەۋرىمەيدىغان، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە تېگىدە يېتىپ مانتا يەيدىغانلار قاتارىدىن ئو-رۇن بېرىشكە بولىدۇ. ھېچقانداق ئىشقا ئارتۇقچە مېڭە ئىشلە-

زار يېگۈچىلەرگە بۇنداق سەمىمى ھېسسىداشلىق قىلىدىغانلىقى-
ڭىزنى، سۇنغان كۆڭۈلنى بۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ياسىيالايدى-
غانلىقىڭىزنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسامچۇ، بىر مۇنچە كۆز يې-
شىمنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىپ يۈرمەي، سىزنىلا ئىزدىمەسمى-
دىم! ھەي ئىست!

ئانارگۈل تەسەللىي تاپالماي بىھۇدە ئىسراپ قىلىۋەتكەن
ۋاقتىغا ئېچىنىۋاتقاندەك، مېنى يېڭىباشتىن تونۇپ يەتكەندەك
ۋە ماڭا چىن قەلبىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈۋاتقاندەك بىرخىل
نەزەر بىلەن كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قادىلىپ قارىدى. مەن ئاخىرى
غايىبانە ئىشقى-ھەۋەس ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان بۇنداق مىخ-
تەك قادىلىپ قاراشقا بەرداشلىق بېرەلمەي، كۆزۈمنى ئاستا
ئەپقېچىشقا مەجبۇر بولدۇم.

ئاسىيگۈلنىڭ چىرايىنى سەت دېگىلى بولمايدۇ، قويۇپ
قويغان ئۆپكىدەك ئاپئاق ۋە سېمىز. لېكىن ئۇرۇشۇپ قالغاندا
بىر ئايال ئاچچىقىدا ئۇنى ”پاسىق سۆڭەكتىن تۆرەلگەن ئالۋاس-
تى، چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان مۇردا، قانسىرىتىلغ-
ان ئۆپكە...“ دېگەنگە ئوخشاش بىمەنە تىللار بىلەن تىللاپ
ساپتىكەن، ئىشقا چىقماي يېتىۋالدى. بۆلۈم باشلىقلىرىدىن
تارتىپ باشقارما باشلىقلىرىغىچە ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، ناماقۇل-
لۇق بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى. لېكىن ئۇنۇمى كۆرۈلمى-
دى. ئۇ تىللىغۇچىنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىپ بەرمىگىچە رازى
بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ھېچكىمنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمى-
دى، ئاخىرى ئابدۇرازاق ماڭا يالۋۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. مەن
ماقۇل دەپ باردىم. ئەتىسىلا ئۇ ئىشخانىمىزدا گۈلقەقەلىرى

بىلەن ساۋۇتنىڭ روھى چۇشۇپ كەتتى. يوغان كەپكىنى قۇلىقى-غىچە چۆكۈرۈپ كىيىپ، گويا ئېغىر جىنايەت سادىر قىلغان گۇناھكارلاردەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ماڭىدىغان بولۇۋالدى. ئەمەلىيەتتە تاقىر باش بولۇپ قالغانغا بۇنچىۋالا روھسىزلىنىپ كېتىشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟ راستىنىلا تاقىر باش بولغاندىكىن كىشىلەر تاقىر باش دېسە نېمە بوپتۇ؟ پەسەنت قىلماي كۈلۈپلا قويساڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ، دەۋېرىپ ئۆزلىرى زېرىكىدۇ. سەن قانچە تە بولغانسېرى خەقلەرنىڭ سېنى شۇنچە چىچاڭ-شىتقۇسى كېلىدۇ. بۇ خۇددى ”ساقنى تاز دېسە كۈلگىسى كەپتۇ. تازنى تاز دېسە ئۆلگىسى“ دېگەندەك بىر گەپ بولۇپ، ھەر-قانداق ئادەم ئۆزىدە بار ئەيىبىنىڭ باشقىلارنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قېلىشىنى خالىمايدىكەن، تاز بولسىمۇ ساق دەپ تەرىپلىسە، خۇشال بولىدىكەن. قىسقىسى، يەنىلا مۇشۇنداق يالغان گەپلەر قۇلاققا ياقىدىكەن. مەن يۇقىرىقى تەھلىلىمگە ئاساسەن ساۋۇتنى خۇددى كىچىك بالىنى بەزلىگەندەك بەزلىدىم:

—تاقىر باش ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ! —دېدىم ئۇنىڭغا مەن ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە ئۈستىدە پەلسەپىۋى پىكىر يۈرگۈزۈۋاتقاندەك چوڭقۇر ئويلانغان ھالدا، —تاقىر باش بو-لۇش، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ئەقىل-پاراسەتنىڭ پىشىپ-يې-تىلگەنلىكىنىڭ روشەن بەلگىسى. ئىشەنمىسەڭ لېنىننىڭ سۈ-رىتىگە قاراپ باق، ئۇنداق دانىشمەن ئادەم دېگەننىڭ دۇنيادا كەمدىن كەم ئۇچرايدىغانلىقىنى ئۆزۈڭمۇ بىلىسەنغۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە، سەن يا راستىنىلا تاز بولمىساڭ، خەقنىڭ نېمە دېيى-شى بىلەن نېمە كارىڭ؟ ”ئىت ھۈرەر، كارۋان يۈرەر“ دېگەن-

تىپ كەتمەيدۇ، باشلىقلار نېمە دېسە "خوپ!"، "ماقۇل"، "مانا هازىرلا بەجا كەلتۈرىمەن!" دەپ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇش-تىن باشقىنى بىلمەيدۇ. گەپلەرنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكى ئۈستىدە ئويلىنىپ يۈرمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىنمىكىن، باشلىقلارمۇ ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ يەنە ھەممە ئائىلىلەردە دېگۈ-دەك يۈز بېرىپ تۇرىدىغان جېدەل-ماجىرالاردىنمۇ خالى. ئۇنىڭ ئايالى شۇنداق كۆيۈمچان، چىرايلىق، مۇلايىم، مىجەزى ئوبدان ئايال. ئۇ ئېرىنى دائىم ۋاي، دەپ تۇرىدۇ، بولۇپمۇ باشقىلار ئالدىدا ئالاھىدە ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئائىلە-ۋى تۇرمۇشتىن پۈتۈنلەي خاتىرجەم، يوشۇرۇن دەرد-ئەلەممۇ يوق. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ چېچى چۇشۇپ كېتىشكە زادى نېمە سەۋەب بولدىكىن-تاڭ؟ ئادەم ياپياش تۇرۇپلا چېچى چۇ-شۇپ كەتسە ھەقىقەتەن كۆرۈمسىز، تاز چىراي بولۇپ قالىدى-كەن. بۇنى ئاز دېگەندەك، باشقىلارنىڭ چاقچاققا يۆلەپ ئۇنى "غىلتاڭباش ئاقساقال"، "پايىنەك باش گېنېرال"، "مىس ھەي-كەل"دەپ سۈپەتلەشلىرىمۇ ھار كەلدى بولغاي، ئۇ مۇكىدەك چېپىپ يۈرۈپ نۇرغۇن داڭلىق دوختۇرلارغا كۆرۈنۈپ باقتى. قايتىدىن چاچ چىقىرىدۇ دېيىلگەن ھەر خىل دورا ئېلانلىرىنى گېزىت-ژۇرناللاردىن كېسىۋېلىپ دۇكانمۇ-دۇكان قاترىدى. ھەتتا دورا ئېلانىدىكى چۈشەندۈرۈش بويىچە بىر سىم چوتكا سېتىۋېلىپ، بېشىنى نۇرغۇن قېتىم قانىتىپ، دورىنى تاقىر بېشىدىكى ئاق نان يۈزىگە نۆكچە سېلىنغاندەك تەكشى قانىتىلغان جايلارغا يېرىم يىلغا يېقىن سۈركەپ باقتى. لېكىن بۇنىڭ بىھۇ-دە ئازاب چەككەندىن باشقا قىلچە ئۈنۈمى كۆرۈلمىدى. شۇنىڭ

روشقا تەكلىپ قىلدىم. لېكىن سافا ئۈستى قالايمىقان تاشلاپ قويۇلغان كىيىم-كېچەك، كىرلىشىپ كەتكەن ياستۇق، سېسىق پۇراق چىقىپ تۇرغان پايپاق قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن بولۇپ، ئادەم ئولتۇرغىچىلىك بوش يەر قالمىغانىكەن. ئالدىراشچىلىقتا بۇنى مەن يادىمدىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن ئەمەسمۇ! ئۇ يا ئولتۇرۇشنى، يا ئۆرە تۇرۇشنى بىلەلمەي مەڭدەپ قالدى. مەن قاتتىق خىجىلچىلىق ئىچىدە ئابدۇرازاققا ئۆزرىخاھلىق ئېيتقاچ بۇ قالايمىقان نەرسىلەرنى پۇرلاپ-پۇملاپ كارىۋات ئاستىغا تىقتىم-دە، ئاندىن ئەسلىدىكى رەڭگىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن قاتمال لۆڭگە بىلەن سافانى بىر قۇر سۈرتۈۋېتىپ، ئۇنى قايتىدىن ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدىم.

— خوتۇن خەق بولمىغان ئۆي دېگەن مۇشۇنداق بولىدىكەن، — دېدىم ئېشەك ئېغىلىغا ئوخشاپ قالغان ئۆينىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە كۆز يۈگۈرتۈۋاتقان ئابدۇرازاققا قاراپ ئۆز خىجىلچىلىقىمنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، — گۈلجەننەت خېتىنى ئېلىپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەندىن بۇيان ھېچ ئىش خۇش ياقمايدىغان بولۇپ قالدى، ئاداش! ئۆينى بىرەر قۇر تازىلاپ قويغۇمۇ كەلمەيدۇ. قانداق قىلىسەن، بويتاقچىلىق دېگەن ئادەمنى مۇشۇنداق ھورۇنلاشتۇرۇپ قويىدىكەن.

— خوتۇن خەقنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇۋالغانلىقىڭغا خۇشال بولماي دەۋاتقان گېپىڭنى قارا، — دېدى ئابدۇرازاق مېنىڭ بويتاقچىلىق تۇرمۇشۇمغا ھەۋەسى كېلىۋاتقاندەك بىر خىل تەلەپپۇز بىلەن، — خوتۇن خەق بار ئۆي دېگەننىڭمۇ ئۆزىگە تۇش-

دەك، قۇلاقنى يوپۇرۇپ ئۆز ئىشىڭنى قىلىۋەرسەڭ بولمىدىمۇ! سۇغا چۈشۈپ كەتكەن مۈشۈكتەك بۇنداق شۈمشىيىپ يۈرسەڭ ساڭا كۆڭلى يېقىن بىزگە ئوخشاش ئاغىنىلىرىڭگە تېخىمۇ ئېغىر كېلىدىكەن!

— شۇنداقمۇ؟ مېنىڭ مۇشۇ قاپاق كاللامنى-زە! — ساۋۇت پاكىز سۈرتۈلگەن ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرغان تاقىر بېشىغا شاپىلاق بىلەن بىرنى سالدى، شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن كاللىسى ئىنتايىن ئۆتكۈر، چېچى بار ئادەملەردىن ئەقىللىق ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنىپ قالغانىدى، — بالدۇرراق شۇنداق دېسەڭ بولماسمىدى، ئاداش. ئۇنداقتا بۇنچىۋالا ئازابلىنىپمۇ يۈرمەستىم! مۇشۇنچىلىك ئىشقا ئەقلىم يەتمىگىنىنى قارىماسەن!

شۇندىن كېيىن ئۇ كەپكىسىنى پىرقىرىتىپ چۆرۈپ تاشلاپ، تاقىر بېشىنى ۋال-ۋۇل پارقىرىتىپ كېرىلىپ يۈرۈيدىغان بولدى. خېلى پۇل خەجلەپ ئالغان يالغان بۇدۇر چاچنىمۇ نەلەرگىدۇر يوقاتتى. مانا بۇمۇ يالغان گەپنىڭ كارامىتى!

راستىنى ئېيتقاندا، بۇنداق يالغان گەپنىڭ يالغۇز ساۋۇت ئالدىدىلا ئىقىپ قالماستىن، يالغان گەپكە تايىنىپ ئەمەل تاجىنى بېشىغا كىيگەن، يالغان گەپنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدىغان ئابدۇرازاق ئالدىدىمۇ خېلى ئوبدان ئېقىپ قېلىشىنى زادىلا خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقماپتىكەنمەن. توۋا دەيمەن، بۇرۇن ئىشخانىدىن باشقا يەردە ماڭا كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويمايدىغان ئادەمنىڭ مېنى ئالاھىدە يوقلاپ كېلىشىنى نەدىن بىلەي؟ مەن ھودۇقۇپ قالدىم ۋە ئالدىراپ-تېنەپ ئۇنى سافادا ئولتۇ-

سىگە ياغ توشۇپ كېتىپ چانىقىغا پاتمايۋاتقاندەك تېشىغا تېخىمۇ پولتىيىپ چىققان كۆزلىرىنى قىسىپ، بېشىنى چايقىدى،

— مەندەك بوزەك ھەم ئوبدان ئەرنى ئاران تېپىۋالغان خوتۇن ئاسانلىقچە خېتىمنى ئالىدۇ دەمسەن؟ يەنە گۇلدەك ئىككى بالام تۇرسا، ئۇلارنىڭ يۈزىنى قىلمىسام بولماس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاشۇ خوتۇنسىز ھېچ ئىشنى ئاقتۇرالمايمەن دېگىنە!...

ئابدۇرازاق ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزنى ئېغىزىدىن ئارتۇقچە چىقىرىپ تاشلىغانلىقىنى ھېس قىلدى بولغاي ئەتىمالىم، لېۋ-نى چىشلىگىنىچە داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ياغ سۈرتۈپ ياققان توقاچتەك قىزغۇچ كەلگەن چىرايى تاتىرىپ بىر قىسىملا بولۇپ كەتتى، مەن ئۇنى ئوسال ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن گەپنى ئۆزۈمگە بۇرىدىم.

— بويتاقچىلىق دېگەننىڭ ھەۋەس قىلغۇدەك يېرى يوق، — دېدىم جىددىي تۇردە، — ئەقەللىيسى، ئېغىزىڭغا تېتىغۇ-دەك ئىسسىققىنا بىرەر ۋاق تاماقمۇ يېيەلمىسەڭ، كىيىم-كېچەك-لىرىڭنى ۋاقتى-ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇپ پاكىز كىيىنىپ يۈرەلمى-سەڭ، كېچىسى تىزىڭنى قۇچاقلاپ يېتىشتىن باشقا ئامال قىلال-مىساڭ، ئۇنىڭ نېمىسىنى ياخشى دېگىلى بولسۇن؟! يەنىلا ئۆي-ئوچاقلىق، بالا-چاقىلىق بولغانغا يەتمەيدۇ!

— ئۇغۇ شۇنداق، — ئابدۇرازاقنىڭ چىرايى بارا-بارا ئەسلى-گە كەلدى، ئۇ توساتتىن مۇھىم بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك، يوتىسىغا بوشقىنە بىرنى ئۇردى-دە، بۇ يەرگە كېلىشتىكى مۇد-دىئاسىغا كۆچتى، — بۇرۇن ياخشى-يامان دېيىشىپ قالغان يەر-لىرىمىز بولسىمۇ كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەت، ئاداش! قانداقلا بول-

لۇق دەردى بار، ئاغىنە. بىردەم كېيىم-كېچەك دەۋاتقان، بىردەم زىبۇ-زىننەت. بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنى قاندۇرساڭ، ئارقىدىن ئاللىقانداق يېڭى مودىدىكى ئۆي جاھازدىلىرىنىڭ جېدىلىنى قىلىۋاتقان، ھەتتا تۆردىن ئورۇن ئالالماي قالسىمۇ سەندىن خاپا بولۇۋاتقان. ئادەتتىكى ئۇششاق سۆزلىردىنىغۇ تىلغا ئالمايلا قوي، بولمىسا غەزىپىڭدىن يېرىلىپ كەتمدىگەن تەقدىردىمۇ ساق كاللاڭ ئېلىشاي دەپ قالىدۇ. سەنچۇ؟ شۇنداق ئەركىن، ئازادە. بوينۇڭدىن باغلاپ تۇرىدىغان ئادەم يوق. نەگە باراي دېسەڭ بارالايسەن، نەدە تۇراي دېسەڭ تۇرالايسەن، نېمە ئىش قىلغۇڭ كەلسە شۇنى قىلىسەن. بوسۇغىدىن پۇتۇڭنى ئالا-ئالمايلا "ساپلىما كەش ئالماشتۇرۇڭ" دەپ ۋارقىرايدىغان، تاماكاڭنى تۇتاشتۇرا-تۇتاشتۇرمايلا "موردىن ئىس چىقىرىپ بالىلارنى زەھەرلىمەي، تالاغا چىقىپ چېكىپ كىرىڭا!" دەپ ئۆيدىن قوغلايدىغان، ھەتتا خورەك تارتىپ قالساڭمۇ ھازازۇلدەك قوپاللىق بىلەن تۇرتۇپ ئويغىتىپ تاتلىق ئۇيقۇڭنى ھارام قىلىدىغان ئادەم يوق. قىسقىسى، ئەركىنلىكنىڭ ھۇزۇرىنى سۇرىسەن! قاراپ تۇرۇپ مۇشۇنداق ئوبدان تۇرمۇشتىن زارلانغىنىڭ نېمىسى؟ راستىنى ئېيتسام، ھازىرقى بويتاقچىلىق تۇرمۇشىڭنىڭ قەدرىگە يەتسەڭ بولىدۇ جۇمۇ!

— ئۇنداق بولسا سەنمۇ مېھرىنىسانى قويۇۋېتىپ، بويتاق بولۇۋالماسەن؟ — دېدى مەن يېرىم چاقچاق، يېرىم ئەستايىدىللىق بىلەن، — ئۇلپەتداش بولۇپ، بويتاقچىلىقنىڭ پەيزىنى تەڭ سۇرمەيمىزمۇ!

— نەدە ئۇنداق ئوڭاي ئىش بولسۇن؟ — ئابدۇرازاق چۆرد-

نى گۆپۆلدىتىپ ئىچىۋېتىپ، قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئاغزى-
نىڭ چۆرىسىنى سۈرتتى، ئاندىن كۆنۈپ قالغان ئادىتى بويىچە
قورۇما تەخسىلىرىنىڭ چېتىگە قويۇلىدىغان چوكىغا قول ئۇزات-
قاندەك بىرخىل ھەرىكەتلەرنى قىلدى. قولىغا چوكا ئەمەس،
قاتتىق نان ئۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى ۋە
خىجىلچىلىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بىر بۇردا ناننى ئاغزىغا سې-
لىپ، ئالدىرىماي ئېۋىتىپ كورسىلدىتىپ چايناشقا باشلىدى.
لېكىن ناننىڭ قاتتىقلىقىدىن چىرايى پۈرۈشۈپ بىر قىسمىلا
بولۇپ قالدى. ئاخىرى ئېزىقىدا چايناپمۇ ئېزەلمىگەن ئۇچكىدەك
ناننى ئاغزىدىن چىقىرىۋېلىپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، ماڭا
قاراپ تۇرۇپ قالدى. مەنمۇ داستىخاننىڭ بەكمۇ غورىگىل بولۇپ
قالغانلىقىدىن قاتتىق خىجىل بولۇپ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك
بولۇپ كەتتىم. ئۇ ھېلىقى ناننى تومپۇچكىنىڭ بىر بۇرجىكىگە
قويۇپ قويغاندىن كېيىن، ھاراقنىڭ تەسىرىدە قىزىشىپ سۆز-
لەشكە باشلىدى:

—قېنى، لىللا بىر گەپ قىلىپ باققىنا، ئاداش، مەن
خىزمەتنى زادى قانداق ئىشلەيمەن؟ ئۆزۈڭ كۆرگەندەك، ئول-
تۇرسام-قوپسام خىزمەت ئۈستىدە باش قاتۇرىمەن، ھەتتا چۈ-
شۈمدىمۇ باشقارمىمىزغا چۈشۈرۈپ بېرىلگەن ۋەزىپىنى قانداق
قىلىپ ئاشۇرۇپ ئورۇنلاش توغرىسىدا پىلان تۈزۈش، چارە-تەد-
بىر ئويلاشتىن خالىي بولالمايمەن. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ،
بەزى باشلىقلىرىمىز يەنىلا رازى بولمايۋاتقان! ھە دېسىلا تەنقىد
كالتىكىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئادەمنىڭ بېشىغا كەلسە-كەلمەس
سېلىۋاتقان! ھەي ...

مىسۇن، ئىككىمىز دېگەن ساۋاقداش، بىر-بىرىمىزنى چۈشىنى-
مىز، بىر-بىرىمىزنىڭ دەردىگە دەرمان بولالايمىز. شۇڭا بۇ-
گۈن دەردىمنى تۆكۈپ، ئېچىمنى بىر بوشىتىۋالاي دەپ يېنىڭغا
كېلىشىم.

—ۋاي سېنىڭمۇ دەردىڭ بارمۇ تېخى!—پەتنۇستىكى قې-
تىپ تاراڭگىدەك بولۇپ كەتكەن نانلارنى ئابدۇرازاقنىڭ ئالدىغا
قويۇۋېتىپ، بۇ گەپنىڭ ئاغزىمدىن قانداقلارچە چىقىپ كەتكەن-
لىكىنى تۇيمايلا قالدىم. ئارقىدىن مېنى ئالاھىدە ئىزدەپ كەل-
گەن مېھماننى بىھۇدە رەنجىتىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن،
گېپىمنى تولۇقلاشقا ئالدىرىدىم، —دېمەكچىمەنكى، سېنىڭ بىر
ئوبدان خوتۇنۇڭ، گۈلدەك باللىرىڭ، ئىناق ئائىلەڭ تۇرسا،
يەنە نېمە دەردىڭ بولسۇن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، جەمئىيەتتىمۇ
خېلى يۈز-ئابرۇيۇڭ بارغۇ!

مەن شۇ گەپلەرنى قىلغاچ تومپۇچكا ئۈستىدىكى چايدانغا
قول ئۇزاتتىم. چايداندا يېرىمچە چاي بولسىمۇ، ئاللىقاچان
سوۋۇپ قالغانىكەن. ئابدۇرازاق ئاشخانىغا قاراپ ماڭغىنىمنى
كۆرۈپ مېنى توختىتىۋالدى:

—چاي قاينىتىمەن، دەپ ئاۋارە بولما!—دېدى ئۇ
باشلىقلارغا خاس سالاپەت بىلەن بۇيرۇق ئاھاڭىدا، —ھارىقىڭ
بولسا بىرەر رومكىدىن قوي، ئىچكەچ پاراڭلىشىمىز.

مەن قاچا-قۇچا ئىشكاپىنى ئاختۇرۇپ يېرىم بوتۇلكا ئاق
ھاراق تاپتىم، ئۇنى چاي قۇيۇشقا تەييارلاپ قويغان پىيالىگىلا
تەڭشەپ قۇيۇپ، كۆپرەكىنى ئابدۇرازاقنىڭ ئالدىغا ئىتتەردىم.
ئۇ گەپ-سۆز قىلمايلا پىيالىدىكى لىپمۇ-لىق ھاراقنىڭ يېرىمى-

تۈزۈش كويىدا بولمايدۇ. ھەممە ئىشتا باشلىقنىڭ ئاغزىغا قاراي-دۇ. ھەتتا مەلۇم بىر قېتىم خوتۇنىغا يېڭى كۆڭلەك ئېلىپ بېرىش-بەرمەسلىك توغرىسىدىمۇ باشلىقتىن ”يوليورۇق“ سو-راپ كۆلكىگە قالغانمىش. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ خىز-مەتنى ياخشى ئىشلىيەلمەسلىكى تەبىئىي. خىزمەتنى ياخشى ئىش-لىمىگەنىكەن، باشلىقلارنىڭ ئۇنى تەنقىد قىلىشىمۇ تەبىئىي ۋە توغرا. لېكىن ئۇ بۇنداق تەنقىدنى قوبۇل قىلالمايدىكەن، سەۋەب-لىكىنى بوينىغا ئالغۇسى كەلمەيدىكەن، ئۆزىنى قابىلىيەتلىك، تەدبىرلىك ئادەم سانايدىكەن. شۇ ۋەجىدىن باشلىقنىڭ گېپىنى هار ئېلىپ كېتىپ، تەنقىد توشۇپ كەتكەن قورسىقىنى بوشىتىد-ۋېلىش، ئۆزىگە ئاز-تولا تەسەللى تېپىش ئۈچۈن مېنى ئالاھىدە ئىزدەپ كەلگەن چېغى. ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەندىن كې-يىن، نىمە ئۈچۈندۇر ئاچچىقىم كېلىپ قالدى. باشلىقنىڭ تەنقىدى ئېچىشتۇرۇپ ئۇلتۇرغىلى قويماپتىكەن يەرگە ”مانا ئە-مىسە“دەپ بىر-ئىككى چىمدىم تۇز سېپىپتەكۈم كېلىپ كەتتى. بۇنداقتا، راست گەپنى دېيىشكە توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن ئۆزىگە پايدا يەتكۈزىدىغان بۇ گەپلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا ياقمايدۇ، مەندىن ئۆلگۈدەك خاپا بولىدۇ، كۈتكەنلىرىمدىن ئۈمىدمۇ قال-مايدۇ، بىرەر يىلدىن بۇيان شۇ يولدا سىڭدۈرگەن ”جاپالىق ئەجرىم“نىڭ ھەممىسى بىكار بولىدۇ. يالغان سۆزلەپ قويسام-چۇ؟ ئىش تامامەن باشقىچە بولىدۇ، ئۇ مەندىن رازى بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ، بۇرۇن باشلىقلار ئالدىدا مېنى چاققان بولسا، ئەمدى ماختايدۇ. باشقارمىدا ئۆزىدىن قالسا، مېنىڭ خېلى قابى-لىيەتلىك ئىكەنلىكىمنى تىلغا ئېلىپ، ئېشىپ قالغان بىرەر

ئابدۇرازاقنىڭ خىزمەتنى قانداق ئىشلەيدىغانلىقىغا كەل-
سەك، ئۇنىڭ ئۆيدىكى ئىشلاردىن خەۋىرىم بار: ئىشقا كېلە-
دۇ-دە، ئاۋۋال تازىلىق ئىشچىسى ئىشخانىغا ئەپكىرىپ قويغان
چايداندىكى قايناق سۇ بىلەن قېنىق قىلىپ چاي دەملەيدۇ، چاي
سەل سوۋۇپ لېۋىنى كۆيدۈرمىگۈدەك بولغاندا ئۈستىدىكى شامە-
سىنى سىپايىلىق بىلەن پۈۋلەپ تۇرۇپ، مەززە قىلىپ ئىچىۋې-
تىدۇ، ئارقىدىن گېزىت قەغىزىگە كۆك ناماكىنى باشمالتاق
چوڭلۇقىدا يۆگەپ، پۈتىنى ئالماپ ئولتۇرۇپ، ئاغزى-بۇرنىدىن
قويۇق تۈتۈن چىقىرىشقا باشلايدۇ. ئاندىن كېيىن ئالدىدىكى
دۆۋىلىشىپ كەتكەن ھۆججەت-جەدۋەللەرنى بىر قۇر ۋاراقلاپ
قويۇپ، گويا ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ قاتتىق ھېرىپ كەتكەن
ئادەمدەك تازا سوزۇپ بىر "ئۇھ" تارتىۋېتىپ، سافاغا ئۆزىنى
تاشلايدۇ. مۈگدەك بېسىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئىشخانىنىڭ
ئىشىك تۈتقۇچىغا "بۈگۈن چۈشتىن ئىلگىرى يىغىن بار" ياكى
"ئىشى يوقلارنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت يوق" دېگەن خەتلەر يې-
زىلغان تاختىنى ئېسىپ قويىدۇ-دە، تاتلىق ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ
كېتىدۇ... چۈشتىن كېيىنكى ئىشلار توغرىسىدا بولسا، ئېنىق بىر
نەرسە دېيەلمەيمەن، چۈنكى ئۇنىڭ چۈشتە راستىنلا پىلان
تۈزگەن-تۈزمىگەنلىكىنى، چارە-تەدبىر ئويلىغان-ئوي-
لىمىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا قادىر ئەمەسمەن-دە!

ئابدۇرازاقنىڭ تولىمۇ قابىلىيەتسىز، چارە-تەدبىرسىز ئە-
كەنلىكى، يالغان گەپتىن، چاپانچىلىقتىن باشقىنى بىلمەيدىغان-
لىقى ھەممىگە ئايان. ئۇ بىرەر ئىش توغرىسىدا مۇستەقىل
پىكىر يۈرگۈزمەيدۇ، مېڭە ئىشلىتىپ كونكرېت چارە-تەدبىر

ۋەلىكلىرى كۆپرەك بولغانلىقتىن، ئايۇپ ئاكا تەرىپىدىن پات-پات ئۇچۇقدىلىنىپ تۇراتتى. بۇ قېتىم تېخىمۇ قاتتىقراق ئۇچۇقدىلىنىپ كېتىپ، ئورنىدا زادىلا ئولتۇرالماي قالغان بولسا كېرەك، بولمىسا ئۇ ئاسانلىقچە مېنىڭ يېنىمغا يۈگۈرۈپ كەلمەيتتى. مۇشۇلارغا ئاساسەن، يۇقىرىقى گەپنى يۇرەكلىك ھالدا ئاغزىمدىن چىقىرىۋەتتىم.

—موللا تاپقاقمۇ نېمە سەن؟ —باشلىقلاردىن تەنقىد ئىشتكەنلىكىمنى ئېچكىم بىلمەيدۇ دەپ چۈشىنىپ كەلگەن ئابدۇرازاق ھەيران بولغان ھالدا سورىدى، —بۇنى سەن نەدىن بىلدىڭ؟

—مەن دېگەن يەر ئاستىدا يىلان كۆشىسە بىلىپ تۇرىمەن جۇمۇ! —مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭمۇ بوشاڭ، ئاددىي ئادەم ئەمەسلىكىمنى پۇرىتىپ قويۇش مەقسىتىدە چاقچاققا يۆلەپ پو ئېتىپ قويدۇم، —ئاكاڭنى ئۇنچىۋالا بوش چاغلىما! قېنى ئېيتىپ باققىنا، ئايۇپ ئاكا سېنى نېمە دەپ تەنقىد قىلدى؟

—نېمىدەيتتى، —دېدى ئابدۇرازاق نارازى بولغان ھالدا چىرايىنى غەلىتە پۈرۈشتۈرۈپ، —يەنە شۇ كونا مۇقامنى تەكرارلىغاندىن باشقا، قاراپ تۇرۇپ بۇدا ئازراق تەھدىتمۇ سېلىۋاتىدۇ تېخى، مەن قورقۇپ كېتىدىغاندەك! مەن باشقارمىمىزنىڭ خىزمىتىگە ياخشى يېتەكچىلىك قىلالماپتىمىشمەن، ئۇنۇملۇك چارە-تەدبىر قوللانماپتىمىشمەن، ئاممىغا تايانماپتىمىشمەن، شۇڭا يىللىق پىلان ئورۇندالماپتۇمىش. مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، باشقارما پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كېتەرمىش. ئۇنىڭدىن كۆرە بالدۇرراق ئۆزۈمنى سوراپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىستېپا بەرگىنىم تۈزۈكمىش...ھۇ، ئاناڭنى!

ئەمەلنى ماڭا ئىلتىپات قىلىۋېتىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپمۇ قويىدۇ. ئەمەل شوتىسىغا بىر بالداق چىقىۋالدىممۇ، بولدى، مۇشۇ ئاساستا بالداقمۇ-بالداق يۇقىرى ئۆرلەپ، ئۇزۇنغا قالماي ئابدۇرازاقنى پەستە قالدۇرۇپ قويالىشىمغا ئىشەنچىم كامىل. ئۇ چاغدا ئۇ هازىرقىدەك گىدىيىپ يۈرمەي، ئالدىمدىن ئېگىلىپ ئۆتىدىغان بولىدۇ، گىدىيىش ماڭا قالىدۇ. خورلانغان دىلىمدى-كى زەردابلىق يارىنى خورلاش ئارقىلىق ساقايتىپ پۈخادىن چىقىمەن. گۈلجەننەتمۇ كەچۈرۈم سوراپ يېنىمغا قايتىپ كې-لەمدۇ تېخى! مەن جىددىي ئويلىنىش ئارقىلىق كېيىنكى يولنى تاللىۋالدىم.

— يەنە ئايۇپ ئاكىنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىغان ئوخ-شىمامسەن؟ — مەن گەپ تېپىش ئۈچۈن قىياسەن سۆزلىدىم.

گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندىمۇ ئابدۇرازاق ياقۇپ نازىرنىڭلا چاپى-نىنى كۆتۈرۈپ، مۇئاۋىن نازىر ئايۇپ ئاكىنى كۆزگە ئىلمايتى-تى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بۈگۈندىن پەيدا بولغان ئەمەس. ئايۇپ ئاكا قول ئاستىدىكىلەرگە قاتتىق تەلەپ قوياتتى. ياقۇپ نازىر بولسا، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلەرنى ئايۇپ ئاكىدەك قاتتىق تەنقىدلىمەي، "ياش ئەمەسمۇ، بارا-بارا تۈزۈلۈپ كېتىدۇ، ئالدىراقسانلىق قىلىش-قا بولمايدۇ..." دېگەندەك گەپ-سۆزلەر بىلەن ئاقلايتتى. شۇڭا ياقۇپ نازىرنى كۆپۈنچە كىشىلەر "بەك بەلەن باشلىق"، "ئادەم-گەرچىلىكى بار"، "قورسىقى دەريادەك كەڭ" دەپ تەرىپلەيتتى. ئايۇپ ئاكىنى بولسا، "ئىچى تار"، "قىتىغۇر"، "ئۆتۈپ كەت-كەن پىتكۈز" دەپ ئەيىبلەيتتى. ئابدۇرازاقنىڭ خىزمەتتىكى سە-

رىنىڭ دېگىنى بويىچە قىلايلى» دېسە، پىلاننىڭ تەپسىلاتىنى،
ئۇنى يولغا قويۇشنىڭ كونكرېت چارە-تەدبىرلىرىنى تېخى چۇ-
شۇرۇپ بەرمەيۋاتقان؛ يىل ئاخىرىدا ۋەزىپە ئورۇندالمىسا بۇنى
ئاۋۋال ئۆزىدىن كۆرمەي، سەۋەبلىكنى يەنە بىزگە دۆڭگەپ قويۇ-
ۋاتقان؛ ئاندىن تۆۋەندىكىلەرمۇ بىزدىن بىھۇدە ئاغرىنىۋاتقان!
ھەي، ھەي، ھەممە كەلگۈلۈك بىز ئوتتۇرا قاتلامدىكىلەرگە
كېلەمدۇ نېمە؟!

—شۇنداق، ئوتتۇرا قاتلامنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەش ھەقى-
قەتەن تەس!—مەن چوڭقۇر ئويلانغان ھالدا جىددىي تەلەپپۇز
بىلەن سۆزلىدىم،—ئىككى تاشنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرساڭ نېمىمۇ
قىلالايتتىڭ؟ خىزمەت دېگەننى شۇنداق جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋا-
تىسەن. ئىشقا ھەممىدىن بالدۇر كېلىپ، ھەممىدىن كېيىن
كېتىۋاتىسەن. بىز بىر تامچە تەر ئاققۇزساق، سەن ئون تامچە
تەرنى ئارتۇق ئاققۇزۇۋاتىسەن. لېكىن نەتىجەڭ كۆزگە كۆرۈن-
مەيۋاتىدۇ. بىلەمسەن، بۇنىڭدىكى سەۋەب زادى نېمە؟

مەن سۆزلىرىمنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر
پەس توختىۋالدىم. ئابدۇرازاقنىڭ چوڭراق تىنىنشقىمۇ جۈرئەت
قىلالماي جىددىيلەشكەن ھالدا سوئالىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاشقا تە-
قەززا بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئىچىمدە كۈلدۈم ھەم ۋەزمىن
ئاھاڭدا سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم:

—سەۋەب شۇكى، بەزىلەر سېنى كۆرەلمەيدۇ، نەتىجەڭنى
ئىلاجى بار كىچىكلىتىپ كۆرسىتىدۇ، تىرناقچىلىك سەۋەنلىك-
نى تاغدەك قىلىپ كۆپتۈرىدۇ، تۆتامغا چىقمايدىغان گۇناھلارنى
ئارتىپ باشلىقلارغا چاقىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەق-

ئابدۇرازاق ئاغزىنى بۇزۇپ ئولتۇرۇپ، پىيالىدىكى ئاشقان هاراقنى غورتىلدىتىپ ئىچىۋەتتى. ئاندىن سىناق نەزەرى بىلەن ماڭا قارىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرى غەزەپ ۋە زاكۇسكىسىز هاراق كۈچىدىن قىزىلمۇچتەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— ئايۇپ ئاكىمۇ ھەقىقەتەن بەك ئاشۇرۇۋېتىپتۇ، — دېدىم مەن ئابدۇرازاقنىڭ هازىرقى روهىي هالىتىنى نەزەرگە ئالغان هالدا ئىمكانقەدەر ئۇنىڭ قەلبىگە ياقىدىغان سۆزلەرنى تاللاشقا تىرىشىپ، — ۋەزىپىنىڭ ئورۇندالمىغانلىقىنى سەندىنلا كۆرسە قانداق بولغىنى؟ بۇنىڭدا ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى يوقمىكەن؟! شۇ-ڭا تەكشۈرۈشكە توغرا كەلسە چوڭ باشلىق ئاۋۋال ئۆزىنى تەك-شۈرۈشى كېرەك. سۇنىڭ بېشى سۈزۈك بولسا، ئايىغىمۇ لاي بولمايدۇ-دە! ئۆزى باشتا ئۇنۇملۇك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويال-ماي، ئەمدى ئىش چىڭقىغا چىققاندا هەممە سەۋەنلىكنى ساڭا ئىتتىرىپ قويۇپ، ئۆز جاۋابكارلىقىدىن ئۇستىلىق بىلەن قاچقى-نىنى قارىمامدىغان ئۇنىڭ! بۇنى قانداقمۇ ئادىللىق دېگىلى بول-سۇن؟!

— شۇ ئەمەسمۇ! — ئابدۇرازاقنىڭ چىرايىدا بىلىنەر-بىلىن-مەس خۇشاللىق ئالامەتلىرى پەيدا بولدى. بۇنىڭدىن مەن بىرىن-چى پاي ئوقۇمنىڭ دەل جايىغا تەگكەنلىكىنى هېس قىلدىم. ئۇ مەمنۇنىيەت ۋە مىننەتدارلىق ئۇچقۇنلىرى چاقناشقا باشلىغان تومپاق كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۆزۈڭ ئايرىم پىلان تۈزۈپ دادىل ئىشلەي دېسەڭ، "ئومۇمىي-لىق"، "يۇقىرىنىڭ كۆرسەتمىسى" دېگەندەك بىر نېمىلەرنى كۆ-تۈرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭغا تېخى يول قويمايۋاتقان؛ "بوپتۇ، يۇقى-

— نېمە بولدۇڭ؟ — ئابدۇرازاقنىڭ كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازى مېنى
ئازابلىق خىيالدىن ئويغاتتى، — شۇنچە گەپ قىلسام ئۇندىمەيسەن-
غۇ! ئېيتقىنا، مېنى ئايۇپقا كىم چاقتى؟ شۇنداقلارنىڭ تاناۋىنى
راست تارتىپ، ئۆزۈمنىڭ كىملىكىمنى بىر كۆرسىتىپ قوياي!
— بۇ مۇھىم ئەمەس، — دېدىم بېشىمنى سىلكىۋەتكەندىن
كېيىن يەنە رېئاللىققا قايتىپ، — مۇھىمى شۇنداقلاردىن ئېھتى-
يات قىلىش! ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزۈڭ خېلى چوڭ ئەرباپ
بولۇپ قالدىڭ، ئۇنداق ئۇششاق-چۈششەك، پۇتۇڭغا پايتىما قى-
لىشقىمۇ يارىمايدىغان چۈپرەندىلەر بىلەن تەڭ بولۇپ يۈرسەڭ
سالاھىيىتىڭگە ماس كەلمەيدۇ، ئۆز ئىناۋىتىڭنى چۈشۈرۈۋېتى-
سەن! ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆزۈڭ گۇمانلانغانلاردىن ئۈچ ئالىمەن
دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەي، ئۇلارغا تېخىمۇ ياخشى مۇئامىلە
قىل. ئۇنداقتا ئۇلار ئۆزلىرى خىجىل بولۇپ قالىدۇ. سەنمۇ
باشقىلارنىڭ نەزەرىدە ئاداۋەت ساقلىمايدىغان، كەڭ قورساق باش-
لىق بولۇپ قالىسەن، ھەممەيلەننىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىسەن.
ھەممەيلەننىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشسەڭ بارغۇ، كەلگۈسىدە نازىر-
لىققا، ھېچ بولمىغاندا مۇئاۋىن نازىرلىققا ئۆستۈرۈلۈشىڭمۇ
مۇمكىن.
— قەندەك گەپ بولدى، قەندەك! — ئابدۇرازاق كىچىك با-
لىلاردەك خۇشال بولۇپ چاۋاك چېلىۋەتتى. چىرايىدىكى خاپى-
چىلىق بۇلۇتلىرى تارقاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ماڭا بولغان ئىشى-
نىش ئالامەتلىرى ئىگىلىدى، — كۆپچىلىكنىڭ سېنى ”كۆڭۈل
دوختۇرى“ دەپ تەرىپلىگىنى ھەقىقەتەن بىكار ئەمەسكەن جۇمۇ!
سەن ھەتتا ئاسىگۇلنىڭ دىل يارىسىنى ساقايتقاندىن كېيىنمۇ

ىستى ناھايىتى ئېنىق: سېنى ئوگدا قويۇپ، ئۆزلىرى سېنىڭ
ئورنىڭغا چىقماقچى! شۇڭا بۇنداق ھەسەتخورلاردىن ھەزەر ئەيلە-
مىسەڭ بولمايدۇ، ئاداش!

— توغرا، توغرا! — ئابدۇرازاق چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ،
قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ ئۇيان-بۇيان مېڭىشقا باشلىدى، —
ئايۇپ ماڭا ئىستېپپا بېرىش توغرىسىدىكى گەپنى پۇراتقاندىلا
يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ، پېيىمغا چۇشكەنلەرنىڭ بارلىقىنى
غۇۋۋا ھېس قىلغان، لېكىن تازا جەزملەشتۇرۇپ كېتەلمىگەنىد-
دىم. راست دېگەنىدەك بۇنداق ئىشلار ئامىمغا بەش قولدەك
ئايان، سەنمۇ ھازىر ئاما بولغاندىكىن بىز بىلمىگەننى بىلىۋېلە-
شىڭ، بىز سەزمىگەننى سېزىۋېلىشىڭ تۇرغانلا گەپ. چۈنكى
ئاما دېگەن ھەقىقىي قەھرىمان-دە!...

ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇ سۆزلەپلا كەتتى، لېكىن ئۇنىڭ كې-
يىنكى سۆزلىرىنىڭ ھېچقايسىسى قۇلىقىمغا كىرمىدى، تۇيۇق-
سىز پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى مۇزدەك تىترەك قاپلىدى. ئۇنىڭغا
تەسەللى بېرىمەن، ئۇنى خۇشال قىلىمەن، ئۇنىڭ كۆڭلىگە
ياقىمەن دەپ، قاراپ تۇرۇپ بىرمۇنچە يالغان گەپلەرنى قىلدىم.
ھەتتا ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆزۈمنى
يۇمۇپلا "ئارىمىزدا ھەسەتخورلار، چېقىمچىلار بار..." دېگەنگە
ئوخشاش يالغان پاكىتلارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىشتىن ئۇيالمىدىم.
ئەمەلىيەتتە ئۆزۈم چېقىمچىلىق قىلدىم. مەن زادى نېمە بولۇپ
كېتىۋاتىمەن؟ ئەمەل، ئىمتىياز، يۇقىرى ئورۇننى دەپ ۋىجدان-
نى ئىتقا تاشلاپ بېرىۋېتىدىغان مۇشۇنداق ئىپلاس يولدا ئوڭ-
تەتۈر دەسسەپ كېتىۋېرىمەنمۇ؟...

— ها! ها! ها! — ئابدۇرازاق خۇش خۇيلۇق بىلەن كۈلۈپ كەتتى، — بۇ ئەرزىمەس شېئىرنى تېخىچە ئۇنۇتمىدىڭمۇ؟ ئۇنى بارغۇ، ھېلىقى قاپىقى يامان ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز، ئىسمى نېمىتى؟ خالىق دېدىڭمۇ؟ ھە-ھە، شۇ خالىق مۇئەللىم تاڭغان تاپشۇرۇقنى ئىشلەش زۆرۈرىيىتى بىلەن قولۇمنىڭ ئۇچىدا شۇن-داقلا يېزىپ قويغان!

"ئورۇقنى سېمىز دەپ قويسا، راست سېمىز ئوخشايمەن دەپ ھەسرەپ-پۇشۇلداپ كېتىپتۇ" دېگەندەك، ئۇنىڭ تاپشۇ-رۇق دەپتىرىگە يېزىلغان، ساۋاقداشلار ئارىسىدا مەسخىرىلىك كۈلكە-چاقچاق تېمىسىغا ئايلىنىپ قالغان ھېلىقى "شېئىرى"نى خالىق مۇئەللىم ئوقۇپ بەرگەندە، سىنىپتا قاتتىق كۈلگە كۆتۈ-رۈلگەنىدى. چۈنكى ئابدۇرازاق ئۇچاغدا مەكتەپتىكى ئەڭ كەپ-سىز، "ئويۇن قېپى"بولۇپ، ئۇنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكى سۈرەت-لەنگەن بۇ "شېئىر"نىڭ تولۇق تېكستى مۇنداق ئىدى:

باھار كەلدى، ياز كەلدى،
ئۆردەك بىلەن غاز كەلدى،
بۇ ئويۇنىڭ ئاز كەلدى،
يەنە ئوينا رازاقجان!

لېكىن ئابدۇرازاق ساۋاقداشلارنىڭ كۈلكىسىنى مەسخىرە دەپ چۈشەنمەي، "شېئىرىمنىڭ بەك قاملىشىپ كەتكەنلىكى-دىن"دەپ چۈشىنىپ، خېلى ئۇزۇنغىچە شۇ "شېئىرى"بىلەن ماختىنىپ يۈرگەنىدى. ئۇنى بۈگۈن قايتا تىلغا ئېلىپ قويۇۋ-

مەن بۇنى يەنىلا تەسادىپىيلىق قاتارىغا چىقىرىپ، ساڭا ئانچە ئىشەنمەي يۈرۈپتىكەنمەن. بولمىسا بالدۇرراق سەندىن مەسلىھەت سوراپ ئىش قىلماسمىدىم، ھەي ئىسىت!

ئۇ گويا مېنىڭ مەسلىھەتىمىسىز ئىش قىلىش تۈپەيلىدىن سادىر قىلىپ قويغان سەۋەنلىكلىرىگە ئىچىنىپ، ئىچ-ئىچىدىن پۇشايمان قىلىۋاتقاندەك بىر خىل قىياپەت بىلەن ئېغىر خورسىنىپ قويدى. ئارقىدىن دولامغا ئىشەنچ بىلەن ئۇردى ۋە قولۇمنى دوستانە چىڭ قىسىپ تۇتۇپ، «سەمىمىي ياردىمىم»گە مىننەتدارلىق بىلدۈردى. خوشلىشىپ ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ بولۇپ، يەنە نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالغاندەك شارتتىدە ئارقىسىغا بۇرۇلدى-دە، گۇپۇلدەپ ھاراق پۇراپ تۇرغان ئاغزىنى قۇلىقىمغا يېقىن ئەپكېلىپ پىچىرلىدى:

—ئۆزۈڭ بىلىسەن، باشقارمىمىزنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ھازىرغىچە ئادەم سەپلىمىدى. كىچىك كۆرمىسەڭ، ئۆزىدىن تۆۋەن ئورۇنغا قويدى دەپ خاپا بولمىساڭ، شۇ ئورۇنغا سېنى كۆرسەتسەم دەيمەن.

—ئۇنچىلىك ئىلتىپاتىڭ بولسا ياق دەمدىغان! «ھەشقاللا!» دەپ ئىككى قوللاپ قوبۇل قىلىمەن-دە! —دېدىم —ئۇنىڭ ئاخىرى ئىندەككە كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ، بىلەمسەن، سېنىڭ ياردەمچىڭ بولۇش ماڭا كەلگەن چوڭ ئامەت دېگىنە! ھەقىچان تا ھازىرغىچە ھېس قىلالمىدىڭ، لېكىن سېنىڭ ئەقىللىقلىقىڭ ۋە قابىلىيىتىڭگە بولغان يوشۇرۇن ھەۋەسىم ھېلىقى بىر كۇپلېت شېئىرىڭنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا باشلانغانىدى.

دىم. بۇ ھەقتە مىش-مىش پاراڭلار چىققىلىغۇ نەۋاق. ئارقامـ
دىن ئىزبېسىپ كېلىۋاتقانلار ئىچىدىن بىر قانچىسى بۇ ”خوش
خەۋەر“نى ماڭا بىر قانچە قېتىم يەتكۈزۈپ بولدى. ئابدۇرازاقمۇ
”مانا، ھەل بولاي دەپ قالدى...“دەپ، بىر قانچە قېتىم پۇرـ
تىپ قويدى ھەمدە مەن ئاللىقاچان ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق باشلىق
بولۇپ بولغاندەك، مېنى كۆرسە ۋاي، دەپ ھالى يوق. نەگە
بارسام، نەدە تۇرسام ئالاھىدە ئىززەت-ھۆرمىتىمنى قىلىپ كېـ
تىدۇ، بەزىدە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپمۇ قالىدۇ. ئايرىم پاراڭـ
لاشقان چاغلىرىمىزدا ”قەدىناس ساۋاقداشلار“ئىكەنلىكىمىزنى
ئېسىمگە سېلىپ قويۇشنى ئۇنتۇمايدۇ. مەنمۇ ھېلىقىدەك يالـ
غان-ياۋىداق سۆزلىرىمنى ئۇنىڭدىن ئايىمايمەن. ئاشۇنداق سۆزـ
لەردىن يالغۇز ئۇنىڭ كۆڭلىلا ئەمەس، نەچچە باشلىقنىڭ كۆڭـ
لىمۇ سۇ ئىچىپ بولدى. لېكىن بارا-بارا بۇنىڭغىلا تايىنىپ
ئەمەلگە ئېرىشەلىشىمدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدىم. چۈنكى ئابدۇـ
رازاق باشقارما باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن جەمئىيەتتە
”ئۇ خوتۇنىغا تايىنىپ باشلىق بولدى...“دېگەندەك مىش-مىش
پاراڭلار تارقالغان ئىدى، بۇنىڭ راستلىقىغا ئانچە ئىشەنمەي
كەلگەنىدىم. بىرەر يىلدىن بۇيان، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆزىتىش
ئارقىلىق بۇ مىش-مىش پاراڭلارنىڭ بىكارغا چىقمىغانلىقىنى
سېزىپلا قالماستىن، بەلكى تولۇق بولمىغانلىقىنى ھېس قىلـ
دىم. ئۇنىڭ خوتۇنى مېھرىنىسا ھەقىقەتەن چىرايلىق ئايال،
چىرايى سۇزۇك، زىلۋا بوي، ئويناق كۆز، كۆككۆل قويۇپ
ياسىنىدىغان بولسا، پەرىزاتتەك بولۇپ كېتىدۇ. ئابدۇرازاق
ئۇنى ئاشۇنداق چىرايلىق ياساندۇرۇپ، ئۇ باشلىق، بۇ باشلىقـ

دىم، ئويلىمىغان يەردىن شۇنداق ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ كەتتىـ
كى، ئۆزىنىڭ قايتىپ كەتمەكچى بولۇپ ئىشىك تۆۋىگە بېرىپ
قالغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى.

—مەن تېخى سېنى ھەقىچان مېنى كۆزگە ئىلمايدىغۇ دەپ
يۈرسەم، ماڭا ھەۋەس قىلىپ يۈرگىنىڭنى قارىمامدىغان! بۇنى
بالدۇرراق بىلگەن بولسام بارغۇ، ھەي ئېسىت!… —ئۇ يەنە
نېمىلەرگىدۇر پۇشايمان قىلىۋاتقاندەك بېشىنى ئەلەم بىلەن قاتـ
تىق چايقىدى. ئىچ-ئىچىدىن ئېغىر خورسىنىپ لېۋىنى چىشلىـ
دى. ئاندىن كەسكىن ئاھاڭدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، —
بولدى، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات! ئەمدى بۇندىن كېيىنكى ئىپاـ
دەڭگە، ئەمەلىي ھەرىكىتىڭگە قارا، ئاداش!

مانا كۆردۈڭلارمۇ، يالغان سۆزلىرىنىڭ خوتۇن خەقلەر
ئالدىدىلا ئەمەس، ئەرلەر ئالدىدىمۇ سۇدەك ئاققىنىنى!

ئابدۇرازاق ئۆيدىن ئىغاڭلىغىنىچە چىقىپ كەتتى. مەن
يالغۇز قېلىپ ھەم كۈلدۈم، ھەم يىغلىدىم. شۇ تاپتىكى كۈلكە
بىلەن يىغىنىڭ مەنىسىنى ئاددىي تىلىم بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلـ
مەيمەن. شۇڭا ئۇنى كىتابخانلارنىڭ ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە
چۈشىنىۋېلىشىغا قالدۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلار توغرىسىدا قىسـ
قىچە توختىلىپ ئۆتەي.

ئارىدىن يەنە بىر يىلدەك ئۆتۈپ كەتتى. ئابدۇرازاق ئۆز
ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ، "بۇ ئاداش كېيىنچە راستىنلا مەنـ
دىن ئېشىپ كېتىپ قالسا چاتاق بولمىسۇن" دەپ ئويلىدىمۇ ياكى
ئارىدا مەن بىلمەيدىغان يەنە باشقا سەۋەبلەر بارمۇ، ئىشقىلىپ،
تېخىچە باشقارمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلمەي كەلـ

دۇرازاق ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى-دە، مېھرىنىساغا قاراپ تىتى-
رەڭگۈ ئاۋاز بىلەن بوشقىنا ۋارقىرىدى:
— خوتۇن، ئىچىلىپ ئوينا! تارتىنماي ئوينا!
ياللا! توۋا دەپ ۋارقىرىۋەتكىلى تاس-تاماس قالدىم. بۇ-
نىڭ تېخى ئىشنىڭ باشلىنىشى ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي؟ ئۇلار
ئىككىنچى قېتىم ئايلىنىپ ئالدىمىزدىن ئۆتكەندە، ئابدۇرازاق
يەنىلا ئاستىغا پۇرژۇنا بېكىتىپ قويغاندەك لىككىدە ئورنىدىن
تۇردى-دە، ئاغزىدىن تۇكرۇكلىرىنى چاچرىتىپ رەسمىي ۋارقى-
رىدى:
— خوتۇن، نازىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ ئوينا!
ئابدۇرازاق ئېھتىمال شۇ تاپتا ئەتراپتا ئۆزىدىن باشقا ئادەم-
لەرنىڭمۇ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندۇ؟ بولمىسا باشقىلار ئاڭلىسا
نېمە دەر دېمەي، مۇشۇنداق ساراڭلارچە ۋارقىراپ كېتەرمىدى؟
مۇئاۋىن نازىر بولۇش تەمەسى ئار-نومۇس دېگەنلەردىن ئۇستۇن
كەلدىمىكىن-يا؟ ئابدۇرازاقنىڭ بۇ قىلىقلىرىدىن كۆڭلۈم ئېلى-
شىپ كەتتى. ئۇنىڭ ساۋاقدىشى بولۇپ قالغىنىمدىن، ئۇنىڭغا
تېخى چاپانچىلىق قىلىپ يۈرگىنىمدىن، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇ-
رۇپ قالغىنىمدىن شۇنداق ئىزا تارتىپ كەتتىمكى، ئامال بولسا
بىر ئۇسۇپلا يەرگە كىرىپ كەتكەن بولاتتىم. يۈزۈمدە بىر پارچە
ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقاندەك بولۇپ، زادىلا ئولتۇرالماي قال-
دىم-دە، بۇ ئىشلارنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتۇش ۋە ئاز-تولا
كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، بىر چەتتە ئۇنىڭغا-بۇ-
نىڭغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان ئايۇپ ئاكىنىڭ كەنجى قىزى گۈل-
نۇرنى تانسىغا تارتتىم. گۈلنۇرغۇ تانسىنى شۇنداق يېنىك،

نىڭ ئۆيىگە ئۆزى ئىگىز ئىچىش بىئەپ بولغان بەزى مۇھىم ئىشلارنى بىجىرىپ كېلىشكە پات-پات ئەۋەتىپ تۇرىدىكەن. ئە-قەللىيسى، بىر-ەر گېزىتكە ياكى رادىئو ئىستانسىغا ئاددىي بىرپارچە خەۋەر يازسىمۇ، ئاۋۋال خوتۇنى ئارقىلىق چوڭراق بىرەر باشلىقنى «ئىشلىتىشكە بولىدۇ» دەپ تەستىق سالدۇرۇۋال-دىكەن، ئاندىن كېيىن ئۇنى گېزىتخانىغا ياكى رادىئو ئىستانى-سىغا ئاپىرىپ بېرىدىكەن. ناۋادا تەھرىر بۆلۈملىرى «ئىشلىتى-شكە مۇۋاپىق كەلمەيدىكەن» دەپ قالدۇرۇپ قويسا، ھېلىقى چوڭ باشلىقنىڭ تەستىقىنى كۆرسىتىپ بېسىپ ئىشلىتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىئەپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، خەۋەرنى ئۆزلىرى باشقىدىن ئوڭشاپ يېزىپ ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولى-دىكەن. ئابدۇرازاق بۇنىڭ پايدىسىنى خېلى كۆپ كۆرگەن چې-غى، بۇنداق ئىشلاردا بارغانسېرى دىدىللىشىپ كېتىپتۇ. يېقىن-دا ئۆتكۈزۈلگەن تانسىدىكى بىر ئىشنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ بولغى-نىمدىن ئاغزىمنى ئېچىپ تۇرۇپلا قالدىم. ئابدۇرازاق تانسا باشلىنا-باشلانمايلا يېنىدا ئولتۇرغان مېھرىنىسانىڭ بېقىنىغا نو-قۇپ قويۇۋېدى. مېھرىنىسا ئۇدۇللا ياقۇپ نازىرنىڭ ئالدىغا باردى-دە، جىلۋە بىلەن ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ ئۇنى تانسىغا تارتتى. مەن ئادەتتە ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى تانسىغا تارتقانلىقىنىلا كۆرۈپ، ئاياللارنىڭ ئەرلەرنى تانسىغا بۇنداق تارتقانلىقىنى ئاز-چە كۆرمىگەنلىگىمدىنمۇ، ئەيتاۋۇر، بۇ ئەھۋال ماڭا سەل غەيرى-رەك بولۇپ تۇيۇلدى. مۇزىكا ئەۋجىگە چىقىپ، مېھرىنىسا بىلەن ياقۇپ نازىر مەيداننى پىرقىراپ ئايلىنىپ بىز ئولتۇرغان يەرگە كەلگەندە، خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالغان ئاب-

تۇرمىدىم. بۇ «ئەپچىل چارە-ئامالىم» دەماللىققا خېلى ئۈنۈم بەردى، كۆزلىگەن مەقسىدىمگە قەدەممۇ-قەدەم يېقىنلاشتىم. لېكىن دەل شۇچاغدا قېيىشقاندەك ئابدۇرازاقنىڭ ھېلىقى قىلىق-لىرىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالماسمۇ! بۇنىڭدىن شۇنداق سەسكەندىم-كى، ئوتتەك قىزىپ تۇرغان رايىم بىردىنلا سوۋۇپ كەتتى. بىرنەچچە كۈنگىچە چۈشۈن يەۋالغاندەك كۆڭلۈم ئېلىشىپ خارا-مۇش يۈردۈم. ھەدېسىلا قۇسقۇم كېلىپ، گېلىمدىن تۈزۈك غىزامۇ ئۆتمىدى. قاراپ تۇرۇپ شۇنداق ئادەمگىمۇ خۇشامەت قىلىپ يۈرۈپتىمەنا! ئۇنداقتا ئۆزۈم نېمىگە ئايلىنىپ قالدىم؟ جاۋاب بېرىش قىيىنغا توختايدىغان بۇ سوئال مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ۋىجدان ئازابىنى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ تارتىپ كەتكەن-لىكىمدىنمىكىن، ئەيتاۋۇر بىر كېچىسى شۇنداق غەلىتە بىر چۈش كۆردۈمكى، ئەيھانناس، بۇنداق چۈشنى مەندىن باشقا ھېچكىم كۆرمىسۇن!...

مەن بىر توپ ئىتنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ كېتىۋاتقۇدەك-مەن. ئىتلار سۆڭەك ۋە يۇندا قاچىسى تۇتۇپ تۇرغان خوجايىنى-نىڭ ئالدىغا كەلگەندە شىپپىدە توختاپ، قۇيرۇقىنى شىپاڭشى-تىپ، خۇشامەت قىلىشىپ كېتىۋاتقۇدەك. مەن شىپاڭشىتىد-غان قۇيرۇقۇم بولمىغىنىدىن ئۆكۈنۈپ، غېرىبسىنىپ بىر چەتتە قاراپ تۇرغۇدەكمەن. كېيىن بەزى ئىتلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ خوجايىنىنىڭ ئۆكچىسىنى يالاۋاتقىنىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتكەنىمىشمەن. ”قۇيرۇقۇم بولمىغىنى بىلەن تىلىم بار ئەمەس-مۇ، نېمىشقا بۇ ئەقىل بالدۇرراق كاللامغا كەلمىگەندۇ؟“دەپ ئويلاپ، ئىتلار ئارىسىغا سىغدىلىپ كىرىپ، خوجايىنىنىڭ يېنى-

ئوبدان ئوينايدىكەن، لېكىن مېنىڭ كۆڭلۈم ئارامىدا بولمىغاچ-
قىمۇ، ئىككى-ئۈچ قېتىم ئۇنىڭ پۇتىغا دەسسىۋېلىپ، خىجىل
بولۇپ قالدىم. مۇزىكا ئاياقلىشىشى بىلەن تەڭ تانسىخانىدىن
ئاستا سوغۇرۇلۇپ يېنىپ چىقتىم.

مەن ئاخىرى چۈشىنىپ يەتتىم: يالغان سۆزلەش ماھىيەتتە
خۇشامەت قىلىش ئىكەن، خۇشامەت قىلىش ئادەمنى ئاخىرقى
ھېسابتا مۇشۇنداق نومۇسسىزلىققا ئېلىپ بارىدىكەن. ئەجەبا،
ماڭا بۇنىڭدىن باشقا يول يوقمۇ؟ ۋىجدان سېتىشقا ئېلىپ بارىدى-
غان بۇنداق يولدا ماڭماي، تۈز يول بىلەن مېڭىپ ھوقۇققا
ئېرىشكەنلەرمۇ ئاز ئەمەسقۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھوقۇق تۇتمىسا
نېمە بوپتۇ؟ ھوقۇقى يوق دەپ ئاجرىشىپ كەتكەن خوتۇنىنىڭ
بولغىنىدىن بولمىغىنى ياخشى ئەمەسمۇ! شۇنچىلىك ئىشنى ئې-
غىر ئېلىپ كېتىپ، مۇشۇنداق يولغا كىرىپ قېلىشىم
توغرىمۇ؟!...

شۇ كۈنلەردە مىڭەم پورۇقلاپ قايناۋاتقان قازانغا ئوخشايت-
تى. بېشىمدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلەر باھاردا قايتىپ كەلگەن
تۇرنىلارغا ئوخشاش قاتار-قاتار تىزىلىپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتەت-
تى. مەن نېمە ئۈچۈن بۇ يولغا كىرىپ قالدىم؟ بۇنىڭغا گۈلجەن-
نەتنىڭ تۇيۇقسىز خېتىنى ئېلىشى سەۋەپچى بولغاندىن باشقا،
يۇقىرىدا ئىسلەرگە سۆزلەپ بەرگەن ھېلىقى چۆچەكمۇ سەۋەپچى
بولغان ئىدى. شۇڭا كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپ يالغان سۆزلەۋەردىم،
ئاقنى قارا، قارىنى ئاق دەۋەردىم، باشلىقلارنىڭ چاپىنىنى كۆ-
تۈردۈم، پېشىنى قاقتىم، خەقنىڭ رايىغا باقتىم. بۇلارنى ۋىج-
دانىمنىڭ كۆتۈرۈش-كۆتۈرمەسلىكى بىلەن ھېسابلىشىپ ئول-

يارىمايمەن، پۈتۈن ئەزايىمنى مىغىلدىغان قۇرتلار قاپلاپ كېتى-
دۇ. يېنىمدىن ئۆتۈپ قالغانلار سېسىق بۇسىنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇ-
لۇپ، ساق ئەزايىنى زەھەرلەپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئېغىز-
بۇرنىنى چىڭ ئېتىۋالىدۇ، ئىچىدە مېڭىنى تىللايدۇ ۋە نەپرەت
بىلەن تۈكۈرىدۇ... ئارقىغا يانسامچۇ؟ ئۆلۈشكە باشلىغان ھۈجەي-
رىلىرىم تىرىلىدۇ. پورلاشقان دەرەخ كېسىپ تاشلانسا يىلتىزى-
دىن يېڭى نوتىلار ئۆسۈپ چىققاندەك قايتىدىن كۆكلەيمەن.
شامال قاياندىن چىقسا يەنە شۇيانغا ئېگىلىپ يۇرمىسەملا تۈپتۈز
ئۆسىمەن. شاخلايمەن، باراقسانلايمەن، چېچەكلەپ مېۋىمۇ بې-
رىمەن. ئادەملەر شېرىن مېۋەمنى يەپ باركاللا ئوقۇشىدۇ...
كاللامدا جىددىي ئېلىشىش ئارقىلىق ئاچچىقىمدا كىرىپ قالغان
بۇ يولدىن يانايمىكىن دېگەن يەرگىمۇ كەلدىم.

«ياق، توختا!— دېدىم مەن يەنە ئاردىن بىرنەچچە كۈن
ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزۈمگە ئۆزۈم ھاي بېرىپ،— پىتنىڭ ئاچ-
چىقىدا چاپاننى ئوتقا سالغىلى بولمايدىغۇ ئاخىر! ئابدۇرازاقنىڭ
قىلمىشلىرى كۆزۈمگە سىغمايۋاتىدۇ دەپ، مىڭ جاپادا سىڭدۈر-
گەن شۇنچە ئەجرىمدىن، ماڭا قۇچاق ئېچىپ كېلىۋاتقان پارلاق
ئىستىقبالىمدىن بىكاردىن بىكار ۋازكەچسەم زادى نېمىگە ئېرى-
شىمەن؟ ماقۇل، ئىجتىھات بىلەن تىرىشىپ ئىزدىنىپ، كەسىپ
جەھەتتە چوڭراق نەتىجە قازانغانمۇ بولاي. ھەتتا بىرەر كاتتا
كەشپىيات ئىگىسىگە ئايلىنىپ، چېچەكلەپ مېۋىمۇ بېرەي. ئا-
دەملەر شېرىن مېۋەمنى يەپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ماڭا باركاللا
ئوقۇغانمۇ بولسۇن، بىر ئۆمۈر ۋىجدان بىلەن ياشىدى دېگەن
شۆھرەتكە نائىل بولغانمۇ بولاي. لېكىن بۇلاردىن ماڭا

غا بارماقچى بولۇۋاتقۇدەكمىشمەن. لېكىن ئىتلار قىزغىنىپ، بۇنىڭغا يول قويمايۋاتقۇدەك ۋە مېنى غاژ-غۇژ قىلىپ تالاۋاتقۇدەك. مەن بېشىمنى چاڭگاللىغىنىمچە ئارقىغا چېكىنگىدەكمىشمەن. ئىتلار خوجايىنىنىڭ قولىدىكى سۆڭەكلەرنى غاراسلىتىپ غاجىلاپ ۋە يۇندا قاچىسىدىكى يۇندىلارنى شالاپشىتىپ ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، نۆۋەت ماڭا كېلىۋاتقۇدەك. مەن ئىتلاردىن ئاشقان-تاشقاننى غاجىلاۋاتقۇدەكمەن ۋە يالاۋاتقۇدەكمەن...

شۇمۇ چۈش بولدىمۇ؟! لېكىن سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىپ كۆرسەم، بۇ چۈشۈمدە ئۆزۈمنىڭ ئۆزۈمنى قانداق ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىم مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەندەك تۇرىدۇ. ئەجەبا، مەن ئادەم تۇرۇپ مۇشۇنداق ئىت كەبى قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ ياشاشقا رازى بولىمەنمۇ؟ ئادەم بولغاندىكىن بىر كۈن بولسىمۇ ئىنسانىي غۇرۇرۇم بىلەن تىك تۇرۇپ ياشىغىنىم ئەۋزەل ئەمەسمىدى؟! مەندە ئىنسانىي غۇرۇر دېگەن نەرسە زادى بارمۇ-يوق؟ بارمىكىن دېسەم قاراپ تۇرۇپ ئىتتىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان تۇرمۇش يولىنى تاللىۋاپتىمەن. يوقمىكىن دەي دېسەم، ئابدۇرازاقنىڭ قىلىقلىرىدىن سەسكىنىپ ۋە ئازابلىنىپ، ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلغىنىمغا يۇزمىڭ لەنەت ئوقۇۋاتىمەن. شۇنىڭدىن قارىغاندا، ئىنسانلارغا خاس غۇرۇر، ئەخلاق ۋە پەزىلەت چىرىشكە باشلىغان ۋۇجۇدۇمدا پۈتۈنلەي ئۆلۈپ كەتمىگەندەك تۇرىدۇ. ناۋادا ھازىرقى يولۇمدا مېڭىۋېرىدىغان بولسام بارلىق ئىنسانىي ھۇجەيرىلىرىم تولۇق ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. بارا- بارا سېسىپ كېتىمەن. ئىتلارغا تاپ بولۇشقىمۇ

ئەمەسمۇ. شارائىتقا قارىماي، ئۆز ئۆزۈڭدىن خۇدۇكسىنىپ،
ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئازابلاپ يۈرگىنىڭ نېمىسى؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئابدۇرازاقنىڭمۇ خۇشامەتچىلىك، يالغانچىلىققا ئىچ-ئىچىدىن
ھېرىسمەن بولۇپ كېتىشى ناتايىن. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇمۇ
ئادەم-دە! ئۇنىڭ تومۇرىدا جۇش ئۇرۇۋاتقىنى ئىتنىڭ قېنى
ئەمەس، يەنىلا ئادەمنىڭ قېنى. ئۇنىڭ جىسمىدا مەۋجۇت بولۇپ
تۇرۇۋاتقىنى ئىتنىڭ روھى ئەمەس، يەنىلا ئادەمنىڭ روھى.
شۇنداق ئىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق پەسكەش قىلمىشلىرىدىن
ئازابلانماي قالامدۇ؟! ئامال قانچە؟ ئۇنىمۇ قاغىش تەككۇر شارا-
ئىت شۇ يولدا مېڭىشقا مەجبۇر قىلغان تۇرسا! خوش، ئۇنداقتا
كەلسە-كەلمەس خىياللارغا بېرىلىپ، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئازابلاپ
يۈرۈشۈڭ ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ! سەنلا بىر ئۆمۈر باشقىلارغا
يېلىنىپ-يالۋۇرۇپ يۈرەمتىڭ؟ باشقىلارمۇ ساڭا يېلىنىپ-يال-
ۋۇرۇپ باقسۇن-دە! بۇنىڭ ئۈچۈن ھوقۇق كېرەك، ئىمتىياز
كېرەك. ھوقۇق-ئىمتىيازغا ئېرىشىپ، باشقىلارنى بويۇن ئەگ-
دۈرۈش ئۈچۈن ئاز- تولا خورلۇققا چىداپ، ئاۋۋال باشقىلارغـا
بويـۇن ئەگكـەنگـە نېمـە كېتەتتى؟! بىردەملىك ئۇۋالچىلىق
ۋە تىرناقچىلىق بەدەل ھېسابىغا تاغدەك چوڭ ئۆمۈرلۈك ھوقۇق
— راھەت-پاراغەت ئاچقۇچىغا ئېرىشىشنىڭ ئۆزى كاتتا ئامەت
ئەمەسمۇ! بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانچە چوڭ خورلۇقلارغا ئۇچرىساڭ-
مۇ لىۋىڭنى چىڭ چىشلەپ چىداپ تۇر، بەل قويۇۋەتمە! جاندىن
كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولمايدۇ. ھەرگىز بوشاشما، يو-
لۇڭدىن يانما، ئالغا چامدا، روسۇل، ئالغا!...“
ئاشۇ ئوي-خىياللىرىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئىشنى قايتىدىن،

زادى نېمە پايدا؟! ھەر قانچە چوڭ تۆھپە ياراتسامۇ، ئەقەل-لىيسى، بىر ئۆمۈر يەپ-ئىچىپ، سېسىق كىكىرىشتىن باشقى-نى بىلمەي ئۆتكەن، ھەتتا تېرىقچىلىق ئىشمۇ قولىدىن كەلمەي-دىغان ئاشۇ يوغان قورساق باشلىقلارغا نېسىپ بولغان پىكاپ ماشىنا نېسىپ بولماس، ھەقىچان! ئەتىكى قويرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا. ئادەم دېگەن راھەتنى ھايات چېغىدا كۆرۈشى كې-رەك. ئۆلگەندە ئوقۇغان ياسىنىنىڭ پايدىسى بولمىغىنىدەك، جىسمىم تۇپراق ئاستىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن ئوقۇلغان بارىكاللىلارنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟! بۇ دۇنيادا خورلۇق، ئا-زاب-ئوقۇبەت، خارۇزارلىق ۋە خەقنىڭ قولىغا تەلمۈرۈپ ياشاش ماڭىلا باقىۋەندىمىدى؟! قولۇمدا ھوقۇق، ئىمتىياز بولمىسا ھەتتا تۇرمۇشتا ئۇچرايدىغان كىچىككىنە قىيىنچىلىقمنى ھەل قىلىشقىمۇ قۇربىم يەتمەيدۇ. يەنىلا شۇ ھوقۇقدارلار، ئىمتىياز-لىقلارنىڭ ئالدىغا بويۇن قىسىپ بېرىپ يېلىنمىسام، كۈچۈكلان-مىسام بولمايدۇ. قانداق گەپ بولۇپ كەتتى بۇ؟ ئەجەبا، مانا مۇشۇ غۇرۇرۇمنى ساقلاپ، ۋىجدان بىلەن ياشىغانلىقىممۇ؟! بولدى قوي، ساتسا ئىككى پۇلغا يارىمايدىغان ئۇنداق غۇرۇرنى! بولدى قوي، قوتۇر ئىتقا تاشلاپ بەرسە قاراپمۇ قويمايدىغان ئۇنداق ۋىجداننى! ئىشەنمىسەڭ، ئەتراپىڭغا قارا! غۇرۇرىنى ساقلاپ، ۋىجدان بىلەن ياشىغانلار، ھەقىقىي بىلىملىكلەر، كە-سىپ ئەھلىلىرى، قابىلىيەتلىكلەر ۋە تالانتلىقلار زادى قانچى-لىك قەدىرلىنىۋاتىدۇ؟! يەنىلا شۇ ئابدۇرازاقتەك خۇشامەتچى-لەر، ئىككى يۈزلۈكلەر، يالغانچى-ئالدامچىلار بازار تېپىۋاتما-دۇ؟! زامان ساڭا باقمىسا سەن زامانغا باق دېگەن گەپ بار

ئىككىنچى قول، ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ياقۇپ نازىرنىڭ ئاغزىغا قارىمىسا بولمايدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟

شۇنداق قىلىپ بىر-ئىككى ھەپتىنى دىلىغوللۇق ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋەتتىم. ئاخىرى "ياقسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ" دەپ يۈرۈۋەرمەي، تەۋەككۇل دەپ ئاۋۋال بىرسىنىڭكىگە بېرىپ باقمايمەنمۇ، ناۋادا ئۇنىڭ پېيىزى گىچ-گىچ چىقىپ قالسا، شاققىدە يەنە بىرسىنىڭكىگە بېرىپ تەلىيىمنى سىناپ كۆرمەمدى-مەن، دەپ ئويلىدىم-دە، يەكشەنبە كۈنى تاڭ سەھەردىلا ئورنۇم-دىن تۇردۇم. ساقال-بۇرۇتلىرىمنى پاكىز ئېلىپ، ئەڭ ياخشى كاستۇم-بۇرۇلكامنى كېيدىم، ئاق كۆڭلىكىمگە ماسلاشتۇرۇپ، چىگىت گۈللۈك ھاۋارەڭ گالستۇكىمنى تاقىدىم. بەتىنكەمنى سۈرتۈپ پارقىرىتىۋەتتىم. ئىشكاپ ئەينىكى ئالدىغا كېلىپ قا-رىسام، خېلى بىجىرىم، سالاپەتلىك ئادەم قىياپىتىگە كىرىپ قاپتىمەن. مېيىغىمدا كۈلۈپ قويۇپ، مايسىراپ كەتكەن كونا ۋېلىسىپىتىمنى جالداقشىتىپ مىنگىنىمچە ئۇدۇل ئەتىگەنلىك با-زارغا كەلدىم. قارىسام، قاسساپلار بەس-بەسكە چۇشكەندەك، قوي سويۇشۇۋاتقان ئىكەن. تېخى ئىسسىق ھورى قاچمىغان سېمىز بىر ئەركەك قوينىڭ گۆشىنى پۈتۈن جىڭلىتىۋىدىم، 48 يېرىم كىلو — 502 كويلۇق كەلدى. قاسساپ ئىككى كوينى كەڭ قورساقلىق بىلەن كەچۈرۈم قىلغان بولدى، ئىچىم سەل ئېچىش-قاندەك قىلدىيۇ، يەنىلا لىۋىمنى چىڭ چىشلەپ، 500 كوينى قاسساپقا تاراقشىتىپ ساناپ بېرىۋېتىپ، گۆشنى ئالدىن تەييار-لاپ قويغان يېڭى داستىخانغا ئوراپ، ۋېلىسىپىتنىڭ ئارقىسىغا تاڭدىم-دە، كۆڭلۈم تارتىپ تۇرغاچقىمۇ، ئۇدۇل مۇئاۋىن نازىر

قەيەردىن باشلاش ئۈستىدە باش قاتۇردۇم. بۇ چاغدا مەن يالغۇز خۇشامەت ۋە يالغان سۆزلەشكە تايىنىپلا ھوقۇق-ئەمەلگە ئېرىش-كىلى بولمايدىغانلىقىنى تولۇق تونۇپ يەتكەن ئىدىم. "بىكارغا مۇشۇكمۇ ئاپتاپقا چىقمايدۇ" دېگەن گەپ راست ئىكەن-دە!

لېكىن ئاۋۋال كىمنىڭكىگە بارسام بولار؟ ياقۇپ نازىرنىڭكى-گىمۇ ياكى مۇئاۋىن نازىر ئايۇپ ئاكىنىڭكىگىمۇ؟ ياقۇپ نازىرنى كۆپۈنچە كىشىلەر ئوڭلۇق ئادەم دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئۇنىڭكىگە ئاۋۋال بارسام ئىشىم ئوڭغا تارتىپ، كۆزلىگەن مەقسىدىمگە بالدۇرراق يېتەلىشىم مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بىرىنچى قول، پىچىقى كىسىدۇ، نازارەتتە ئۇنىڭ گېپىنى يېرىۋېتەلەيدى-غان ھېچكىم يوق. شۇغىنىسى ئابدۇرازاق ياقۇپ نازىرنىڭ قول-تۇقىغا خېلى بۇرۇنلا كىرىۋالغان. ئۇنى نازىرنىڭ ئالدىدا مېنىڭ يامان گېپىمنى قىلمايدۇ دەپ مەيدەمگە ئۇرالمايمەن. ئۇ مېنى نازىرغا قانچە قېتىم چېقىپ باردى، بۇنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. راستىنلا شۇنداق بولىدىغان بولسا، نازىرغا پۈتۈن ئالەمنى سوۋغا قىلسامۇ مېنى ئۈستۈرۈپ قويۇش ھەققىدە ئېغىز ئېچە-شى ناتايىن. ئۇنداقتا مۇئاۋىن نازىر ئايۇپ ئاكىنىڭكىگە بارسام-چۇ؟ يامان يېرى ئۇ ئىنتايىن پىرىنسىپچان ئادەم، سوۋغىتىمنى قوبۇل قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا مېنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىشىمۇ مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ ئىپىدە كەلتۈرۈپرەك بىر ئىش قىلىپ باقسامچۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر كىمنىڭ كارنىيى تۆشۈك ئەمەس؟ ئۇبدان سوۋغاتنى كۆرسە ھەرقانچە پىرىنسىپ-چان ئادەممۇ ئۇنداق ئۆلۈك پىرىنسىپلارنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، جانلىق ئىش كۆرمەي قالارمۇ؟ بىراق، ئۇ نازارەتتە

شامىلى بولمامدۇ!
— ماۋۇ ئۇكامنىڭ گەپكە ئۇستىلىقىنى! — دېدى گۈلخان
ھەدە خۇشال بولغان ھالدا قاش-قاپاقلىرىنى ئۇچۇرۇپ، —
ھەدەڭنىڭ تامىقىنى سېغىنغان بولساڭ شۇنداق كېلىۋەرسەڭلا
بولاتتىغۇ، زەللە كۆتۈرۈپ كەلگىنىڭ نېمىسى؟
گۈلخان ھەدە ئاغزى بېسىقماي سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ سۆزى
تاكى ئۇ مېنى تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغان ئايۇپ ئاكىنىڭ
ئالدىغا باشلاپ كىرگەنگە قەدەر داۋاملاشتى.
— ۋاي راست، نېمە قىلغىنىڭ بۇ، ئۇكا! — ئايۇپ ئاكا
پۈتۈن ياتا قوي گۆشىنى ئىنجىقلاپ كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلگىنىم-
نى كۆرۈپ، ئورنىدىن قىزغىنلىق بىلەن تۇرۇپ كەتتى، — بىر
ئادەم بىرەر ئۆيگە مېھمان بولۇپ كەلسە، ئۆزىنىڭ يەيدىغىنىنى
كۆتۈرۈپ كېلىدىغان قائىدە-يوسۇن چىقتىمۇ-يا يېقىندىن بۇ-
يان؟
تازا جايىغا كەلتۈرۈلگەن بۇ چاقچاق مېنى ئوڭايسىزلىقتىن
قۇتۇلدۇردى. مەن پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئۆزۈمنى كۈلك-
گە زورلىدىم، شۇنداقتىمۇ كۈلكەم خېلى تەبىئىي چىقتى. بولۇپ-
مۇ بۇ چاقچاق گۈلخان ھەدىگە بەكمۇ ياراپ كەتكەن چېغى، ئۇ
كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتكۈچە تېلىقىپ-تېلىقىپ كۈلدى.
ئارقىدىن ئايۇپ ئاكىنىڭ ئۆزىمۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈلۈپ
كەتتى. تېخى بوسۇغىدىن ئاتلاش ئالدىدىكى يۈرىكىمنى مۇجۇپ
تۇرغان غەم-ئەندىشە ھەش-پەش دېگۈچە ئاللىقاياقلارغا غايىپ
بولدى، ئۆزۈمنى خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك سەزدىم.
— ئۆزلىرى بىلىلا، — دېدىم ئايۇپ ئاكا بىلەن قول ئېلى-

ئايۇپ ئاكىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدىم. لېكىن كېتىۋېتىپ ئويلىنىپ قالدىم: تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەكلا، كۈپكۈندۈزدە بىر قوينى كۆتۈرۈپ بارسام قانداق بولار؟ ئۈنىڭ ئۈستىگە مە-ھەللىكويلار كۆرۈپ قالسا نېمە دەر؟ توختا، سەل تەخىر قىل، روسۇل! قاراڭغۇ چۈشسۇن. قاراڭغۇلۇق ئۆزىنىڭ سىرلىق قوينىغا نېمىلەرنى يوشۇرمىغان؟ ئوغرىلىق، قاتىللىق، پاھىشە-ۋازلىق، ئىپپەت-نومۇسنى سېتىش قاتارلىقلارغا قارا پەردىسى-نى يېپىپ بىرەلىگەن تۈن مېنىڭ بۇ دەسلەپكى ئەرزىمەس سوۋ-غىتىمنىمۇ ئەل-جامائەتنىڭ يامان كۆزىدىن ساقلاپ قالالايدۇ، ئەلۋەتتە. سەۋىر-تاقەتنىڭ تېگى ئالتۇن. شۇنچە ۋاقىت تەخىر قىلىپ تۇرالىغان ئادەم قاراڭغۇ چۈشكىچە تەخىر قىلىپ تۇرال-مىسا قانداق بولغىنى؟...

مەن ئىچىمدە مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ، ئارقامغا يېنىپ ئۆز ئۆيۈمگە كەلدىم. بىر كۈننى تۇرلۇك خىيال، كۆڭۈل پاراكەندى-چىلىكى، ئاز-تولا غەم-ئەندىشە ۋە غىل-پال كۆرۈنگەن ئۈمىد ئىچىدە ئۆتكۈزدۈم. كەچتە ئايۇپ ئاكىنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئىشكنى ئاچقان گۈلخان ھەدە مېنى كۆرۈپ دەسلەپتە مەڭدەپ قالدى، شۇنداقتىمۇ چاندۇرماي، تىنچلىق-ئامانلىق سورىدى. كېيىنچە ۋېلىسىپىتتىن بىر نەرسە چۈشۈرۈۋاتقىنىمنى كۆرۈپ، قارامتۇل چىرايى باھار ئاپتىپىدەك ئېچىلىپلا كەتتى.

—ۋاي كەل ئۇكام، كەل!—دېدى ئۇ مېنى ئۆيگە باشلاۋې-تىپ،-بۈگۈن قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى سېنى بۇ يەرگە؟

—قايسى شامال بولاتتى؟— دېدىم مەنمۇ گەپنى گەپك-ە ئۇلاپ،— ئۆزلىرىنىڭ تائامغا ئۇستا قوللىرىنىڭ مېزىلىك

شىپ ئولتۇرۇشمۇ ئوبدان ئارام ئېلىش-تە! شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— ئوغۇ شۇنداق، — دېدىم ئېپىدە كەلگەن پەيتنى قولدىن بەرمەي گەپنى ياپسالاشتۇرۇپ، — مېنىڭمۇ ئۇزۇندىن بۇيان ئۆزلىرى بىلەن بىر داستىخاندا بىللە ئولتۇرۇپ بىرەر رومكىدىن ئىچكەچ بىر پاراڭلىشىۋالسام دېگەن ئارزۇيۇم بارئىدى. لېكىن مەن ئادەتتىكى بىر كادىر، سىلى بولسىلا يۇقىرى ئورۇندىكى ئابرويلۇق رەھبەر، شۇڭا ئادەم ئۆيلىرىگە ئىختىيارىي كېلىشۇرىشكە تازا پېتىنالمايدىكەن دېسىلە!

— ۋاي نەدىكى گەپنى قىلىپ يۇرۇيسەن ئۇكا! — ئايۇپ ئاكىنىڭ ئاق-سېرىق چىرايى جىددىي تۇس ئالدى، — ناھايەت بىزنىڭ خىزمەت ئورنىمىز ئوخشىمايدۇ، خالاس. ئەمەلىيەتتە ھەممىمىز ئوخشاشلا خەلقنىڭ چاكىرى. شۇنداق ئىكەن، ئورنىمىزنى يۇقىرى-تۆۋەن دەپ ئايرىپ، ئوتتۇرىمىزغا سۇنئىي تام-توساق پەيدا قىلىپ قويساق بولمايدۇ جۇمۇ! رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھەممىدىن بەك قورقىدىغىنى ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىش!

— دەرسلىرىنى ئىدارىغا بارغاندا ئۆتتۇۋالسىلا! — دېدى گۇلخان ھەدە بىر تەخسە قازان كاۋىپىنى سافا ئالدىدىكى ئۇزۇنچاق تومپۇچكا ئۇستىگە قويۇۋېتىپ، — ئۆيگە كەلگەن مېھمانغىمۇ سىياسەت سۆزلىگەن بارمۇ! ئاشۇنداق غەلىتە مىجەزلىك ئادەم بۇ، كۆڭلۇڭگە ئېلىپ كەتمە، ئۇكام. قورسىقىڭدا نېمە گەپ بولسا ئايۇپ ئاكاڭغا تارتىنماي دەۋەر، قورۇنماي ئەركىن-ئازادە ئولتۇر!

— قارىمامسەن، يەنىلا ھەدەڭنىڭ كاللىسى ئوبدان ئىشلەي-

شىپ كۆرۈشۈپ سافادىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن ئۆزۈمنى سەل-پەل تۈزەشتۈرىۋېلىپ، — ئۆيدە خوتۇن خەق يوق ئەمەسمۇ، ئاغزىمغا تېتىغۇدەك تاماق ئىتىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ، پات-پات ئۆي تامىقى سېغىنىپ قالىمەن. ئۆتكەن يىلى قۇربان ھېيتتا ئۆيلىرىدە بىر چىنە سۇيۇقئاشقا داخىل بولۇۋېدىم، تەمى ئېغىزىمدا قاپتىكەن، گۈلخان ھەدىنىڭ شۇ سۇيۇقئېشىنى يەنە كۆڭلۇم تارتىپ كېلىشىم...

— ئوبدان بوپتۇ ئۇكام، ئوبدان بوپتۇ! — دېدى ئايۇپ ئاكا خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا، — بىزنى كۆڭلۈڭ تارتىپ كەلگىنىڭدىن ئىنتايىن خۇشالمەن. بىراق زەللە كۆتۈرۈپ كەلگىنىڭ پەقەت قاملاشماپتۇ، بىزنى يات كۆرگەنلىك-تە بۇ!

— شۇنى دېمەملا! — دېدى چاي كۆتۈرۈپ كىرگەن گۈلخان ھەدە لوقما سېلىپ، — راستىنلا بىزنى يات كۆرەمدىكىن-تاڭ، شۇ بىرچىنە سۇيۇقئاشقا ئېغىز تەگكەندىن بۇيان قارىسىنىمۇ كۆرسەتمىدى بۇ بالا!

— يوقسۇ-يوقسۇ، ئۇنداق ئىش يوق! — دېدىم مەن ئالدىراپ-تېنەپ ئۆزۈمنى ئاقلاشقا تىرىشىپ، — نازارەتتە ئايۇپ ئاكىنىڭ خىزمىتى بەك ئالدىراش، كەچتە ھېرىپ-چارچاپ قايتىپ كەلگەندە بىردەم-يېرىمدەم پۇت-قولىنى سوزۇپ يېتىپ ئارام ئېلىۋالمىسا بولمايدۇ. ھەممەيلەن كولدۇرلاپ كىرىۋالغىلى تۇرساق تازا قاملاشماي قالار. شۇ ۋەجىدىن...

— بۇ گېپىڭ-زە تازا جايىدا بولماي قالدى، — ئايۇپ ئاكا چوڭلارغا خاس تەلەپپۇز بىلەن سۆزۈمگە تۈزىتىش كىرگۈزدى، — كۆڭلى تارتقان ئادەم بىلەن بىرەر-يېرىمدەم پاراڭلە-

رىتتىش تىپىغا ئايلىنىپ رەسۋا بولارمەنمۇ؟ ئۇ چاغدا "مۇشۇككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن" دېگەندەك، ئابدۇرازاق گۆلقەقەلىرى ئېچىلغان هالدا بىر چەتتە تاماشارىمنى كۆرەرمۇ؟ هېچبولمىغاندا ئايۇپ ئاكىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىسام، خىجىلچىلىقتا ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي، ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق بولۇپ تۇيۇلارمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن هوقۇق-ئەمەلگە ئېرىشىش ئار-زۇيۇم بەربات بولۇپ، مەڭگۈ بېشىمنى كۆتۈرەلمەي يۈرەرمەنمۇ؟

...يۇقىرىقى گادىرماچ ئوي-خىياللار بىر نەچچە كۈنگىچە يۈرى-كىمنى قۇرتتەك غاجاپ، كۆڭلۈمگە زادىلا ئاراملىق بەرمىگەن ئىدى. مانا ئەمدى كۆرۈپ تۇرۇپسىلەركى، كۆپ هاللاردا بىزگە تولىمۇ سىرلىق تۇيۇلىدىغان ۋە بىز ئەيمىنىدىغان باشلىقلارمۇ ئادەتتىكى پۇقرالار ۋە ئاددىي ئادەملەردىن هېچقانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىكەن. هەدېسىلا سىياسەت، پرىنسىپنى ئېغىزىدىن چۈ-شۈرمىگىنى بىلەن ئۇلاردىمۇ ئادەتتىكى ئادەملەردە بولىدىغان هېسسىيات، ئوي-خىيال ۋە ئادەمگەرچىلىك كەملىك قىلمايدى-كەن. ئۇلارمۇ رامكا ۋە بورۇختۇرمىلىق ئىچىدە ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشاشلا كۆڭۈللۈك، ئازادە كەيپىيات ئىچىدە ئېچىلىپ-يېيىلىپ ياشاشنى، باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنى قەدىرلىشىنى، ئىززەتلىشىنى، دوست-بۇرادەرلىرى ۋە خىزمەت-داشلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى يوقلاپ تۇرۇشىنى ئارزۇ قىلىدىكەن.

ئايۇپ ئاكىنىڭ كۆپ ئويلانمايلا ئاغزىدىن چىقىرىپ سالغان بايا-تىنقى گەپ-سۆزلىرىدىن ۋە ئېغىر خورسىنىشلىرىدىن بۇنى چوڭقۇر هېس قىلدىم. شۇ ۋەجىدىن ئۇ مېنى ئەزىز مېهمىنى قاتارىدا كۆرۈپ، سەمىمىلىك بىلەن قەدەھ كۆتۈرۈشكە تەكلىپ

دىگەن جۇمۇ! — ئايۇپ ئاكا گۈلخان ھەدىگە قاراپ كۈلۈپ قويـ
غاندىن كېيىن نەزەرىنى ماڭا ئاغدۇرۇپ، سۆزىنى داـ
ۋاملاشتۇردى، — ساڭا گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام ئۇكام، كۆـ
نۈپ قالغان ئېغىزغا يۇگەن سالماقمۇ ئۇنداق ئاسانغا چۈشمەيدىـ
كەن دېگىنە! سەللا دىققەت قىلمىسام، كەلسە-كەلمەس سورۇنـ
لاردىمۇ بايىقىدەك سۆزلەر ئېغىزىمدىن چىقىپ كېتىپ قالىدۇ،
بەزىدە ئۆزۈممۇ ئوڭايسىزلىنىپ قالىمەن. لېكىن بۇنىڭغا نېمە
ئامال؟ شارائىت دېگەن ئادەمنى نېمىلەرگە كۆندۈرمەيدۇ دەيسەن
...

ئايۇپ ئاكا ئاللىقانداق مۇھىم بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغانـ
دەك، بىردىنلا جىم بولۇپ قالدى، قاپاقلىرى بىلىنەر-بىلىنـ
مەس تۈرۈلدى. ئاندىن ئېغىر خورسىنىپ قويۇپ، ئىشكاپتىن
بىر بوتۇلكا ئالىي ھاراقنى چىقىرىپ، ئىككى رومكىغا تولدۇـ
رۇپ قويدى.

— قېنى ئۇكام، رومكىنى قولۇڭغا ئال! — دېدى ئايۇپ ئاكا
بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا، — بىزنى كۆڭلۈك تارتىپ ئالاھىدە يوقلاپ
كەپسەن، رەھمەت! قېنى ئەمىسە، خۇشە!

ھاياجانلىنىپ كەتكەن بولسام كېرەك، قولۇم تىترەپ كېـ
تىپ، رومكىدىن داۋالغۇپ چىققان بىر قانچە تامچە ھاراق قازان
كاۋپى ئۈستىگە سىرغىپ چۈشتى، خىجىل بولۇپ كەتتىم،
دەماللىققا تىلىم گەپكە كەلمەي قالدى. بۇ ئۆيگە كېلىش ئالدىدا
نېمىلەر كۆڭلۈمگە كەلمىگەن؟ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلارمەنمۇ؟
بۇنى ئاز دېگەندەك، ياقۇپ ئاكا پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، سوۋغا
ئېلىپ كەلگىنىمنى پاش قىلىۋەتسە، رەھبىرى كادىرلارنى چىـ

مالىم، بېلىق كۆزى قىلىپ توشقۇزۇلغان رومكىسىنى رومكامغا ئاۋايلاپ سوقۇشتۇرۇۋېتىپ، دېدى:

— ھە خۇشە، ھەممىزنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن!

ئۇ ھاراقنى بىر كۆتۈرۈشتىلا يوغان ئاغزىغا دۈم كۆمتۈرۈۋەتتى، ئاندىن رومكىنى سىڭايان قىلىپ، تىگىنى ماڭا كۆرسىتىپ قويغاندىن كېيىن ئورنىغا ئولتۇرۇپ، سېمىز بارماقلىرى بىلەن نەقىشلىك چوكىنى قىسقىنىچە قازان كاۋىپىدىن ئاغزىغا كەپلەپ سالدى ۋە مەززە قىلىپ چايناشقا باشلىدى.

بىر نەچچە رومكا ھاراق ئارقا-ئارقىدىن ئاچ قورسىقىمغا كىرگەندىن كېيىن كاللام قىزىپ قالدى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدا قورۇنۇشتىن قىلچىلىك ئەسەرمۇ قالمىدى. گەپ-سۆزلىرىم بارغانسىرى كۆپىيىشكە باشلىدى. ئايۇپ ئاكىمۇ خۇشخۇيلىشىپ كەتتى، تاغدىن-باغدىن پاراڭلاشتۇق. پاراڭ ئارىلىقىدا گەپنى يىراقتىن ئەگىتىپ بولسىمۇ ئۆز مەقسىدىمگە يېقىنلىشىشنى ئۇنتۇمىدىم. يالغان سۆزلەش ماھارىتىمنى يەنە بىر قېتىم ئىشقا سېلىپ، باشتا ئايۇپ ئاكىنىڭ تۆھپىلىرىنى، قابىلىيەتلىك-- ئىقتىدارلىق ئىكەنلىكىنى، نازارەتتىكى كۆپۈنچە كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن رازى بولۇۋاتقانلىقىنى بولۇشىچە ماختىدىم. ئاندىن كېيىن ئۆز ئىچىمدە توقۇپ چىققان پىتنە-پاساتلارنى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلىدىم-دە، ئۇلارنى ”پىتنە-پاساتچىلار“، ”غەيۋەتچىلەر“ ۋە ”كۆرەلمەسلەر“ دەپ ئاتىدىم ھەمدە ئىپىدە كەلتۈرۈپ تازا چاقتىم. ئەلۋەتتە بىرىنچى بولۇپ ئابدۇرازاق قۇربانلىق قىلىندى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغانسېرى ئايۇپ ئاكىنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى ۋە غەزەپتىن چىشلىرى غۇچۇرلاپ

قىلىپ تۇرۇپتۇ. لېكىن مەن ئىككى ئېغىز گەپنىمۇ ئوڭشاپ قىلالماي، بەزگەك تەگكەن ئادەمدەك تىترەپ تۇرسام، ئايۇپ ئاكا مېنى نېمە دەپ ئويلاپ قالار؟ ناۋادا كۆڭلىدىن "تازىمۇ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان بىرنېمە ئوخشايدۇ جۇمۇ!" دېگەن خىيال كېچىپ قالسا، ئىشنىڭ ئوخشىغىنى شۇ-دە! مەن دەر-ھال ئەس-ھوشۇمنى يىغىپ، ھاياجاننى ئەقىل كۈچى بىلەن يېڭىپ، ئۆزۈمنى سەل-پەل ئوڭشىۋالدىم-دە، شاققىدە ئورنۇم-دىن تۇرۇپ، چىرايىمغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، تەمكىنلىك بىلەن ئېغىز ئاچتىم:

— ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت، ئايۇپ ئاكا! ئۆزلىرى بىلەن قەدەھ سوقۇشتۇرۇش شەرىپىگە نائىل بولغىنىمدىن ئۆزۈمنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلىۋاتىمەن. راستىنى ئېيتسام، بۇنداق شەرەپتىن خۇشاللىقىم ئىچىمگە سىغمايۋاتىدۇ، قاتتىق ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتىمەن. شۇڭا ئۆزلىرىگە نېمە دەپ مىننەت-دارلىق بىلدۈرۈشۈمنى، ئۆزلىرىگە بولغان ئىززەت-ھۆرمە-تىمنى قانداق ئىپادىلىشىمنى، قەلبىمنى قانداق ئىزھار قىلى-شىمنى بىلەلمەي خىجىل بولۇپمۇ قېلىۋاتىمەن! قىسقىسى، ئۆزلىرى بىلەن بىر داستىخاندا بىللە بولغان بۇ ئۇنتۇلماس مىنۇتلار يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالغۇسى! قېنى ئەمىسە، بۇ تۇنجى رومكىنى تەنلىرىنىڭ سالامەت، مەرتىۋە ۋە ئابرۇيلىرىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى بولۇشى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى!

ئايۇپ ئاكىنىڭ چىرايىدا مەمنۇنىيەت ئالامەتلىرى جىلۋى-لەندى. ئۇ ئالدىرىماي-تىنىمەي ئورنىدىن تۇردى، قەدەھ سۇ-زۇمگە جاۋاب بەرمەيلا ئىچىۋېتىشنى ئەپسىز كۆردى بولغاي ئەتى-

كەيپى بىلەن ئېغىرلاشقان بېشىم يېنىكلىشىپ، روھىم تېتىكلىشىپ قالدى. گۈلخان ھەدىنى ”قوللىرى ئەشمىزە بۈۋى پاتىمەمنىڭ قولىدەك تەملىك ئىكەن...“دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن تازا ماختىۋىدىم، ئۇمۇ گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا ئايۇپ ئاكىنىڭ ئالدىدا مېنى ”قارىسام، بەكمۇ قابىلىيەتلىك، ئوڭلۇق بالىدەك قىلىدۇ بۇ، ئەتىۋارلاپ ئىشلەتسىلە بولماسمىدى!...“دەپ ماختاپ قويدى.

ئاشۇنداق كۆڭۈللۈك كەيپىيات ئىچىدە خۇشلىنىپ مېڭىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتسام، ئىشىك تۇساتتىن جالدۇق-جۇلدۇق قىلىپ ئېچىلىپ كەتتى-دە، ئايۇپ ئاكىنىڭ كەنجى قىزى گۈلنۇر سەنتۈرۈلۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ دادىسىغا تارتقان ئاق-سېرىق چىرايى كەچكى شەپەقتەك قىزارغان، شالاڭ قاشلىرى ئاستىدىكى يۇمۇق كۆزلىرى خۇمارلىشىپ كەتكەن، سارغۇچ چېكە چاچلىرى يېيىلىپ تارراق كەلگەن پېشانىسىنى يېپىۋالغان، خورما رەڭلىك ئۇزۇن پەلتۇسىنىڭ تۈگمىسى ئېچىۋېتىلگەن ئىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا كەيىپ بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى.

— نەلەردە يۈردۈڭ، قىزىم؟ — ئايۇپ ئاكا قاپىقىنى تۈرۈپ تەئەددىي بىلەن سورىدى.

— ئازراق ئىچتۇق شۇ! — گۈلنۇر غەلىتە ھىجىيىپ، ماڭا قاپاقلىرىنى سوزۇپ قاراپ قويۇپ، يېنىمغا سۈركۈلۈپ كەلدى، — كىم...كىم بۇ، دادا؟

— ماۋۇ بالىنى قاراڭ! — ئايۇپ ئاكا خىجىللىقىنى يوشۇرماقچى بولغاندەك، بېشىنى ئەلەم بىلەن چايقاپ، ماڭا قاراپ

كەتتى. چىرايىدىكى ئۆزگىرىش ۋە ئالامەتلەردىن گېپىمگە پۇ-
تۇنلەي چىنپۇتكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. شۇڭا بارغانسېرى
دىدىللىشىپ، پىنسىيەگە چىقىشقا ئاز قالغان ياقۇپ نازىرغا
نەشتىرىمنى سانجىغاچ، ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەش لازىملىقىنى
ئەسكەرتىپ قويدۇم. ئارىغا سوغۇقچىلىق سېلىۋاتقان بۇ گەپ-
سۆزلىرىم شۇ تاپتا ئايۇپ ئاكىنىڭ گۇمانىنى قوزغاش ئۇياقتا
تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇنىڭغا ياغدەك يېقىپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا
ئۇمۇ ئارىلاپ-ئارىلاپ گەپ قىستۇرۇپ، مېنى ئەزەلدىن قوللاپ
كېلىۋاتقانلىقىنى، لېكىن بەزىلەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى
تۇپەيلىدىن مېنى ئۆستۈرۈپ قويۇش خىيالىنىڭ تېخىچە ئەمەلگە
ئاشمايۋاتقانلىقىنى پۇرىتىپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئەگىتمە گەپ-
سۆزلىرىدىن قارىغاندا، ماڭا بولغان قارشىلىق ئاساسەن ئابدۇرا-
زاق بىلەن ياقۇپ نازىردىن كېلىۋېتىپتۇ. بۇنى مەنمۇ غۇۋا ھېس
قىلغان ۋە شۇ ۋەجىدىن ئۇلارنى چېقىش بەدىلىگە گەپ ئېلىپ،
گۇمانىمنىڭ توغرا-خاتالىقىنى ئىسپاتلاپ باقماقچى بولغان ئى-
دىم. دېگەندەك، پەرىزىم توغرا چىقتى. بۇنىڭ بىلەن تىرىشىش
ۋە ئېلىشىش نىشانىمنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدىم.
ئالاھەزەل ئېغىر ياتقۇدا گۈلخان ھەدە يوغان چىنىلەردە
سۇيۇقئاش كەلتۈردى. سۇيۇقئاش شۇنداق ئوخشىغان ئىدىكى،
ئۇنىڭ خۇش پۇرىقى گۈپۈلدەپ دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. تۇز-
خورۇچلىرى شۇنداق ئوبدان تەڭشەلگەچكىمۇ. تەمى ئېغىزىمغا
قەۋەتلا تېتىپ كەتتى. گۈلخان ھەدە تاماققا ھەقىقەتەن بەك
ئۇستا ئىكەن. جېنىمغا راھەت بېغىشلىغان بۇ سۇيۇقئاشنى ئى-
چىپ بولغۇچە پېشانەمدىن بۇژۇلداپ تەر چىقىپ كەتتى. ھاراق

قالدىم. ئىختىيارسىز مېنىڭمۇ ئىچىم سىرىلىپ كەتتى.

— خۇدايىم گۈلنۇرنىڭ بەختىنى يەنە بېرەر، — دېدىم ئۇ-لارغا تەسەللى بېرىپ، — ياشلار تەجرىبىسىز ئەمەسمۇ، ھەرقانچە دىققەت قىلىسىمۇ ئۇلارنىڭ ئۇنداق ياكى مۇنداق سەۋەنلىكلەرنى سادىر قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىشى تەس. شۇڭا بۇنچىلىك ئىش دېگەننى ئانچە كۆڭۈلگە ئېلىپ كەتمىگۈلۈك، بارا-بارا تۈزۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەر شۇنداق كۆيۈمچان، مېھرىبان ۋە تەلەپچان تۇرساڭلار...

— بىر نازارەتنى بىر ئوبدان چۆرۈۋاتقان ئادەمنىڭ ئۆز قىزىنى ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمىگىنىنى كۆرمەمسەن، ئۇكام! — ئايۇپ ئاكا كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا ئۆرە تۇرغان پېتى يەنە بىر رومكا ھاراق قۇيۇپ گۆپپىدە ئىچىۋەتتى، — ھەي! ... ئويلاپ باقسام، بالىنى تەربىيلەپ قاتارغا قوشماقتىن تەس ئىش يوق ئىكەن بۇ دۇنيادا!

مەن ئايۇپ ئاكىنىڭ ھەسرەت خەنجىرىدە يارىلىنىپ قان تېمىۋاتقان يۈرىكىگە تەسەللى مەلھىمىنى پەم بىلەن سەپتىم. ئايۇپ ئاكا بىلەن گۈلخان ھەدىنىڭ كۆزلىرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلى-رى جىلۋىلەنگەندە، ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ يېنىپ چىقتىم-دە، كونىراپ ئەبجىقى چىقىپ كېتەي دەپ قالغان ۋېلىسىپىتىمنى يەنە جالداقشىتىپ مىنىپ ئۆيۈمگە قاراپ يول ئالدىم.

* * *

ئايۇپ ئاكىنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈشىنىڭ مۇقەددىمى-

زومۇزۇ كۆلۈمسىرەپ قويغاندىن كېيىن، گۈلنۇرغا ۋار-
قىرىدى،— روسۇل ئاكاڭنىمۇ تونۇمايۋاتامسەن؟ نېمە بولۇپ
كېتىۋاتىدۇ-ھە بۇ زاماننىڭ ياشلىرى! بولدى، تولا كىكەشلى-
مەي ئۆيۈڭگە كىرىپ ئۇخلا!

—يا—ياق!...— گۈلنۇر تىلىنىڭ كالۋالىشىپ كېتىۋاتقى-
نىنى، گەپ-سۆزلىرىنىڭ ئاغزىدىن چۇشۇپ قېلىۋاتقىنىنى
سەزمىگەن ھالدا، مېنى قولۇمدىن تارتىپ سافاغا ئولتۇرغۇزۇۋې-
تىپ دېدى،— يە...يەنە... ئىچ ...ئىچىمىز... تې ...تېخى! شۇن
...شۇنداقمۇ رو...روسۇل ئا...ئاكا!

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرغاندا، گۈلنۇر تۇيۇقسىز
سەنتىرىلىپ قۇچىقىمغا يىقىلىۋىدى، چۆچۈپ كەتتىم ۋە مەدەت
تىلىگەندەك، ئايۇپ ئاكىغا قارىدىم. غەزەپتىن ئايۇپ ئاكىنىڭ
چىرايى كۆكىرىپ، چىشلىرى غوچۇرلاپ كەتتى. ئاڭغىچە گۈل-
خان ھەدە گۈلنۇرنى تارتقۇشلاپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى، مەن
ياردەملەشتىم. ئۇنىڭ پۇتلىرى لاكاسلاپ قالغان بولۇپ، ئۆرە
تۇرغۇچىلىك مادارى قالمىغاندەك قىلاتتى. بىز ئۇنى ئاۋايلاپ
يۆلەشتۇرۇپ، ئىچكەركى ئۆيگە ئەپكىرىپ ياتقۇزۇپ قويۇپ يې-
نىپ چىقتۇق.

—بىچارە قىزىمنىڭ تۇنجى ئېرىدىن بەختى چىقمىدى،—
دېدى گۈلخان ھەدە يىغلامسىراپ،— شۇندىن كېيىن ئۆزىنى
مۇشۇنداق تاشلىۋەتتى...ھەي!...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئايۇپ ئاكا ئېغىر خورسىنىپ قويدى.
تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ھاراق تەسىرىدە قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن
ئىككى تامچە ياشنىڭ مەڭزىگە ساقىپ چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ

ئىشكتىن بىر چەتكە ئېلىپ قىزغىنلىق بىلەن دېدى:
— قېنى مەرھەمەت! ئۆيگە كىرىڭ، روسۇل ئاكا، ئۆيگە!
مەن گۈلنۇرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ ئۇدۇل مېھمانخانىغا كىردىم. ئايۇپ ئاكا سافانىڭ بۇرجىكىگە پۈكلەپ قويۇلغان ماموق ياستۇققا يانپاشلىغىنىچە تومپۈچكا ئۈستىدىكى چىراغ يورۇقىدا گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇ بۇرنىنىڭ ئۇچىغا سىرىلىپ چۈشۈپ قالغان كۆزەينەكنى ئاستا ئېلىپ، تومپۈچكا ئۈستىگە ئاۋايلاپ قويغاندىن كېيىن، ئالدىراپ-تېنەپ ئورنىدىن تۇردى. ئاڭغىچە مەنمۇ تېلېۋىزورنى يېزىقچىلىق ئۈستىلى ئۈستىگە قويۇپ بولۇشقا ئۈلگۈرۈپ، قولۇمنى ئارىدەك سوزغىنىمچە ئايۇپ ئاكا بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۈم.
— قېنى ئۇكام، تۆرگە ئۆت! — دېدى ئايۇپ ئاكا باياتىن ئۆزى يانپاشلىغان ئورۇننى كۆرسىتىپ.
— بۇ يەردە يات ئادەم بولمىغاندىكىن، — دېدىم مەنمۇ تەكەللۇپ بىلەن، — ئۆزلىرىنىڭ ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرغانلىرى تۈزۈك. مەن ماۋۇ يەردە ئولتۇرساممۇ ئوخشاش!
مەن ئايۇپ ئاكىنى ئۆز جايىغا بېسىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزۈم ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدىم.
ئاڭغىچە گۈلخان ھەدە ئاشخانىدىن چىقىپ كەلدى. دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ تىنچلىق-ئامانلىق سورىدۇم.
— نېمە قىلغىنىڭ بۇ، ئۇكام؟ — دېدى گۈلخان ھەدە يېزىقچىلىق ئۈستىلى ئۈستىدىكى يوغان قەغەز ساندۇققا قاراپ قويۇپ، — ئۆي تامىقى سېغىنغان بولساڭ شۇنداقلا كېلىۋەرسەڭ بولاتتى ئەمەسمۇ! يەنە كايىپ يوغان بىر ساندۇق گۆش كۆتۈرۈپ

سىنى ئېچىۋالغان بولساممۇ، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن كۆڭلۈم ئىمىن تېپىپ كەتكىنى يوق. چۈنكى بەزى مەنسەپدارلارنىڭ نەپسى بارغانسېرى يوغىناپ تىگى يوق ھاڭغا ئوخشاپ قېلىۋاتقان بۇ كەملەردە بىرەر قوي-پوي بىلەن ئىش پۈتمەيدىغانلىقى كۆڭلۈمگە بەش قولدەك ئايان ئىدى. يەنە قانداق باھانە-سەۋەبلەر بىلەن نېمە سوۋغات ئېلىپ بارسام بولار دەپ بېشىم قېتىپ تۇرغاندا، تۇساتتىن ئايۇپ ئاكىنىڭ رەڭلىك تېلېۋىزورى پارتلاپ كېتىپتۇ دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئۆيۈمدىكى پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىشىغا ساتتىم. يېتىشمىگەن يېرىگە دوست-بۇرادەرلىرىمدىن قەرز ئالدىم. باشقىلارنىڭ مەندىنمۇ بەك چاققان كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئىككى-ئۈچ كۈن ئىچىدىلا 10 مىڭ كويدەك پۇل غەملىدىم-دە، ياپونىيىنىڭ ”سۈرەت پادىشاھى“ ماركىلىق ئەڭ يېڭى ئىشلەنگەن ۋە شەھىرىمىزدە مودا بولۇۋاتقان 29 دىئوملۇق تېلېۋىزورىدىن بىرنى سېتىۋالدىم. تۈن پەردىسى ئەتراپقا يېيىلىپ، بارلىق قۇۋۇلۇق-شۇملۇق، رەزىللىك، جىنايەت، ساختىپەزلىك ۋە ئالدامچىلىقلارنى ئۆزىنىڭ سىرلىق قويىنىغا ئالغاندا، تېلېۋىزورنى كىچىك يۈك ماشىنىسىغا كىرا قىلىپ بېسىپ، ئۇدۇل ئايۇپ ئاكىنىڭ ئۆيىگە كەلدىم. ئىشكنى گۈلنۇر ئاچتى. ئۇ مېنىڭ يوغان بىر قەغەز ساندۇقنى ئىنجىقلاپ كۆتۈرۈپ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ، يۇمۇق كۆزلىرىنى ھەيرانلىق بىلەن چەكچەيتىپ، بىر نەچچە دەقىقە مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. ئاندىن تۇيۇقسىز ئېسىنى تاپقاندەك، چىرايىغا كۈلكە يۇگۈرتۈپ، كۆزۈمنىڭ ئىچىگە نازلىنىپ قارىدى ۋە ئۆزىنى

ئىشقى-مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى،—مېنى تېلېۋى-
زورنى پارتلىتىۋەتتى دەيدىغانغا نېمە ئاساسىڭىز بار؟
—بولمىسا مەندىن بىھۇدە گۇمانلىنىپ يۈرمەيتتىڭىز-دە!
—راستىنىلا گەپكە بەك ئۇستا ئىكەنسىز، روسۇل ئاكا!
سىزگە تەڭ كېلەلمىگۇدەكمەن!
گۈلخان ھەدە باياتىنقى گەپ-سۆزلەرنىڭ چاقچاق ئىكەنلى-
كىنى مانا ئەمدى چۈشىنىپ، خىجىللىقىنى يوشۇرماقچى بولغاد-
دەك، يوتىسىغا پاقىدە بىرنى ئۇردى.
—ۋاي ئېسىم قۇرۇسۇن! روسۇل ئاكاڭغا تېخىچە چاي
قۇيماپتىمەن ئەمەسمۇ!—ئۇ شۇنداق دېگىنىچە غىپپىدە ئاشخانىغا
كىرىپ كەتتى.
ئاڭغىچە ئايۇپ ئاكا ئېغىز ئاچتى:
—راست ئۇكام، نېمە ئۇ ئېلىپ كەلگىنىڭ؟
—تېلېۋىزورۇڭلارنى پارتلاپ كېتىپتۇ دەپ ئاڭلىۋىدىم،—
دېدىم ئەستايىدىللىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ،—سىلىنىڭ نازارەتتە
خىزمەتلىرى شۇنداق ئالدىراش، كەچتە ھېرىپ-ئېچىپ ئۆيگە
كەلگەندە بىردەم-يېرىمدەم تېلېۋىزور كۆرۈپ ھاردۇقلىرىنى
چىقارغاچ كۆڭۈل ئاچمىسىلا بولامدۇ! ئۇنىڭ ئۇستىگە بىزگە
قارىغاندا سىلى ئىچكى-تاشقى ئەھۋاللاردىن ۋاقتى-ۋاقتىدا كۆپ-
رەك خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشلىرى كېرەك-تە! شۇڭا بۇ تېلېۋى-
زورنى ئېلىپ كېلىشىم!
—راست، تېلېۋىزورىمىز پارتلاپ كەتكەندىن كېيىن دەر-
ھال يەنە بىرنى سېتىۋېلىشقا قولىمىز سەل قىسقىلىق قىلىپ
تۇراتتى،—دېدى ئايۇپ ئاكا ئېغىر خورسىنىپ قويۇپ،—بۇنى

كەلگىنىڭ نىمىسى؟
گۈلنۇر ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى.
— گۇش ئەمەس بۇ، ئانا!
ئۇ يەنە نىمىنىدۇ ئېسىگە ئالغانداك، ماڭا قاراپ ھەييارلىق بىلەن كۆزىنى قىسىپ قويۇپ دىدى:
— بۇ قەغەز ساندۇق ئىچىگە پارتلاتقۇچ بومبا قاچىلاپ كەلمىگەنسىز ـ ھە، روسۇل ئاكا؟
— نىمە دەيدىغاندۇ بۇ بالا ئادەمنىڭ قورققىنىنى كەلتۇرۇپ! — گۈلخان ھەدە چۆچۈپ، ئىختىيارسىز يىزىقچىلىق ئۇستىلى يىنىدىن ئارقىسىغا بىر قەدەم داجىدى، — ھەرقانچە بولسىمۇ بىزگە ئۇنچىلا ئۆچلۈك قىلىپ كەتمەس بۇ بالا! ئەي ئۇلۇغ خۇدا، بەندىلىرىڭگە ئىنساپ بەرگەيسەن! ھەرقانداق بالا ـ قازادىن ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن!
گۈلخان ھەدە يەنە نىمىلەرنىدۇ پىچىرلاپ، تىترەپ تۇرغان قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىۋىدى، گۈلنۇر تېخىمۇ پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى. مەنمۇ قاقاقلاپ كۈلۈۋىتىشتىن ئۆزۈمنى ئاران ـ ئاران توختىتىپ، گۈلنۇرغا قاراپ چاقچاق قىلدىم:
— ھە، بۇنداق ھۈنىرىمۇ بار دەڭ، گۈلنۇر! ئەسلىدە ھىلىقى تىلىۋىزورنى سىز پارتلىتىۋىتىپتىكەنسىز ـ دە! قەرەللىك بومبا بىلەن پارتلاتقانمىدىڭىز؟
— ۋاي ـ ۋۇي، نىمىلەرنى دەپ يۈرۈيدىغانسىز، روسۇل ئاكا! — گۈلنۇر پىخىلداپ كۈلگىنىچە ماڭا جىلمىيىپ قارىدى، ئۇنىڭ كۈلۈۋىرىپ ياش چىقىپ كەتكەن ئوتلۇق كۆزلىرىدىن

ۋاب بەردىم، — خاتىرجەم بولسىلا، ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ ئۆز ئارا ياردەم بېرىش، بىر-بىرىگە كۆيۈنۈش جۇملىسىگە كىرىدىغان ئادەتتىكىچە بىر ئىشقۇ! قۇسۇر تاپىدىغانغا خەقنىڭ هەددى ئەمەس! ...

ئاھ، ساختىلىق بىلەن بىزەلگەن دۇنيا! ھەممىيلەنگە پاك-دىيانەتلىك، ئادىل ۋە تۈز كۆڭۈل دەپ تەسىر قالدۇرغان ئايۇپ ئاكىمۇ شۇ تاپتا تاقىلداپ تۇرغان نەپسى ئۈستىگە چۈمپەردە يېپىپ، ھەقىقى نىيىتىنى يالغان-ياۋىداق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەپ ئولتۇرىدۇ. مەنمۇ ئۇنىڭغا ماسلىشىپ يالغانغا يالغان بىلەن جاۋاب بېرىۋاتىمەن. ھوقۇق ۋە ئەمەل-مەنسەپكە بولغان تەمەيىمنى ساختىلىق، يالغانچىلىق بىلەن بىزەۋاتىمەن. يالغان سۆزلەرنى يىپقا تىزىق ئۆتكۈزگەندەك تىزىۋاتقىنىمدا دىلىم كۆيۈپ تۇرسىمۇ، تىلىم كۆيمەيۋاتىدۇ. نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ-ھە، بۇ جاھان، نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ-ھە، بۇ ئادەملەر! ...

شۇ ئارىلىقتا گۈلخان ھەدە ئىككى تەخسە قوروما قورۇپ چىقتى، گۈلنۇر چاي قۇيدى. كۆڭۈللۈك پاراڭلاشقاچ ھەش-پەش دېگۈچە بىر بوتۇلكىنى قۇرۇغداپ قويدۇق. گۈلنۇرمۇ ئاخشانغا كىرگەن بولۇپ، يوشۇرۇپ قويغان ھارىقىدىن ئوغرىلىقچە بىر قانچە رومكا ئىچىۋالدى بولغاي ئەتىمالىم، ھاراق چىرايىغا قانچە چىققانسىرى ئۇ دادىسى ئالدىدىمۇ ھېچبىر ھېيىقماي ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن كۆزۈمنىڭ ئىچىگە شۇنچە تىكىلىپ قارىغىلى تۇردى. خىجىل بولۇپ ئولتۇرالماي قالدىم. شۇنداقتىمۇ چاندۇرماي، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان گەپ-سۆزلەرنى ئېيتىدە كەلتۈرۈپ قىلىپ تۇرۇش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمىدىم.

ۋاقىتنىچە كۆرۈپ تۇرسۇن دەپ ئەكەلگەن بولساڭ مەيلى، يېڭى تېلېۋىزور سېتىۋالغۇچە كۆرۈپ تۇرارمىز، ئاندىن كېيىن ئېلىپ كېتەرسەن. ناۋادا سوۋغات ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن بولساڭ دەرھال قايتۇرۇپ كەت! ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن ئەزەلدىن ئۆز ۋۇجۇدۇمغا زەررىچە داغ قوندۇرماي كەلگەن ئادەم. بۇنچىلىك نەپنى دەپ پاك-دىيانەتلىك بولۇش پرىنسىپىنى بىر چەتكە قايرىپ قويسام بولمايدۇ!

— ئەلۋەتتە! ئەلۋەتتە! — مەن شۇ ھامان ئايۇپ ئاكىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدىم، — سىلىنىڭ پاك-دىيانەتلىك ئىكەنلىكلىرىنى كىم بىلمەيدۇ دەيلا؟ سىلىگە ئوچۇقتىن ئوچۇق سوۋغات كۆتۈرۈپ كېلىدىغانغا بېشىم ئونمۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە پاك-دىيانەتلىك بولۇش ئالاھىدە تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە سىلىنى سوغا سۆرەپ كىرىپ، كۆرەلمەسلەر-ھەسەتخورلارغا دەستەك تېپىپ بەرسەم بولمايدۇ-دە!

— ھە، مانا ماۋۇ گېپىڭ جايىدا! — ئايۇپ ئاكا ۋەزمىن ئاھاڭدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەندىن قۇسۇر ئىزدەپ يۈرگەنلەر ئاز دەمسەن، ئۇكا! كىچىككىنە ئىشلارغىمۇ دىققەت قىلماي بولمايدۇ. ئەمىسە، گېپىمىز گەپ. بۇ تېلېۋىزورنى ئاتايىن ئېلىپ كەپسەن، بۈگۈنلا قايتۇرۇپ ئېلىپ كەت دەپ ئۆشنەڭگە ئارتىپ قويساممۇ سەت تۇرار. بوپتۇ، يېڭى تېلېۋىزور ئېلىۋالغىچىلا كۆرۈپ تۇرىمىز، ئاندىن كېيىن غىدىڭ-پىدىڭ دېمەي ئېلىپ كېتىسەن، بولامدۇ!

— بولىدۇ، بولىدۇ! — سوۋغىتىمىنىڭ ناھايىتى ئۈستىلىق بىلەن قوبۇل قىلىنغىنىدىن خوش بولۇپ، ئالدىراپ-تىنەپ جا-

بىرنى ئۆرۈپ، خۇشاللىقىمدىن تاخلىۋەتكىلى تاس-تاماس قال-
دىم.

* * *

شۇ كېچىسى نۇرغۇن چۈش كۆردۈم، ھەممىسى دېگۈدەك
شېرىن چۈشلەر ئىدى. گۈلنۇر بىلەن گۈزەل باغچىلاردا مۇھەب-
بەتلىشىپ يۈرگىدەكمىشمەن. ئاغىنىلىرىم ئالدىمنى توسۇپ:
"جەمئىيەتتە بۇ قىزنىڭ نامى ئانچە ياخشى ئەمەس، ئوبدان
ئويلىنىپ باق!" دەپ نەسىھەت قىلىۋاتقۇدەكمىش. مەن ئۇلار-
نىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالماي، گۈلنۇر بىلەن توي قىلىپتىمىش-
مەن. شۇنىڭ بىلەن بالداقمۇ يۇقىرى ئۆرلەپ، بېشىم
كۆككە تاقاشقانمىش. ئابدۇرازاق مىڭ گەز پەستە قېلىپ، ھەي-
ران بولغان ھالدا ئاغزىنى يوغان ئېچىپ قاراپ تۇرارمىش...

تۇنۇگۇن ئاخشام كاللامغا كەلگەن بۇ ئەقىل چۈشۈمدىمۇ
ئايان بولغان ئىدى. بۇنى مېھرى-شەپقەتلىك ئاللانىڭ چۈش
ئارقىلىق ماڭا بەرگەن بېشارىتى دەپ بىلدىم-دە، شۇ بېشارەت
بويىچە ئىش كۆرۈشكە باشلىدىم. تاپقان-تەرگىنىمنى ئايىماي
ئايۇپ ئاكىنىڭ ئۆيىگە توشۇدۇم، گۈلنۇرغا يېقىنچىلىق قىل-
دىم. گۈلنۇر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنىڭ قويۇقلىشىۋات-
قانلىقىنى سەزگەن ئايۇپ ئاكا خۇشال بولۇپ كەتتى، گۈلخان
ھەدىمۇ گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا مېنى ئەزىزلەپ «ۋاي!»
دەيدىغان بولدى. ئۇلار قىزىنىڭ سەۋەبىدىن تۆكۈلگەن يۈز-ئاب-
رۇيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پۇرسىتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى

ئاخىرى گۈلخان ھەدە سەزگۈرلۈك بىلەن بىر ئىشنى سەزدى بولغاي، ھەسرەتلەنگەن ھالدا دېدى:

— ھەي ئىست، خۇدا بىزگىمۇ مۇشۇنداق ئوغلۇق يىگىت-تىن بىرنى كۈيئوغۇللۇققا بەرگەن بولسىچۇ، كاشكى!

— شۇنى دېمەمسەن! — ئايۇپ ئاكا قولىنىڭ دۈمبىسى بى-لەن ئاغزىنىڭ چۆرىسىدىكى ماي يۇقىنى سۈرتۈۋېتىپ دېدى،

— تاللاپ- تاللاپ تازغا ئۇچراپتۇ دېگەندەك، تۇنجى كۈيئوغلىمىز ھەقىقەتەن بىغەرەز چىقىپ قالدى. قىزىمىزنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭ-دىن سۇ ئىچمىگەندىن كېيىن مۇشۇنداق ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ ...ھەي!...

كۆڭلى جاراھەتلەنگەن بۇ ئاتا- ئانىغا يەنە ئۆتكەنكى قېتىمدى-كىدەك بىرمۇنچە تەسەللى بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم. كەيپىيات نورماللاشقاندىن كېيىن، تۇتۇۋالغىنىغا ئۇنىماي ئاستا يېنىپ چىقتىم.

كۈز ھاۋاسى خېلىلا سالقىن ئىدى. ئىسسىق ئۆيدىن چىق-قاچقىمۇ، غۇرۇلداپ چىقىۋاتقان سوغۇق شامال يۈزۈمگە ئۇرۇ-لۇشى بىلەن تەڭ تېنىم شۈركىنىپ كەتتى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدىم، قارىيىپ كۆرۈنگەن ئاسماندا ئايىنى چۆرىدىگەن سان- ساناقسىز يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇراتتى. بەزىلىرى ماڭا ئاللىنېمىدىن بېشارەت بېرىۋاتقاندەك، شوخلۇق بىلەن كۆزىنى قىسىپ قوياتتى. بىردىنلا گۈلنۇرنىڭ خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى تىكىپ قاراشلىرى كۆز ئالدىمدىن يالت قىلىپ ئۆتتۈۋىدى، كۆڭ-لۈم پاللىدە يورۇغاندەك بولدى. ”ھەي، قاپاق كاللامغا نېمىشقا بالدۇرراق كەلمىگەندۇ بۇ ئەقىل!“ دەپ، پېشانەمگە پاققىدە

سىقىم تۇز سىپىلگەندەك بولدى، يۈرىكىم چىدىغۇسىز دەرىجىدە
ئېچىشىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ چاندۇرماي، ئۆزۈمنى تەمكىن
تۇتۇپ دېدىم:

— ھەركىمگە قولى يەتمىگەن ئۈزۈم ئاچچىق، گۈلنۇر!
سىزنىڭ ئىشقىڭىزدا كۆيۈپ-پىشىپ، ئۇنىڭ خېتىنى ئۇنىمىسا
ئۇنىماي زورلاپ بېرىۋەتكەن تۇرسام، ئۇ شۇنداق دەپ يۈز-ئاب-
رۇيىنى ساقلىماي، يەنە نېمە دەيتتى؟ ئادەم دېگەننىڭ ئاتتىن
چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشكىسى كەلمەيدۇ-دە!

— بۇ گېپىڭىزغۇ ئورۇنلۇقتەكمۇ قىلىدۇ، — دېدى گۈلنۇر
ئويلانغان ھالدا، — لېكىن گۈلجەننەت ئاچام مەندىن كۆپ چىراي-
لىق تۇرسا، مېنىڭ نېمەمگە كۆيۈپ قالغانسىز؟

— ”چىرايلىق چىرايلىق ئەمەس، سۆيگەن چىرايلىق“ دېگەن
گەپ بارغۇ! — دېدىم مەن ئۇنىڭ قېنىق ئۇپا سۇرتۇلگەن مەڭزى-
نى مۇلايىملىق بىلەن سىلاپ تۇرۇپ، — توي قىلغاندىن كېيىن
گۈلجەننەتنىڭ قەلبىنىڭ چىرايىدەك گۈزەل ئەمەسلىكىنى ھېس
قىلىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارزۇ-ھەۋەسلىرىمىز، مى-
جەز-خۇلقىمىز تۈپتىن ئوخشىمىغاچقا، بىر-بىرىمىز بىلەن زا-
دىلا چىقىشالمىدۇق. ئۆيىمىزدە كۈندىلا ئۇرۇش-جېدەل قورۇ-
مىدى، روھى جەھەتتىن چەكسىز ئازابلاندىم. ھەتتا ھاياتتىن
ئۈمىدىمنى ئۈزۈپ، ئۆزۈمنى ئۆلتۈرىۋالساممىكىن دېگەن يەر-
گىمۇ كەلدىم. دەل شۇ چاغدا، بۇ خۇدانىڭ ئىرادىسىمىكىن--
تاڭ، ئىككىمىز ئويلىمىغان يەردىن باغچىدىكى كۆل بويىدا ئۇچ-
رىشىپ قالدۇق. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن مەن كۆلگە ئۆزۈمنى
تاشلاش ئۈچۈن ئەپلىك پەيتنى كۈتۈپ كۆل بويىدىكى ئورۇن-

تولىمۇ سەگەكلىك بىلەن سىزىۋالغان ئىدى. بۇ ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسەت ئىدى، ئەلۋەتتە. مەن بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، يالغان، ياغلىما سۆزلىرىمنىڭ كۈچىنى تولۇق نامايان قىلىپ، گۈلنۇرنى بارا-بارا ئۆزۈمگە ئەسىر قىلىۋالدىم. ئۇنى باغچىلارغا سەيلىگە ئېلىپ باردىم، كىنو-تىياتىرخانىلارغا ئېلىپ كىردىم، ئاغىنىلىرىمدىن نۇرغۇن پۇل قەرز ئېلىپ ئۇنىڭغا ئېسىل كىيىم-كېچەكلەرنى ئېلىپ بەردىم. لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن هامان بىرخىل گۇمانسىراش، ئىشەنچسىزلىك ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى. بىر كۈنى گۈلنۇرنى دالا سەيلىسىگە ئېلىپ چىقىپ، خىلۋەت بىر جايدا باغرىمغا چىڭ باستىم. ئاۋازىمنى ئىلاجى بار هەقىقى ئاشىقنىڭ ئاۋازىدەك تەسىرلىك، يېقىملىق، تىترەڭگۈ ۋە ئاجايىپ سېهرى كۈچكە ئىگە قىلىشقا تىرىشىپ، ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە ئۆزاققىچە پىچىرلىدىم.

—گۈلجەننى نېمە ئۈچۈن قويۇۋەتكىنىمنى بىلەمسىز، جېنىم گۈلنۇر؟—دېدىم مەن ئاخىرىدا ئۇنىڭ شالاڭ قاشلىرى ئاستىدا خۇنۇك پىلدىرلاپ تۇرغان سارغۇچ، يۇمۇق كۆزلىرىگە مېهرىم بىلەن تىكىلىپ قاراپ،—ئۇنى سىزنى دەپ قويۇۋەتكەن جۇمۇ، ئىشەنمىسىڭىز يۈرىكىمنى يېرىپ كۆرسىتىمەن!

—مەنغۇ گۈلجەننەت ئاچام ئۆزى ئۈرۈشۈپ خېتىنى ئاپتۇ دەپ ئاڭلىۋىدىم،—دېدى گۈلنۇر ئىشەنمەسلىك نەزەرى بىلەن ماڭا قىيا بېقىپ،—سىزنى قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەم ئىكەن دەپ ئۇمىدىنى ئۈزگەنمىش...

تېخى ساقىيىشقا ئۈلگۈرمىگەن كونا دىل يارام ئۈستىگە بىر

— سەل ئاشۇرۇۋېتىپ بارامسىز-قانداق؟ — گۈلنۇر گۇمانى نەزەر بىلەن كۆزۈمنىڭ ئىچكىرىسىگە قارىدى.

— ياق! — دېدىم چىرايىمغا تېخىمۇ جىددى تۈس بېرىپ، — سىزگە بولغان چەكسىز ھۆرمىتىم ۋە چوڭقۇر مۇھەببىتىمنى بىر ئەزىم دەريا دېسەم، ئىزھار قىلغانلىرىم ناھايەت ئۇنىڭ بىر تامچىسىدىنلا ئىبارەت، خالاس.

— راست شۇنداقمۇ، روسۇلكا! — گۈلنۇر ھاياجانلانغان ھالدا كۆكسۈمگە بېشىنى سۈركەپ نازلاندى، — بىراق مەندە ئۇنچۇۋالا سېھرى كۈچ نېمە قىلسۇن؟

— ناۋادا بىر ئېغىز يالغان سۆزلىگەن بولسام زۇۋانىم تۇتۇلسۇن! — دېدىم مەن قەسەم قىلىۋاتقاندەك ۋە چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزۈۋاتقاندەك يىراقلارغا كۆز سالغان ھالدا، — راستىنى ئېيتسام، شۇندىن كېيىن دۇنياغا، ھاياتقا باشقىچە بىر نەزەر بىلەن قارايدىغان بولدۇم. كۆزۈمگە زۇمرەتتەك سۈزۈك ئاسمان شۇنداق چەكسىز ۋە سىرلىق، بىز يىلتىز تارتقان بۇ ئانا زېمىن شۇنداق ئىللىق ۋە مۇقەددەس، قىزىل ئەتىرگۈللەر لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان چوغدەك ئاجايىپ جەزىبىلىك كۆرۈنىدىغان بولدى. لېكىن بۇنىڭ ئىچىدە كۆزۈمگە ھەممىدىن گۈزەل كۆرۈنىدىغىنى يەنىلا سىز ئىدىڭىز. سىز ماڭا شۇنداق مۇقەددەس ۋە سىرلىق، پەرىشتىدەك گۈزەل، يېقىملىق ۋە جەزىبىلىك تۇيۇلاتتىڭىز. سىزنى بىردەم كۆرمىسەم تۇرالمايتتىم، جېنىم قاقشاپ كېتەتتى. بىراق نېمە ئۈچۈندۇ، ئالدىڭىزدىن ئاشكارە ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالمايتتىم، يوشۇرۇن ھالدا، پىنھان جايلاردىن سىزگە كۆز سالاتتىم، قەلبىم كۆزى ئارقىڭىزدىن ئەگىشىپلا يۈرەتتى.

دۇقتا ئۆلتۈرغان ئىدىم. سىز گويا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا يېنىمدا پەيدا بولۇپ قالدىڭىز. چىرايىم بەكمۇ تاتىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك ئەتىمالىم، سىز ھەيرانلىق بىلەن ماڭا قاراپ كۆيۈنگەن ھالدا: «نېمە بولدىڭىز، روسۇل ئاكا؟ چىرايىڭىز بىر قىسىملا تۇرىدىغۇ!» دەپ سورىدىڭىز. «جاندىن جاق تويدۇم، گۈلنۇر، كۆل تېگىدىكى جىمجىت ماكاندىن ئورۇن ئالايمىكىن دەۋاتىمەن» دېدىم تىترىگەن ئاۋازدا زومۇزو كولۇمسىرەپ. ”ۋى-يەي، نېمە دەيدىغانسىز، ئادەمنى قورقۇتۇپ! —دېدىڭىز ئەيىب-لەش ۋە ھېسىداشلىق نەزەرى بىلەن ماڭا قاراپ، —ھەرقانچە ئىش بولسىمۇ زادى، بۇ ئوغۇل بالىنىڭ ئېغىزىدىن چىقىدىغان گەپ ئەمەس جۇمۇ، روسۇل ئاكا!“سىزنىڭ شۇ گې-پىڭىز ماڭا شۇنداق قاتتىق تەسىر قىلدىكى، ئىزادىن ئۆلمۇ-دۇم، ئۇنىڭ بىرىسى بولدۇم، ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋېلىش نىيىتى-دىنمۇ ۋاز كەچتىم. شۇنىڭدىن كېيىن كۆزۈمگە سىز باشقىچە كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدىڭىز.

—كۆزىڭىزگە ھازازۇل بولۇپ كۆرۈنگەندىمەن ھە-قىچان! — دېدى گۈلنۇر چاقچاق قىلىپ.

—نەدىكى گەپنى قىلىپ يۈرۈيسىز! —دېدىم جىددى تەلەپ-پۇزدا، —ماڭا قايتا ھاياتلىق بېغىشلىغۇچى پەرىشتە بولۇپ كۆ-رۈندىڭىز، ئەمەلىيەتتىمۇ ھەم شۇنداق. شۇندىن ئېتىبارەن سىزنى شەيقەتچىم دەپ ھېسابلاپ، سىزگە چوقۇنۇپ يۈردۇم. قەلبىمدە ئۈمىد شامى قايتا لاۋۇلداپياندى، ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈش شاۋقۇنلۇق دېڭىزدەك دولقۇنلىدى، كۆزۈمگە ھەممە نەرسە گۈزەل كۆرۈنۈشكە باشلىدى ...

بىلەن كۈتتۈم. ماڭا ئىشقىڭىزدا يوشۇرۇن كۆيۈپ-پىشىش بىلەنلا چەكلىنىشتىن باشقا ئامال بولمىدى. قارىسام، سىزنىڭ ماڭا ھېچ نەزەرىڭىز چۈشىدىغاندەك ئەمەس. ھېلىمۇ ئېسىڭىزدىمىكىن-تاڭ، ئىدارىمىزدا يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ھېلىقى تانسىدا سىزگە شۇنچە تەلمۈرۈپ قارىساممۇ ماڭا كۆز قىرىڭىزنى سېلىپ قوياي دېمىدىڭىز. سىزگە ھەرقېتىم كۆز تاشلىغىنىمدا يۈرىكىم گويا قىزىق ياغقا چىلانغاندەك پىژژىدە قىلىپ ئۆز جايىمدا زادىلا ئولتۇرالماي قالدىم. ئاخىرى بولالماي، شېرىن مەي ئىچىپ كەيپ بولغان مەستتەك دەلدەڭشىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە، يۈرىكىمنىڭ قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈپۈلدەپ سېلىپ، پۇتلىرىمنىڭ كالامپايلىشىپ كېتىۋاتقىنىغا قارىماي ئالدىڭىزغا بېرىپ، سىزنى تانسىغا تارتتىم. سىزمۇ تەكلىپىمنى يەردە قويماي، لىككىدە ئورنىڭىزدىن تۇردىڭىز. تانسىنى شۇنداق يىنىك ۋە نەپىس ئوينىدىڭىزكى، ئۆزۈمنى بولۇتلار ئۈستىدە لەيلەپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. ئىككىمىز بەك يېقىن تۇرغاچقىمۇ ياكى چاقناپ تۇرغان رەڭگارەڭ چىراغلار شولىسىنىڭ تەسىرىدىنمۇ، ئىشقىلىپ چىرايىڭىز كۆزۈمگە ئادەتتىكى چاغلاردىنمۇ گۈزەل، جەزىبىلىك كۆرۈنۈپ كەتتى. كۆزىڭىز ئارقىلىق يۈرىكىڭىزنىڭ چوڭقۇر قېتىنى— چاڭ-توزانسىز، بىغۇبار، ئەينەكتەك پاكىز روھى دۇنيارىڭىزنى كۆرگەندەك بولدۇم. قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىمدىن ھودۇقۇپ كېتىپ، پۇتىڭىزغا بىر قانچە قېتىم دەسسەپمۇ سالدىم.

— ھە راست! — گۈلنۇر تۇيۇقسىز بىر نەرسىنى ئېسىگە

سىھىرلىك تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇرغان ئۇماق چىرايىڭىزنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەملا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كېلەتتى، يۈرىكىم ئىشقى ئوتىڭىزدا كۆيۈپ كاۋاپقا ئايلىناتتى. ئاخىرى بىر كۈنى ۋىسالىڭىزغا يېتىدىغانلىقىمنى ئويلىسامىلا تىنىم يايراپ كېتەتتى، خۇشاللىقتىن ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالاتتىم، بەزىدە ھەتتا ساراڭ-مەجنۇنلاردەك تايتاڭلاپ ئۇسسۇل ئويناۋېتەتتىم. قىسقىسى، ھاياتىمنىڭ تۈۋرۈكى، ئىشەنچ ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىمنىڭ بىردىنبىر مەنبەئى سىز ئىدىڭىز. سىز ئۈچۈن ئەزىز جېنىمدىن كېچىشكە ھەرۋاقىت تەييار ئىدىم. سىزنىڭ ئىشقىڭىز ئالدىدا چىرايى سىزدىن سەل قاملاشقان گۈلجەننەتمۇ، قىلىقلىرى تاتلىق ئوغلۇممۇ كۆزۈمگە كۆرۈنمەي قالاتتى. سىزنىڭ ۋەسلىڭىزگە يەتمىسەم ئەقلىمدىن ئازىدىغانلىقىمنى، ھەتتا جان تەسلىم قىلىدىغانلىقىمنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئاخىرى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، گۈلجەننەت بىلەن ئادا-جۇدا بولدۇم.

—ئەمىسە نېمىشقا بالدۇرراق ماڭا تەلەپ قويمايسىز؟ —دېدى گۈلنۇر نارازى بولغان ھالدا،—گۈلجەننەت ئاچام بىلەن ئاجراشقىنىڭىزغا ئىككى يىلدىن ئاشتىغۇ!

—ھەي، بۇنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن چۈشەندۈرۈش تەس،—دېدىم ئېغىر خورسىنىپ،—سىز دېگەن نازىنىڭ ئارزۇلۇق قىزى، مەن دېگەن ئادەتتىكى سوكال كادىر. ئوتتۇرىمىزدا شۇنداق چوڭ پەرق تۇرسا قانداقمۇ ئالدىراپ-تېنەپ ئېغىز ئاچالايمەن؟ ئەپلىك بىر پەيتنىڭ يېتىپ كېلىشىنى، ئەڭ ياخشىسى سىزنىڭ ماڭا كۆزىڭىز چۈشۈپ قېلىشىنى تەقەززالىق

بويۇملىرىنىڭ ھىندى ئارىلىشىپ كەتكەن غەلىتە بىر پۇراقتىن كۆڭلۈم ئاينىپ، دىمىم سىقىلىپ كەتتى. ھازىرلا ھۆ قىلىۋاتىدىغاندەك قىلاتتىم، بېشىم قېيىپ، كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ كېتىۋاتاتتى، يەر-زېمىن پىرقىراپ ئايلىناتتى، پۇتلىرىم جان قالمىغاندەك سىرقىرايتتى. ئۆزۈمنى چىڭ تۇتۇۋالمىغان بولسام گۈلنۇرنىڭ قۇچىقىدىن سىرىلىپ پالاققىدە يەرگە يىقىلغان بولاتتىم. يۈرىكىم قان يىغلاپ تۇرسىمۇ، ئاغزىمدىن يۈرەكنى پېژىلدىتىپ كۆيدۈرىدىغان ئىشقى-مۇھەببەت سۆزلىرى لەئىل مارجاندەك قاتار تىزىلىپ چىقىۋاتاتتى، بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ ھەيران ئىدىم. گۈلنۇرنىڭ مەستخوشلىقىغا ماسلىشىپ، ئىرادەمگە قارشى ھالدا ئۇنى چىڭ قۇچاقلايتتىم، سۆيەتتىم، دۈمبىسىدە يېلىپ تۇرغان سارغۇچ چاچلىرىنى مۇلايىملىق بىلەن سىلايتتىم. گۈلنۇر ئاستا-ئاستا ئەس-ھۇشىنى يوقىتىپ، مېنى چىڭ قۇچاقلىغان پېتى سارغىيىشقا باشلىغان چىملىق ئۈستىگە قىيسايدى. مەنمۇ ئىختىيارسىز ئۇنىڭ ئۈستىگە يىقىلدىم ...

* * *

بۇ ئادەملەرگە ھەيرانمەن، مائاۋىن نازىر ئايۇپ ئاكىنىڭ كۈيئوغلى بولىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپلا، گويا مەن ھەممەيلەننىڭ ھاجىتىدىن چىقالايدىغان، قولۇمنى نەگە سوزسام شۇ يەرگە يېتىدىغان چوڭ باشلىق بولۇپ كەتكەندەك، ئەتراپىمغا گۆررىدە ئولاشتى. بۇرۇن مېنى نەزەرىگە ئېلىپ قويمايدىغانلارمۇ ئالاھىدە

ئالغاندەك، پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى، — پۇتۇمغا دەسسىۋېلىپ، شەلپەردەك قىزىرىپ كەچۈرۈم سوراشلىرىڭىزچۇ تېخى! شۇ چاغدا قىلىقلىرىڭىز ماڭا بەئەينى تارتىنچاق كىچىك بالىنىڭ قىلىقلىرىدەك كۈلكۈلۈك تۇيۇلۇپ كەتكەن ئىدى.

— «مۇشۇككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن» دېگەن شۇ-دە! — دېدىم ھەسرەتلەنگەن ھالدا، — ئىش ئاشۇنداق كېتىۋەرسە بۇنىڭ ئامالىنى ئۆزۈم قىلمىسام، ئۆزۈم دادىلراق بولمىسام سارغايغان ياپراقتەك ھاياتىم بەرگىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىدىغانلىقىمنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم-دە، ئاخىرى يۈرىكىمنى قاپتەك قىلىپ ئۆيىڭىزگە بېرىشقا جۈرئەت قىلدىم. ھېلىمۇ ياخشى، تەلىيىم بار ئىكەن، مەن ئۈچۈن قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى قۇربان قىلىشتىن ئايانمىدىڭىز، كۆڭۈللۈك مىنۇتلارنى سىز بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈش بەختىگە نائىل بولدۇم، ئەمدى ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق!

مەن گويا چەكسىز بەخت، سۆز يەتكۈسىز خۇشاللىق قوينىغا چۆمۈپ، قاتتىق تەسىرلىنىپ كەتكەن ئادەمدەك مىشىلداپ يىغلىۋەتتىم. گۈلنۇرمۇ ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىم ۋە سەمىمى ھېسسىياتىمدىن تەسىرلەندى بولغان ئەتىمالىم، بىردىنلا ئۆزىنى قايتىدىن قوينۇمغا ئېتىپ، بوينۇمغا چىڭ گىرە سېلىۋالدى ۋە يۈز-كۆزلىرىمگە ئەسەبىيلەرچە سۆيۈپ كەتتى. شۇئان ۋۇجۇدۇمدا غەلىتە بىر سېزىم پەيدا بولدى، پۈتۈن ئەزايىم تىكەنلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ بەدىنىدىن، توغرىراقى چاچلىرىدىن، يۈز-كۆزلىرىدىن دىمىقىمغا گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇۋاتقان بىرخىل قاڭسىق پۇراقتىن — تەر، ئەتىر، ئۇپا ۋە باشقا گىرىم

تولغىنىشلىرىغا قاراپ ھوزۇرلىنىپ كېتەتتىم. لېكىن ئۇنىڭ-
دىن يەنىلا بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىمنى ئويلىسام كۆڭلۈم
يېرىم بولۇپمۇ قالاتتى، ئىختىيارسىز ئېغىر خورسىنىپ قويات-
تىم. ئارقىدىن ئۆزۈمنىڭ نازىرىنىڭ كۈيئوغلى ئىكەنلىكىمنى،
ئىشەنچىلىك ئارقا تىرىكىم بارلىقىنى يادىمغا ئېلىپ مىيىقىمدا
كۈلەتتىم-دە، سەل يەڭگىللەپ قالغاندەك بولاتتىم. ئابدۇرازاق-
نىڭ ئالدىدا بولسا تازا كىرىلىپ غادىيىۋېلىشنى ئېسىمدىن چى-
قارمايتتىم. ئابدۇرازاقمۇ ئۆزىدىن ئامەت قاچقانلىقىنى سەزدى
بولغاي ئەتىمالىم، چاققانلىق قىلىپ، يېقىن ئۆتىدىغان بىر
يۇرتلىقى باشلىق بولۇپ تۇرغان بىر ئىدارىغا ئۆز دەرىجىسى
بويىچە يۆتكىلىۋالدى. ”خىزمەت ئېھتىياجى“ بىلەن ئۇنىڭ ئور-
نىغا مەن سەپلەندىم، ئەلۋەتتە. بىردىنلا نەچچە ۋاقىتلاردىن
بۇيانقى هاردۇقۇم بىراقلا چىققاندەك يېنىك تىن ئالدىم. ئابدۇ-
رازاقنىڭ ئازادە ئىشخانىسىدىكى يۇمشاق ئورۇندۇقتا راھەتلى-
نىپ، كىرىلىپ ئولتۇرغىنىمدا، ئۆزۈمدە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ
باقمىغان بىرخىل قانائەت، مەمنۇنلۇق تۇيغۇسى پەيدا بولغانلى-
قىنى ھېس قىلدىم. شۇ تاپتا ماڭا پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدىكى ھۈجەي-
رىلەر ”يېڭىش! يېڭىش! يېڭىش!...“ دەپ چۇقان سېلىۋاتقان-
دەك ۋە تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئەشەددىي رەقىبىدىن
ئۆچ ئېلىپ پوخادىن چىققانغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىرخىل شادىيا-
نە كۈلكە، غالىبانە كۈلكە ئىچ-ئىچىمدىن قىستاپ كېلەتتى. تازا
قاقاقلاپ كۈلگۈم، پىرقىراپ ئۇسسۇل ئوينىغۇم كېلەتتى--
يۇ، هازىرقى سالاھىيىتىمنى ئېسىمگە ئېلىپ، ئۆزۈمنى باشلىق-
لارغا خاس سالاپەت بىلەن تەمكىن، سالماق ۋە ئازادە تۇتۇشقا

يېقىنچىلىق قىلىشقا باشلىدى، ھەتتا نەچچە قېتىم مېھمانغىمۇ
چاقىردى. كېيىنچىرەك مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكىگە
قايىل بولۇپ قالدىم. تېخى گۇلنۇرغا رەسمىي ئۆيلەنمەستىلا
ئارقا-ئارقىدىن ئىككى دەرىجە ئۆستۈرۈلۈپ، مائاۋىن باشقارما
باشلىقلىقىغا تەيىنلەندىم. تەلىيىمنىڭ تېخىمۇ ئوڭدىن كەلگەن
يېرى شۇ بولدىكى، ياقۇپ نازىر يەنە بىر قېتىم يېشىنى بەش
ياش كېمەيتكەن بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇ، يۇقىرىدىن ئىتىبارغا
ئېلىنماي پىنسىيەگە چىقىرىۋېتىلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئايۇپ ئاكا
نازىرلىققا ئۆستۈرۈلدى. مانا شۇ قۇتلۇق كۈنلەردە گۇلنۇر بى-
لەن غاچچىدە توي قىلىۋالدىم، تويىمىز كاتتا ئۆتكۈزۈلدى.
تويىمىزغا ئېلىپ كېلىنگەن سوۋغاتلار بىلەن، توغرىراقى ئايۇپ
نازىرنىڭ يۈز-ئابرۇيىغا ئېلىپ كېلىنگەن سوۋغاتلار بىلەن خېلى
بېيىپمۇ قالدىم. بۇرۇنقى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدىن چوڭ ئۈچ
ئېغىزلىق ئۆيگە كۆچۈپ چىقىۋالدىم. ئۆيىمىز چىرايلىق، ھە-
شەمەتلىك بېزەلدى. تۈرلۈك نوسخىلاردا ئىشلەنگەن قىممەت
باھالىق خوتەن گىلەملىرى ئاسقىلى بولىدىغانلىكى تاملارغا ئې-
سىۋېتىلدى، پولدىكى تېۋىتلىق سېلىنچا ئۈستىگە چوڭ-چوڭ
گىلەملەر سېلىندى، دېرىزىلەرگە ئالما ئۈرىقى رەڭلىك دۇخاۋا
پەردىلەر تارتىلدى. رەڭلىك تېلېۋىزور، سىنئالغۇ، ئۈنئالغۇ،
كىرئالغۇ، لۆم-لۆم كارىۋات ۋە قوش-قوش سافالارنىڭ ھەممى-
سى ئىمپورت قىلىنغان ئېسىل ماللار ئىدى. ئۆيىمىزنىڭ ئې-
سىللىقىغا يارىشا ئېسىل مېھمانلارمۇ پات-پات قەدەم تەشرىپ
قىلىپ تۇرىدىغان بولدى. بۇنىڭدىن كۆزى قىزىرىپ كەتكەن
ئابدۇرازاقنىڭ زەھەر-زوقۇم يۇتۇۋالغاندەك ئەلەملىك ۋە ئاچچىق

شان-شەرەپلەر بىلەن تارتۇقلانغاننى ئاز دېگەندەك، يەنە تېخى
مۇئاۋىن نازىرلىققىمۇ ئۆستۈرۈلۈپ قالدىم. قېيىن ئاتام ئايۇپ
ئاكا سەل تەمتىرەپ ۋە ھودۇقۇپ قالغىنىمنى كۆرۈپ تەلىم-تەر-
بىيە ۋە ئىلھام بەردى. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، نەچچە
ۋاقىتتىن بۇيان كىچە-كۈندۈز ئارزۇ ۋە تەمە قىلىپ كەلگەن
ئەمەلنىڭ خېلى يۇقىرى پەللىسىگە تۇيۇقسىز چىقىپ قالغىنىمدا
ھودۇقۇش، گاڭگىراش، ھاياجانلىنىش ۋە خۇشاللىنىش ئارىلا-
شىپ كەتكەن بىر خىل مۇرەككەپ تۇيغۇ ئىچىدە خۇدۇمنى يوقى-
تىپ قويۇۋاتاتتىم. ئاھ، ھوقۇق ۋە ئەمەل، مەن سېنى دەپ
نېمىلەرنى قىلمىدىم-ھە! پاك ۋىجدانىمنى ساختىلىق بىلەن تى-
گىشىپ، يالغان سۆزلىدىم. كۆزۈمنى يۇمۇپلا ئاقنى قارا،
ياماننى ياخشى، سەتنى گۈزەل دېدىم. باشلىقلارنىڭ ئالدىدا
كۈچۈكلاندىم، ئۆمىلىدىم، پاكىز تىلىم بىلەن ئۇلارنىڭ مەينەت-
لىشىپ كەتكەن ئۆكچىسىنى يالىدىم. ئار-نومۇس دېگەنلەرنى
يەتتە قات كۆك قەرىگە چۆرۈپ تاشلىۋېتىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدا
پەقەت رەزىللىك، ساختىلىق، يالغانچىلىق، خۇشامەتچىلىك،
پەسلىك-ئىپلاسلىق ۋە يۈزسىزلىكنىڭ قېتىشمىسىنىلا ئېلىپ
قالدىم. سۆڭەكلىرىم ئۈستىگە قوندۇرۇلغىنى ناھايەت سېسىپ
كەتكەن لەش گۆش، سۆڭەكلىرىممۇ چىرىپ كېتىۋاتىدۇ. بۈنى
ھېس قىلىپ تۇرىمەن. ئۈگەئۈگىلىرىمنىڭ نالە-پەرياتلىق غى-
رىسلاشلىرى قۇرتلاپ كېتىۋاتقان يۈرىكىمدە ئېچىنىشلىق نىدا
پەيدا قىلىدۇ. بولۇپمۇ كۆرۈمسىز، سېرىق، جىن سۈپەت خوتۇ-
نۇم بىلەن بىر ياستۇققا باش قويغىنىمدا بۇنداق نىدا ئەۋجىگە
كۆتۈرۈلىدۇ. ئىنتايىن سوغۇق مۇزخانىغا سولاپ قويۇلغاندەك،

تىرىشاتتىم. مېنىڭ ئىلكىمگە ئۆتكەن بۇ باشقارما ھاجەتمەنلەر-
نىڭ ھاجىتى كۆپ چۈشىدىغان ئەڭ مۇھىم باشقارما بولۇپ،
نازىرلارغا ئوخشاش ئاستىمدا پىكاپىم ھەرقاچان تەييار ئىدى.
ئىشخانا ۋە ئۆيۈمدىن كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. قولۇم-
دىكى كىچىككىنە قەلەم بىلەن كىرتىلدىتىپ تەستىق سىلىپلا
قويسام خېلى چوڭ-چوڭ ئىشلار ھەل بولۇپ كېتەتتى. باشقارما
باشلىقى بولۇپ بىر-ئىككى يىل ئۆتمەيلا باشلىقلارنىڭ توساتتىن
سەمرىپ كېتىشىدىكى سەۋەب ۋە سىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشى-
نىپ يەتتىم. سوۋغا-سالاملار ئۆيۈمگە سىغماي قالدى، قېيىن
ئاتامنىڭكىگە، يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭكىگە توشۇپمۇ، سې-
تىپمۇ ئۈلگۈرتەلمىدىم. دەسلەپكى چاغلاردىكى ئاچكۆزلىكىمگە
مىڭ لەنەت ئوقۇپ، ئۇششاق-چۈششەك، ھېچقانچە پۇلغا ئەرزى-
مەيدىغان نەرسىلەرنى قوبۇل قىلمىدىم ۋە بۇنداق سوۋغات ئېلىپ
كەلگۈچىلەرنىڭ كۆزۈمگە يامان كۆرۈنگەنلىرىنى ئانچە-مۇنچە
پاش قىلىپمۇ قويدۇم. ئويلىمىغان يەردىن ئامەتلىك بېشىمغا
”پاك-دىيانەتلىك باشلىق“ دېگەن ئالتۇن تاج كىيدۈرۈلۈپ، گې-
زىت-ژۇرناللاردا تونۇشتۇرۇلدىم ۋە كۆپ قېتىم تەقدىرلەندىم،
تاس قالدىم تېخى ئۆگىنىش ئۆلگىسى قىلىپ تىكلىنىپ قالغى-
لى! ئالدىغا كەلگەنلىكى نەرسىنى ھاپ دەيدىغان باشلىقلار كۆپى-
يىپ قالغان مۇشۇنداق چاغلاردا، مېنىڭ ئەرزىمەس سوۋغاتلارنى
قوبۇل قىلماسلىقىممۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكۈدەك ”تۆھپە“-
سانىلىدىغانلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقماپتىكەنمەن. ئى-
چىمدە كۈلۈپ يۈرسەم، «ياش» ، ”قابىلىيەتلىك“ ، ”پاك-دىيا-
نەتلىك“ ، ”كۆرسەتكەن خىزمىتى كۆرۈنەرلىك“ دېگەنگە ئوخشاش

بەدىنىم بوشىشىپ ھوزۇرلانغاندەك بولىمەن-دە، ئۇنىڭ ئورۇق بەدىنىنى، تۇغماي تۇرۇپلا خالتىلىشىپ كەتكەن كۆكرىكىنى، گۆشسىز ساغرىسىنى مۇلايىملىق بىلەن سىلاپ قويىمەن، چىرايلىق سۆزلەرنى تاللاپ قۇلىقىغا يىنىك پىچىرلايمەن. بىردەمدىن كېيىن تىلىم بىلەن دىلىمنىڭ ئوخشىماسلىقىدەك ساختىلىقنى بىللە ئېلىپ ئۇيقۇ دۇنياسىغا غەرق بولۇپ كېتىمەن. ئەتىسى ئەتىگەندە ئويغىنىپ، تەييار قىلىپ قويۇلغان ئېسىل ۋە قۇۋۋەتلىك تائاملار بىلەن ناشتا قىلىمەن-دە، ئالىي پىكاپىمغا ئولتۇرۇپ ئىدارەمگە بارىمەن. كۇنۇم يىغىن، يىغىن روھىنى يەتكۇزۇش، ھۆججەت كۆرۈش، پىلان-دوكلاتلارغا تەستىق سېلىش، يولىيورۇق ئېلىش، كۆرسەتمە بېرىش، چاپىنىمنى قاققانلارنى، كۆڭلۈمگە ياققانلارنى، كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنگەنلەرنى ئېپى كېلىپ قالغاندا ئانچە-مۇنچە ئۆستۈرۈپ قويۇش، تۈرلۈك زىياپەتلەرگە ئۆزۈلمەي داخىل بولۇش، خەتەرسىز سوۋغىلارنى قوبۇل قىلىپ تۇرۇش قاتارلىق تۈگىمەس ئىشلار بىلەن ئۆتىدۇ. نۇرغۇن ناھەق ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرىمەن، بىلىپ تۇرىمەن. بۇنىڭ كۆپۈنچىسىنى يۇقىرىنىڭ رايىغا بېقىپ، ئۆزۈمگە تېگىدىغان مەنپەئەتكە قاراپ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ قويىمەن. ناھەقچىلىققا ئۇچرىغانلارنىڭ نالە-پەرياتلىرىنى، ئۇۋالچىلىققا قالغانلارنىڭ قاقشاش-زارلىنىشلىرىنى، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنىڭ بىرىنىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ھەل قىلالماي يۈردىكى خۇن بولۇپ كەتكەنلەرنىڭ ئاھانەتلىك تىل-قارغىشلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا ئۆلگەن ۋىجدانىم تويۇقسىز تىرىلىپ ئۈن-تىنسىز غەليان كۆتۈرىدۇ، ئازابلىنىپمۇ قالىمەن. ئادەملىك ھۆجەيرىلە-

تىنىمنى شۇركەندۇرىدىغان يېقىمسىز سىزىم پۈتۈن ۋوجۇدۇمنى دىر-دىر تىترىتىۋېتىدۇ. ھەدېسىلا گۈلجەننەت بىلەن ئۆتكۈز-گەن كۆڭۈللۈك چاغلار ئېسىمگە كېلىۋېلىپ، جېنىمنى قاخشى-تىۋېتىدۇ. گۈلنۇرنىڭ سىزىمسىز لىۋىمگە قېنىپ-قېنىپ سۆ-يۈشلىرى ئاچ قالغان تاشلاندۇق كۈچۈكنىڭ يالاقتىن شالاپشى-تىپ ئاداپ ئىچكىنىنى ئەسلەتكەنسېرى، ئۇنىڭ ئورۇق بىلەكلى-رى بىلەن شۇركىنىپ تۇگۈلۈپ كېتىۋاتقان بوينۇمغا چىڭ گىرە سېلىۋېلىشلىرى يىلاننىڭ چىرمىۋېلىشىدەك تۇيۇلغانسېرى، گۈلجەننەتنىڭ ئىسسىق قۇچىقىنى، مېھرىلىك سۆيۈشلىرىنى، چىڭ ۋە تولۇق كۆكسىنى شۇنچە سېغىنىپ كېتىمەن. كۆزۈم ئەلەملىك ياشقا، يۈرىكىم قان-زەردابقا تولىدۇ. گۈلنۇرنىڭ ناز-كەرەشمىلىرى ئاجىز ئاسلاننىڭ مياڭلىشىدەك ئاڭلانغانسې-رى گۈلجەننەتنىڭ جان ئالىدىغان ئوتلۇق پىچىرلاشلىرى قۇلى-قىم تۈۋىدە شۇنچە جاراڭلىق ياڭرايدۇ. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغىنىمدىن ئۆكۈنىمەن، تەقدىرنىڭ رەھىمسىزلىكىگە مىڭ لە-نەت ئوقۇيمەن. لېكىن ئۇنىڭ مېنى «قولىدىن ئىش كەلمەس» دەپ ئايرىلىپ كەتكىنىنى، توغرىراقى «ھوقۇق-ئەمەل ئالالمى-دى» دەپ قېيداپ، مېنى ئاشۇنداق رەھىمسىزلىك ۋە يولسىز-لىق بىلەن تاشلىۋەتكىنىنى ئويلىسامىلا غۇژژىدە ئاچچىغىم كې-لىپمۇ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۇنيادىكى بارلىق ئازاب-ئوقۇ-بەت، غەم-غۇسسىنى، رەزىللىك، ساختىلىق ۋە ئىپلاسلىقلارنى بىراقلا ئۇنتۇپ، ئىنسانلارنىڭ تەبئىي جىنسى تەلەپ ۋە ئېتىقا-دارى بويىچە بارلىقىمنى گۈلنۇرغا ئايماي تەقدىم قىلىۋېتىمەن. ئۇ ھوزۇرلىنىپ كۈلىدۇ، نازلىنىدۇ، تولغىنىدۇ. مەنمۇ پۈتۈن

لەرنى ئاچكۆزلۈك ۋە نومۇسسىزلىققا تىگىشىۋەتمىدىمۇ؟! مانا
شۇنىڭ بەدىلىگە راھەت-پاراغەت ئىچىدە ھوزۇرلىنىپ ياشاش
پۇرسىتىگە ئېرىشتىمغۇ ئاخىر! مانا ئەمدى توققۇزۇم تەل،
ھېچكىمنىڭ ئالدىدا بوينۇم قىسىلىپ قالمايدۇ. كىچىككىنە
ئىش ئۈچۈن سوكال باشلىقلارغا تىلىم ئۇپراپ كەتكۈچە يېلى-
نىپ-يالۋۇرۇشۇم، كۆچۈكلىنىپ خۇشامەت قىلىشىم ھاجەت-
سىز. ئەمدى باشقىلار مېنىڭ ئالدىمدا بىچارىلىق بىلەن بويۇن
قىسىپ تۇرىدۇ، پۇكۇلۇپ تەزىم بەجا كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭدىن
ھوزۇرلىنىمەن، چەكسىز ھوزۇرلىنىمەن. ئۆچ ئېلىشقا ئوخ-
شاپ كېتىدىغان بىرخىل ھېسسىيات قەلبىمدە ئانچە-مۇنچە باش
كۆتۈرۈپ قالىدىغان ئازابلىنىشنى، ئىچ ئاغرىتىشنى ۋە خاتىر-
جەمسىزلىنىشنى رەھىمسىز قاتىلدەك ئوجۇقتۇرۇپ تۇرىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن دەرد-ئەلەمنىڭ نېمىلىكىنى زادىلا بىلمەيدىغان
ئادەمدەك غەمسىز، خۇشخۇي قىياپەتتە گىدىيىۋالىمەن. مۇھەب-
بەتسىز ھاياتىمدىكى بەختسىزلىكنى، يۈرىكىمنى غاجاپ ئارام
بەرمەيدىغان زىددىيەتلىك، مۇرەككەپ ھېسسىيات ۋە ئازابنى
ۋاقتىنچە بولسىمۇ ئۇنتۇيمەن. ئىنسانىي سىزىمدىن ئايرىلىپ
تىرىك مورىدىغا ئايلانغان تېنىمنى ئېسىل كىيىملەر بىلەن بې-
زەپ، ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ ياغاچتەك قاتقان ئېغىر پۇت-
لىرىمنى سۆرەشتۈرۈپ، قىممەتلىك دەپ ھېسابلىغان تەجرىبە-
ساۋاقلىرىمنى يەكۈنلەش ئاساسىدا تاللىۋالغان يولۇمدا بېشىمنى
ئىچىمگە تىقىپ، كۆزۈمنى يۇمۇپ مېڭىۋەرسەم ئاقىۋىتىم زادى
نېمە بولار دېگەن سوئالغا جاۋاب ئىزدەپمۇ يۈرمەيمەن. ناھايەت
چوڭ بولسا مۇدۇرۇپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشەرمەن ياكى جۇدۇن

رىمنى غىدىقلاپ ئويغىتىشقا باشلىغان بۇ سىزىم «مەندە نېمە
ئامال؟ جاھان شۇنداق تۇرسا!» دېگەن جاراڭلىق خىتابىمدىن؛
ۋىجدان ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ناھايىتى زىرەكلىك بىلەن
تېپىپ چىققان، ئۆزۈمنى ئۆزۈم بەزلەيدىغان قۇدرەتلىك تەسەل-
لىيدىن چۆچۈپ-ئۈركۈپ ھەش-پەش دېگۈچە ئاللىقاياقلارغا غا-
يىپ بولۇپ كېتىدۇ. توغرىراقى ئىنساب ۋە ۋىجداننى ھوقۇق--
ئەمەل بىلەن تېگىشكەن زىددىيەتلىك ۋۇجۇدۇمغا سىڭىپ كېتى-
دۇ. ھاياتنىڭ قەدرى-قىممىتى، تۆھپە، ئىز-نام، كەلگۈسىگە
ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلارغا بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، مىللىي
غۇرۇر، مىللەتنىڭ مەنپەئەتى دېگەنلەرنى ئويلاشقا ۋاقتىم يوق.
كۆزۈم نازىرنىڭ ئورنىغا مۇلۇندەك تىكىكلىك. قېيىن ئاتامنىڭ
تېزراق پېنسىيەگە چىقىپ ئورنۇن بوشىتىشىنى تەقەززالىق بى-
لەن كۈتۈپ ئولتۇرىمەن. ھوقۇق ۋە مەنپەئەت ھاياتىمنىڭ تۈۋ-
رۈكى ۋە چىن مەزمۇنى. ئۇنىڭدىن باشقىسى مەن ئۈچۈن پۇ-
چەك، چاكىنا، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان نەرسىلەر. ئاشۇ مۇ-
قەددەس ھوقۇق ۋە مەنپەئەت ئۈچۈن تۆلىگەن بەدىلىم ئازمۇ؟
ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمىلەرنى قۇربان قىلمىدىم؟ مەن ئاشۇ سېھرى
كۈچكە تولغان، يوقنى بار قىلالايدىغان مۇقەددەس ھوقۇقنى؛
گۈزەل مەشۇقىمنىڭ سۆيۈشلىرىدەك تاتلىق ۋە ئادەمنى ئەقلىدىن
ئاز دۇرىدىغان مەنپەئەتنى كۆزلەپ، ۋىجدانىمنى خۇددى ئۆتمەس
مالدەك ئەرزان باھادا سېتىۋەتمىدىممۇ؟! دۇنيادا ئىنسانلارغا
ھەممىدىن قىممەتلىك بولغان مۇھەببەتنىڭ ھەقىقى مەنىسىنى
ئۇنتۇپ ۋە پۇچەكلەشتۇرۇپ، ئۇنى يۇقىرىغا ئۆرلەشنىڭ شوتى-
سى قىلىۋالمىدىممۇ؟! ئىنساب، دىيانەت، ئار-نومۇس دېگەن-

تىلىقىنىڭ بىھۇدە قۇربانى، غەيرىلىشىپ كەتكەن دۇنيانىڭ غەلى-
تە تۆرەلمىسى، ھېچكىم ئىچ ئاغرىتىشقا ئەرزىمەيدىغان يىرگى-
نىشلىك مەخلۇق!...

يۈرىكىمنى قورقۇنچ، ۋەھىمە، ئەنسىزلىك ۋە ئەندىشە قاپ-
لىغان بەزى چاغلاردا ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئەنە شۇنداق دەپ تەسەللى
بېرىمەن-دە، يەلكەمنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر تاشنى ئېلىپ
تاشلىغاندەك، بىردەم بولسىمۇ يېنىكلەپ قالىمەن، كۆڭلۈمنى
يەنە بىر خىل قانائەت، خاتىرجەملىك تۇيغۇسى ئىگىلەيدۇ. ئەپ-
سۇسكى، بۇنداق كەيپىيات ئۇزاق داۋاملاشمايدۇ. چۈنكى ئال-
دىمدا ھەرخىل مۇددىئا بىلەن قەددىنى يادەك ئىگىپ يۈرگەنلەر-
نىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى، سوۋغا-سالاملىرىغا نائىل بولۇپ گىدى-
يىپ يۈرگىنىم بىلەن، يەنە بەزى بوينى قاتتىقلارنىڭ سوغۇق،
نەپرەتلىك قاراشلىرىدىن تېنىم شۈركىنىپ كېتىدۇ. ئېپى كەل-
گەندە چاقچاقلا يۆلەپ زەھەرلىك نەشتىرىنى سېرىق ھەرىدەك
سانجىپ چېقىۋېلىشلىرىدىن دىلىم يارىلىنىپ تۇرىدۇ. كۈندۈز-
دىكى بۇنداق كۆڭۈلسىزلىكلەرگىمۇ سالاۋات، ھېچبولمىسا كې-
چىسى خاتىرجەم ئارام ئالالىسامچۇ، كاشكى! نېمە ئۈچۈندۇ،
يېقىندىن بۇيان مېنى يەنە تولا قارا باسىدىغان بولۇپ قالدى.
ھەركېچىسى دېگۈدەك بىر-ئىككى قېتىم پۈتۈن ئەزايىم چى-
لىق-چىلىق قارا تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا ئەنسىز ۋارقىراپ ئوي-
غىنىپ كېتىمەن. ئىلگىرى تولاراق ئۆزۈم ئىتقا ئايلىنىپ،
خوجايىنغا قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ چۈش كۆرەتتىم. ئەمدىلىكتە
گاھ كوچا-كويلاردا تەمتىرەپ يۈرگەن لالما ئىتتەك ھەدېسىلا
تاياق يەپ چۈش كۆرىمەن، گاھ غالجىر ئىتلار مېنى ئارىغا

تەگكەن ياپراقتەك سولىشىپ، هايات بەرگىدىن ۋاقىتسىز ئاي-
رىلارمەن. لېكىن بۇنىڭدىن نېمە قورقۇش؟ بۇ دۇنيادا ئەجەل
ئاتلىق جاللاتنىڭ رەھىمسىز قىلىچى ئاستىدىن قېچىپ قۇتۇلال-
غان كىم بار؟ شۇنداق ئىكەن، ئىتتەك سۆرۈلۈپ مىڭ يىل
ياشىساڭمۇ بەربىر ئۆلىسەن. ئۇنىڭدىن كۆرە، كىشىلەرنىڭ
ئايىقى ئاستىدا خارلىنىدىغان ئاشۇنداق باجىئەلىك تەقدىردىن بىر
ئامال قىلىپ قۇتۇلۇپ، شىردەك ھۆركىرەپ دەۋران سۈرەلمە-
سەڭمۇ، ھېچبولمىغاندا بۆرىدەك ھوۋلاپمۇ بولسا ئەتراپىڭدىكى-
لەرنى ئەيمەندۈرۈپ، رەقىبىڭنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتىپ بىر-
يىل ياشىغىنىڭ ئەۋزەل ئەمەسمۇ! شۇ جەرياندا ئۆز نەپسىڭ
ئۈچۈن بەزىلەرنى بىھۇدە زەخىملەندۈرۈشتىن، ھەتتا ئۇلارنىڭ
بىگۇناھ جىسمىنى ۋەھشىلىك بىلەن تىتىپ تاشلاشتىن خالىي
بولالمايسەن، ئەلۋەتتە. بۇ سېنىڭ گۇناھىڭ، سەۋەنلىكىڭ ئە-
مەس، بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزۈڭنى ئەيىبلەپ كېتىشىڭ، ۋىجدان
ئازابىدا تولغىنىپ يۈرۈشۈڭ ئارتۇقچە. چۈنكى كىچىك بېلىقنىڭ
چوڭ بېلىققا يەم بولۇشى، ئاجىزلارنىڭ كۈچلۈكلەر تەرىپىدىن
بۇزەك قىلىنىشى بىرخىل مۇقەررەرلىك ۋە قانۇنىيەت. ئۇنىڭ
ئۈستىگە ساختىلىق، رەزىللىك، ۋاپاسىزلىق، ئاچكۆزلۈك، نا-
مەردلىك، يۈزسىزلىك ۋە ۋەھشىلىك قىلتىقىغا چىرمىلىپ ئىڭ-
راۋاتقان بۇ دۇنيادا راستچىللىق، ۋىجدان، ئىنساپ، مەرد-
لىك، ئار-نومۇس ۋە رەھىمدىللىق دېگەنلەر نېمىگىمۇ ئەرزىي-
تى؟ مېنى مۇشۇ يولدا مېڭىشقا مەجبۇر قىلغىنى دەل ئاشۇ
رەھىمسىز رېئاللىق ئەمەسمۇ! شۇڭا مېنى ئەيىبكە بۇيرۇماڭ-
لار، مەن ناھايەت ئىلاجىسىزلىقنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى، ساخ-

تۇساتتىن ئەتراپىمدا غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. بىر توپ ئادەم مېنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، قوللىرىنى شىلتىپ، تۇكرۈكلىرىنى چاچرىتىپ، ئاق-كۆك دەپ ئاغزىغا كەلگىنىچە بىلجىرلىغىلى تۇردى.

— بەش ئەزايى ساپ ساق تۇرسا نېمىشقا ئۆملەپ يۈرۈيدىغاندۇ بۇ ئاداش؟

— ئېھتىمال بۇ ئادەم مېيىپ بولسا كېرەك!

— ئۆملەشتىن كېلىدىغان تاپاۋەت جىقمىدۇ-يا؟

— بۇ ئادەمنىڭ ئومۇرتقىسى يوقمىكىن دەيمەن.

— بەدىنى ئەۋرىشىم، سۆڭىكى يۇمشاقتۇ بەلكىم.

— مەنغۇ يىلاننىڭ ئۇدۇمىنى ئالغان ئادەم ئۆملەشكە ئامراق دەپ ئاڭلىۋىدىم!

— ئۇنداقتا نېرىراق تۇرايلىچۇ بۇ كاساپەتتىن! بىزنى تۇيدۇرماي چېقىۋالمىسۇن يەنە!

ئادەملەر قورقۇپ تەرەپ-تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا كىمدۇ بىرى ئۈستۈمگە بىر چېلەك يۇندا تۆكۈۋەتتى، پۈتۈن ئەزايىم بۇلغىنىپ رەسۋا بولدى.

— ئۆزلىرى ئۆملەشنى بىلمەيدۇ، خەق ئۆملىسە كۆرەلمەيدۇ، نېمىدېگەن ئىچى تار بىر نېمىلەر بۇ! — مەن سېسىقچىلىققا چىدىماي غودۇڭشۇپ قويدۇم.

ئەتراپ بىردىنلا چۆلدەرەپ، تىكەندەك يالغۇز قالدىم. دەريادىن ئۆزۈپ چىققان ئىتتەك سىلكىنىۋېتىپ، ئۆملەشنى داۋاملاشتۇرىۋەردىم. قانچە ۋاقىت ئۆملىدىمكىن-تاڭ، ئاخىرى تاغ چوققىسىغا يېتىپ چىقتىم. قارىسام، ئەتراپىمدا قۇياش نۇرىدا

ئېلىۋېلىپ غاڭىلدىشىپ تالاپ كېتىدۇ. بۇ چۈشلەرنىڭ بەزىلىرى شۇنداق قورقۇنچلۇق، بەزىلىرى شۇنداش بىمەنە! ئاھ چۈش، مېنى قايتىدىن ئازاب دېڭىزىغا ئىتتىرىۋەتكەن چۈش ...

مەن ئۆملەشكە باشلىدىم. مەقسىدىم ئەڭ يۇقىرى تاغ چوققىسىغا چىقىش. «قەددىمنى تىك تۇتۇپ ماڭسام بۇ ئېگىز چوققىغا ھەرگىزمۇ چىقالمايمەن، چۈنكى بۇ سېھىرلەنگەن تاغ، بۇنداق تاغقا ئۆملەپ چىقماقتىن باشقا چارە يوق» دەپ ئويلاي-مىشمەن ئېچىمدە. يېنىمدا پاقلان بولغان بۇدرۇققىنە بىر بۇۋاق-مۇ مەن بىلەن تەپمۇ تەڭ ئۆملەپ كېلىۋاتىدۇ. ئەجەبا، ئاغزى-دىن ئوغۇز سۈتى تېمىپ تۇرغان مۇشۇ بۇۋاقمۇ ئاشۇ چوققىغا چىقماقچىمىدۇ؟ ھەيران بولغىنىمدىن كۆزلىرىم چەكچىيىپ كەتتى. ئازراق ھەسەتخورلۇقۇممۇ تۇتۇپ قالدى بولغاي ئەتىما-لىم، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇپ، سۈرئىتىمنى ئىختىيارسىز تىزلەتتىم. ئەتراپىمىزدا مىغىلدىشىپ يۈرگەن ئا-دەملەر بۇۋاقنى بىردىنلا قۇچاقتىن قۇچاققا ئېلىپ، ئەركىلىتىپ سۆيگىلى ۋە ماختىغىلى تۇردى. مەن بۇۋاققا ھەۋەس قىلغان ھالدا بىر ھازاغىچە تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ باقساممۇ، مېنى ماختاپ قويىدىغان بىرەر ئادەم چىقمىدى. توۋا، ئىككىمىز ئوخ-شاش ئۆملەۋاتساق، ئۆملىگەندىمۇ مېنىڭ سۈرئىتىم ئۇنىڭكى-دىن تېز تۇرسا، نېمىشقا ئاۋۋال مېنى ماختىماي، ئۇنى ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىدىغاندۇ بۇ ساراڭ ئادەملەر؟ قور-سىقىم تازا كۆپتى، ئاچچىغىمدا تېخىمۇ كۈچەپ ئۆملەشكە باش-لىدىم.

— قاراڭلارا، بۇ ئادەم ئالجىپ قالغانمۇ-نېمە؟

— نېمە بولدى، نېمشقا يېمەيسەن؟— جاۋغىيدىن شۆلگىيى ئېقىپ تۇرغان ئالا بويناق بىر ئىت تەقەززالىق بىلەن سورىدى.

— ئۆزۈڭ بېرىپ پۇراپ باق، — دېدى بۆرە ئىت چىرايىنى پۈرۈشتۈرگەن ھالدا.

ئالا بويناق ئىت تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ پۇراپ بېقىپلا شىددەت بىلەن ئارقىغا داجىدى:

— ۋاي خۇدايىمەي، نېمانچە قاڭسىق پۇرايدىغاندۇ بۇ!

— شۇنداق دەپ بىزنى كەتكۈزىۋېتىپ، ئۇزۇڭلار يېمەكچى-غۇ ھەقىچان! — يوغان تاغىل ئىت توپتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى، — تىنىقى توختىمىغان ئادەمنىڭ سېسىق پۇرىشى مۇم-كىن ئەمەس!

نېمە ئۈچۈندۇ، تاغىل ئىتمۇ يېنىمغا كېلىپ پۇراپ باقا-باقمايلا قەي قىلغىلى تۇردى.

— ئادەملىك ھۆجەيلىرى چىرىپ كەتكەنلەردىن مۇشۇنداق غەلىتە پۇراق كېلىدۇ دەپ ئاڭلىغانمەن! — دېدى قېرى بىر ئىت بىلەرمەنلىك قىلىپ چۈشەندۈرۈپ.

— تويمىغۇرلۇق ياكى مەنسەپخۇمارلىق راكىغا گىرىپتار بو-لۇپ قالغانلارمۇ ئاشۇنداق ئىچ-ئىچىدىن چىرىپ كېتىدۇ! — قارائىت ئۆزىنىڭ ئوخشىمىغان كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— بۇ مەرەزنىڭ كېسىلى بىزگىمۇ يۇقۇپ قالمىسۇن، تېز-راق كېتەيلى بۇنىڭ يېنىدىن!

ئىتلار شۇنداق دېيىشىپ سوكۇلداشقىنىچە ئاستا-ئاستا يې-نىمدىن يىراقلاپ كەتتى.

ھەي توۋا، راستىنلا مۇشۇ قوتۇر ئىتلارغىمۇ يارىمىغۇدەك

جۇلالىنىپ چاقناپ تۇرغان ساپسېرىق ئالتۇنلار سايىنىڭ تېشىدەك تولۇپ-تېشىپ يېتىپتۇ. پاھ، ئاخىرى ئالتۇن تاغقا چىقىپتىمەن-دە! خۇشاللىقىمنى ئىچىمگە سىغدۇرالماي ۋارقىرىۋەتتىم. ئالتۇننى قوينۇمدىن قونجۇمغىچە چىڭداپ تىقىۋەردىم، ئۆزۈم كۆتۈرۈپ ماڭالمىغىچە تىقتىم. شۇنداقتىمۇ كۆزۈم تويىدىغاندەك ئەمەس. بويۇنداپ قارىسام، يەنە غاز تۇخۇمىدەك چوڭلۇقتىكى بىر مۇنەك ئالتۇن يار لېۋىدە سىرلىق پارقىراپ تۇرۇپتۇ. خەۋپ-خەتەر كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، ئالتۇننىڭ مېھرىدىن كېچەلمىدىم-دە، يارلىۋىگە ئاستا ئۆمىلەپ باردىم. يېقىن بېرىپ قولۇمنى شۇنداق ئۇزىتىشىمغا، قار كۆچكەندەك بىرخىل قورقۇنچلۇق سادا بىلەن تەڭ يار لېۋى گۈمۈرۈلۈپ چۈشتى. چوڭقۇر ھاڭغا پۇلاڭلاپ چۈشۈپ كېتىپ بارىمەن، قورقۇنچ ئىچىدە يۈرىكىم ئاغزىمغا كەپلىشىپ قالدى. بىر چاغدا «گۆپپىدە!» قىلىپ يېنىم يەرگە تەگكەندەك بولدى-دە، ھوشۇمدىن كەتتىم. قانچە ۋاقىت ئۆتتىكىن-تاڭ، ھوشۇمغا كېلىپ كۆزۈمنى ئاچسام، شارقىراپ يامغۇر يېغىۋېتىپتۇ، پۈتۈن ئەزايىم چۆپ-چۆپ ھۆل. «ئەمدىغۇ ئۇستىبېشىمدىكى مەينەتچىلىك ئىرىغدىلىپ پاكلىنىشىپ قالغاندىمەن-ھە!» ئۆز خىيالىمدىن سۆيۈنۈپ خۇشال بولۇپ تۇرۇشۇمغا، تۇيۇقسىز ئىتلارنىڭ شىددەت بىلەن قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. «ئەمدى قاراپ تۇرۇپ قوتۇر ئىتلارغا يەم بولۇپ كېتەرمەنمۇ؟» كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ يىغلىۋەتتىم. بىر چاغدا كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇرغان بىر بۆرە ئىت يېنىمغا كېلىپ، ئۇيەر-بۇيەرلىرىمنى پۇراپ باقتى-دە، سەسكەنگەن ھالدا نېرى كەتتى.

تاپىنىمنىڭ ئورۇس ئۆتۈكىدەك رىتىملىق غىرىسلاشلىرى ۋە
قۇلىقىم تۈۋىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈۋاتقان شامالنىڭ ھۇشقىتىپ
ۋىژىلداشلىرىلا ئاڭلىنىدۇ. ھايىت-ھۇيت دېگۈچىلا چوڭقۇر
ھاڭدىن چىقىپ، بۆك-باراقسان ئورمانلىققا كىرىپ قالدىم.
دەل-دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى بىر-بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەت-
كەن بولۇپ، قويۇق يوپۇرماقلار ئارىسىدىن كۈن نۇرىمۇ ئۆت-
مەيتتى. ئەتراپ گۆردەك قاراڭغۇ. چىرمىشىپ كەتكەن شاخلار-
نى قايرىپ، سۇندۇرۇپ، تىسمىقىلاپ يول ئىزدەۋاتىمەن. بىر
چاغدا ئورمانلىق ئوتتۇرىسىدىكى كەڭلىككە چىقىپ قالدىم.
”چىمەنلىكتە بىردەم سونايلىنىپ يېتىپ ئارام ئېلىۋايچۇ!“
دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. قىن-قىنىمغا پاتمىغان ھالدا ياپپېشىل
كۆكاتلار ئۈستىگە شۇنداق قەدەم قويۇشۇمغا «ۋاققىدە!» قىلغان
ئاۋاز بىلەن تەڭ يوغان بىر تۆمۈر قاپقان ئوڭ پۇتۇمنى قىسىۋال-
دى. قانداق لەنىتى ئوۋچى قۇرغان قاپقاندۇ بۇ؟ ئىچىمدە ئوۋ-
چىنى مىڭنى تىللاپ، قاپقان بىلەن ھەپىلەشكىلى تۇردۇم. قاپ-
قاننى پۇتۇمدىن چىقارماقچى بولغانسېرى ئۇ پۇتۇمنى تېخىمۇ
چىڭ قىساتتى. ھەپىلىشىۋېرىپ تەرلەپ-پىشىپ كەتتىم، ھاسى-
راپ-ھۆمىدەپ ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى. بۇ نىجىس
قاپقان پۇتۇمدىن ھېچ ئاجرايدىغاندەك ئەمەس. تويۇقسىز كاللامغا
بىر ئەقىل كەلدى-دە، ئوڭ پۇتۇمنى لىپپىكىدىن ئاجرىتىپ،
«مانا قىسىۋال، قانغىچە قىس!» دەپ چالۋاقاپ، قاپقانغا تاشلاپ
بەردىم. ئاندىن بىر پۇتۇم بىلەن تاخلاپ مېڭىپ دەرەخ يېنىغا
كەلدىم-دە، بىلەك تومۇلۇقىدىكى بىرتال شاخنى سۇندۇردۇم،
ئۇنى پۇتاپ ھاسا-تاياق قىلىپ دىڭگوسلىغىنىمچە ئورمانلىقنىڭ

بولۇپ قالغاندىمەنمۇ؟ ! كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ كەتتى، ئاچچىق يىغا
ئىچ-ئىچىمدىن قىستاپ كەلدى، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي، كىچىك
بالىدەك ۋاررىدە يىغلىۋەتتىم. يېنىمدا تەسەللى بېرىدىغان ھېچ-
كىم يوق، يىغلاۋېتىپ ئۇيان-بۇيانغا تەلمۈرۈپ قاراپمۇ باقتىم،
ئىنسى-جىنىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيدۇ. تەنھالىق مېنى ئازابلاش-
قا، قىيناشقا باشلىدى. زېرىكىپ، ئىچىم تىتىلداپ بولالماي
قالدىم. بىردىنلا پۈتۈن ئەزايىمنى قۇرت بېسىپ كەتتى. ئۇلار
مىغىلداشقىنىچە ئەڭ-تەتۈر ئۆمىلەيتتى، تېنىمنى ھەدەپ غا-
جايتتى، قېنىمنى ئىشتىھا بىلەن شۈرايتتى. ھەش-پەش دېگۈچە
گۆشۈم تۈگەپ، قۇرۇق ئۇستىخانغا ئايلىنىپ قالدىم.

— ئەمدى قارايغـان يۈرىكىنـى غاجىـلايلـى بۇ مـەخلۇق-
نىڭ! — قۇرتلار شۇنداق دېيىشكىنىچە ئىچكى ئەزايىمغا قاراپ
ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، چىرقى-
رىغىنىمچە بىرلا مۆڭگەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. قۇرتلار
قورققىنىدىن تەرەپ-تەرەپكە پىتىراپ قاچقىلى تۇردى، بەزىلى-
رى بەدىنىمنىڭ يۇقىرىسىغا، بەزىلىرى تۆۋىنىگە قاراپ ئۆمى-
لەيتتى. ئۇلارمۇ ھودۇقۇپ كەتسە ئادەملەرگە ئوخشاشلا خۇدىنى
يوقىتىپ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ، يول تاللاپ
يۈرمىسە كېرەك. قۇرتلارنىڭ پايىپتەك بولۇشىغا كۈلگۈم كې-
لىپ، چوڭ-چوڭ قەدەم تاشلاپ يۈرۈپ كەتتىم. قىزىق ئىش،
ئادەم گۆش-ئېتىدىن ئايرىلسا خېلىلا يەڭگىللەپ، يەل تاپان
بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، قۇيۇندەك غۇيۇلداپ كېتىۋاتىمەن.
ناھايەت قۇلىقىمغا ئۈگە-ئۈگىلىرىمنىڭ ياغسىراپ كەتكەن يار-
يار ھارۋىنىڭ چاقىدەك زېرىكىشلىك غىچىرلاشلىرى، گۆشسىز

شۇھامان سىرتماقلار بوينۇمنى تېخىمۇ چىڭ قىسىشقا باشلىدى، تىنالماي خارقىراپ، تىپىرلاپ، جان-جەھلىم بىلەن بوينۇمدىن سىرتماقلارنى ئاجرىتىشقا كىرىشتىم. بوينۇمنى ھەممىدىن بەك قىسىۋاتقان يوغان پىلەك سىرتماقنى ئىككى قوللاپ تازا كۈچەپ بىرتارتىۋىدىم، چىرىگەن تاندەك "پاسسىدە!" ئۈزۈلۈپ كەتتى...

—ۋاي نېمە قىلغىنىڭىز بۇ! —تۇيۇقسىز گۈلنۇرنىڭ زەردىلىك ئاۋازى ئاڭلاندى، —بوغۇزلىنىۋاتقان قويدەك تىپىرلايسىز، خارقىرايسىز، يا شۇنچە تۇرتسەممۇ ئويغانمايسىز، ئەمدى قاراپ تۇرۇپ بوينۇمدىكى ئالتۇن زەنجىرنى ئۈزىۋەتكىنىڭىز نېمىسى؟ نېمىڭىزگە پۇتلاشقانتى ئۇ؟

ئەس-ھۇشۇمنى يىغىپ بولغىچە بىر شاپىلاق «چاڭڭىدە!» قىلىپ ئوڭ مەڭزىمگە تىگىۋىدى، كۆزۈمدىن ئوت چىقىپ كەتتى. بۇ شاپىلاق ماڭا بەكمۇ ھار كەلدى. ناۋادا يېنىمدا ياتقىنى ئايۇپ نازىرنىڭ قىزى ئەمەس، ئادەتتىكى پۇقرانىڭ قىزى بولغان بولسا، ئېھتىمال ئۇنى شۇ زامات كارىۋاتتىن يەرگە سۆرەپ چۈشۈپ، ئاچ بىقىنلىرىغا بولۇشىچە سېلىپ، ئېرىگە قول سالغىنىغا تازا تويغۇزۇپ قويغان بولاتتىم. ئامال قانچە؟ تەقدىرىم چۇلۋۇرى ھېلىمۇ ئايۇپ نازىرنىڭ قولىدا. دەرد-ئەلەمنى ۋە خورلۇقنى ئىچىمگە يۇتۇپ، گۈلنۇرغا ناماقۇل بولۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

ئاھ خۇدا، ماڭا زادى نېمە كۈن بۇ؟ يا ئوڭۇمدا، يا چۈشۈمدە بىردەم ئاراملىق بولمىسا! ئەجەبا، مېنىڭ كۈتكىنىم شۇمىدى؟! خەقنىڭ قارغىش-ئاھانەتلىرى، سوغۇق، مەسخىر-

ئۇ تەرىپىگە قاراپ يول ئالدىم. ئېگىز-ئېگىز دەرەخ شاخلىرىغا ياماشقان يېشىل پىلەكلەر بىردىنلا سان-ساناقسىز سىرتماققا ئايلىنىپ بويىنۇمغا چۈشكىلى تۇردى. يەنە نېمە كارامەتتۇ بۇ؟ ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي جان تالاشقىلى تۇردۇم. تۇيۇقسىز مايمۇنلارنىڭ ئالا-تاغىل چىرقىراشلىرى، خىرىلداپ كۈلۈشلىرى ئاڭلاندى. ئەسلىدە بۇ كەپسىز مايمۇنلارنىڭ ئويۇنى ئىكەن-دە! كۆڭلۈم سەل ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى. ئىلاجىنىڭ يوقىدىن ئۇلارغا يالۋۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

—بوينۇڭغا سىرتماق چۈشۈشى بىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز،—دېدى ياشانغان بىر مايمۇن ئاپئاق ساقىلىنى سىپاپ،—بۇ جازا سىرتمىقى، ئەجەل سىرتمىقى. بۇنى ئۆزۈڭ ئۆز قولۇڭ بىلەن ياسىغان، ئەمدى سېنى ھېچكىممۇ قۇتۇلدۇرالمايدۇ.

—بىر ئامال قىلىڭلار، رەھىمدىل، سۆيۈملۈك مايمۇنلار!— دېدىم بوقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ،—مېنى قۇتقۇزىدىغانلار، مەن سىلەرگە يۇقىرى مەرتىۋە بېرىمەن!

—ھا! ھا! ھا!...

مايمۇنلار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى، ئۇچار قاناتلار ئورمىنىدىن پالاق-پۇلۇق قانات قېقىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى.

—باياتىنقى گېپىمنى چۈشەنمەپسەن،—قېرى مايمۇن تېلىقىپ كۈلگىنىچە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،—بوينۇڭغا سىرتماق بولۇپ چۈشكىنى باشقا نەرسە ئەمەس، ئېسىل سوۋغا-سالام ئۈستىگە سالغان تەستىقلىرىڭ، ئەمدى ئۇقتۇڭمۇ ھەي ئۇنتۇتقاق!

پۈتۈن ئەزايىمدا جان قالماي، لاسىدە بولۇپ قالدىم.

نىڭ لېشىدەك بەتتام نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى
ئەمدىلەتىن چۈشىنىۋاتىمەن. بۇنى چۈشەنگەنسېرى تۇرمۇشنىڭ
لەززىتى، ھاياتنىڭ قىممىتى ۋە ئۆز تەقدىرىم ھەققىدە كۆپرەك
ئويلىنىدىغان بولۇپ قېلىۋاتىمەن. ئۆزۈمگە ھەرنېمە دەپ تەسەل-
لى بەرگىنىم بىلەن چۈشۈمكىدەك ئاشۇنداق باجىنەلىك تەقەررگە
دۇچ كېلىشتىن ئەنسىرەپلا يۈرىمەن. ئاللىقانداق بىر قورقۇنچ،
ۋەھىمە سۇ بولۇپ كەتكەن يۈرىكىمنى مۇجۇپلا تۇرىدۇ. ئويلى-
نا-ئويلىنا، ئاخىرى بىرنەرسىنى چۈشىنىپ يەتكەندەك بولدۇم:
ئېھتىمال مەن راستىنلا تېگى يوق ھاڭغا قاراپ كېتىۋاتقاندى-
مەن. ھاڭنىڭ ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن گىرۋەكلىرى جۇلال-
نىپ چاقناپ، تەڭداشسىز سېھرى كۈچى بىلەن مېنى ئۆزىگە
جەلپ قىلىۋاتقاندۇ، ئازدۇرۇۋاتقاندۇ، كۆزلىرىمنى قاماشتۇ-
رۇپ، ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمەس قىلىپ قويغاندۇ. مەن گويا
شېرىن مەي ئىچىپ شىركەيىپ بولغان ئادەمدەك ئەقلى-ھۇشۇم-
دىن ئايرىلىپ، ئەڭ-تەتۈر دەسسەپ، ھالاكەت گىرۋىكىگە قە-
دەممۇ-قەدەم يېقىنلاپ بېرىۋاتقانلىقىمنى سەزمەي، كاتتىلارغا
خاس سالاپەت بىلەن كىرىلىپ يۈرۈۋاتقاندىمەن. بىر كۈنى ئە-
مەس بىر كۈنى پۇتۇم تېيىلىپ كەتسىلا ئاشۇ چوڭقۇر ھاڭغا غۇلاپ
چۈشۈپ ھالاك بولۇشۇمنى ئېھتىمالدىن يىراق دەپ مەيدەمگە
ئۇرالمايمەن. ئاھ، سىرلىق ھاڭ، ئېزىتقۇ ھاڭ، جىلىۋىگەر
نازىنىنىنىڭ جادۇ كۆزىدەك چاقناپ، مېنى ئەقلىمدىن ئازدۇرغان
ئالتۇن گىرۋەكلىك ھاڭ!...

لىك قاراشلىرى، تاپا-تەنىلىرى ۋە ھەدېسىلا گەپتە چېقىشۋېلىش-
لىرىمۇ يېتىپ ئاشاتتىغۇ ماڭا؟ ئەمدى مېنى ھەتتا خوتۇنۇم
جېنىدا ئۆزى خالىغانچە خارلىغىلى تۇرسا-ھە! بۇنداق خورلۇق-
نى ئەرلىك غۇرۇرۇم قانداقمۇ قوبۇل قىلالىسۇن؟!

گۈلنۇردىن بىر كاچات يېگەندىن كېيىن، بۇرۇنقى چاغلار-
نى تولا ئەسلەيدىغان، سېغىنىدىغان بولۇپ قالدىم. نەقەدەر كۆ-
ڭۈللۈك چاغلار ئىدى-ھە ئۇ! تەڭتۇشلەر، دوست-يارەنلەر بى-
لەن تۇزگەن ئاددىي سورۇنلاردا ئەركىن-ئازادە، ئېچىلىپ-يايى-
راپ ئولتۇراتتۇق، قىزىق-قىزىق چاقچاقلارنى قىلىشاتتۇق،
يۇمۇر-لەتىپىلەرنى نۆۋەت بىلەن ئېيتىشىپ، ئۇچىيمىز ئۈزۈل-
گۇدەك كۈلۈشەتتۇق. ئەرزان باھالىق، ئاچچىق-قاڭسىق ھاراق-
لارمۇ كۆڭۈللۈك پاراڭ بىلەن ئاجايىپ ئېسىل مەيدەك، شېرىن
شاراپتەك تېتىپ كېتەتتى. ئەمدىلىكتىچۇ؟ تۈزۈلگەن سورۇنلار
شۇنداق كاتتا، نى ئېسىل قورۇملار، ئالىي ھاراقلار ئېشىپ--
تېشىپ تۇرىدۇ. لېكىن كەيپىيات باشقىچە. بورۇقتۇملۇق،
قورۇنۇش، ياسالمىلىق، يالغان ھېجىيىش، چىكىدىن ئاشقان
خۇشامەت ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدۇ. ساختىلىق، يالغانچى-
لىق ۋە ياسالمىلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان سورۇن-زىياپەتتىن ھو-
زۇر- لەززەت ئېلىش پېتىر ناندىن قىل سۇغارغاندەك تەس
ئىكەن. تىكىمگە سېلىنغان قات-قات تاۋار كۆرپىلەر ئۈستىدە
ھوزۇرلىنىپ ئولتۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، كىرپە تىكىنىدە ئول-
تۇرغاندەك بىئارام بولىمەن. ئالىي ئۈزۈم ھاراقلىرى زەي سۇ-
دەك تېتىيدۇ. ئاھ ساختىلىق، يالغانچىلىق، ياسالمىلىق! سې-
نىڭ تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى قاچۇرۇپ، ئۇنى پىشمىغان قاپاق-

قاسىم بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە نىزامىدىننىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلدى، ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىلمەي كەلگەنلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى، بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، ئۇ-نىڭ بىرەر مۇھىم ئورۇنغا ئۆستۈرۈلسە مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ باشقىلارنى، بولۇپمۇ ئۆزى بىلەن چىقىشالمايدى-غانلارنى تونۇشتۇرغان چاغدىكى سەممىي سۆزلىرىدىن، ئۆزىگە پايدىسىز بەزى ئىشلار ئۈستىدە يۈرگۈزگەن مۇلاھىزە ۋە تەھلىل-لىرىدىن كەڭ قورساقلىقى، قىلچە شەخسىي ئاداۋەت ساقلىماي-دىغانلىقى، ئۆزى بىلەن زىددىيەتتە بولغانلارغىمۇ توغرا مۇئامىلە قىلالايدىغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

— لىللا گەپ قىلىپ ئۆگىنىپ قاپتىكەنمەن، لىتىپكا! — دېدى ئۇ ئاخىردا ئۆز سۆزىدىن يەكۈن چىقىرىۋاتقاندەك قىسقىلا قىلىپ، — شۇڭا خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ كۆزىگە يامان كۆرۈ-نۈپ قالدىم. بەلكىم بەزىلەر بۇ چاغقىچە مېنى چېقىپمۇ بولغان-دۇ؟ لېكىن سىزنىڭ چېقىمچىلار بىلەن خۇشىڭىز يوق ئادىل رەھبەر ئىكەنلىكىڭىزنى بىلگەنلىكىمدىن ئەرزىمەس مەسلە-ھەت-تەكلىپلىرىمنى بېرىپ قويدۇم، مۇۋاپىق بولسا پايدىلىنار-سىز.

ئۇ مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئىش-خانامدىن خۇش خۇي كۈلۈمسىرىگەن پېتى ئارقىسىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايى ماڭا تونۇشتەكلا بىلىندى، ئۇنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلىمەن، لېكىن دەماللىققا ئېسىمگە ئالالمىدىم. بولۇپمۇ ئۇنىڭ غەلىتە چاقناپ تۇرىدىغان بىر جۈپ سارغۇچ كۆزى مەندە خېلى چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغاندەك قىلات-

قىلماي ياكى ئۇلارنى چىشلەپ تارتماي، ئۆزلىرىنىڭ دەرد-ئەھ-
ۋالىنىلا ئېيتىشتى. بۇرۇنقى باشلىقتا خۇشامەت قىلمىغانلىقى
ياكى ئۇنىڭ زىتىغا تېگىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۆي مەسىلىسىنىڭ
تاكى ھازىرغىچە ھەل قىلىپ بېرىلمەي كەلگەنلىكىنى ئالاھىدە
ئەسكەرتىشتى. ئارقا ئىشىكتىن مېڭىشقا ئىمكانىيىتى بولمىغان-
لىقتىن پەرزەنتلىرىنى تېخىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرالماي تۇر-
ۇشتا قىينىلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھەسرەتلىك يىغا ساداسى ئى-
چىدە ئىزھار قىلغۇچىلارمۇ بولدى، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئايال-
لار ئىدى. مەن بۇ ئىدارىدە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر-
نىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، ئەھۋالنى تېخىمۇ كۆپرەك
ئىگىلەپ، ئاممىدىن مەسلىھەت سوراپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل-
پاراسىتىگە تايىنىپ، ئىشلارنى بىر قۇر رەتكە سېلىۋالاي، دېگەن
يەرگە كەلدىم. ئويلىمىغان يەردىن بىر ئادەممۇ ياخشى گېپىنى
قىلمىغان قاسىم ماڭا خېلى ئوبدان مەسلىھەتلەرنى بېرىپ قال-
دى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۇ-
رۇشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا بەرگەن پىكرى ۋە بۇ سىياسەتنى
ئىدارىمىزدە قانداق ئەمەلىيلەشتۇرۇش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ
ئوتتۇرىغا قويغان كونكرېت تەدبىرلىرى كۆڭلۈمگە خېلىلا ياق-
تى. ئۇنىمىغىنىمغا ئۇنىماي مېنىڭ شەرىپىمگە مۇئاۋىن ئىدارە
باشلىقىنىڭ ئۆيىدە ئالاھىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان ئولتۇرۇشتا قاتتىق
ھاياجانلانغانلىقتىنمىكىن، ئەيتاۋۇر، بىرقانچە رومكىنى ئارتۇق
ئىچىۋېتىپ قىزىپ قالغان پېشقەدەم زىيالىي نىزامىدىن ئۇنى بىر
تىيىنغا ئەرزىمەيدىغان پوچەك، چاكىنا، ئىككى يۈزلىمىچى ئا-
دەم قىلىپ كۆرسىتىپ قولىقىمغا بىر ھازا پىچىرلىغانىدى.

ئىزدەپ زەربە بېرىشكە ئۇرۇنۇش، رەھبىرىي كادىرلاردا بولۇشقا
تېگىشلىك پەزىلەت ئەمەس! مەن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن!
...ئويلىغانسېرى كۆڭلۈم يورۇپ، ئويلىغانسېرى كۆز قارىشىم-
نىڭ توغرىلىقىغا بولغان ئىشەنچىم ئېشىپ بېرىۋاتاتتى. ئاۋۋال
ئىشنى ھەرقايسى بۆلۈمنىڭ مەسئۇللىرىنى تەڭشەشتىن باشلاي
دېگەن يەرگە كەلدىم. ئىككى ئايدەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ تەك-
شۈرۈپ-تەتقىق قىلدىم، ئەھۋال ئىگىلىدىم، كەڭ تۈردە پىكىر
ئالدىم. بىراق خېلى ئېنىق بېشارەت بەرگەن بولسامۇ قاسىم
ئىشلەۋاتقان بۆلۈمدىكىلەردىن ئۇنى نامزاتلىققا كۆرسىتىدىغان
بىرمۇ ئادەمنىڭ چىقماسلىقى مېنى ئۈمىدسىزلەندۈردى ۋە ھەي-
ران قالدۇردى. ئۇلار گويا كۆڭلۈمدىكىنى تولۇق بىلىپ بولغان-
دەك ۋە مېنى رەنجىتىپ قويۇشنى خالىمايۋاتقاندەك ئۇ توغرىدا
بىرئېغىزمۇ گەپ قىلمايتتى، ئۇنى بۇرۇن يامان دېگۈچىلەرمۇ،
ئۇنىڭ بۇرۇنقى بەزى ئەيىپ-نوقسانلىرىنى چىشلەپ-تارتىپ،
تۈگمىنى تۆگە قىلىپ كۆرسەتكۈچىلەرمۇ ئەمدىلىكتە جىم بولۇ-
ۋېلىشقان ئىدى. مەن بۇنىڭ تېگىدە بىر سىر بارلىقىنى، بۇ
ئىشتا ھەرگىز ئالدىراقسانلىق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ھېس
قىلىپ، قاسىمغا پىكرى ھەممىدىن كۆپ بولغان ھەمدە باشقىلار-
نىڭ كەينىدە ئەمەس، ئالدىدىلا ئوچۇق-يورۇق گەپ قىلىدىغان
نىزامىدىن بىلەن ئايرىم سۆھبەتلەشمەكچى بولدۇم.

شۇكۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم.
دېرىزە يېنىدىكى شىرەنى چۆرىدەپ تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقان نەۋرى-
لىرى ئوتتۇرىسىدا قىستىلىپ ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈۋاتقان
نىزامىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ھەيرانلىق ئىلكىدە بۇرنىنىڭ ئۇ-

تى، ئۇنى زادى نەدە كۆرگەن بولغىيتتىم؟...مەن يۇقىرىقى ئوي-خىياللىرىمنى نېرى قوغلاپ، قاسىمنىڭ باياتىن دېگەن گەپلىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدىم. گەپ-سۆزلىرى جايىدا، پىكىرلىرى ئورۇنلۇق، شۇنداق كەڭ قورساق بىر ئادەمگە نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ كىشىلەر ئۆچلۈك قىلىدىغاندۇ؟ بۇ، ئۇنىڭ لىللا گەپ قىلىپ باشقىلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانلىقىدىن-مىدۇ ياكى كۆرەلمەسلىكتىنمۇ؟ مەن تېخى ئىگىلەشكە ئۈلگۈر-مىگەن باشقا سەۋەبلەرمۇ بارمىدۇ-يا؟ مەيلى، قانداقلا بولمى-سۇن، قاسىم مەندە ياخشى تەسىرات قالدۇردى. ئۆزىمۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوتتۇرا ياشلىق، بىلىملىك زىيالىي ئى-كەن، ھازىر مۇشۇنداقلارنى ئۈستۈرمەي كىمنى ئۈستۈرىدۇ؟ ئىدارىنىڭ بۇرۇنقى مەسئۇلى ھەقىقەتەن ئادىل ئىش قىلماپتۇ، قاسىمنىڭ ئۇنىڭغا كۆپرەك پىكىر بەرگىنىنى يامان ئىش دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇنىڭ توغرا قىلمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆر-مەسكە سالسا، ناتوغرا ئىستىل پاتقىقىغا پېتىپ كېتىۋاتقىنى بىلەن كارى بولماي، ئاغزىغا موم چىشلىۋالغاندەك لام-جىم دېمەي جىم تۇرۇۋالسا ياخشى قىلغان بولامتى؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن قاسىمنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقىنى چۈشەنمەي، ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ قالىدۇ؟ شۇ ۋەجىدىن ئۇ قا-سىمنىڭ تەشكىلىي مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشىغىمۇ توسقۇن-لۇق قىلىپتۇ، بۇنداق ئەھۋاللارنى دەرھال تۈزىتىش كېرەك، قابىللارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتمەسلىك جىنايەت! دۇنيادا كەمچى-لىكسىز كىم بار؟ ئانچىكىم سەۋەنلىكلەرگە چىڭ ئېسىلىۋېلىش ياكى ئۆزىگە پىكىر بەرگەنلەرگە نىسبەتەن تىرناق ئاستىدىن كىر

لىغان چايدىن بىر ئوتلىۋېتىپ، سىناق نەزەرى بىلەن ماڭا قارىدى:

— ئىدارىمىزدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى تۈپ-نېگىزىدىن ھەل قىلىش ئويىڭىز بارمۇ؟

— ئەلۋەتتە! — دېدىم مەن قەتئىي ئىشەنچ بىلەن. — بولمىسا ئىشلىرى بىر ئوبدان يۈرۈشۈۋاتقان ئەسلىدىكى ئىدارەمدىن بۇ يەرگە يۆتكىلىپ نېمە قىلاتتىم؟ چىگىشلىنىپ كەتكەن يىپ ئۇچىنى تاپاي دەپ ئالاھىتەن كەلدىم-دە!

— بىزمۇ شۇنداق ئارزۇدا! — دېدى نىزامىدىن كۆزەينىكىنى قول ياغلىقى بىلەن ئېرتىۋېتىپ، — لېكىن ئىدارىمىزدىكى ئىشلار سىز ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. دۇنيادا ئادەمدىن مۇرەككەپ نېمە يوق، بەزىلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئۆمۈرۋايەت تونۇپ يەتكىلى بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. قاسىمنىڭ ئاز-تولا پەم ئىشلىتىپلا سىزدەك تەجرىبىلىك كادىرنى ئىندەككە كەلتۈرۈۋېلىشى بۇنىڭ جانلىق بىرمىسالى ئەمەسمۇ! بۇنداق دېسەم ئاچچىقىڭىز كېلىپ قالمىسۇن. لېكىن راستىنى ئېيتقاندا، سىز ھازىر ئۇنىڭ سىزغان سىزىقى بويىچە كېتىۋاتىسىز. ئاما جىم تۇرۇۋالمىغان بولسا ئېھتىمال ئۇنى ئاللىقاچان بۆلۈم باشلىقلىقىغا ئۈستۈرۈپ بولغان بولاتتىڭىز. ئۇ نېمە ئۈچۈن سىزدە شۇنداق ياخشى تەسىر پەيدا قىلالىدى؟ زامانىۋى ئىلىم-پەننىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئادەملەرنىڭ مېڭىسىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. ھازىر ئۇلار بۇرۇنقىدەك ئاسانلا چېنىپ قالىدىغان، ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدىغان، نەپرىتىنى قوزغايدىغان ئوچۇق-ئاشكارا تەخسىكەشلىك-خۇشامەتچىلىكنى

چىغا چۈشۈپ قالغان كۆزەينىكى ئۈستىدىن ماڭا قارىدى ۋە
دەماللىققا قەيەردە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىشنى بىلەلمەي مەڭ-
دەپ تۇرۇپ قالدى. ئۆزى ئىنكاس قىلمىغان بولسىمۇ مەن
باشقىلاردىن ئۇنىڭ ئۆي قىيىنچىلىقى بارلىقىنى ئاڭلىغانۇ، لې-
كىن ئەھۋال بۇنچىلا ئېغىر ئەمەستۇر دەپ ئويلاپ، دەرھال ھەل
قىلىپ بېرىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ئولتۇرمىغانىدىم. ھەربى-
رى 12 كۋادرات مېتر كەلگۈدەك ئىككى ئېغىزلىق ئۆتۈشمە ئۆي
كارىۋات، ئىشكاپ، شىرە قاتارلىق جاھازلار بىلەن توشۇپ كەت-
كەنىدى. شەرقىي تامغا تاقاپ كارىۋات ئۈستىگە قويۇلغان كارى-
ۋاتتا كىتاب-ژۇرناللار تورۇسقىچە دۆۋىلىنىۋېتىلگەن، غەربىي
تامغا قېقىلغان قوزۇقلارغا ئاللىقانداق بوپا، لاقا-لۇقىلار ئېسى-
ۋېتىلگەنىدى. ئىچكىرىكى ئۆينىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگى-
لىگەن قوش كىشىلىك كارىۋاتتا نىزامىدىنىڭ ئايالى ئىككى
قىزى بىلەن مۆكۈنۈشۈپ ئولتۇراتتى. چاقىرىلمىغان مېھماننىڭ
توساتتىن قەدەم تەشرىپ قىلىشى ئۆي ئىچىنى ئۆرىتۆپە قىلىۋەت-
تى. ئاياللارنىڭ جاۋىلدىشىپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتىش سادالىرى
ئىچىدە ئاغزىنى دومسايتىشقان نەۋرىلەر ئىچكىرىكى ئۆيگە قوغلا-
ندى، ھەش-پەش دېگۈچە شىرە ئۈستى كىتاب-دەپتەر، قەلەم-
قېرىنداشلاردىن ئازاد قىلىنىپ، سۇرتۇلگەندىن كېيىن پېچە-
نە-پىرەنىك، قەنت-گېزەك، تاتلىق-تۇرۇملەر بىلەن توشقۇ-
زۇلدى، ئاندىن پەتنۇستا سىنچاي كەلتۈرۈلدى. ھال-ئەھۋال
سورىشىپ، بىردەم ئۆيەر-بۇيەرنىڭ پارىڭىنى سېلىشقاندىن كې-
يىن بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىمنى ئېيتتىم. نىزامىدىن
بۇگەپنى ئاڭلاپ ئېغىر ئۇھ تارتىپ، پىيالىدىكى سوۋۇشقا باش-

چۈشىنىۋېلىش ئانچە قىيىن ئەمەس. ئۇ ئەمدىلا 45 ياشقا كىر-
دى، ياش دېسە ياش، بىلىم دېسە بىلىمى، قابىلىيەت دېسە
قابىلىيىتى بار، لېكىن شۇ بىلىم، شۇ قابىلىيىتىنى جايىغا
ئىشلەتكەن بولسىيدى، ئۇنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىنى ئىككى قوللاپ
قۇۋۋەتلىگەن بولاتتىم. قارىغاندا بۇ يېتىم ساقايماس مەنسەپ
كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولسا كېرەك، مەنسەپكە توغرا يول
بىلەن ئېرىشسە ھېچقانچە ئەيىبلىگۈچىلىكى يوق بىر ئىشقۇ.
بەزىلەر شۇنداق مەنسەپخۇمار كېلىدۇ، مەنسەپ ئالالمىسا گويا
دۇنيادا ياشىيالمايدىغاندەك قىلىپ كېتىدۇ. قولىدا مەنسەپ،
ھوقۇقى بولمىسا ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدىغان
غەلىتە ئەھۋال شەكىللىنىپ قالغان مۇشۇنداق پەۋقۇلئاددە شارا-
ئىتتا، ئۇلارنى چۈشىنىشكە، ھەتتا كەچۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. لې-
كىن مەسىلە ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشنىمۇ ئۇن-
تۇپ، تەخسىكەشلىك-خۇشامەتچىلىكنى ئاقتۇرالمىغاندا، باش-
قىلارغا ئورا كولاش، ئېپى كەلسە چاپۇتلاپ پاتقاققا يىقىتىش،
ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىش، خەقنىڭ گەجگىسىگە دەسسەپ يۇ-
قىرىغا ئۆرلەش قاتارلىق ناتوغرا ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئىدا-
رىمىزنىڭ نورمال خىزمىتىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈۋاتقانلىقىدا.
قۇرۇق نەزەرىيە قۇلاققا ياقمايدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە بۇ ھەقتە
بىر-ئىككى ئەمەلىي مىسال كەلتۈرگىنىم تۈزۈك. ئاۋۋال ھېكا-
يەمنى ئاڭلاپ بېقىپ، ئاندىن ئۇنى ئۆستۈرۈش-ئۆستۈرمەسلىك
توغرىسىدا بىر قارارغا كېلەرسىز...

نىزامىدىن توختىماي سۆزلەيتتى، مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم
بىلەن بېرىلىپ ئاڭلايتتىم. كاللامدا بولسا شۇ تاپتا نىزامىدىن-

تاشلاپ، پسىخولوگىيە جەھەتتىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، ھەر-
بىر ئادەمنىڭ ئوخشاشمىغان مىجەز-خۇلقى، خاراكتېرىگە قاراپ
ئوخشاشمىغان ئۇسۇل قوللىنىپ، قەلبىگە ھۇجۇم قىلىش تاك-
تىكىسىنى ئىشقا سالىدىغان بولۇپ قالدى. قاسىممۇ سىزنىڭ
خۇشامەتچىلىكنى ياقتۇرمايدىغانلىقىڭىزنى بىلىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ
بۇرۇنقى ئۇسۇللىرىغا قىلچە ئوخشىمايدىغان يېڭىچە بىر ئۇسۇل-
نى سىناق قىلىپ باقتى. ھەتتا بۇ ئۇسۇلنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ،
زىيالىيلار سىياسىتىنى ئىدارىمىزدە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ بى-
رىنچى قەدىمى سۈپىتىدە مېنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا تەكلىپ
بەردى. مەن بولسام ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلدىم. بۇ، مۇقەر-
رەر يوسۇندا سىزدە: ”قاسىم كەڭ قورساق، شەخسىي ئاداۋەت
ساقلىمايدىغان ئادەم ئىكەن“ دېگەن كۆز قاراشنى پەيدا قىلدى.
شۇنداق ئەمەسمۇ! دېمەك، ئۇ مۇشۇنداق سېلىشتۇرما ئالدىدا
ھەرقانداق ئادەمدە پەيدا بولىدىغان روھىي ھالەتتىن ئەپچىللىك
بىلەن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئالدىن پىلانلاپ قويغان ”بىر چال-
مىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇش“ مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى.
ئۆزىڭىزگە مەلۇم، مەن 57 ياشقا كىرىپ قالغان ئادەم، ئۈچ
يىلدىن كېيىن پېنسىيىگە چىقىمەن. مېنىڭ بۆلۈم باشلىقلىقىغا
ئۆستۈرۈلۈشۈمنىڭ مۇۋاپىق بولمايدىغانلىقى قاسىمغا بەش قول-
دەك ئايان. بۆلۈمىمىزدە ئالىي مەكتەپنى رەسمىي پۈتتۈرگەن
زىيالىيلاردىن ئىككىمىزلا بار. زىيالىيلاردىن ئۆستۈرۈشكە توغ-
را كەلسە مەن مۇۋاپىق كەلمىسەم كىم مۇۋاپىق كېلىدۇ؟ ئەل-
ۋەتتە قاسىمنىڭ ئۆزى! بۇنىڭدىن ئۇنىڭ زىيالىيلارنى ئۆستۈ-
رۈش توغرىسىدا ھەدەپ داۋاڭ سېلىشتىكى ھەقىقىي مەقسىتىنى

كۆچۈپ چىقىپ كەتكەنىدى. قاسىم قايىمنى كۆرۈپ ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئەپۇ سورىدى. قايىم ئارتۇقچە گەپ قىلماي ئۇنىڭ سۇنغان دىلىغا تەسەللى بەردى، ئىككى ساۋاقداش بىر-بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىشكەچ ئۇزاق مۇڭداشتى. كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان غەلىتە ھەرىكەتكە بولغان كۆز قاراشلىرىنى ئىزھار قىلىشىپ سىرداشتى.

— نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ بۇ جاھان؟ — دېدى قاسىم ئەلەم بىلەن بېشىنى چايقاپ، — سىراجىدىنكام ماڭا "بىر-ئىككى يىلدىن كېيىن سېنى بۆلۈم باشلىقلىقىغا ئۆستۈرىمىز" دەپ ۋەدە بەرگەنىدى، مانا ئەمدى باشلىق بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئادەتتىكى كادىرلىقىمدىنمۇ قۇرۇق قالىدىغاندەك قىلىمەن، ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوق گېزەندە بولۇپ قالدىم، ھەي، قېنى ئۇ مېنىڭ ئىستىقبالىم؟

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ئاداش! — دېدى قايىم قولىدىكى رومكىنى ئايلاندۇرۇۋېتىپ، — ئىشلار بۇنداق كېتىۋەرمەس، ئالتۇن بەرىبىر توپىغا كۆمۈلۈپ قالمايدۇ. ئاخىر بىر كۈنى ئۇنى ئېچىپ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدىغان ئادەم چىقىدۇ. لېكىن باشلىق بولالمىدىم دەپ قايغۇرۇپ كەتمە، باشلىق بولۇش بىر ئادەمنىڭ ئىستىقبالىنىڭ قانداق بولۇشىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم ئەمەس. مېنىڭچە ئۆز خىزمىتىمىزنىڭ ھۆددىسىدىن ياخشى چىقساقلا ئىستىقباللىق بولۇۋېرىمىز.

— ئۇندا دېگىنىڭ بىلەن، — قاسىم قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى قايىمغا تىكىپ قىزىشىپ سۆزلەپ كەتتى، — ئەقەللىيسى

ـنىڭ ھېكايىسى بىلەن قاسىم توغرىسىدا باشقىلاردىن ئىگەللىگەن
ئەھۋال بىر ـ بىرىگە زىچ گىرەلشىپ كېتىۋاتاتتى، كۆز ئالدىمدا
ئىختىيارسىز ئىككى يۈزلۈك ئادەمنىڭ شۇنداق تىپىك بىر ئوب-
ـرازى روشەن گەۋدىلىنىپ باراتتى...

* * *

قاسىم بىلەن قايىم بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقداشلار ئى-
ـدى، ئۇلار ئىدارىمىزغا تەقسىم قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي قاسىم
ئىدارە باشلىقى سىراجىدىننىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالدى بولغاي،
ئۇنى ئۆزىگە كاتىپ قىلىۋالدى. دېمىسمۇ ئۇ ھۆسن خەتنى گۈل
كەلتۈرۈپ يازالايتتى، ناتىقلىق قىلىدىغان بولسا بىر ـ ئىككى
سائەت توختىماي قاملاشتۇرۇپ سۆزلىيەلەيتتى. ئۇ ئىدارە باش-
ـلىقى بىللە پات ـ پات ئۇيەر ـ بۇيەردىكى يىغىنلارغا بېرىپ
تۇراتتى، بۆلۈمىمىزدە ئادەتتىكى كادىر بولۇپ ئىشلەۋاتقان قايىم
ئۇنىڭ پىكاپتىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ بېرىپ سا-
لام قىلسا ئىلىك ئالمايتتى ياكى كۆرمەسكە سېلىپ گىدىيىپ
ئۆتۈپ كېتەتتى. بىراق ئۇنىڭ بۇنداق ياخشى كۈنلىرى ئۇزاققا
بارمىدى. "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"نىڭ دەھشەتلىك بورىنىدا
ئۇ "كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارنىڭ قارا چوماقچىسى"
دېگەن نام بىلەن تارتىپ چىقىرىلىپ شۇمشىيىپ قالدى. ئىدارە
باشلىقىغا ھەمراھ بولۇپ كۈرەشكە تارتىلغان كۈنى ئاخشىمى
قايىم ئۇنى يوقلاپ كىردى. چۈنكى قاسىم كاتىپلىققا ئۆستۈرۈل-
گەندىن كېيىن ئۆپچە ياتاقتىن ئۆزىگە ئايرىم بېرىلگەن ياتاققا

قاسمنى گېزەندىلىكتىن ئازاد قىلىپ، ئىنقىلابىي ئامما قاتارىغا قوشۇپ قويدى. قېن-قېنىغا پاتماي قالغان قاسىم ئۆز خۇشاللىقىنى دوستى بىلەن ئورتاقلىشىش ئۈچۈن قايىمنىڭ ياتىقىغا چاپتى.

— ياردىمىڭگە رەھمەت! — دېدى ئۇ قايىمنىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ، — بولمىسا نېمە كۈنلەرنى كۆرەتتىمكىن-تاڭ؟ ياخشى دوست باشقا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدۇ، دېيىشىدۇ. بۇ گەپ ھەقىقەتەن راست ئىكەن، ئاغىنە!

— مەن ساڭا نېمە ياردەم بەردىم؟ — دېدى قايىم ھەيران بولغىنىدىن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، — ئىككى سەر ئارتۇق ئىچىۋالدىڭمۇ-قانداق؟ گېپىڭنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم.

— چۈشەنمەيدىغان نېمىسى بار؟ — قاسىم ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن قايىمنىڭ دولىسىدىن بېسىپ ئولتۇرغۇزۇۋېتىپ دېدى، — مېنى ئۈمىدۋار بولۇشقا ئۈندىگەنلىكىڭنى يادىڭدىن چىقىرىپ قويدۇڭمۇ؟ ئويلاپ باقسام دېگەنلىرىڭ تامامەت توغرا، چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋەرسەم ناھايەت ئۆزۈمنى باشقىلارنىڭ قوربانلىق قويىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدىكەنمەن، ئۇنىڭدىن كۆرە "ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار" دېگەندەك ئۈمىد كەمىرىنى بېلىمگە چىڭ باغلاپ، مېنى بىكاردىن بىكار بالاغا تىقىپ قويغان ھېلىقى ھوقۇقدار بىلەن بىر ئېلىشىپ تەلىيىمنى سىناپ باقمايمەنمۇ دېگەن يەرگە كەلدىم-دە، ئۇنىڭ جىنايەتلىرىنى يۈز-خاتىر قىلماي پاش قىلدىم. قالغىنىنى ئۆزۈڭ كۆردۈڭ، ئەمدى مەنمۇ ساڭا ئوخشاش ئىنقىلابىي ئامما بولۇپ قالدىم، بۇنىڭدا سېنىڭ تۆھپەڭ بار، ئەلۋەتتە! شۇڭا ساڭا ئاللاھتىن رەھمەت ئېيتقىلى

قۇش-قاناتلارمۇ گۈزەل، ياخشى جايلارغا قاراپ ئۇچىدۇ، بىز ئادەم تۇرۇپ شۇ قۇشچىلىكمۇ بولالمىساق قانداق بولغىنى؟! بىر يېرىمىز كەم بولىسىغۇ بىر تۇرۇقلۇق، بەش ئەزايىمىز تولۇق تۇرۇپ، باشقىلاردىن تۆۋەن تۇرساق، بۇ بىز ئۈچۈن نومۇس ئەمەسمۇ! سەنغۇ ئۆز خىزمىتىڭنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ ئىستىقباللىق بولۇۋالارسەن، مەنچۇ؟ مەن قانداق قىلىمەن؟ گېزەندىلىك ھۆددىسىدىن چىقىمەنمۇ؟ مەن تۈگەشتىم! پۈتۈنلەي تۈگەشتىم؟

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە ئەمدى! — قايىم ئالدىراپ-تېنەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، شىرە ئۈستىدىكى ھاراق بوتۇلكىسى ۋە رومكىلارنى يەرگە سىيرىپ چۈشۈرۈۋېتىپ بېشىنى گىرەلەشتۈرۈلگەن بىلەكلىرى ئۈستىگە قويۇپ بۇقۇلداپ يىغلىغىلى تۇرغان قاسىمنى يۆلەشتۈردى، — ئۈمىد ئادەمنىڭ قانىتى، ياپياشلا تۇرۇپ بۇنچىلا ئۈمىدسىزلىنىپ كەتكىنىڭ نېمىسى؟ بىر ئۆمۈر گېزەندە بولۇپ تۇرۇۋېرەمتىڭ؟! يامغۇردىن كېيىن ھاۋا ئېچىلىدۇ ئەمەسمۇ، جاھان دېگەن ئۆزگىرىدۇ! ...

ئۇلار شۇ تەرىقىدە پاراڭلىشىپ يېرىم كېچىدە تارقىلىشتى. قاسىم ئەتىسى تاڭ سەھەردىلا سىراجىدىنىنىڭ "چېكىدىن ئاشقان جىنايەت"لىرىنى پاش قىلىپ يازغان تۈنجى چوڭ خەتلىك گېزىتىنى ئىدارە دەرۋازىسى يېنىدىكى تامغا چاپلىدى، شۇنداق قىلىپ ئۇ بىر ھەپتىگە قالماي ئىدارە تاملىرىنى "كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار"نىڭ "يېڭى-يېڭى جىنايەت"لىرى پاش قىلىنغان چوڭ خەتلىك گېزىت بىلەن توشقۇزۇۋەتتى. بۇ "ئىنقىلابىي ھەرىكەت" ئىسيانچىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئۇلار

تولا نەپ بەرگەن بولسا قانچىلىك قىلىپ كېتەتتىڭ؟ هازىر دېگەن قايسى دەۋر؟ ئويلاپراق گەپ قىلغىنىڭ ياخشى، بولمىسا ئۆزۈڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىر پەشتاقتا تۇرۇپ قېلىشىڭ مۇمكىن جۇمۇ!

— شاپائىتىڭنى ياغدۇرساڭ بەلكىم شۇنداق بولۇپمۇ قالار! — قايىم ئىستاكاندىكى سوۋۇپ قالغان چاينىڭ يېرىمىنى تۆكۈۋېتىپ، ئۈستىگە ئىسسىق چاي قۇيۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئىتتەردى، — راستىنى ئېيتسام، سېنى ئۇنداق "ۋاپاغا جاپا" قىلار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، ھەقىقەتەن چۆچۈپ قالدىم، ئادەم سەندىن ئاز-تولا ئېھتىيات قىلمىسا بولمىغۇدەك!

— ئالدىراپ مېنى ئۇنچىۋالا يامان ئادەمگە چىقىرىۋەتمە! — دېدى قاسىم ئېغىر ئۇھ تارتىپ، — ماڭىمۇ باشقا ئامال يوق، ياپياشلا تۇرۇپ ئۆزۈمنى بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلاپ قالغان ئادەم بىلەن بىللە دەپنە قىلىۋېتەي دېسەم تېخى! ھېچ بولمىسا ئۇ ياشايدىغىنىنى ياشاپ بولدى، يەيدىغىنىنى يەپ، كىيىدىغىنىنى كىيىپ بولدى. بىزچۇ؟ ئون گۈلىمىزنىڭ بىرى ئېچىلمىغان نەۋقىران يىگىتلەر، ئالدىمىزدىكى ھايات مۇساپىسى ئۇزۇن، نى-نى ئىشلار بىزنىڭ قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، ئۆز ئىستىقبالىمىزنى ئاز-تولا ئويلىمىساق بولامدۇ؟ بۇنى توغرا چۈشەن، ئاداش! باياتىن چاقچاق قىلىپ قويسام چىڭىغا ئېلىپ كەتتىڭ، ئىككىمىز دېگەن ئەڭ يېقىن ئۆتكەن ساۋاقداش، قەدىرناس دوست، جېنىمدىن كەچسەم كېچىمەنكى سېنى ھەرگىز ساتمايمەن! ناۋادا كۈنلەرنىڭ بىرىدە ساڭا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلىپ قويسام بارغۇ، بولدى، ئادەم بولماي كېتەي!

كەلدىم.

قايىمنىڭ بېشىدىن تۇتۇن چىقىپ كەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىدىن بۇنداق نەتىجە كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ دوستىنى يەيدىغىنىنى يەپ بولغان مۇشۇكتەك كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ بىگۇناھ ئادەمگە قارا چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلسۇن دەپ ئۆگەتكەنمۇ؟ ياق! ئۇ پەقەت ئۈمىدسىزلىك گىردابىدا تېڭىرقاپ يۈرگەن بىر ياشنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇپ، هايات قوينىغا تارتىپ كېلىپ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئاز-تولا تۆهپە قوشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنىلا ئويلىغان. لېكىن ئىش ئۇنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا نېمە دېيىش كېرەك؟

—قاراپ تۇرۇپ يالغان سۆزلەشكە يۈزۈڭ قانداق چىدىغاندۇ، ئاداش!—دېدى قايىم غەزىپىنى زورىغا بېسىۋېلىپ زەردە بىلەن،—بىچارە سىراجىدىنكام سېنىڭ قىلغان ئىشىڭ تۈپەيلى تېخىمۇ ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، سەن پاش قىلغان "جىنايەت"لەرنى تاپشۇراي دېسە ئۆزىدە يوق، تاپشۇرماي دېسە جاھىللىق قىلدىڭ دەپ تاياق-دەشنام يەۋاتقان، سەن ھەرگىزمۇ بۇنچىلىك ئاددىي ئىشنى ئۇقمايدىغان دەرىجىدە ئەمەسقۇ! ئەجەبا مەن ساڭا باشقىلارنى ئورىغا تىقىش بەدىلىگە ئۆزۈڭنى قۇتۇلدۇر دېگەنمىدىم؟!

—كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارغا ئەجەب ئىچىڭ ئاغرىپ كېتىپتۇ-يا!—دېدى قاسىم مەسخىرە ئاھاڭدا ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ،—ئۇ ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغان مەزگىلدە ساڭا ئاز-

قى، "ئەكسىيەتچى"گەپلەرنى تارقىتىپ، "مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"نى ھاقارەتلىگەن-لىكى كونكرېت پاش قىلىنغاندى. ئۇ يەنە ئۆز ھەرىكىتىنىڭ باشقىلاردا يامان تەسىر پەيدا قىلىپ قويۇشىدىن ساقلىنىش ئۇ-چۇنمىكىن، ئەيتاۋۇر، "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"نى قوغداش يولىدا ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-يارەنلىرىگىلا ئەمەس، ھەتتا ئا-تا-ئانىسىغىمۇ يۈز-خاتىر قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۆ-زىنىڭ قايىمنى ئەڭ يېقىن ساۋاقدىشىم ئىدى، دەپ ئولتۇرماي، ئۇنىڭ ئادەم تاقەت قىلىپ تۇرۇشقا بولمايدىغان "جىنايەت"لىرى-نى پاش قىلىشقا جۈرئەت قىلغانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇمىغاندى. شۇنىڭ بىلەن قايىم كۆرەش پەشتى-قىدىكى قاسىم بوشاتقان ئورۇنغا چىقىرىلدى، قاسىم بولسا "كۆرسەتكەن خىزمىتى"بەدىلىگە ئىسيانچىلار تەشكىلاتىنىڭ كىچىك كاتىپباشلىقىغا ئۇستۇرۇلدى. ئۇنىڭ شۇتاپتىكى خۇشال-لىقىنى سۆز بىلەن ئىزھارقىلىش تەس ئىدى. ئۇ گاھ كۆرەش پەشتاقلىرىدا "ھوقۇقدارلار"نىڭ قولىنى كۆچەپ كەينىگە قايرىپ چىڭقىلىپ شوئار توۋلاۋاتقان ھالدا پەيدا بولسا، گاھ ئەكسىيەت-چى ئېرى ياكى خوتۇنىدىن تېخىچە چەك-چېگرىنى ئېنىق ئايرى-ۋالمايۋاتقان كىشىلەرنىڭ بوسۇغىسى ئالدىدا جاۋغايلىرى كۆ-پۈكلىشىپ كېتىۋاتقىنىغا قارىماي "ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى-نى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇۋاتقان" ھالدا پەيدا بولاتتى. ئىشلار ھامان ئادەمنىڭ ئۆز ئارزۇسىدىكىدەك بولۇۋەرمەيدىغان ئوخشاي-دۇ، ئۇ راسا جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ تېخىمۇ چوڭراق ئەمەل ئېلىش تەمەسىدە پايپاسلاپ يۈرگەندە، پەلەكنىڭ چاقى بىردەم

يۈزۈمگە تۈكۈر! گېپىمگە ئەمدىغۇ ئىشىنەرسەن! ئىشەنمىسەڭمۇ ئىختىيارىڭ. ئىشقىلىپ، يۈرىكىمنى يېرىپ كۆرسىتىشنىڭ ئورنى يوق!

قاسىم قايىمغا ئەنە شۇنداق سەۋرچانلىق بىلەن ئۆز قەلبىنى چۈشەندۈردى، تەسىرلىك سۆز-ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ، ناننى كۆرسىتىپ قەسەم قىلىپ، ئاخىر ئۇنى ئۆز گېپىگە ئىشەندۈردى ۋە كېچىچە مۈگدىشىپ سىر ئالدى. لېكىن ئاردىن ئىككى كۈن ئۆتە-ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى قايىم ئۈستىدىن چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلايدىغانلىقىنى كىممۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپ باققان دەيسىز؟ قايىم بۇ چوڭ خەتلىك گېزىتنى كۆرۈۋېتىپ ھەيران قالدى. بۇ چوڭ خەتلىك گېزىتتە پاش قىلىنغىنى تۈنۈگۈن كېچە سىرداشقاندا ئۆزىنىڭ "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" غا بولغان كۆزقاراشلىرىنى بايان قىلىپ ئۇنىڭغا دېگەن ئايرىم گەپلىرى راست بولغاندىن باشقا، كۆپىنچىسى توقۇلۇپ چىققان جىنايەتلەر ئىدى. ئۇ قاسىمنىڭ يالغان-ياۋىداقنى توقۇپ چىقىش ماھارىتىنىڭ ھەقىقەتەن ئۈستۈنلۈكىگە قول قويماي تۇرالمىدى. بۇلار شۇنداق ئوخشىتىپ توقۇلغانىدىكى، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭ "راستلىقى"دىن گۇمانلىنىشقا ھېچقانداق ئاساس تاپالمايتتى. قىسقىسى، ئۇنىڭ ھېلىقى چوڭ خەتلىك گېزىتىدە قايىمنىڭ قاچان، قەيەردە قانداق زەھەرلىك سۆزلەرنى ئىشلىتىپ "كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار" سىراجىدىنىنىڭ "چېكىدىن ئاشقان جىنايەتلىرى"گە چاپان ياپقانلىقى، ئىسيانچىلارغا تەپ تارتماي زەھەرخەندىلىك بىلەن "ھۇجۇم" قىلغانلى-

قىلغان ئىدىلە، لېكىن مەن باشلىرىغا كۈن چۈشكەندە تۇزكور-
لۇق قىلىپ قويدۇم. ماڭىمۇ باشقا ئىلاج بولمىدى، ئۇلار مېنى
"پاش قىلمىساڭ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمىز" دەپ قىستىدى،
ئۇردى، ھاقارەتلىدى، ئاچ قويدى، يەنە جىم تۇرۇۋەرسەم ئۇلار
مېنى قىيناپ ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدىغاندەك قىلاتتى. شۇڭا،
نائىلاج ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى بويىچە ئاز-تولا بىرنېمە دېيىشكە
توغرا كەلدى. ئەمەلىيەتتە چوڭ خەتلىك گېزىتتە يېزىلغانلىرى-
نىڭ ھېچقايسىسى مېنىڭ يۈرەك سۆزۈم ئەمەس، كوپىيىسىنى
ئىسيانچىلار يېزىپ بەرگەن، مەن ناھايەت بىر قۇر كۆچۈرۈپ
چىقتىم، خالاس. مەندە گۇناھ يوق، كەچۈرۈشلىرىنى سوراي-
مەن، سىراجىدىنكا!

— كەچۈرۈم سوراشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بولۇپ
قالدى؟ — سىراجىدىننىڭ پوزىتسىيىسى سوغۇق ئىدى. شۇ تاپتا
ئۇ بەتتىنكىسىنىڭ ئۇچىنى يالاشقا تاس-تاماس قىلىۋاتقان بۇ
شەخسكە نېمە دېسە مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي قىلىۋاتات-
تى، — ئاۋۋال ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، ئۇكام. گەپ-سۆزلىرى-
ڭىز بولسا ئۆمىلەپ ئەمەس، ئادەمدەك ئولتۇرۇپ ياكى ئۆرە
تۇرۇپ دېسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ!

— مەن سىلىگە يۈز كېلەلمەيمەن! — قاسىم ئالدىغا يەنە
بىرقەدەم ئۆمىلەپ سىراجىدىننىڭ ئارقىغا تارتىۋېلىشىغا ئۇل-
گۈرمىگەن پاقالچىقىغا چىڭ ئېسىلدى، — سىلى "كەچۈردۈم"-
دېمىگۈچىلىك ئورنۇمدىن تۇرۇشقا قانداقمۇ جۈرئەت قىلاي؟ ئاز-
مايدىغان ئادەم يوق، سىراجىدىنكا! بۇ "مىسلى كۆرۈلمىگەن
زور ئىنقىلاب"تا نېمە ئىشلار بولمىدى دەيلا؟ خوش بولۇپ قالا-

تەتۈر، بىردەم ئۇنىڭ چۆگىلەپ ھوقۇق ئاخىر ئىسيانچىلارنىڭ چاڭگىلىدىن ”قوغدىغۇچىلار“ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. سىراجىدىن پېشقەدەم ئىنقىلابىي كادىرلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۇلار قۇر-غان ”ئىنقىلابىي كومىتېت“قا كىرگۈزۈلدى. قاسىم ھوقۇقنى كەتكۈزۈپ قويغان ئىسيانچىلار تەشكىلاتى بىلەن تەڭلا ئەمىلدىن مەھرۇم قالدى. قايىم بولسا ئەينى ۋاقىتتا ”ھوقۇقدارنى قوغدى-غۇچى“ دەپ داڭ چىقارغانلىقتىنمىكىن ياكى سىراجىدىننىڭ كۈچ چىقارغانلىقىدىنمىكىن، ئىشقىلىپ بۆلۈم باشلىقلىقىغا تەيىنلەن-دى.

قاسىمنىڭ ئىچى ئۆرتىنىپ كەتتى. ”مەن تۇرغان يەردە قاراپ تۇرۇپ سەندەك بىرنېمە بۆلۈم باشلىقى بولۇپ كېتەرسەن-مۇ؟ — دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — خەپ قېنى، قاراپ تۇر، مەن ساڭا ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قويمايدىغان بولسام! ...“

گەپ قىلىش ئاسان، لېكىن ئۇنى ئەمەلدە كۆرسىتىش ئاغزىغا كەلگىنىنى دەۋەرگەندەك ئاسان ئەمەس. قاسىم شۇكۇن-لەردە قايىمنى قانداق موللاق ئاتقۇزۇش ئۈستىدە كۆپ ئويلىنىپ ئۇيقۇنى تەرك ئەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئەپچىل چارە تاپالماي قىينىلىۋاتاتتى. ئۇ ئۇيان ئويلىنا، بۇيان ئويلىنا، ئاخىر ”ئىنـ-قىلابىي كومىتېت“نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سىراجىدىنغا يېلىنىپ بېقىش قارارىغا كەلدى.

— ئېزىپتىمەن! — كۆز ياشلىرى بىلەن پۇتلىسى قوشۇلۇپ كەتكەن قاسىم سىراجىدىننىڭ ئايىغى ئاستىغا ئۆزىنى ئاتتى، — مېنى شەيتان ئازدۇرۇپتۇ. ئۆزلىرى ماڭا كۆپ ئاتىدارچىلىق

قىنى يادىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايدۇ. سىراجىدىنمۇ شۇنداق قىلمى-
دىمۇ! ئۆزىگە تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن پىكىر بەرگەنلەرنى ماڭا
ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ، دەپ چۈشىنىپ چەتكە قاقتى، ھەتتا ئىدارى-
دىن ھەيدىۋەتتى. قۇيرۇق شىپپاڭشىتقۇچىلارنى بولسا ئەتىۋار-
لاپ ئىشلەتتى، ئۆستۈرۈپ مۇھىم-مۇھىم ئورۇنلارغا قويدى.
نەتىجىدە قانداق بولدى؟ ئۆزىگە "ھۇجۇم قىلغان"دەك تۇيۇلغانلار
بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتتى، قاراڭغۇ ئۆيگە سولانغاندا تاماق
توشۇدى، تەسەللى بەردى، ئۈمىدۋار بولۇشقا ئۈندىدى. ئۆزىگە
سادىقتەك كۆرۈنگەنلەرچۇ؟ ئۇ ئورىغا چۈشۈپ كەتكەندە ئۈستى-
دىن تاش ئاتتى، قارا چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلدى، كۆرمىگەن
كۈننى كۆرسەتتى... ھالا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە كېيىنكى تۇر-
گە ياتىدىغانلاردىن بىرى ئالدىدا يالۋۇرۇپ دۇم ياتىدۇ، تېخى
ئېپىدە بىرەر ئېغىز گەپ قىلمىغۇچە پاقالچىقىنى قويۇۋەتمەيدى-
غاندەك قىلىدۇ. ئەقەللىيسى خوي-پەيلى يامان، ئەڭ قوتۇر
ئىتمۇ بىر توغرام نان تاشلاپ بەرگەن ئادەمنى ئالدىراپ چىشلى-
مەيدۇ. لېكىن بۇ ئادەمچۇ؟ كاتىپلىقنى بەرگەندە قىلغان ۋەدە،
خۇشامەتلىرىنى پۇتۇنلەي ئۇنتۇپ، ئۆزىنى تالاپ ئۆلتۈرۈپ قوي-
غىلى تاس قالدى! ئۇ "گەپ ئاڭلىمايدىغان"بۇرۇنقى كاتىپنى
تۆۋەنگە چۈشۈرۈۋېتىش بەدىلىگە گەپ-سۆزلىرى كۆڭلىگە ياغ-
دەك يېقىپ تۇرىدىغان ئىتائەتمەن بۇ ئادەمنى ئۆستۈرگەن،
كېيىنچە بىرەر بۆلۈمنىڭ باشلىقى قىلىپ قويۇش توغرىسىدا
پۇرتىپمۇ قويغان ئەمەسمىدى! ئۇنىڭ قىلغان ئەقىدىسى قەيەرگە
كەتتى؟ "ۋاپاغا جاپا" بىلەن ئاياغلاشتى. نومۇس-ئىزانى بىلمەي-
دىغان ئادەمنىڭ ھايۋاندىن پەرقى يوق، ھەتتا ھايۋانغىمۇ يەتمەي-

ي، تەنتەكلىكىم تۇپەيلى سادىر قىلىپ قويغان گۇناھىم-
دىن ئۆتسىلە!
سىراجىدىنىنىڭ پۈتۈن ئەزايى غەزەپتىن لاغىلداپ تىترەپ
كەتتى. بۇدۇشقاقتەك چاپلىشىۋالىدىغان بۇ ئادەمدىن قانداق قۇ-
تۇلۇش كېرەك؟ بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى ئۇ قانداق قىلىپ
ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە شۇنچە يېقىپ قاپتىكىن-تاڭ؟ ئەينى چاغدا
خۇشامەتكە كۆنۈپ قالغان قەلبى ئۇنىڭ شېرىن سۆزلىرىنىڭ
ئوتلۇق ھارارىتىدە قىزىق چايغا سېلىنغان ناۋاتتەك ئېرىپ قاپ-
مىدىكىن ياكى كىمنىڭ قاچان، قەيەردە، ئۆزىنىڭ ئۇستىدىن
قانداق غەيۋەتلەرنى قىلىشىۋاتقانلىقى، نېمىلەرنى دېيىشىپ، نې-
مە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا پات-پات قۇلىقىغا قۇيۇ-
لۇپ تۇرىدىغان مەلۇماتقا قىزىقىپ، ئۇنىڭ سادىقلىقىغا بولغان
ئىشەنچىسى بارغانسېرى ئېشىپ كۆزى تورلىشىپ، ھەقىقەتەت
نۇرىنى كۆرمەس بولۇپ قاپمىدىكىن؟ بۇ توغرىدا سىراجىدىن
ھازىرمۇ ئېنىق بىرنېمە دەپ بېرەلمەيدۇ. بىراق ئۇمۇ بىرەر يات
تىۋىشنى ئاڭلا-ئاڭلىمايلا ئالدىغا ئېتىلىپ، توختىماي قاۋاپ،
ئىگىسىنى خەۋپتىن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدىغان ئىتتىن قۇيرۇقى-
نى شىپپاڭلىتىپ ئەركىلەپ تاپان يالايدىغان ئىتنى ياخشى كۆ-
رۇش ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ تۇغما خۇسۇسىيىتى ئىكەنلىكىنى
ئىنكار قىلالمايدۇ. كىشىلەر ھامان ئالدىنقى ئىتلارنىڭ ئىگىسى-
نىڭ مال-مۈلكىنى قوغداش ئۈچۈن سادىقلىق بىلەن ئۆز مەجبۇ-
رىيىتىنى ئادا قىلىۋاتقانلىقىنى، كېيىنكى ئىتلارنىڭ بىرەر توغ-
رام نان، بىرەر پارچە گۆش ياكى قورايدەك قۇرۇق بىرەر
پايخۇن- سۆڭەكنى دەپ، ئىگىسىنىڭ مەنپەئىتىنى سېتىۋاتقانلى-

بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىلا. بۇدا ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇ ھېچ بولمىسا سىلىدىن مىننەتدار بولۇپ، ئاغزىنى يىغىۋېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇ بۇنىڭ ئەكسىچە سىلىنى ھەممە يەردە سېستىپ يۈرىدۇ، بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى ئۇنى ئوڭدا قويۇپ ئۆزۈم ئۇنىڭ ئورنىغا چىقىمەن دەپ پو ئېتىپ تېنىگە سىغماي كېتىۋاتىدۇ! ئەسلى بۇ گەپلەرنى سىلىگە دەپ قورساقلىرىنى ئېسىپ يۈرمەي دېگەنتىم، ۋىجدانىم بۇنىڭغا يول قويمىدى. مىڭ قىلسا مەن ئۆزلىرىنىڭ تۇز-تائاملىرىنى يېگەن، بىر قېتىم تۇزكورلۇق قىلىپ قويدۇم، يەنە تۇزكورلۇق قىلىپ قۇلاقنى يوپۇرۇپ ئاڭلىماسلىققا سېلىپ يۈرۈۋەرسەم بولماس دەپ ئويلاپ يانلىرىغا كېلىشىم. مەن سىلىنى بالدۇراق ئاگاھلاندۇرۇپ قويمىسام تېخىمۇ چوڭراق ۋىجدانىي ئازابقا قالىدىكەنمەن. نېمىشقا دېسىلە، ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ ئاخىر ئۇ سۇيىقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ باشلىرىغا چىقسا قانداق قىلىغۇلۇق؟ ئۇ چاغدا پۇشايماننى ئېلىشقا قاچا تېپىلماي قالىدۇ. مەيلى گېپىمگە ئىشەنسىلە-ئىشەنمىسىلە، ھەر ھالدا ئېھتىيات قىلغاننىڭ زىيىنى يوق! ئەڭ ياخشىسى ئۇنى كېچىكتۈرمەي ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىسىلا! بولمىسا ئۆزلىرى زىيان تارتىپ قالىلا جۇمۇ!

سىراجىدىن ئىختىيارسىز ئويلىنىپ قالدى. قايىم راستتىنلا ئارقامدىن كەلسە-كەلمەس گەپلەرنى قىلىپ يۈرگەنمىدۇ؟ ھەي، بۇكەمنىڭ ياشلىرىغا بىرنېمە دەپ بولمايدۇ جۇمۇ، دېسىمۇ دېگەندۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە قايىمنىڭ مىجەزى چۇسراق، گەپ-سۆزلىرى قوپال، ئادەمگە قاسىمدەك تەسەللى بېرىشنى

دۇ. سىراجىدىن قاسىمغا قاراپ بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر
ھېس قىلىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ باشلىق بولۇش سالاھىيىتىگە
مۇناسىپ ھالدا غەزىپىنى زورىغا بېسىپ ئېغىر-بېسىقلىق بى-
لەن:

— بولدى، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات! نېمە ئىشىڭىز بار ئى-
دى؟ تېزرەك دەڭ، ھېلى يىغىنغا قاتناشمىسام بولمايدۇ!
— دېدى.

— راستىنلا كەچۈردىلىمۇ، سىراجىدىنكا؟ — ئۇ ئېگىلىپ
پۈكلەنگەن قەددىنى رۇسلاپ ئورنىدىن تۇردى، ھەددىدىن ئارتۇق
ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن بولسا كېرەك، قارامتۇل چىرايى
جىگەر رەڭگە كىردى. تۆۋەنگە ساڭگىلاپ تۇرغان قاشلىرى ئاس-
تىدىكى سارغۇچ كۆزلىرىدىن تاراملىغان ياش توختىماي لىپىل-
داۋاتقان ياپىلاق بۇرنىنىڭ ئىككى يېقىنى بويلاپ كىلەدەك ئې-
چىلغان ئاغزىغا قۇيۇلدى. قىسقا-دىقماق بارماقلىرىمۇ بىكار
قېلىشنى خالىمايۋاتقاندەك ئۆسۈپ قالغان ساقال-بۇرۇتى ئۇستى-
دە قالايمىقان يورغىلاشقا باشلىدى، — مەن سىلىنىڭ مۇشۇنداق
كەڭ قورساق، ئاداۋەت ساقلىمايدىغان ئادەم ئىكەنلىكلىرىنى
بىلەتتىم. ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق بۇ نۇق-
تىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدىلا، رەھمەت سىلىگە! لېكىن
ھەددىدىن ئارتۇق كەڭ قورساقلىقمۇ بەزىدە ئادەمنى پېشكەللىككە
ئاپىرىدۇ. مەسىلەن، سىلى قايىمنى بۆلۈم باشلىقلىقىغا ئۆستۈ-
رۈپ قويدىلا، بۇ كەڭ قورساقلىقنىڭ ئالامىتى، ئەلۋەتتە. چۈن-
كى ئۇ ئۇ ئەزەلدىن سىلىنىڭ بىر ئېغىزمۇ ياخشى گەپلىرىنى
قىلىپ باقمىغان، ھەدېسىلا سىلىنى چىشلەپ تارتىپ كەلگەن

دېسەڭ زەھەرلىك چايانىي تۇتۇپ سالغاندەك پۇتۇن ئەزايىڭ جۇ-
غۇلداپ كېتىدۇ!...» قايىم ئىككىلىنىشنى يېڭىپ ئورنىدىن
تۇردى ۋە ئۇنىڭ كالتە قولىنى يوغان ئالقىنى بىلەن بوشقىنە
قىسىپ قويدى.

—قېنى ئولتۇر،—دېدى ئۇ ئىشخانىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە
قويۇلغان سافانى كۆرسىتىپ،—ئوبدان تۇرۇۋاتامسەن؟ بالا-چا-
قاڭ تىنچلىقمۇ؟

—باشلىق بولغىنىڭغا بىر-ئىككى ھەپتە بولا-بولمايلا شۇن-
چە بيۇروكراتلىشىپ كەتتىڭمۇ؟!—دېدى قاسىم خورسىنغان
ھالدا ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ،—ئۆيۈمدە يۈز بەرگەن ئىشلاردىن
راستىنلا خەۋىرىڭ يوقمۇ ياكى قەستەن خۇپسەنلىك قىلىۋاتام-
سەن؟

—ئېگىز پەشتاقتا ئۇزۇن تۇرۇۋېرىپ تۆۋەندىكى ئىشلاردىن
خەۋەر تاپالماي قالغىنىم راست!—دېدى قايىم ئاچچىق كۈلۈم-
سىرەپ،— بىر-بىرىمىزنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئەمدىلەتىن
چۈشىنىۋاتىمىزغۇ! بارا-بارا تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشىۋالار-
مىز!

قاسىم بۇ ئىككى بىسلىق گەپلەرنى ئاڭلاپ چىچاڭلاپ كې-
تىشتىن ئۆزىنى ئاران-ئارانلا توختىتىۋالدى، مىڭ تەسلىكتە
غەزەپ تۇمانلىرى قاپلاشقا باشلىغان چىرايىنى كۈلكىگە
زورلىدى.

—گەپكە ئۇستا بولۇپ كېتىپسەن جۇمۇ، قايىم،—دېدى
ئۇ سافاغا ئولتۇرۇۋېتىپ،—باشلىق بولغان ھامان ئادەمنىڭ
مىجەزىمۇ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ دېگەن گەپ ھەقىقەتەن راست ئى-

بىلمەيدۇ، كوڭلىگە كېلىپ قالار دېمەي، ئەسكى خۇرجۇندىن توقماق چىققاندەك ئاغزىغا كەلگىنىنى دەۋېرىدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا قاسىم ئۆزىنىڭ ھېلىقى قىلمىشلىرىدىن خىجىل بولۇپ، ئالدىمدا گۇناھىنى يۇغۇسى كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ. شۇنداقتىمۇ ھەرئىككىلىسىدىن ئېھتىيات قىلغىنى تۇزۇكتەك تۇرىدۇ

...ئۇ خىيالىنى داۋاملاشتۇرغۇسى كەلمەي سافاغا ئۆزىنى تاشلىدى-دە، گېزىت قەغىزىگە بىر ئورام تاماكا ئوراپ، ئاچچىق-- ئاچچىق شوراشقا باشلىدى.

قاسىم سىراجىدىنىنىڭ ئىشخانىسىدىن يېنىپ چىقىپ، ئۇدۇل قايىمنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى.

—مۇبارەك بولسۇن ئاداش، —دېدى ئۇ كۆتمەك قولىنى سوزغاچ ئوت ئېلىپ كېتىۋاتقان يۈزىدىكى خىجىللىقنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ، —ئەمىلىڭ ئۆسكەندىن كېيىن يوقلاپ قويايمۇ دېمىدىڭ، ئادەم دېگەنغۇ شۇنداق بىرنېمە، كىچىككىنە ئەمەل تېگە-تەگمەيلا ئاسمانغا قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ! لېكىن مەن سېنى ئۇنداقلاردىن ئەمەس، دەپ ئويلايتتىم، قارىسام بىزدەكلەرنى كۆرەرگە كۆزۈڭ يوقتەك تۇرىدۇ، شۇڭا ئۆزۈم ئاۋۋال يوقلاپ كەلدىم!

ماتېرىيال كۆرۈپ ئولتۇرغان قايىم بېشىنى كۆتۈرۈپ چۆچۈپ كەتتى، ئالدىدا قاسىم ئۆزىگە قولىنى سوزۇپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ "قەدىناس دوستى" ئارىدا گويا ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەۋاتاتتى، ئۆزىنى ئەيىبكە بۇيرۇۋاتاتتى. "قولۇمنى ئۇزاتايمۇ-ئۇزاتمايمۇ؟ ئۇزاتماي دېسەڭ ئادەمگەرچىلىكتىن يىراقلاپ كېتىسەن، ئۇزىتاي

— ئالدىراپ نەگە بارىسەن؟ بۇ جاھان ئۇزۇن جاھان، بۈگۈن قىلالمىغان ئىشىڭنى ئەتە قىلساڭمۇ كېچىكىپ قالمايسەن. بىلىپ تۇرىمەن، سەن مەندىن ئاغىنىدارچىلىق قىلمىدى دەپ ئاغرىنىپ قالدىڭ، ماڭا بەك ئۆۋال بولدى. گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، ساڭا ئۆز رازىلىقىم بىلەن ھۇجۇم قىلغىنىم يوق. بايا دېدىمغۇ، شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت مېنى شۇنداق قىلىشقا قىستىدى، دەپ. بۇنىڭغا مەندە نېمە ئامال بار دەيسەن؟ تەقدىر دېگەن ئاجايىپ نەرسە ئىكەن، ساڭا قىلغىنىم ئاخىردا ئۆزۈمگە ياندى، غۇلاپ چۈشتۈم. بۇنىڭغا ئىچىم سىيرىلىپ تۇرۇۋېدى، بەختىمىزگە يارىشا تەشكىل سېنى ئۈستۈرۈپ قويدى، بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. لېكىن شۇنى ساڭا سەمىمىي ھالدا ئاگاھلاندۇرۇپ قويايكى، ئاداش، يولۇڭغا ئورا كولايدىغان، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمىگەندە ئالدىڭنىمۇ بولسا چىتلاپ باقىدىغان پەسكەش، كۆرەلمەس ئادەملەر ھەممىلا يەردە تېپىلىپ تۇرىدىكەن. بۇلاردىن باشقا يەنە ئىككى يۈزلىمىچىلەردىنمۇ ئالاھىدە ئېھتىيات قىل. يۈزىدە غېرىچ تۈكى بار بۇنداق كىشىلەر ئالدىڭدا سېنى ماختاپ كۆككە ئۇچۇرۇشى مۇمكىن، لېكىن ئارقاڭغا ئۆتۈپلا سېنى چىشلەپ تارتىدۇ، كەلسە-كەلمەس غەيۋەتىڭنى قىلىدۇ، باشقىلارغا سېنى يامان قىلىپ كۆرسىتىدۇ، سېسىتىش كويىدا تاپمىغان گېپى قالمايدۇ. بۇنى مەن ھەرگىز ئاساسسىز ھالدا بىكاردىن بىكار دەۋاتمايمەن. ئۈلۈشكۈن كەچتە بىرقانچەيلەن دەرۋازا ئالدىدا پاراڭ سېلىشىپ تۇرۇپتىكەن، قۇلاق سالسام، بىرى ساڭا شۇنداق پەسكەشلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇكى، غەزەپتىن قويقا چېچىم تىك تۇردى، ئۆزۈمنى

كەن. بۇرۇن مۇرىمەس ئىدىڭ، مانا ئەمدى گەپنى مارجان تىزغاندەك جايى-جايىغا كەلتۈرۈپ سۆزلىيەلەيدىغان بولۇپ قاپ-سەن، مانا بۇ باشلىق بولغانلىقنىڭ دۆلىتى. باشلىقلىق تەختى دېگەن ئادەمنى تاۋلايدىغان مەش، بۇ مەشتە قانچە كۆپ تاۋلانساڭ شۇنچە ياخشى، تاۋلانغانسېرى پىشىپ يېتىلىسەن، تاۋلانغانسېرى ئۆپرىماس گاڭغا، ھەتتا ئالتۇنغا ئايلىنىسەن. قىسقىسى، قانچە كۆپ تاۋلانغانسېرى شۇنچە ئەتىۋارلىشىسەن، ئورنىڭمۇ شۇنچە ئۆسىدۇ، شۇڭا بۇنداق ياخشى ئورۇننى ھەرگىز قولدىن بېرىپ قويما. قانداقلا بولمىسۇن، ئىككىمىز بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقداش ھەمدە قەدىناس دوستلاردىن. ئۆز ئارا كۆيۈنمىسەك، بىر-بىرىمىزنى قوللىمىساق بولامدۇ؟ ئارىمىزدا بەزى ئۇقۇش-ماسلىقلار بولغان بولسىمۇ، بۇنى توغرا چۈشىنىدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن. ئىنقىلاب مەنپەئىتى ھەممىدىن ئۈستۈن ئەمەسمۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەزىيەت تەقەززاسى شۇنداق بولۇپ قالدى، ئىرادەمگە قارشى ھالدا سېنى ئاز-تولا زەنجىتىپ قويدۇم، كۆڭ-لۈڭگە ئېلىپ كەتمە! ئادەمنىڭ ئېسىلى ئاداۋەت ساقلىمايدۇ، كەڭ قورساق بولىدۇ!

—ئۆتكەن ئىشلارنى تىلغا ئېلىپ نېمە قىلىسەن؟—دېدى قايىم جۇدۇنى ئۆرلىگەن ھالدا،—بىرەر ئىشىڭ بارمىدى-قان-داق؟ بولسا گەپنى تولا ئەگىتمەي ئۇدۇللا دەۋەرگىن، بولمىسا ئالدىمدىكى ماتېرىيالنى ئىشتىن چۈشكۈچە كۆرۈۋەتمىسەم بولمايتتى!

قاسىم قايىمنىڭ ئۆزىنى ھەيدەۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ قەستەن خۇپسەنلىك قىلىپ دېدى:

قىچىشىپ دەپ سالغانىمدۇ ياكى قاسىمنىڭ ئۆزى كاسىسىغا
بىرنى ئۇرۇپلا تاپقانىمدۇ؟ مەيلى كىم بولمىسۇن، شۇنداق ئىغ-
ۋانى توقۇپ چىقىشقا جۈرئەت قىلغان ئادەمنىڭ ياخشى نىيەتتە
بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ھەرھالدا ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلىپ
قويغانغا يەتمەيدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا قاسىم راستىنىلا ئۆزى-
نىڭ بۇرۇنقى قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ ۋىجدانىي ئازابقا
قالغان ئوخشايدۇ. بولمىسا بىكاردىن-بىكار ئاۋارە بولۇپ ماڭا
بۇگەپلەرنى يەتكۈزۈپ نىمە قىلىدۇ؟ ئۇ ئىيتقاندەك، قانداقلا
بولمىسۇن، بىز دىگەن يەنىلا ساۋاقداش-دە! ئۇ ساۋاقداشلىقنىڭ
يۈزىنى قىلىپ، مىنىڭ تۆھمەت قۇربانى بولۇپ زىيانكەشلىككە
ئۇچراپ كىتىشىمگە قاراپ تۇرغۇسى كەلمەي، مىنى ئىھتىيات
قىلىش توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇپ قويغىلى كەلگەن گەپ!...
قايىم يۇقىرىقىلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەندىن كىيىن ئۆزىنى
ئوڭشىۋىلىپ، سورىدى:

—ئىيتقىنا، قاسىم، شۇنداق بىمەنە گەپلەرنى تىپىپ يۈر-
گەن كىم ئۇ؟

—بۇ سەن ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس!—دىدى قاسىم چىرايىدا
پەيدا بولغان خۇشاللىق ئالامەتلىرىنى بىلىندۈرمەسلىككە تىرى-
شىپ، قەستەن بارماقلىرىنى قايرىپ قاس چىقىرىۋىتىپ،
—مۇھىمى شۇنداق بولمىغۇر كىشىلەردىن ھەزەر ئەيلەش! بۇ-
نىڭ ئالدىنى ئىلىش ئۈچۈن باياتىن مەن ئالاھىتەن سىراجىدىن
ئاكىنىڭ يىنىغا بىرىپ، بىر ھازا سىنىڭ ياخشى تەرىپىڭنى
قىلدىم، سىنى ئىنقىلابىي كومىتىتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا
ئۆستۈرۈش توغرىسىدا ئۆز تەكلىپىمنى بەردىم. مۇئاۋىن مۇدىر-

زورىغا بېسىۋالمىغان بولسام ئېڭىكىگە كېلىشتۈرۈپ ئىككىنى سالغان بولاتتىم. ھازىرچە بۇ خۇمپەرنىڭ ئېتىنى چىقارماي تۇراي، ئاراڭلاردا ئاداۋەت پەيدا بولۇپ قالمىسۇن. ئۇنىڭ ئۇنچۇۋالا چۇپەي بىرنېمە ئىكەنلىكىنى زادىلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. قاراپ تۇرسام نېمە دەيدۇ دېمەمسەن؟ ھەي، بولدىلا، بۇنداق بىمەنە ئۆسەك گەپلەرنى قايتا تىلغا ئېلىپ ئاغزىمنى بۇلغاپ نېمە قىلاي؟ قىسقىسى، ئۇنىڭ گېپى بويىچە بولغاندا سېنىڭ ھېلىقى ئايسىگۈل بىلەن غەيرىي نورمال مۇناسىۋىتىڭ بار ئىمىش. ناۋادا بۇ گەپ ئۇنىڭ ئېرىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالسا قانداق ئاقىۋەت يۈز بېرىدۇ؟ ئويلاپ باققىنا، بۇ ئويۇنشىدىغان كىچىك ئىشمۇ! يامىنىغا ئۆرۈلسە ئۆلۈم ۋەقەسى كېلىپ چىقمايدۇ دەپ كىم مەيدىسىگە ئۇرالايدۇ؟

قايىمنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى. ئۇ ئايسىگۈل بىلەن يېقىن قوشنا، ئىككى ئائىلىنىڭ بېرىش-كېلىشى قويۇق، بولۇپمۇ ھېيت-ئايەم يېقىنلاشقاندا بۇ ئىككى ئائىلىدىكىلەر بىرلىشىپ تەييارلىق قىلاتتى، توي-تۆكۈنلەرگە بىللە باراتتى. قاچا-قۇچا قاتارلىق كۈندىلىك لازىمەتلىكلەرنىمۇ سېنىڭ-مېنىڭ دەپ ئايرىپ كەتمەيتتى. ئاياللار ئادەتتە بىر-بىرى بىلەن ئاسانلىقچە چىقىشالمايدۇ، لېكىن قايىمنىڭ ئايالى بىلەن ئەكرەمنىڭ ئايالى ئايسىگۈل ئاچا-سىڭىللاردەك ئەپ ئۆتۈپ كەلمەكتە، ئەزەلدىن سەن-پەن دېيىشىپ قالغىنى يوق. قولۇم-قوشنىلارنىڭ ئىناق-ئىتتىپاق ئۆتۈشى ئالقىشلاشقا تېگىشلىك ئىشقۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈن بەزىلەر يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ بۇنى ئەر-ئاياللار مۇناسىۋىتىگە چېتىپ يۈرىدۇ؟ بۇ گەپنى بىرىنىڭ ئاغزى

شۇنچە جان تىكىپ قوغدىغان ئادەم دېگەننى بارغۇ، بېشىغا ئې-
لىپ كۆتۈرۈش كېرەك ئىدى، بېشىغا ئېلىپ! ھەي، بۇ ئىش-
لارغا نېمە دېگۇلۇككىن-تاڭ؟ لېكىن بۇ گەپلەرنى سەن ئاغزىڭ-
دىن چىقىرىپ سالما. ئۆزۈڭ بىلىپ قالساڭلا بولدى، كۆڭۈل-
چەكلىك قىلىپ خوتۇنىڭغا دەپ يۈرمىگىن يەنە! خوتۇن خەق
دېگەننىڭ ئاغزى بوش، بىر گەپنى ئاڭلىۋالدىمۇ، بولدى، بىر
كۈنگە قالماي پۈتۈن شەھەرگە يېيىپ بولىدۇ. ئۇنداقتا ھەر
ئىككىلىمىزگە پايدىسىز ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. سىراجىدىن
ئاكا "ئىككىسى تىل بىرىكتۈرۈپ مېنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى
بولۇۋاتقان ئوخشىمامدۇ!" دەپ ئويلاپ قالمىسۇن يەنە!
قايىم نېمە ئۈچۈندۇر قاسىمدىن مىننەتدار بولۇپ قالدى.
ئۆزىنىڭ دەسلەپتە ئۇنىڭغا قوللانغان قوپال پوزىتسىيىسىدىن
خىجىل بولۇپ، بۇرۇنقى چاغلاردىكىدەك قىزغىن مۇئامىلە قى-
لىش قارارىغا كەلدى.
— بوپتۇ! — دېدى ئۇ سوزۇنچاق يۈزىگە كۈلكە يۈ-
گۈرتۈپ، — ھېلىقى تۆھمەتخورنىڭ ئېتىنى چىقىرىش ئەپسىز
بولسا دېمىسەڭمۇ مەيلى، قېنى ئۆز ئىشلىرىڭ توغرىسىدا گەپ
قىلىپ بەرمەمسەن؟ ئائىلەڭدە نېمە بولدى؟
— بۇنى سورىمايلا قوي، ئاداش! — دېدى قاسىم جىنچىرى-
غىدەك پىلىلداپ تۇرغان كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ،
— سەھرالىق خوتۇندىن بىرنى ئالغانتىم، بۇنىڭدىن خەۋىرىڭ
بارغۇ دەيمەن. مىڭ قىلسا سەھرالىق دېگەن سەھرالىقلىقىنى
قىلىدىكەن، بۇلتۇر دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان ئوغلىمىزغا
ياخشى قارىماي، ئۆپكىسىگە سوغۇق تەگكۈزۈپ جېنىغا زامىن

دىن تۆتى بار دەۋاتامسىنا؟ سەن بەشىنچىسى بولساڭ نېمە بوپتۇ؟
! ھېلىقىدەك قۇلاقكەستىلەر سىراجىدىن ئاكىغا سېنى چاقماي
قالامدۇ؟ ئىشەنگىنكى، ئەمدى ھەرقانچە چاقسىمۇ بىكار، ئۇلار-
نىڭ گېپىگە ئىشەنمەيدۇ. چۈنكى مەن ئۇلاردىن بۇرۇن يۇقۇم-
لۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇكۇلى سالغانغا ئوخشاش
سىراجىدىن ئاكىنىڭ قۇلىقىغا ھەممە گەپنى قويۇپ بولدۇم، ئۇ
ھەممىنى چۈشەندى، ساڭا بولغان ئىشەنچىسى ھەسسىلەپ ئاش-
تى، ئەمدى باشقىلار ھەر نېمە دېسىمۇ سەندىن ھەرگىز گۇمان-
لانمايدۇ! مۇشۇنچىۋالا قىلغىنىمغا سەنمۇ سىراجىدىن ئاكا ئال-
دىدا مېنىڭ ئىككى ئېغىز ياخشى گېپىمنى قىلىپ قويغان بول-
ساڭ يامان كەتمەيتتى. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ ھېلىمۇ باشلىق
ئەمەسمۇ، گېپى ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەندىن ئاز-تولا ئاغ-
رىنىپمۇ قالغان. ئارىمىزدىكى ئۇقۇشماسلىقنى تۈگىتىشكە يار-
دەم بەرگەن بولساڭ قىلغان ياخشىلىقىڭنى ئۆلسەممۇ ئۇنتۇمايت-
تىم! ئاخىردا شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قويايكى، ئاداش، بۇ ئادەم
ياخشىلىقنى ئانچە بىلمەيدىغان ئادەمدەك قىلىدۇ. سەن ئۇنى
قوغدايمەن دەپ ئاز جاپا تارتتىڭمۇ؟ ئۇ شۇنچە قىلغىنىڭغا تۈش-
لۇق ساڭا زادى نېمە قىلىپ بەردى؟ ئەسلى سەن ئىدارە ئىنقىلا-
بىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلۈشكە تېگىش-
لىك ئىدىڭ، ئۇ سېنى كۆزگە ئىلمىغاندەك قاراپ تۇرۇپ بىر
بۆلۈمنىڭ باشلىقى قىلىپ قويۇپلا گۆشىيىپ ئولتۇرۇۋالدى.
گېپىنىڭ ئورامىدىن قارىغاندا چېقىمچىلار كىرىپ چاقسا، ئۇ-
لارنى قوغلاپ چىقىرىۋەتمەي، گېپىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان
ئوخشايدۇ. قارىماسەن، نېمىدېگەن نائەھلىلىك بۇ! ئۆزىنى

مىش-مىش پاراڭلارغا قارىغاندا قايىم تېخى سىراجىدىنىنىڭ ئورنىغا مۇئاۋىن مۇدىرلىققا ئۆستۈرۈلەر ئىمىش. بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاسىمنىڭ ئەرۋايى قىرىق گەز ئۇچتى، چېقىرغا مايىل سارغۇچ كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى. ”ئەمدى كەسكىن تەدبىر قوللانمىساڭ قاچان قوللىنىسەن، ئەخمەق! — دېدى ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان هالدا ئۆزىگە ئۆزى، — قان چىقارماي ئادەم ئۆلتۈرىدىغان يۇمشاق پىچىقىڭنىڭ بىسى قايرىلدى. ئۇنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىپ قولۇڭغا بىسى قايرىلماس گاڭ خەنجەر ئالىدىغان ۋاقىت كېلىپ قالدى. يۇمشاق قوللۇقلۇقۇڭ، رەھىمدىللىكىڭ قۇرۇپ كەتسۇن. يىلان-چايانلارنىڭ زەھەرلىك نەشتىرى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆزلىرىنى ئامان ساقلىيالايدۇ. باشقىلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا مىجىلىپ كەتكەندىن كۆرە، ئۇلارنى چېقىپ ئۆلتۈرگىنىڭ ئەۋزەل. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا كىممۇ سېنى ئەيىبكە بۇيرۇيالىسۇن؟! ئەڭ ياخشىسى رەقىبىڭنى تۇيدۇرماي چېقىۋال، ئاندىن ئىچ ئاغرىتقان بولۇپ يارىسىغا شىپالىق بەرمەيدىغان دورا سۇركەپ قوي، ئۇ جەھەننەمگە سەپەر قىلىۋاتقاندىمۇ سەندىن مىننەتدار بولىدىغان بولسۇن!...“

قاسىم يۇقىرىقى ئوي-خىيالى بويىچە شۇنداق ئەپچىل بىر تەدبىر قوللاندىكى، قايىم ئۆزىنىڭ نېمە جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلىشكە ئۈلگۈرمەيلا ساقچىلار تەرىپىدىن تاپىنى يەرگە تەگكۈزۈلمەي ئەكىتىلىپ، قاراڭغۇ تۈرمىگە تاشلاندى. چۈنكى كۈرەش ئاكتىپلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىكى گېزىتنىڭ بىر بۇرجىكىدىن ”ئىزباسار“غا ھۇجۇم قىلىپ يېزىلغان بىر ”ئەكسىيەتچى“ شېئىرنى بايقاپ قېلىپ دەرھال ساقچىغا

بولدى، غەزىپىمگە پايلىماي قوڭىغا تېپىپ ئۆيدىن قوغلاپ چە-
قاردىم. ھېلىمۇ ياخشى، قولۇمدا ھوقۇق بارچاغدا يەنە بىر
خوتۇن ئېلىۋالغىنىم، بولمىسا ھازىرقىدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ
قالغاندا خوتۇن ئالاي دېسەم كىممۇ ماڭا تېگەتتى دەيسەن؟ ھازىر-
قى خوتۇنۇمنىڭ چىرايى ئاق سېرىققا مايىلراق، بۇرۇنقى خوتۇ-
نۇمدەك بۇغداي ئۆڭلۈك بولمىسىمۇ خېلىلا چىرايلىق، پىگورى-
سىمۇ يامان ئەمەس، بويى مەن بىلەن تەڭ. بەك پاكارئىكەن
دەمسىنا؟ ئۆزۈمنىڭ بويى مۇشۇنچىلىك تۇرسا، ئۇنىڭدىن ئېگىز
خوتۇن ئېلىۋالسام قانداق بولغىنى؟ خوتۇن دېگەننىڭ بويى ئېرى-
دىن ئېگىز بولماسلىقى كېرەك، بولمىسا زادىلا قاملاشمايدۇ!
يامان يېرى ئۇنىڭ خىزمەت ئورنى ئىدارىمىزدىن يىراقراق، يۇڭ
توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا ئىشلەيدۇ. قولۇڭدا ھوقۇق بولغاندى-
كىن، ئىدارىمىزگە يۆتكەپ قويۇشقىمۇ ياردەم بېرەرسەن؟

قاسىم قايىمغا ئۆزىگە ياردەم بېرىش ۋە يامانلاردىن ئېھتى-
يات قىلىش توغرىسىدا يەنە بىرھازا جېكىلىگەندىن كېيىن،
ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىن يېنىپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇ
قايىم ۋە سىراجىدىننىڭ يېنىغا باپكارنىڭ موكىسىدەك چېپىپ
يۈرۈپ يېرىم يىلدەك ۋاقىتنى سەۋرچانلىق بىلەن ئۆتكۈزدى.
لېكىن ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايۋاتاتتى، سىراجىدىن ئۇنىڭ
ئارزۇ قىلغىنىدەك قايىمنى بۆلۈم باشلىقلىقىدىن ئېلىپ تاش-
لاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا قاسىمنى قويمىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن
سىراجىدىندىن ئاغرىنسا، يەنە بىرتەرەپتىن ئۇنىڭ قايىمغا بول-
غان ھەسەتخورلۇقى ئېشىپ، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان، گېلى-
دىن تاماق ئۆتمەيدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. يېقىندا تارقالغان

نى بىر ئاز بوشىتىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بولغان مىننەتدار-
لىقىنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلمەي مەڭدەپ قالدى بولغاي ئەتى-
مالىم، ئاغزىنى ئۆمەللىگىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ نېپىز
لەۋلىرى بىرنېمە دېيىشكە تەمشىلىۋاتقاندەك يېنىك تىترەيتتى-
يۇ، لېكىن ئاغزىدىن قۇلاققا ئاڭلانغۇدەك سادا چىقمايتتى.
قاسىم بەھرىنىسانىڭ قۇچىقىدىن بالىسىنى قولىغا ئېلىپ ئەر-
كىلەتكەچ يۈرىكى مۇجۇلۇپ كەتكەن بۇ ئايالغا ئاكىلارچە نەسى-
ھەت قىلدى. ھەرگىز كۆڭلىنى يېرىم قىلماسلىقىنى، قايىمنىڭ
ئاقلىنىپ تۈرمىدىن تېزرەك چىقىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھەدەپ
يول مېڭىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى خېلىلا خاتىرجەم قىلىپ
قويدى. بۇ ئايالنىڭ نەزەرىدە قاسىم قايىمنىڭ باشقا كۈن چۈش-
كەندە جانغا ئەسقاتىدىغان ئىشەنچىلىك چىن دوستى، ۋىجدان-
لىق، ئەخلاقلىق، كۆيۈمچان ئادەم بولۇپ قالدى.
قاسىم ئۆز ئارزۇسىنىڭ تېزرەك ئەمەلگە ئېشىشىنى
سەۋر-تاقەت بىلەن بىر-ئىككى ئايدەك كۈتۈپ باقتى، سىراجى-
دىنىڭ يېنىغا كەشىنىڭ چەمى تېشىلىپ كېتىۋاتقىنىغا قارىماي
يۈگۈرۈپ، ئۆزىنىڭ سادىقلىقىنى قايتا-قايتا ئىزھار قىلدى،
ئۇچۇقتىن-ئۇچۇق دېيەلمىسىمۇ قايىمنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى قو-
يۇش توغرىسىدا ئېنىق بېشارەت بەردى. لېكىن ئەمەل تاجىنىڭ
ئۆز بېشىغا تېزرەك كىيدۈرۈلۈشىدىن ھېچقانداق شەپە بولمايۋا-
تاتتى. ئەجەبا، تەقدىر ئۇنىڭ بىلەن قېيىشىۋاتامدىغاندۇ؟ ئۇ
قايىمنى قانداق موللاق ئاتقۇزۇش ئۈستىدە ئاز باش قاتۇردىمۇ؟
ئۇنىڭ پۇچۇركىسىنى دوراپ مەشق قىلىۋېرىپ بېغىشىنى ئالال-
ماي قالغىنىنى ئاز دېگەندەك، قانچىلىغان كېچىنى ئەپچىل

مەلۇم قىلغان. تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش نەتىجىسىدە پۇچۇركا قا-
يىمنىڭ پۇچۇركىسى بىلەن ئوپموئوخشاش بولۇپ چىققانىدى.
قايىم تۇتۇپ كېتىلگەن شۇ ئاخشىمى قاسىم ئاجايىپ راھەتلىنىپ
ئۇخلىدى، نۇرغۇن شېرىن چۈشلەرنى كۆردى. بۇ چۈشلەرنىڭ
تەڭدىن تولىسى ئۆزىنىڭ ئەتىسىلا قايىمنىڭ ئورنىغا بۆلۈم باش-
لىقى قىلىپ ئۆستۈرۈلگەنلىكىگە، ئاندىن كېيىن ئامال قىلىپ
سىراجىدىننى يىقىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ
مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ، يىغىن مەيدانىغا پاتماي قالغان ئاممىغا
دوكلات بېرىۋاتقانلىقىغا، ئاخىردا چوڭ باشلىق بولۇپ، پىكاپقا
ئولتۇرۇپ كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا قوللىرىغا گۈل دەستە
تۇتقان پۇقرالارنىڭ خۇشال-خۇرام تەنتەنە قىلىشىپ ئۆزىگە بول-
غان ئىززەت-ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈۋاتقانلىقىغا، ھەتتا بەزىلەرنىڭ
ھاياجان ئىلكىدە كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ ”ياشىسۇن قاسىم!“ دەپ
ۋارقىرىشىۋاتقانلىقىغا ئائىت مەنسەپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك چۈش-
لەر ئىدى. ئۇ تاڭ سەھەردە ھاياجانلانغان ھالدا ئورنىدىن تۇ-
رۇپ، ساقال-بۇرۇتلىرىنى پاكىز ئالدى، يۈز-كۆزىنى نەچچە
قېتىم سوپۇنلاپ يۇدى، ئالدىرىماي چېيىنى ئىچتى. ئاندىن
قايىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ ئىككى ياشلىق ئوغلىنى باغرىغا
چىڭ بېسىپ كۆز يېشى قىلىپ ئولتۇرغان ئايالى بەھرىنىساغا
تەسەللى بەردى. ئۇنىڭغا قىيىنچىلىقى بولسا تارتىنماي ئېيتىد-
شىنى تاپىلىدى. ئۆزىنىڭ قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىشكە
ھەرقاچان تەييار ئىكەنلىكىنى قايتا-قايتا ئىزھار قىلدى. بىچارە
بەھرىنىسا بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي
ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى. ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ ئىچد-

مەنپەئەت، ئابروي-شۆھرەت ئۇنىڭ غەيرىتىگە غەيرەت قوشتى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەلەي كېمىسىنى تەۋەككۇل دەرياسىغا سېلىپ
ۋەھىمە دولقۇنلىرىنى يېرىپ ئۆتۈپ، كۆزلىگەن بىرىنچى نىشانغا
ئامان-ئېسەن يېتىۋالدى، ئەمدى گەپ ئىككىنچى نىشانغا يېتىش-
تە قالدى. ئەپسۇسكى بۇ نىشانغا يېتىش ئۆزى ئويلىغاندەك
ئۇنچىۋالا ئاسان بولمىسا كېرەك. شۇنداقتىمۇ بىر ئامال قىلىپ
بۇ نىشانغا يەتمىسە سىڭدۈرگەن شۇنچە كۆپ ”ئەجرى“ بىكارغا
كەتمەمدۇ؟ شۇنچە خۇشامەت قىلغىنى ۋە يېلىنىپ يالۋۇرغىنىغا
قارىماي ”قوغدىغۇچىلار تەرەپدارلىرى“ كاتتىباشلىرىنىڭ سو-
غۇق كۆز بىلەن قارىشى، سىراجىدىنىنىڭ نادانلىق قىلىپ كەتكۇ-
زۇپ قويغان يەرلىرىنى كەچۈرۈشنى خالىماي ئىچىدە غۇم-ئادا-
ۋەت ساقلاۋاتقاندەك مۆرىمەي جىم تۇرۇۋېلىشى ئۇنىڭ جېنىغا
تېگەتتى، ئوغىسىنى قايناتاتتى، قولىدىن كەلسە ئۇلارنىڭ ھەم-
مىسىنى ئېزىقىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ چايناپ پۇركۇۋەتكۇسى كې-
لەتتى. ئۇ شۇلارنى ئويلىغانسېرى ئازابلىناتتى، ھەسەت ئوتىدا
ئۆرتىلىپ ئەلەم بىلەن تولغىناتتى، كېچىلىرى ئۇيقۇدىن بىدار
بولۇپ ئاھ ئۇراتتى. چۈشىنىش كېرەككى، ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىن
ساۋاقدىشى، قەدىناس ئاغىنىسىنى بۇرۇنقى پۇقرالىق ئورنىدا
تۇرۇۋېرىش ئۈچۈن قۇربان قىلمىغان-دە! ئۆز كاللىسىنىڭ كې-
تىپ قېلىشىدىن قورقماي تەۋەككۇلچىلىك قىلغىنىغا يارىشا
بەخت-تەلەي ئۇڭ كۆزىدە قاراپ قويسا نېمە بولىدۇ؟ ھەي كاج
پەلەك! ھەي شور پېشانە!...

قاسىم ئەمەل تەمەسىدە يۇقىرى-تۆۋەن پايپاسلاپ يۈرگەن
كۈنلەردە قايىم ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپتىمىش دېگەن

پىلان تۈزۈش بىلەن ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپ كۆزلىرىنى قىزىلمۇچ-
تەك قىزارتىۋالغىنىچۇ تېخى! ھەممىدىن قورقۇنچلۇقى، ئادەم
يوق پۇرسەتنى پايلاپ تۇرۇپ، قايمىنىڭ ئىشخانىسىغا غىپپىدە
كىرىپ، ئۇنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلالايدىغان ھېلىقى شوئارنى
گېزىتنىڭ بىر بۇرجىكىگە يېزىپ قويۇپ، تۇيدۇرماي قۇيرۇقنى
خادا قىلىۋېتىش بولدى. گەرچە بۇ ئىش بىر مىنۇت ئىچىدىلا
ئورۇندىلىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ بىر مىنۇت ئۇنىڭغا
بىر ئەسىردىن ئۇزۇنراق تۇيۇلدى، يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ قې-
پىدىن چىقىپ كەتكىلى تاس-تاماس قالدى، پۈتۈن ئەزاسى قارا
تەرگە چۆمۈلدى، چېكە تومۇرلىرى ھېلىلا ئېتىلىپ كېتىدىغان-
دەك لوقۇلداپ كەتتى. دېمىسىمۇ بۇنى چاندۇرۇپ قويىدىغان
بولسا قايمىغا كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشۈپ كېتىپ ھالاك
بولۇشى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىش ئىدى. بۇ
ئوينىشىدىغان كىچىك ئىشمۇ! ھېلىمۇ ياخشى، خۇدا ئۇنىڭ
تىلىكىنى ئىجاۋەت قىلغاندەك، شۇ مىنۇتتىكى خۇپىيانە ھەرى-
كەتلىرىگە "يامان"لارنىڭ كۆزى چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىدى.
قاراپ تۇرۇپ ئۆزىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا چىقىۋېلىپ يۈرىكىنى
خۇن قىلىۋاتقان رەقىبىنى كۆزدىن يوقىتىش ئىستىكى ئۇنىڭ
بارلىق قورقۇنچ، غەم-ئەندىشە، تەشۋىش، ئىككىلىنىشلەر ئۈس-
تىدىن غالىب كېلىشكە ياردەم بەردى. ئاللىقانداق بىر يېرىنى
توختىماي غاجىلاۋاتقان ھەسەت قۇرتى ئۇنىڭ مىدىرلاپ بېقىشىغا
سەۋەبچى بولدى. خىيال تۆرىدە كۆز يېغىنى يەپ ۋالىلداپ
تۇرغان ئەمەل تاجى ئۇنىڭغا چەكسىز ئىلھام، كۈچ-قۇۋۋەت
بەخش ئەتتى. ئەمەلگە ئېرىشكەندىن كېيىن كېلىدىغان پايدا-

دەككە كەلتۈرەتتى. ئىككىلىنىپ قالغۇچىلارغا ۋەزىيەتنى ئېنىق
چۈشەندۈرۈپ، ئۆزىنى قوللىسا ھەرگىز زىيان تارتىپ قالمايدى-
غانلىقى توغرىسىدا بېشارەت، بەل قويۇۋەتكەندە يەل بېرەتتى.
يېقىن كەلمىگەنلەرگە ئوچۇقتىن- ئوچۇق تەھدىت سالاتتى،
"كېيىن پۇشايماننى ئالىدىغانغا قاچا تاپالماي قالماڭلار
يەنە!" دەپ ئاگاھلاندۇراتتى. دېگىنىنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ ئۆ-
زىنى قوللاشنى خالىمايدىغانلار ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سالاتتى،
گەپ توشۇپ، پىتنە-ئىغۋا تارقىتىپ زىددىيەت تۇغدۇراتتى. بۇ
ھەرىكەتنى كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتىپ بولمىغۇچە توختات-
مايتتى. ئۇلارنىڭ ئۆچەكىشىپ بىر-بىرىنىڭ گېلىدىن سىقى-
شىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە "خوپ بولدى!" دەپ سوغۇق كۈلگىنى-
چە نېرىدا تۇرۇپ تاماشا كۆرەتتى. بۇلارنى قاملاشتۇرالمىغاندا،
ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدا ئەپچىللىك بىلەن جېدەل تېرىپ، نى-
كاھتىن ئاجرىشىش ۋەقەسىنى پەيدا قىلغان چاغلىرىمۇ بولاتتى.

قاسىم قوللانغان يۇقىرىقى چارىلەر "ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇ-
رۇش شامىلىغا قايتۇرما زەربە بېرىش" كۈرىشى ئەۋجىگە چىققان-
دا خېلى ئەسقېتىپ قالدى، ئۇ باشلامچىلىق بىلەن سىراجىدىنغا
ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ كونا قائىدە-تۈزۈملەرنى "غالجىرلىق
بىلەن" ئەسلىگە كەلتۈرگەن، ئىسيانچىلارنى چەتكە قېقىپ ۋە
ئۇلارغا زەربە بېرىپ، "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ مول مېۋى-
لىرى"نى ئىنكار قىلغان يېڭى جىنايەتلىرىنى بارغا يوقنى قو-
شۇپ راسا پاش قىلدى، ئەگەشكۈچىلىرى ھە-ھۇ دېيىشىپ بەر-
دى. شۇنىڭ بىلەن بىرەر قۇر تەرتىپكە سېلىنىپ، ئىشلىرى
يۈرۈشۈشكە باشلىغان ئىدارىمۇ "كونىنى تىرىلدۈرۈش بىلەن

خەۋەر ئىدارىمىزگە تارقالدى. شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتتە ناھەق كەتكەن بۇ بىچارىگە ياردەم بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇ توغرۇ-لۇق ئىككى ئېغىز لىللا گەپ قىلىپ قويغان ئادەممۇ ئۆز جېنى-نىڭ ئامان قېلىشىغا ئىشەنچ قىلالمايتتى. بىزنىڭ قىلالىغىنى-مىز ناھايەت كۆز يېشىمىزنى ئىچىمىزگە ئاققۇزۇپ، بىلىندۈر-مەي ھېسسىداشلىق قىلىش، ئېچىنىش بولدى. كۈرەش ئاكتىپ-لىرى بولسا بۇ ”ئۇلۇغ غەلىبە“گە تەنتەنە قىلىشتى. دەبدەبىلىك يىغىن ئېچىپ، قايىمنىڭ ”چېكىدىن ئاشقان جىنايەتلىرى“نى پاش قىلدى. دىكتاتۇرا ئورگىنىنىڭ ”ئىنقىلابىي ھەرىكىتى“نى قوللىدى. بەختىگە يارىشا ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىش ئالدىدا ”13-سېنتەبىر“ ۋەقەسى يۈز بەردى. قايىم ئامان قالغان بولسى-مۇ، لېكىن ”مەسىلىگە تارىخىي نۇقتىئىنەزەر بويىچە قاراش كېرەك، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىزباسارغا قارشى تۇرغىنىنى توغرا قىلغان دېگىلى بولمايدۇ“ دېگەن غەلىتە سەپسەتىنىڭ بازار تېپى-شى تۈپەيلىدىن ئۇ ۋاقتىدا قويۇپ بېرىلمىدى. بىر مەزگىل قاسىمنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۆزى يالغۇز ھەرىكەت قىلىپ ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن، بىرەر مىنۇت جىم يېتىشنىمۇ خالىمايدىغان بۇ ئادەم بارلىق كۈچىنى ئۆز ئەتراپىغا شېرىك ۋە قوللىغۇچىلارنى توپلاشقا قاراتتى. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئوخشاشمىغان چارى-لەرنى قوللاندى. ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغان، شۆھرەتكە بېرى-لىدىغانلارنى چىرايلىق سۆز-ئىبارىلەر ۋە ئۆزىگە ئەگەشسە كەل-گۈسىدە قانداق نەپ بېرىدىغانلىقى، قانداق شۆھرەت-ئابرويغا ئىگە قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئاجايىپ ۋەدىلەر بىلەن ئىن-

بىرىنچى قىلغان ئىشى نېمە بولدى دېمەمسىز؟ ھېلىقى كاتتىباش شەرىپىگە كاتتا زىياپەت بەردى. تىترەڭگۈ ئاۋازى بىلەن ئۇزۇن-دىن-ئۇزۇنغا سوزۇلغان قەدەھ سۆزى سۆزلەپ، ئۇنىڭ ”مەدە-نىيەت زور ئىنقىلابى“غا قوشقان ”ئۆچمەس تۆھپىلىرى“نى بىر ھازا ماختىدى، ئاندىن تۈنجى رومكىنى ئۆزىنى ئۆستۈرۈپ قوي-غان شەپقەتچىسىنىڭ تەن سالامەتلىكى ئۈچۈن كۆتۈرۈۋەتتى. ئىككىنچى قىلغان ئىشى بۆلۈمىمىزدە سىراجىدىنىنىڭ كۆرسەت-مىسى بويىچە تۈزۈپ بېكىتىلگەن ئەقىلگە مۇۋاپىق قائىدە-تۈ-زۈملەرنى بىكار قىلىش بولدى. ئەگەر ”تۆت كىشىلىك گۇرۇھ“ يوقىتىلىپ، ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“دىن ئىبارەت ئىنساند-يەت تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇنداق چوڭ بالايىئاپەتكە ۋاق-تىدا خاتىمە بېرىلمىگەن بولسا ئۇ يەنە نېمىلەرنى قىلاتتىكىن--تاڭ؟

خاسىيەتلىك نەۋ باھار كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، بىر چەتتە توختىتىلىپ قويۇلغان سىراجىدىن قايتىدىن ئىدارىنىڭ باشلىق-لىقىغا تەيىنلەندى. قاسىمنى بىز تېخى ”ئەمدىغۇ بولمىغۇر قى-لىقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، خۇشامەت تەخسىسىنى چېقىپ تاش-لاپ، ئادەم بولۇپ قالار“دەپ ئويلاپتىكەنمىز، نەدىكىنى! سىرا-جىدىن ئىدارە باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن شۇ كۈنى ئاخشىمىلا قاسىم يەنە يۈزىنى داپتەك قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە ”تەبرىكلەش“-كە ۋە ”قەلبىنى ئىزھار قىلىش“قا باردى. باشلىق دېگەن بەرد-بىر باشلىق ئىكەن، ئۇلارنىڭ كەڭ قورساقلىقىنى ماڭا ئوخ-شاش ئادەتتىكى پۇقرالار دورىيالمىغۇدەك. مەن بولسام ئۇنى شۇ ھامان ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغان بولاتتىم، لېكىن سىراجى-

تىرىلدۈرۈشكە قارشى كۈرەش" پاتقىقىغا سۆرەپ كىرىلدى. قا-
سىم ئىدارە ھوقۇقىنى قايتىدىن تارتىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولغان
ئىسيانچىلار كاتتىبېشىغا يېقىندىن ماسلىشىپ، كۈرەش يىغىن-
لىرىدا سىراجىدىننى يېڭى جىنايەتلىرىنى تاپشۇرۇشقا قىستايت-
تى. ئۇنى بۇرۇن قانداق ماختاپ كۆككە ئۇچۇرغانلىقىنى، ئال-
دىدا يېلىنىپ قىلمىغان خۇشامەتلىرى قالمىغانلىقىنى ئۇنتۇپ
قالغاندەك، جەينىكىگىچە تۈرۈۋالغان كالتە قولىنى شىلتىپ،
ئۇنىڭ ئۆزىگە قانداق زىيانكەشلىك قىلغانلىقى ئۈستىدە كۆز
ياشلىرىنى تۆكۈپ شىكايەت قىلاتتى. "چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى،
مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ مول مېۋىلىرىنى كۆرمىگەن كۆ-
زۈڭ مۇشۇمۇ!" دەپ بارمىقىنى بىگىزدەك ئۇچلاپ، سىراجى-
دىننىڭ ئۆزىگە غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇرغان كۆزىگە تىقاتتى.
ئاخشاملىرى ئىسيانچىلار كاتتىبېشىنىڭ ئۆيىگە سوۋغا-سالاملار-
نى كۆتۈرۈپ كىرىپ، ئۇنىڭ "ئىنقىلابىي شىجائىتى"، "كىشى-
نى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ قابىلىيىتى"نى تازا قاملاشتۇ-
رۇپ ماختىۋەتكەندىن كېيىن ئۆز مۇددىئاسىغا كۆچۈپ، ئۆزىنى
بۆلۈم باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلاتتى. ئىسيان-
چىلار كاتتىبېشى ئۇنىڭ ئۆزىگە سالجىدەك چاپلىشىۋېلىشىدىن
بالدۇرراق قۇتۇلۇش ئۈچۈنمىكىن ياكى قۇيرۇق شىپپاڭشىتىشىۋې-
رىشىدىن تەسىرلىنىپ قالغانلىقىنىمىكىن، ئىشقىلىپ ئۇنى بۆ-
لۈمىمىزنىڭ ۋاقىتلىق مەسئۇلى قىلىپ قويدى، ئوھۇي! "مانتا
كۆرمىگەن قەلەندەر قاسقانىغا دۈم چۈشۈپتۇ" دېگەندەك، ئۇنىڭ
بۇ چاغدىكى خۇشاللىقىنى بىر دېمەيلا قويۇڭ! تېرىسىگىلا ئە-
مەس، جاھانغىمۇ سىغماي قالدى! ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىنكى

بىر كۈنى كەچتە ئۇ ئازراق ئىچىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، بەھرىنىسانىڭ ئۇخلاپ قالغان ئوغلى يېنىدا ئېرىنىڭ رامكىغا ئېلىنغان سۈرىتىگە قاراپ كۆز يېشى قىلىپ غەمكىن قىياپەتتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى.

— قايىمنى سېغىنىپ قالغان ئوخشىمامىلا؟ — قاسىم تاماكا ئىسىدا سارغىيىپ كەتكەن ھىڭگاك چىشلىرىنى چىقىرىپ ھىجايدى، — شۇ ئاداشنى دەيمەن، ئۇنداق ئەكسىيەتچى شوئارنى يېزىپ نېمە قىلاتتى؟ ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى دەۋېلىشنىلا ئويلىماي، سىلەرنى كۆپرەك ئويلىغان بولسىغۇ ھەرگىزمۇ بۇنداق پاجىئە يۈز بەرمىگەن بولاتتى. راستىنى ئېيتسام، مېنىڭ سىلىدەك چىرايلىق، كۆيۈمچان خوتۇنۇم بولغان بولسىچۇ، بوينۇمغا قىلىچ تەڭلەپ تۇرسىمۇ ئۇنداق ئەخمىقانە ئىشنى قىلىپ يۈرمىگەن بولاتتىم.

بەھرىنىسا ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى. قاسىمنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ يۈرەك يارىسىغا نەشتەر بولۇپ ئۇرۇلغانىدى. ئۇ مىڭ قىلسا تېخى ياش ئەمەسمۇ، ئەمدىلا 25 ياشقا كىردى، ئۇن گۈلنىڭ بىرى ئېچىلماستا تىرىك تول خوتۇن بولۇپ قالدى. چىرايى قاسىم ماختىغاندەك ئۇنچىۋالا چىرايلىق بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا ئەل قاتارى. قايىمنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا مېھرى ئىسسىق، ئاياللارغا خاس ناز خۇلقى بار، مىجەزى مۆتىدىل، بەزى ئاياللاردەك ھەدېسىلا جېدەل چىقىرىپ ئېرىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ يۈرمەيدىغان، ئېرىگە كۆيۈنۈشنى، دەردىگە دەرمان بولۇشنى، ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشنى بىلىدىغان ئايال ئىدى. قايىم ئۇنىڭ سەپكۈن ئىز سېلىپ ئۆتكەن دوغىلاق، ئاق پىشماق

دىن ئۇنداق قىلمىدى. ئارىدا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ھال-ئەھ-
ۋاللاشتى، ئالدىغا چاي-پاي كەلتۈردى، ئۇنىڭ ماختاشلىرىدىن
تارتىپ تەكلىپلىرىگىچە كۆڭۈل قويۇپ، زېرىكمەي ئاڭلىدى،
ئاندىن "ياخشى نىيىتى"گە رەھمەت ئېيتىپ، چىرايلىق ئۇزى-
تىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ۋاقىتنى سىراجىدىننىڭ
ئۆيى بىلەن ئىشخانىسى ئارىلىقىدا دوملاش بىلەن ئۆتكۈزۈپ،
"ۋاقىتلىق مەسئۇللۇق" ئورنىنى ساقلاپ قېلىشقا شۇنچە تىرىش-
قان بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر، تەلىيى ئوڭدىن كەلمەي قالدى.
تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن قايىم قايتىدىن بۆلۈم باشلىقلىقىغا
تەيىنلەندى. قاسىم ئاچچىقىدا ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بول-
دى. ھېلىمۇ ياخشى، شۇ چاغدىلا ئۇ "يىراقنى كۆرۈپ" قايىم
ئائىلىسىنىڭ ھالىدىن ئانچە-مۇنچە "خەۋەر ئېلىپ تۇرغىنى!"
بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئايالى بەھرىنىسا قاسىمدىن تولىمۇ مىننەتدار
ئىدى. ئاياللار نېمىدېگەن گول خەق-ھە! قاسىم ئۇنىڭ ئېرىنى
كۆپ باش قاتۇرۇپ ئەپچىللىك بىلەن قۇرغان قاپقانغا تۇيدۇرماي
دەسسەتتى. ئارقىدىن ئۇلارنىڭ بەختسىزلىكىگە ئېچىنغان بو-
لۇپ، مىڭ تەسلىكتە زورلاپ چىقارغان ئىككى تامچە كۆز يېشىغا
تەسەللى كەۋسىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئېرىنىڭ دەردىدە قاقشاپ
ھالسىرىغان، ئاچچىق ئەلەم يۇتۇپ يۈرىكى خۇن بولۇپ كەتكەن
بىچارە ئايالغا تۇتۇۋېدى، ئويلىمىغان يەردىن ئۇ ئاسانلا ئېرىپ
قالدى. قايىم قولغا ئېلىنىپ بىر يىلغىچە قاسىم يەنە تېخى
سېخىيلىقى تۇتۇپ كەتسە بىرەر جىڭ گۆش، بەش-ئون تۇخۇم
ئېلىپ كىرىپ ئۇنىڭدىن ھال سوراپ تۇردى. پۇل خەجلەشكە
قولى تىترىگەن چاغلاردا ئۇتۇن يېرىپ، كۆمۈر توشۇپ بەردى.

ھەقىقىي سىرىنى بېرىدىغان؛ مەلۇم مۇددەتتىغا يېتىۋېلىش ئۇ-
چۇن دۇنيادىكى بارلىق چىرايلىق سۆز-ئىبارىلەرنى مەشۇت يە-
پىغا مارجان تىزغاندەك تىزىپ كۆز-كۆز قىلىپ چاقنىتىپ،
خۇشاللىقتىن ئەس-ھوشىمىزنى يوقىتىپ، بىھوشلۇق ئىلكىدە
يۇمۇلۇشقا باشلىغان كۆزىمىزنى ماھىيەتتىكلارنى كۆرۈۋېلىش
ئىقتىداردىن مەھرۇم قىلماي، بەلكى گۈزەلنى گۈزەل، سەتنى
سەت دەپ لىللا گەپ قىلىدىغان ئادەملەرمۇ بارمىدۇ؟ ئۇنداقلار
بولسىمۇ باردۇ، لېكىن بىز ئاياللارچۇ؟ راست گەپ قىلغان
ئەرنى ياخشى كۆرىمىزمۇ؟ ئالدىمىزدا قاراپ تۇرۇپ ”سەن
سەت!“ دېسە يۈزىگە تەتۈر كاچات بىلەن سېلىشقا جۈرئەت قىلالا-
مىساقمۇ، ھېچ بولمىغاندا ھەرقانچە يېلىنىپ تۇۋلىسىمۇ ئارقى-
مىزغا قاراپمۇ قويماي كېتىپ قالىمىز، سەت بولساقمۇ: ”سىز
ئۇنداق گۈزەل، بۇنداق گۈزەل، پەرىزاتتىن قېلىشماي-
سىز...“دەپ ماختىغىلى تۇرسا ”قاراپ تۇرۇپ بۇنداق يالغان
گەپلەرنى قىلىشقا يۈزىڭىز قانداق چىدىدى؟!“دېمەي. ھۇزۇر-
لىنىپ ئاڭلايمىز، بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ھەي ئىنسانىيەت
دۇنياسى، قېنى ئېيتىپ باققىنا، نېمە ئۈچۈن ئادەملەرنىڭ ھە-
قىقەتنى كۆرەر كۆزى يوق؟ ”راست گەپ تاشنى يارىدۇ“ دېيىشى-
دۇ، نېمە ئۈچۈن تاشنى يارالىغان شۇ راست گەپلەر ئىنسانلار-
نىڭ قۇلىقىغا ياقمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلار ساختىلىقنىڭ رەزىل-
لىكىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە شۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قالىدۇ؟ بۇ
زادى نېمە ئۈچۈن؟ كىم بۇنىڭغا ئادەم قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب
بېرەلەيدۇ؟ شۇنىڭدىن قارىغاندا ئىككى يۈزلىمچىلەرنىڭ، ساخ-
تىپەزلەرنىڭ ئارىمىزدىن بازار تېپىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس

يۈزىنى قوپال بارماقلىرى بىلەن مۈلايىمغىنە سىيلىغاچ: ”سىز
مېنىڭ قەلبىم تۆرىدىكى پەرىشتەمسىز، ماڭا نىسبەتەن ئېيتقان-
دا، بۇ جاھاندا سىزدىن گۈزەل ئايال يوق، سىزنى جېنىمدىن
ئارتۇق كۆرىمەن!...“ دەپ ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا نەقەدەر ئامراقلىقى-
نى بىلدۈرەتتى. لېكىن شۇنداق دېگەن ئادەم قاراپ تۇرۇپ
ئۇنىڭ بەختىگە ئولتۇردى، بىللە ئۆتكۈزگەن كۆڭۈللۈك چاغلار-
نى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندەك تەلۋىلەرچە قاراملىق قىلىپ
قاراڭغۇ تۇرمىدە يېتىشنى ئۇنىڭ قۇچىقىدا يېتىشتىن ئەلا كۆر-
دى. شۇڭا ئۇ ئېرىنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىدىن گۇمانلىنى-
شقا تامامەن ھەقلىق. دېمىسىمۇ راست ئەمەسمۇ، ئۇنى شۇنچە
ياخشى كۆرگەن ئادەم نېمە ئۈچۈن قاسىم ئېيتقاندەك ”قەلب
تۆرىدىكى پەرىشتىسى“نىڭ بەختىنى ئويلاپ قويمايدۇ؟ ئۇنى ئوي-
لىمىغان تەقدىردىمۇ ئۆز پۇشتىدىن تامغان پەرزەنتىنىڭ ئىستىق-
بالىنى ئويلاپ قويسا بولمامدۇ؟ ئۇنىڭغا ئۇنداق قاراملىق قىلىڭ
دەپ كىم قويۇپتۇ؟ گېزىت بۇرجىكىگە شوئار يېزىپ قويغاندىن
نېمە پايدا؟ ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇنىڭ دېگەنلىرى چىن يۈرىكى-
دىن ئۇرغۇپ چىققان سۆزلەر ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى رام قىلى-
ۋېلىش ئۈچۈن ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا دەپ قويغان سۆزلەر ئىكەن-
دە! ئەمدى قايىمىنىڭ دوستى قاسىممۇ ئۇنى شۇنىڭغا ئوخشىشىپ
كېتىدىغان سۆزلەر بىلەن ماختاۋاتىدۇ، پەرىشتىدىنمۇ گۈزەل
قىلىپ تەسۋىرلەۋاتىدۇ، بۇ گەپلەرنى قاسىم چىن يۈرىكىدىن
قايىل بولۇپ شۇنداق دەۋاتامدىغاندۇ ياكى ئالدىغاندىن خۇپپىيانە
مەقسەتنى كۆزلەپ ئۇنىڭ ئالدىغا تۇيدۇرماي تۇزاق قۇرۇۋاتامدى-
غاندۇ؟ ھەي ئەرلەر، ئەرلەر! سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئايالللارغا

غا قانداق يۈز كېلەلەيسەن؟!

بەھرىنىسا، قول ياغلىقىنى چىقىرىپ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ قويۇۋاتقان قاسىمنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتمەكچى بولدى- يۇ، نېمە ئۈچۈندۇر ئۆز ئىرادىسىگە قارشى ھالدا بۇنداق قىلىش- قا ماجالى يەتمەي قالدى. ئاستا-ئاستا بوشىشىپ كېتىۋاتقان گەۋدىسى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسى ئۈستىدە يېنىك يورغىلاشقا باشلىغان قاسىمنىڭ قولى ئۈستىگە ئاغدۇرۇلدى. بىر پەس داۋاملاشقان ئاجىز قارشىلىق كۆرسىتىشتىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى كۆرۈمسىز، يات بىر ئەر قوينىدا مەستخۇش ھالەتتە كۆردى. ئۆزىدىن بىرەر غېرىچتەك پاكار كەلگەن بۇ ئادەم شۇتاپتا ئۇنىڭ دۇنيادىكى بارلىق قايغۇ-ھەسرەت، دەرد-ئەلەم ۋە بېشىغا كەل- گەن بەختسىزلىكلىرىنى بىراقلا ئۇنتۇپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇۋاتاتتى. ئۇنى ئېرىنىڭ بىغەرەزلىكى تۇپەيلىدىن ۋاقىتسىز ئۇزۇلۇپ قالغان مۇھەببەت كەۋسىرىدىن بەھرىمەن قىلىۋاتاتتى. بۇ ئىشتا بەھرىنىسا ئەيىبلىكمۇ ياكى قاسىممۇ؟ سەۋەنلىك زادى كىمدىن ئۆتتى؟ ئەمدى بەھرىنىسا بىر ئۆمۈر ۋىجدان ئازابىغا قالامسۇ؟ شۇ تاپتا ئۇنىڭ بۇلارنى ئويلاشقا چولىسى يوق، ئۇزۇن كىرپىكلىك كۆزلىرى يېرىم يۇمۇلغان، نېپىز لەۋلىرى شېرىن چۈش كۆرۈپ جۆيلۈۋاتقاندەك ئاللىنېمىلەرنى دەپ قەل- بىگە سىغماي قېلىۋاتقان شادلىقنى ئۇزلۇكسىز ئىزھار قىلىدۇ، ئوغلىنىڭ ئەتىرگۇل ھىدىنى ئەسلىتىدىغان تىنىقىنى پۇراپ ياتمىسا كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان ئادىتىمۇ يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. قىسقىسى ئۇ بىردەملىك ھېسسىياتنىڭ ئىتائەتمەن ئە- سىرى بولۇپ قالدى...

ئوخشايدۇ. قاسىم شۇنداقلاردىن بولۇپ قالمىسۇن يەنە! ياق، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ناھايەت قايىمنىڭ ھەقىقىي دوستى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئائىلىمىزگە ياردەم بېرىۋاتىدۇ، باشقا مەقسىتى بولسا ئاللىقاچان چاندۇرۇپ قويغان بولاتتى، بىر يىلنى ئاز ۋاقىت دېگىلى بولامدۇ؟ بەھرىنىسا ھېلىغىچە ئۇنىڭ تاپتىن چىقىپ كەتكەن يەرلىرىنى سەزگىنى يوق. ئادەم دېگەن ئۇنداق بولمىغۇر خىياللارنى قىلىۋەرمەيدىغان! بولمىسا ساپ نىيەتلىك ئادەمگە بىكاردىن-بىكار ئۇۋال بولۇپ قالىدۇ. بىراق قاسىمنىڭ باياتىنقى سۆزلىرىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئېرى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم ئۇ باھار شامىلىغا ئوخشاش ئىللىق ھارارەت كېلىپ تۇرىدىغان يالقۇنلۇق سۆزلەر بىلەن ئېرى تىرىك تۇرۇپ تۇل بولۇپ قالغان بىر يىللىق ھاياتىدىكى قەلبىنىڭ ئاللىقانداق يېرىدە ئاستا-ئاستا ئۆچۈپ كۈل ئاستىدا كۆمۈلۈپ قېلىشقا باشلىغان مۇھەببەت چوغىنى قايتىدىن ياندۇرۇۋاتىدۇ، ئۇنتۇپ قالغىلى تۇرغان ئەر-خوتۇنلۇق تۇرمۇشىدىكى ئادەم ۋۇجۇدىنى ياپراقتەك تىترىتىدىغان ئوتلۇق سۆيۈشۈشلەرنى، كۆڭۈلگە شادلىق بەخش ئېتىدىغان قىزغىن قۇچاقلىشىشلارنى، تىل بىلەن ئىپادىلەش قىيىن بولغان بىر خىل نازۇك ھېسسىياتنى ئالماشتۇرۇش داۋامىدا پەيدا بولىدىغان نازاكەتلىك چۈشلەرنى، سىمابتەك ئېرىپ كېتىۋاتقان تەنگە ماسلاشقان ھالدا قولاق تۈۋىدە توختىماي يېقىملىق جاراڭلايدىغان ھاياجانلىق پىچىرلاشلارنى ئۇنىڭ ئېسىگە سېلىۋاتىدۇ! ... نېمە بولۇۋاتىسەن، بەھرىنىسا؟ ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال! پاك ۋۇجۇدۇڭنى بۇلغىما! بولمىسا ئېرىڭگە، ئوغلۇڭ-

بىر پەرزەنت كۆرۈشتى. بۇ بالىنىڭ چىرايىدىن كىمنىڭ پۇشتى-
دىن تامغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. بىگۇناھ بۇ بوۋاقمۇ كېيىن-
كى ئۆمرىدە تەڭلىكتە قېلىشنى خالىمايۋاتقاندەك ۋاقىتسىز ئۆ-
لۈپ كەتتى. بۇنىڭغا قاسىمنىڭ ئۇنچە ئىچى ئاغرىپمۇ كەتمىدى.
ئۇنىڭغا ئەلەم قىلغىنى خوتۇنىنىڭ ئىككىنچى قېتىم يەنە شۇ
ئىشچى بىلەن تۇتۇلۇپ قېلىشى بولدى. بۇ نۆۋەت ئۇ "زىيان"
نىمۇ تۆلىتىۋالمىدى، "بالىغا ياخشى قارىماي ئۆلۈشكە سەۋەبچى
بولدى" دېگەن باھانە بىلەن خوتۇنىنى قويۇۋەتتى. ئۇنىڭ ئىك-
كىنچى خوتۇنىدىنمۇ تەلىيى چىقماي قالدى. بۇ، بىرىنچى خوتۇ-
نىدىنمۇ ئۆتە شاللاق خوتۇن بولۇپ چىقتى. پايلاش ئارقىلىق
ئۇنىڭ بىر بىلەن ئەمەس، بىرقانچە يىگىت بىلەن "باردى-كەل-
دىسى" بارلىقىنى سەزدى. ئۇنىڭ مېڭىسىدىن تۇتۇن چىقىپ
كەتتى، بۇنىمۇ قويۇۋېتىپ باشقا خوتۇن ئالاي دېسە تويلۇققا يەنە
نۇرغۇن پۇل خەجلەش كېرەك، ئۇچىنچى خوتۇنى بۇنىڭدىنمۇ
ئەسكىرەك چىقىپ قالسا نېمە دېگۈلۈك؟ سىڭا كۆزىنى قىسىپ
كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتكۈزۈۋەتمەكتىن ۋە تەقدىرگە تەن بەرمەك-
تىن ئۆبدان چارە يوق. قولۇڭدىن كەلسە سەنمۇ بىرنى تاپ،
قانغۇچە ئوينا، كۈل! ھالا بۇگۇنكى كۈنگە كەلگەندە، ئۇ ئويلى-
مىغان يەردىن بۇ مەقسىتىگىمۇ يەتتى، "بىر چالمىدا ئىككى
پاختەكنى سوقۇۋالدى". دېمەك، "ئۆتنىگە لاپقۇت" بولدى،
شاللاق خوتۇنىدىن ئۆچ ئالدى. "ئامەت كەلسە قوش كەپتۇ"
دېگەن شۇ-دە! بۇلارنى قايىمغا دەپ يۇرۇشكە بولمايدۇ، ئەلۋەت-
تە. لېكىن قاسىم قايىمنىڭ ئائىلىسىگە "غەمخورلۇق قىلىپ"
كەلگەنلىكىنى دەستەك قىلىپ ئۇنىڭدىن يەنە ئاز-تولا نەپ ئۇن-

قاسىم بولسا باشقىچە ھېسسىياتتا ئىدى: ئۇ قايىم بىلەن بولغان مەنسەپ تاجىسىنى تالىشىش بەيگىسىدە يېڭىلىپ قالدى، مات بولۇپ چەتكە چىقتى، بۇنىڭغا ئۇ ئىقرار. لېكىن ئۇ مەغلۇبىيىتىگە ھەرگىز تەن بەرمەيدۇ، ئامال قىلىپ رەقىبىدىن ئۆچ ئالىدۇ، بۇنىڭ بىرىنچى قەدىمى سۈپىتىدە قايىمنى قاراڭغۇ تۈرمىگە سولاتقۇزۇۋەتتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ئىپپەت-نومۇسىغا تېگىۋاتىدۇ، بۇ قاسىمنىڭ ئۆچ ئېلىش يولىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك تاشلىغان ئىككىنچى قەدىمى بولۇپ ھېسابلانماسمۇ؟ ئۇ ئۇزاقتىن بويان ھەسەت ئوتىدا ئۆرتىلىپ ئىچىگە سىغدۇرالماي كېلىۋاتقان غەزەپ-نەپرىتى، ئۆچ-ئاداۋىتى ۋە ئاچچىقىنى بىراقلا تۆكۈپ، مۇشۇنداق كۆكسى-قارنىنى بوشىتىۋېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىدىن چەكسىز خۇشال. ياخشىسى قايىم قان قوسۇپ ئۆلسۇن، شۇندىلا ئۇ پۇخادىن چىقىدۇ. ھازىرچە ئۇنىڭ بۇ تىلىكى ئەمەلگە ئاشمىغان شارائىتتا ئۇنىڭ مۇنۇ قاپاق كاللا، ئۇجمە كۆڭۈل، ھايۋان مىجەز خوتۇنىنى قانغۇچە دەپسەندە قىلىش كېرەك! ... ئۇ كۆڭلىدە يۇقىرىقىلارنى ئويلىغىنى بىلەن بەھرىنىسانى يەنىلا ئاغزىدىن شۇنداق تەسىرلىك، چىرايلىق، ياغلىما سۆزلەرنى چۈشۈرمەي ماختاپ كۆككە ئۇچۇرۇپ سىمابتەك ئېرىتىۋەتمەكتە ئىدى. بۇ ئىشتا ئۇنىڭ يەنە مۇنداق بىر مۇددىئاسى بارلىقىنىمۇ يوق دېگىلى بولمايتتى: ئۇ توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي بىرىنچى خوتۇنىنى بىر ئىشچى بىلەن تۇتۇۋالدى. بۇ جودانى ئۇ ھورىنى چىقارمايلا ھەل قىلىپ، ئىشچىدىن 500 يۈەن "زىيان ھەققى" ئۇندۇرۇۋالدى. خوتۇنىنى بولسا راسا دۇمبالاپ "تەنبىھ" بەردى. ئۇلار بىر يىلدىن كېيىن

مۇ-قانداق، ھەرقانچە يالۋۇرسامۇ، ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ
باقسامۇ ئىككىنچى مېنى ئۆز يېنىغا يېقىن يولاتمىدى. شۇنىڭ-
دىن كېيىن پەقەت ئۇنىڭ ئۆزى قىلالمايدىغان ئانچە-مۇنچە ئې-
غىر ئىش-پىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىش بىلەنلا چەكلەندىم. شۇ-
ڭا يېپىلغان تۇۋاق يېپىق پېتىچىلا قالدى، بۇنى كىشىلەر سېزد-
ۋېلىشقا ئۇلگۇرۇپ بولغۇچە ئىشمۇ ئاياغلىشىپ بولدى، ئۇنچىۋا-
لا ئەندىشە قىلىپ كېتىش، ئارتۇقچە گۇمانسىراپ يۈرۈش ھاجەت-
سىز. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن قايىمنىڭ ئائىلىسىگە غەمخورلۇق
قىلغۇچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتىم. بەھرىنىسا ئىككىمىزدىن
باشقا ھېچقانداق ئادەم بىلمەيدىغان ھېلىقى مەخپىيەتلىكنى ئاش-
كارىلىمىغىنى بىلەن ھەممەيلەن بىلىدىغان بۇ ئەھۋاللارنى ئۇ-
نىڭغا ئېيتماي قالمايدۇ، كاللىسى بولسىلا ”مېنى قەستلىگەن
ئادەم ئائىلەمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ يۈرەرمىدى؟“ دەپ
ئويلىماسمۇ؟ توغرا، ئارتۇقچە سەزگۈرلىشىپ كېتىش مۇھىم
ئىشىڭنى ئاقسىتىپ قويىدۇ، دەيدىغىنىڭنى قورقماي دەپ مۇد-
دىئايىڭغا يېتىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋەر، ئاز-تولا
ياردەم بېرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس!

قاسىم دېدىللىشىپ، ئاخىرىغا كەلگەندە ئۆز مەقسىتىنى
ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويدى.

— بولىدۇ! — دېدى قايىم تۇرمىدە كۇن نۇرى كۆرمەي تاتى-
رىپ قانسىراپ كەتكەن سوزۇنچاق چىرايىنى كۈلكىگە
زورلاپ، — مەن ئۆز ناھىيەمگە يۆتكىلىپ كەتمەكچى، تەكلىپ
بېرىپ قوياي، تەشكىل ماقۇل كۆرسە مېنىڭ ئورنۇمغا باشلىق
بولۇۋالارسەن!

دۇرۇۋالسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟ ئۇ سىگدۇرگەن "ئەجرى"گە يارىشا شۇنداق تەلەپنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇشقا تامامەن ھەق-لىق! قايىمۇ قان بىلەن گۆشتىن تۆرەلگەن ھېسسىياتلىق ئادەم، ھەرقانچە قىلسىمۇ "باشقا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتقان دوس-تىنىڭ شەپقىتى"نى ئۇنتۇپ قالماس، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى قىلىپ قويۇشقىمۇ بولسا كۈچەپ قويار...

قاسىم يۇقىرىقىلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، قايىم بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، ئۇنىڭ تۇرمىدىكى ئەھۋالىنى تەپسىلىي سورىدى. ئۇ تۇيۇقسىز قولغا ئېلىنىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزى-نىڭ قانچىلىك ئازابلانغانلىقىنى، يۇقىرى-تۆۋەن قاتراپ خېلى يول مېڭىپ باققان بولسىمۇ، ئۇنى بالدۇرراق چىقىرىۋېلىشقا قۇربى يەتمىگەنلىكىنى ئاجايىپ تەسىرلىك سۆزلەر بىلەن ئىزھار قىلدى. ئەھۋالدىن بىخەۋەر ھەرقانداق كىشى شۇ سورۇندا ئول-تۇرۇپ قالىدىغان بولسا "جاھاندا بىر-بىرىگە شۇنچە كۆيۈنىدى-غان مۇشۇنداق ئوبدان ساۋاقداشلارمۇ بولىدىكەن-ھە!" دەپ ھەيران قالغان ۋە ھاياجىنىنى بېسىۋالالماي ئىختىيارسىز كۆز يېشى قىلغان بولاتتى. لېكىن نېمىشقىدۇر، قايىمنىڭ پوزىتسى-يىسى سوغۇق ئىدى، بۇ ھال ئۇنى ئاز-تولا جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى. بۇ كاساپەت تۇرمىگە كىرىپ قېلىشىدىكى ھېلىقى سىر-نى بىلىۋالغان بولمىسۇن يەنە؟ ياق! بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! ئىنس-جىن سەزمىگەن ئۇ ئىشنى ئون كاللىسى بار ئادەممۇ سېزىۋالالمايدۇ. يەنە بىر مەخپىيەتلىكتىن خەۋەر تېپىپ قالدىمۇ-يا؟ ياق، بۇمۇ مۇمكىن ئەمەس. كاللىسى قوداڭشىپ قالغان بۇ ئايال شۇ قېتىمقى قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ قالغان-

زىق-قىزىق چاقچاقلارنى قىلىپ، كۆكسى-قارنى ئېچىلغۇدەك
دەرىجىدە كۆڭۈللۈك پاراڭلىشىۋالدۇ-دە! شۇنداقمۇ ئاداش؟
— ياق! — قايىمنىڭ مىس رەڭگىنى ئەسلىتىدىغان سوزۇن-
چاق چىرايى جىددىي تۈس ئالدى، قويۇق قوشۇما قاشلىرى
ئاستىدىكى چوڭقۇر ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن قوڭۇر كۆزلىرىدىن
بىر خىل چۈشىنىكسىز نۇر چاقناپ كەتتى. شۇتاپتا ئۇنىڭ مۇ-
رەككەپ ھېسسىياتىنىڭ ئىسكەنجىسىگە ئېلىنغان چىرايىدىن نە
غەزەپلىنىۋاتقانلىقىنى، نە خۇشال بولۇۋاتقانلىقىنى، نە قاسىمغا
مىننەتدارلىق بىلدۈرۈۋاتقانلىقىنى، نە ئۇنىڭدىن بىزار بولۇۋات-
قانلىقىنى، نە نېمىگىدۇر ئىشەنچ قىلىۋاتقانلىقىنى، نە نېمىدىن-
دۇر گۇمانسىرىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى، — چاقچاق قىلغى-
نىم يوق، راستىنلا ئۆز ناھىيەمگە كەتمەكچى بولۇۋاتىمەن.
يۆتكىلىش ئىلتىماسىنى تەشكىلگە تاپشۇردۇم، تەستىقلىسىلا
يولغا چىقىمەن!

قاسىمنىڭ كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتكەندەك مۇزلاشقا باشلىغان
يۈرىكىنى شۇ ھامان بىر خىل ئىزھار قىلغۇسىز خۇشاللىق
قاپلىدى. بۇ ئەخمەق راستىنلا يۆتكىلىپ كېتەمدىغاندۇ؟ شۇن-
داق بولغىيدى، ئىلاھىم! ئەتىلا كۆزۈمدىن يوقالسا تېخىمۇ
ياخشى بولاتتى. نېمە دەيدۇ دەپ مەندىن گەپ ئېلىپ بېقىۋاتام-
دۇ-يا؟ ھەرھالدا ئېھتىيات قىلغىنىڭ تۈزۈكمىكىن قاسىم!
ئالدىراپ چاندۇرۇپ قويساڭ ئىش چاتاق بولىدۇ، تېزىكى قېتى-
ۋالسا ئىشىڭنى يەنە ئاقتۇرالماي قالىسەن! شۇڭا ئاۋۋال چېكىپ
بېقىش كېرەك، ئالدىراڭغۇلۇق باشقا چوماق!

— ئويلىنىپراق ئىش قىلساڭ بولارمىكىن! — قاسىم سو-

قاسىم ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن روشەن مەسخىرە ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ بىر تاتىرىپ، بىر قىزار-دى، دەماللىققا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي مەدەت تىلە-ۋاتقاندەك بەھرىنىساغا قارىدى.

— ئادەمدەك بىر گەپ قىلسىلا بولامدۇ؟ — دېدى بەھرىنى-سا خاپا بولۇپ، — سىلى قولغا ئېلىنىپ كەتكەن كۈنلەردە چېتى-لىپ قېلىشتىن قورقۇپ ھەممەيلەن بىزدىن ئۆزىنى قاچۇردى، سالام قىلساق، كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كەتكەنلەرمۇ بولدى. ھەتتا بەزى ئۇرۇق-تۇغقانلارمۇ بىزدىن چەك-چېگرىنى ئېنىق ئايرىۋالدى. لېكىن مۇنۇ ساۋاقداشلىرىچۇ، ھەقىقىي ۋىجدان ئىگىسى ئىكەن، ھېچنېمىدىن قورقماي، ھالىمىزدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. باشقا كۈن چۈشكەندە ئىككى ئېغىز تەسەللى سۆزمۇ ئادەمگە تاغدەك مەدەت بولىدىكەن، ئۆمرىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرىدىكەن. ئەمدى مۇشۇنداق سادىق ئاغىنىلىرىگە ياردەم بەرمەي كىمگە ياردەم بېرەتتىلە؟! ئويناپ سۆزلىسىلىمۇ ئويلاپ سۆزلىسىلە جۇمۇ! ئاغزىمغا كەلدى دەپ ھەرقىسما گەپنى دەۋەرمەيدىغان!

— سىلى خاپا بولۇپ يۈرمىسىلە، — دېدى قاتات-قۇيرۇقىنى تۈزەشتۈرۈۋېلىشقا ئۈلگۈرگەن قاسىم ئېرىگە چالۋاقاۋاتقان بەھ-رىنىسانىڭ غەزەپتىن پوكاندەك ئېسىلىپ كەتكەن ئاق پىشماق چىرايىغا قاراپ، — قايىم مەن بىلەن چاقچاقلىشىۋاتىدۇ، چاقچاق دېگەن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدۇ ئەمەسمۇ! بىچارە دوستۇم قاراڭغۇ تۈرمىدە ئۇزۇن يېتىپ قېلىپ بۇرۇقتۇرما بولۇپ كەت-كەن گەپ، قەدىناس دوستى بىلەن ئۇچراشقاندا ئەلۋەتتە قى-

كۆزۈمنى ئېتىۋالغان ئېزىتقۇ تۇمانلىرىنى نېرى سۈرۈپ، بەزى سىرلىق تۈگۈنچەكلەرنى يېشىشكە مۇۋەپپەق بولدۇم. ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئۇ يەردە بىكار ۋاقىت دېگەن جىق. تۆمۈر پەنجىرىدىن چۈشۈپ تۇرغان خىرە-شىرە يورۇقلۇقتا تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇش-تىن باشقا ئىشىڭ يوق. شۇڭا ھەرقانچە كۆپ ئويلىنىشقىمۇ ۋاقىت دېگەن كەڭتاشا يېتىشىدۇ. مېنى ئۇنچىۋالا قاپاق نېمە چاغلاپ كەتمىگىن. سەندەك "ئەقىللىق" بولمىسامۇ ھەر ھالدا ئۆزۈمگە تۇشلۇق مېڭەم بار. ياخشىسى سەن مېنىڭ ئىستىقبالىم ئۈستىدە باش قاتۇرۇشنى قويۇپ، ئۆز تەقدىرىڭ ئۈستىدە كۆپ-رەك ئويلان! مەن ئۆز ناھىيەمگە كېتىمەن دېدىم كېتىمەن، بۇنىڭ سەۋەبىنى ساڭا چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشۇم ھاجەتسىز. ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، سەن بىلەن بىر ئورۇندا ئىشلەشنى خالىمايمەن!

قاسىم ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كەتتى: "بۇ شورى قۇرغۇر ھېلىقى شوئارنى ئۆزى يازمىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، مەندىن گۇمانلىنىپ قاپتۇ-دە! مېنىڭ يېزىپ قويغانلىقىمغا ئائىت قىل-تىرىقتەك ئاساس تېپىۋالغان بولسىزە، سوتقا ئەرز قىلىپ بۇر-نۇمدىن بۇلاق قىلدىكەندۇق. ھېلىمۇ ياخشى، بۇنى قىلچە چاند-دۇرۇپ قويماي توغرىلىۋەتكىنىم، بولمىسا كۆرىدىغان كۈنۈم بارمىكەنمۇ دەيمەن. ئەمدى كۆزى ئېچىلىپ قالغان بۇ ئوغرى ئالدىدا يېلىنىپ يۈرگىنىم بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك ئوخشايدۇ، بۇرۇنقى جانغا ئەسقاتقان ھۈنەرلىرىممۇ ئاقمايدىغاندەك قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، ۋاقتىدا جېنىمنى ئېلىپ، گور ئاغزىدىن تى-رىك قايتقان بۇ ئۆلىمگۈردىن يىراقراق تۇرۇپ، باشقىچىرەك

ۋۇشقا باشلىغان چايدىن بىر ئوتلام ئىچكەندىن كېيىن، سىرتىغا تېپىپ تۇرغان ساپسېرىق چىشلىرىنىڭ تەسىرى تۇپەيلىدىن دوم-سىيىپ چىققان قېلىن كالپۇكلىرىنى يالاۋېتىپ دېدى، —ناھىيە دېگەن ئاساسىي قاتلام ئورۇن. خىزمىتى ئالدىراش ۋە جاپالىق. ۋىلايەت دېگەن مىڭ قىلسا ۋىلايەت، شەرت-شارائىتى ياخشى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ يەردە ئىشلەۋەرسەڭ تېخىمۇ يۇقىرىراق ئو-رۇنغا ئۆستۇرۇلۇشۇڭ ئاسانغا توختايدۇ، ناھىيىدە بولسا تەس، ئىشقىلىپ پايدا-زىياننى ئۆلچەپ كۆر، ئىشەنگىنىكى، دوستۇڭ ساڭا ھەرگىز زىيانلىق مەسلىھەت بەرمەيدۇ. ”يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس“ دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، ھەر ھالدا ئالدىراقسانلىق قىلمىغىنىڭ ياخشى!

—مۇشۇ كۆڭلۈڭدىكى گەپمۇ؟ —قايىمىنىڭ سەۋر قاچىسى ئاخىر چېقىلدى بولغاي ئەتىمالىم، ئۆزىنى تۇتالمىغان ھالدا قايناپ كەتتى، —ئىچىڭدە مېنى ”ھازىرلا كۆدە-كۆرپىسىنى قولتۇقلاپ كۆزۈمدىن پاتراق يوقالسىدى“ دەپ ئويلايسەنۇ، ئاغ-زىڭدىن يەنە چىرايلىق گەپلەرنى چۇشۇرمەيسەن؟ قاچانمۇ تىلىڭ بىلەن دىلىڭ بىر بولار سېنىڭ؟ ھازىر دېگەن قايسى دەۋر؟ كۆزۈڭنى چوڭ ئېچىپ قاراپ باققىنىڭ ياخشى! يالغانچىلىق بىلەن جان باققىلى بولىدىغان قاباھەتلىك يىللار ئۆتۈپ كەتتى.

مەن تۇرمىدە بەرگەننى يەپ چوشقىدەك خورەك تارتىپ ئۇخلىمى-دىم، نۇرغۇن ئىشلار ئۇستىدە پىكىر يۈرگۈزدۈم، ئويلىدىم. ئىككى يۈزلىمىچىلەرنىڭ قانداق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ساددە، تۈز كۆڭۈل ئادەملەرنى ئاسانلا ئالداپ كېتەلىشىدىكى ئىجتىمائىي سەۋەبلەر ئۇستىدە ئاز-تولا تەتقىقات ئېلىپ باردىم. بىر مەھەل

لۈپ قوشۇمچە قىلدى:
—ھە، راست، ئىلتىماسىڭ تەستىقلانسا خەۋەر قىلىپ قوي، يۇك-تاقلىرىڭنى تېخىمۇ ياردەملىشىمەن!
—رەھمەت! ئاۋارە بولۇپ يۈرمە!—ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىققان قايىم قاسىمنىڭ ئۆزىگە سوزۇپ تۇرغان قولىنى بوشقىنا قىسىپ قويدى،—ھەرقاچان مەن يولغا چىقىپ بولغۇچىلىك ئىشلىرىڭ ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ، ۋاقىت چىقىرالماسلىقىڭ مۇمكىن، خاتىرجەم ھالدا ماڭىدىغان يولۇڭنى مېڭەۋەرگىن!
يەنە شۇ ئىككى بىسلىق گەپ! ھۇ ئاغزىدىن قان قۇسۇپ ئۆلگۇر نىجىس! چۇشكەن ماشىناڭ يېرىم يولدا ئۆرۈلۈپ مىجەلىپ كەتسەڭغۇ خويما ئوبدان بولاتتى ياكى ”تۆگە“ دېگەن لەقىمىڭگە مۇناسىپ ھالدا ئۆلۈكۈڭ شۇ نامرات ناھىيەڭنىڭ بىپايان چۆللىرىدە قېلىپ قاغا-قوزغۇنلارغا يەم بولسىمۇ مەيلىدى. ئۇنداقتا كۆزۈمنىڭ قارىسىغا سانجىلغان سەندەك تىكەندىن بىر يولىلا قۇتۇلۇپ، يېنىك تىن ئالغان بولاتتىم! چاتاق يېرى ”ئىتنىڭ قارغىشىغا پىت ئۆلمەيدىكەن“، ھەي-ھەي! ئادەمنىڭ دۇئاتىلاۋىتى راستتىنلا ئىجاۋەت بولىدىغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى-ھە! ئۇنداقتا بۇ گۇينى ئىت ئۆلۈمىدە ئۆلۈشكە مەھكۇم قىلىۋېتەتتىم! ياق! ياق! بۇ چارە ئەپلەشمەيدىغاندەك قىلىدۇ، ماڭا ئۆچ كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇنداق ئۆلۈمىنى تىلىگىلى تۇرسا مەن نېمە ئۆلۈمدە ئۆلمەن؟ قايىمدىنمۇ بەتەر كۇنگە قالامدىمەن؟ دەرھال بۇ ئوي-خىيالىمدىن ۋاز كېچەي، بولمىسا بېشىمغا چوڭ بالا-قازا تېپىۋالـ

يول تۇتۇپ باقاي، ئۇنۇمى كۆرۈلۈپ قالسا ئەجەب ئەمەس...“

ئۇ يۇقىرىقىلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئەجەللىك يېرىگە گاچچىدە سانجىلغان ئاچچىق سۆز نەشتىرىگە پەرۋا قىلماي زورۇقۇپ ھىجايدى. ئۇنىڭچە پەقەت دانىشمەن سانىلىدىغان كىشىلەرلا كۆڭلىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى ئادەم ھېسسىياتىنىڭ تېرمومېترى بولغان چىرايىدا بىلىندۇرۇپ قويماي، ھەرقانداق ئىشنى يەڭ ئىچىدە جۆندىۋېتەتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ قايىمنىڭ جاندىن ئۆتۈپ كەتكۈدەك سۆزلىرىگە پىسەنت قىلمىغان قىياپەتتە ھىجىيىپ تۇراتتى. بۇنىڭدا باشقا بىر سەۋەبمۇ بار، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ئاخىردا ئېيتقان ”سەن بىلەن بىر ئورۇندا ئىشلەشنى خالىمايمەن!“ دېگەن يورەك سۆزىنىڭ قاسىمنى قانچىلىك خۇشال قىلغۇدەكلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىش قىيىن. دېمەك، بۇ سۆز ئۇنىڭ راستىنلا يۆتكىلىپ كېتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ سۆز ئالدىدا قايىمنىڭ دەسلەپپىدە دەۋالغان زەھەرلىك سۆزلىرى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىر تىيىنغىمۇ ئەرزىمەيدۇ. ئىشقىلىپ ئۇ كۆزدىن تېزرەك يوقالسا قاسىمنىڭ رەسمىي ئۆستۈرۈلۈپ ئۇنىڭ ئورنىغا قويۇلۇشىدىن ئۈمىد بار. شۇڭا قاسىم كۆڭلىدىكىنى چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈنلا ھىجىيىپ يۈرمىگەن-دە!

—ئۇنداق بولسا ئاق يول بولسۇن! — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — كونىلار ئېيتقاندەك سەمىمىي نەسھەت راستىنلا قۇلاققا خۇش ياقمايدىغان ئوخشايدۇ، يېڭى ئورنىڭدا خىزمىتىڭنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى تىلەيمەن!

قاسىم بوسۇغىدىن پۇتىنى ئېلىش ئالدىدا ئارقىسىغا بۇرۇ-

ئوقۇغانلارمۇ، ھەتتا گېزىتنى راۋۇرۇس ئوقۇيالمايدىغانلارمۇ
بار. ئويلاپ بېقىڭا، مۇشۇنداق سەۋىيىدىكى يولداشلارغا تاي-
ىنىپ بىر ۋىلايەتنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنى قانداقمۇ ياخشى
ئىشلىگىلى بولسۇن؟ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، سەۋىيىسى
بار قاسىمنىڭ ئەھۋالى بولسا ھېلىقىدەك. ئىشقىلىپ، زىممى-
ڭىزدىكى يۈك ھەقىقەتەن ناھايىتى ئېغىر، ئەھۋال مۇرەككەپ.
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئورگان تۈزۈلمە ئىسلاھاتى باشلىنىش ئالدىدا
تۇرىدۇ. مېنىڭچە ھەم دادىل، ھەم ئېھتىياتچان بولمىسىڭىز
سىزمۇ سىراجىدىنندەك قېيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىڭىز مۇم-
كىن. چوغنى قەغەزگە ئوراپ ئۇزۇن مۇددەت ساقلىغىلى بولمى-
غاندەك، قاسىمنىڭ ئىككى يۈزلىمىچىلىك قىلىقلىرىغۇ خەلقى
ئالەم ئالدىدا بارا-بارا ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. كىشىلەرمۇ
ئۇنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى بارا-بارا تونۇپ يەتتى. ئۇنداقتا نېمە
ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنىڭ ساختا نىقابىنى ئېچىپ تاشلاشقا، ئۇنىڭ-
غا چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ دەمسىز؟! بۇ جايدا سورالغان
سوئال بولدى، چامىمنىڭ يېتىشىچە جاۋاب بېرەي، قانائەتلىنىپ
كېتىشىڭىز ناتايىن، شۇنداقتىمۇ ئاڭلاپ باققاننىڭ زىيىنى يوق.
بۇنىڭدا مېنىڭچە مۇنداق ئىككى خىل سەۋەب بار. بىرى، كونى-
لاردىن قالغان ”پوققا چالما ئاتساڭ يۈزۈڭگە چاچرايدۇ“ دېگەن
گەپ كىشىلەرنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭىشىپ كەتكەن. ئۇلار-
نىڭ كۆپىنچىسى بىكاردىن-بىكار ئاۋارىچىلىق تېپىۋالغاندىن
كۆرە، ئۆزىنى يامانلاردىن يىراقراق تۇتۇپ، زىخنىمۇ، كاۋاپنى-
مۇ كۆيدۈرمەسلىكنى ئەۋزەل كۆرىدۇ. يەنە بىرى، قاسىم قان-
داق يوللار بىلەن تونۇشۇۋالدىكىن-تاڭ، ۋىلايەتنىڭ مۇئاۋىن

غۇدەكمەن! ...

قاسىم يول بويى يۇقىرىقىدەك باش-ئايىغى يوق ئوي-خى-يال دېڭىزىدا چايقىلىپ، خاراموش هالدا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. شۇ كۈندىن تارتىپ ئۇ تاكى قايىم بىر يىلدىن كېيىن ئۆز ناهىيىسىگە يۆتكىلىپ كەتكىچە بولغان ئارىلىقتا ماڭمىغان يو-لى، بارمىغان يېرى قالمىدى. نېمىشقىدۇ ئىشى ئاقمايۋاتاتتى. ئۇنى قوللىغۇچىلارمۇ بوراندا قالغان توزغاقتەك بىر-بىرلەپ توزۇپ كەتتى، ئاخىردا ئۆزى يالغۇز قالدى. ئۇنىڭ ئۆز كۆزىگە سىغمىغانلارنى يۇقىرى-تۆۋەن چېقىشىدىن، ئۆزئارا زىددىيەتكە سېلىپ قويۇشىدىن، ئالدىدا بىر خىل، كەينىدە بىر خىل گەپ قىلىپ قورساقلىرىنى كۆپتۈرۈشىدىن بىزار بولغان مەلۇماتلىق، قابىلىيەتلىك كىشىلەر خاتىرجەم ئىشلىيەلەيدىغان، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدىغان ئورۇنلارغا يۆتكىلىپ كېتىشتى. سىرا-جىدىنىنىڭ ئۇلارنى ئىدارىمىزنىڭ باشقا بۆلۈملىرىدە بولسىمۇ ئىشلەپ قېلىشقا دەۋەت قىلىپ ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەشلىرى ۋە بۇ يولدا كۆرسەتكەن بارلىق تىرىشچانلىقلىرى بىكارغا كەتتى. شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ بۇ بۆلۈمىمىزدە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈر-گەن زىيالىيلاردىن قاسىم بىلەن ئىككىمىزلا قالدۇق. قالغانلار-نىڭ كۆپىنچىسى ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ دا تۈرلۈك يوللار بىلەن ئارقا ئىشىكتىن ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىلگەنلەر. بۇلارنىڭ بە-زىلىرى ئىسيانچىلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، يەنە بەزىلىرى هەر-بىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغانلار، مەدەنىيەت سەۋىيىسى هەرخىل. بۇلارنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپنى تولۇق پۈتتۈر-مىگەنلەرمۇ، تولۇقسىز ياكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە بىرەر يىل

باقماي دېسە، ئۇنىڭ ئالدىدا يامان ئاتلىق بولۇپ قالغۇسى كەلمە-
گەنلىكتىنمۇ، ئەيتاۋۇر مۇشۇ ئىشتىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي
يېشى توشماستىنلا پېنسىيىگە چىقىۋالدى. مۇئاۋىن ئىدارە باش-
لىقى بولسا يۈرەكسىز بىر ئادەم، ھازىرقى ئورنىنى ساقلاپ
قېلىش كويىدا ھېچ ئىش بىلەن كارى بولماي قۇلاقنى يوپۇرۇپ
يۈرگىنى يۈرگەن. بۇنداق ئەھۋالدا قاسىم تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ
كەتتى. ئەمەل ئېلىش يولىدا قوللانغان چارا-تەدبىرلىرىمۇ يېڭى-
لاندى، ئادەمنى تېخىمۇ ئوڭاي ئازدۇرىدىغان تۈس ئالدى. نۇر-
غۇن يولداشلار ئۇنىڭ تۈرلۈك يوللار بىلەن ئۆچ ئېلىشىدىن
قورقىدۇ. سىز قاسىمنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا ئاممىدىن پىكىر
ئالغاندا نېمە ئۈچۈن ئۇلاردىن ھېچقانداق سادا چىقمايدۇ؟ بۇ
توغرىدا ئويلىنىپ باقمىدىڭىزمۇ؟ گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتسام،
ئۇنى نامزاتلىققا كۆرسەتمەي دېسە، ۋىجدانى كۆتۈرمەيدۇ. كۆر-
سەتمەي دېسە قاسىمنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ، ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئۇلار سىزنىڭمۇ ئۇنى ئۆستۈرۈشكە مايىل بولۇپ قال-
غانلىقىڭىزنى سېزىپ قالدى. ناۋادا ئۇ راستىنلا ئۆستۈرۈلۈپ
قالسا، قارشى ئاۋاز بەرگۈچىلەرگە نېمە كۈنلەرنى كۆرسىتەر؟
شۇڭا ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە قارشى ئاۋاز بېرىشنىمۇ، قا-
سىمغا يامان ئاتلىق بولۇپ قېلىشنىمۇ خالىماي جىم بولۇۋېلىش-
تى. دىققەت قىلمىسا بىر سېسىق ئامۇتمۇ بىر خوجۇن ياخشى
ئامۇتنى سېسىتىۋېتەلەيدۇ، ئىدارىمىزدە دەل مۇشۇنداق ئەھۋال
يۈز بېرىۋاتىدۇ. ئىدارە ئىشلىرىنىڭ ئاقساپ قېلىشىدىكى مۇ-
ھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى سېسىق ئامۇتنىڭ ۋاقتىدا ئېلىۋېتىلمە-
گەنلىكىدە. ئەمدى سىز كەلدىڭىز، قالغىنى غەيرىتىڭىزگە باغ-

ۋالىيسى قادىر بىلەن تونۇشۇۋاپتۇ. ۋالىي ئالدىدا ئۇ ئۆزىنى ئىدارىمىزدە چەتكە قېقىلىپ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىلمەي كېلىۋاتقان قابىلىيەتلىك زىيالىي قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ھېسسىداشلىقى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋالدىمۇ ياكى بۇرۇندىن تارتىپ ئىشلىتىپ كۆنۈپ قالغان خۇشامەتچىلىك- تەخسىكەشلىك، ئىككى يۈزلىمىچىلىك، چېقىمچىلىق ھۈنىرى ئەسقېتىپ، ياغلىما سۆزلىرى ماختاشقا كۆنۈپ قالغان قۇلاققا يېقىپ قالدىمۇ ۋە ياكى دەسمايە سېلىشقا چىداپ ئېلىپ بارغان سوۋغا- سالىمى ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتىمۇ، بۇ تەرەپلىرى ماڭا قاراڭغۇ، ئىشقىلىپ قاسىم بۇ باشلىققا خېلىلا يېقىپ قاپتۇ. ئۇ بىرقانچە سورۇندا سىراجىدىنغا قاسىمنى مۇۋاپىق ئورۇنغا ئۆستۈرۈپ قويۇش توغرىسىدا بىشارەت بەرگەنلىكى مەلۇم. سىراجىدىن ئەھۋالنى ۋالىيغا چۈشەندۈرۈشنىغۇ چۈشەندۈرۈپتۇ، لېكىن بۇ باشلىق: ”كۆرەلمەسلەرنىڭ تاپقان گېپىگە ئاسانلىقچە ئىشىنىپ كېتىشكە بولمايدۇ، بولۇپمۇ بىز رەھبىرىي ئورۇندا تۇرۇۋاتقان كادىرلار پىكىر بەرگەن يولداشلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. ئۆزىمىز بىلەن چىقىشالمايدىغانلارنى ھەرخىل باھانە- سەۋەبلەرنى تېپىپ چەتكە قېقىش توغرا ئەمەس، ئۆچ ئېلىش ياكى بۇنداق يولداشلارغا زەربە بېرىش تېخىمۇ خاتا!...“ دەپ سىراجىدىننىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ، ئۇنىڭ ئىچكىرىلەپ چۈشەندۈرۈشىگە قۇلاق سالغۇسى كەلمەپتۇ. سىراجىدىن ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“نىڭ بوران- چاپقۇنلىرىدا يۈرەكئالدى بولۇپ قالغانلىقتىنمۇ ياكى ئىككى تاش ئوتتۇرىسىدا قىسىلىپ قېلىشنى خالىمىغانلىقتىنمۇ ۋە ياكى باشلىقنىڭ رايىغا باقاي دېسە ۋىجدانى چىدىماي،

زۇل-كېسەل كۆيۈپ تۈگەيسەن، كۆلۈڭ كۆككە سورۇلىدۇ! بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان رەھبىري كادىرلارمۇ ئويغىنىپ، ئامما ئارىسىدىن ئورۇن ئالىدۇ! ئاخىر ۋالىيىنىڭمۇ كۆزى ئېچى-لىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن! ۋالىينىڭ ئۇنى قوللىشى راستىنلا بيۇروكراتلىقتىن بولۇۋاتقان ئىشمىدۇ ياكى بۇنىڭدا باشقا بىرەر سەۋەبمۇ بارمىدۇ؟ مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بىر ئىدارىنىڭ يۈكى زىممەمگە يۈكلەنگەنىكەن، ھەرقانداق قىيىنچىلىقتىن قورقماي ئۇنى دادىل كۆتۈرۈشىم كېرەك. ئىدارىدىكى ھەرقايسى بۆلۈملەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەڭشەشتە رەھبىري كادىر-لارنى ئەزەلدىن يۇقىرى بەلگىلەپ بېرىدىغان كونا رامكىنى بۇ-زۇپ تاشلاپ، دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇپ، يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى بويىچە سايلام ئۆتكۈزۈپ باقسام بولماسمۇ؟ بۇن-داقتا ئامما تۇرلۇك غەم-ئەندىشىلەردىن خالىي بولۇپ، كۆڭلىگە ياققان نامزاتلارنى كۆرسىتەلەيدۇ. يېڭىلىق ياراتتىم دەپ خاتالى-شىپ قالسام قانداق قىلىمەن؟ ئۇ چاغدا ئىستىقبالىم قانداق بولىدۇ؟ لېتىپ، ھەي لېتىپ، نېمىلەرنى ئويلاپ كېتىۋا-تىدىغانسەن؟ ئۆزۈڭنىڭ پايدا-زىيىنى بىلەن مۇشۇنداق ھېسابلى-شىپ ئولتۇرىدىغان بولساڭ مۇشكۇل ۋەزىپىنى قانداقمۇ ئورۇن-دىيالايسەن؟ تەشكىل ساڭا زور ئىشەنچ باغلاپ، بۇ ئىدارىنى تۈزەشكە ئەۋەتتى، بۇنداق ئىككىلەنگىلى، بوشاڭلىق قىلغىلى تۇرساڭ خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويىمامسەن؟ توغرا، دادىل ئىشلە، ئاممىغا تايان، غەم-ئەندىشىنى، ئىككىلىنىشنى يەتتە قات كۆك قەرىگە چۆرۈپ تاشلىۋەت!...

خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئىدارە دەرۋازىسىدىن كوچىغا

لىق. ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىپ، ئامما ئىچىگە چوڭ-
قۇر چۆكۈپ، ئۇلارنىڭ پىكرىگە قۇلاق سالسىڭىزلا، مەسىلىنى
تۇپ نېگىزىدىن ھەل قىلىش ئۇنچىۋالا تەسمۇ ئەمەس. كەلسە-
كەلمەس سۆزلەۋېرىپ سىزنى زېرىكتۇرۇپ قويدۇمغۇ دەيمەن.
ياق دەمسىز؟ رەھمەت! قېنى ئەمدى، قويۇن دەپتىرىڭىزنى
يىغىشتۇرۇپ مەزەگە بېقىڭ، سوۋۇپ قالمىسۇن!

* * *

مەن خوشلىشىپ، نىزامىدىننىڭ ئۆيىدىن يېنىپ چىققاندا
ئېغىر ياتقۇ بولۇپ قالغانىدى. ئاي يۈزىنى بۇلۇت توسۇۋالغان،
قارىيىپ كۆرۈنگەن ئاسمان گۈمبىزىنىڭ ئۇيەر-بۇ يېرىدە چېچە-
لىپ ياتقان يۇلتۇزلار غۇۋا نۇر چېچىپ تۇرىدۇ، قەيەردىندۇر
دەريانىڭ بوغۇق شاۋقۇنى ئاڭلىنىدۇ. تېخى كۆچۇۋېلىشقا ئۈلگۈ-
رەلمىگەچكە، بۇرۇنقى ئىدارەمدىكى ئۆيۈمگە قاراپ كېتىۋاتى-
مەن. خىيالىم بارغانسېرى چېگىشلىنىپ كېتىۋاتىدۇ: بۇنداق
كىشىلەرگە زادى ئامال يوقمۇ؟ ۋالىينىڭ قاراپ تۇرۇپ ئۇنى
قوللىغىنى نېمىسى؟ تۆۋەننىڭ ئىشىغا ئارتۇقچە چات كىرىۋې-
لىش توغرىمۇ؟ ھەي بيۇروكراتلىق! ئېيتقىنا، سەن زادى قان-
چىلىغان رەھبىري كادىرلارنىڭ كۆزىنى ئېتىۋېلىپ، ئۇلارنى
تىك يارغا موللاق ئاتقۇزغانسەن؟ سېنى ئۈزۈل- كېسىل تۈگى-
تىش، تۇپ يىلتىزىڭدىن قومۇرۇپ تاشلاش مۇمكىن ئەمەسمۇ؟
ياق! سەن ئۇنچىۋالا كېرىلىپ كەتمە! ئارتۇقچە كۆرەڭلىمە!
ناتوغرا ئىستىللارغا ئوت ئېچىلماقتا، سەنمۇ شۇ قاتاردا ئو-

لىرىغا قۇلاق سېلىپ بىرەر-يېرىمدەم ئولتۇرۇۋالاتتىم. شۇنىڭ
بىلەن بىر كۆنلۆك ھاردۇقىم چىقىپ قالغاندەك، بورۇقتۇرمى-
لىق ئىچىدە قىسىلىپ كەتكەن كۆكسى-قارنىم ئاز-تولا بوشى-
شىپ قالغاندەك بولاتتى. مۇشۇ چايخانىدىلا ساختىلىق، يالغاز-
چىلىق نىقابىدىن خالىي ھەقىقىي ھاياتنىڭ يەنىلا داۋام قىلىۋات-
قانلىقىنى ھېس قىلاتتىم. چۈنكى كىشىلەر بۇ يەردە كۈسۈرلى-
شىپ بولسىمۇ، كۆڭلىدىكى گەپلەرنى دېيىشەتتى، پەلەك چاقى-
نىڭ تەتۈر چۆگىلەۋاتقانلىقىدىن شىكايەت قىلىشاتتى، دەردلىرى-
نى تۆكۈشەتتى، قايسىبىرىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىر قىسمەت-
تىن ئۆكۈنۈشەتتى، بىر-بىرىگە تەسەللى بېرىشەتتى. بىر كۈنى
ئەھۋال بۇنىڭ ئەكسىچە بولدى. ”قىزىل قوغدىغۇچىلار“ پاسوندى-
دا ياسانغان بىرقانچە ياش يىگىت چايخانىغا كىرىپ كېلىشتى-
دە، چايخانىنىڭ ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قائىدە-رەس-
مىيىتىنى بۇزۇپ، شىمىنىڭ يانچۇقلىرىدىن ھاراق بوتۇلكىلى-
رىنى چىقىرىشتى، چايخانىنى بىردىنلا ئاق ھاراقنىڭ سېسىق
ھىدى قاپلاپ كەتتى. ئۇلار چاي ئىچىدىغان پىيالىلەرگە تولدۇ-
رۇپ ھاراق قۇيۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئىچكەچ ھەدەپ ”مەدەنىيەت
زور ئىنقىلابى“غا بارىكاللا ئوقۇيتتى، قايسى ھوقۇقدارنىڭ ئەدى-
بىنى قانداق كېلىشتۇرۇپ بەرگەنلىكى بىلەن ماختىنىشاتتى.
ئۆزلىرىگە كېلىپ قالغان ئامەتتىن يۈرىكى سۆيۈنۈپ، قانچىلىك
خۇشال بولغانلىقىنى ئىزھار قىلىشقاچ ياغلىقلىرىغا ئوراپ كىرى-
گەن پىششىق گۆشنى بىر-بىرىدىن قىزغانغاندەك ئالدىراپ يال-
ماپ يۇتۇشاتتى. چايخانا خوجايىنىدىن تارتىپ چايخانىدىكى خې-
رىدارلارغىچە قورغۇيىنى كۆرگەن قۇشقاچلاردەك جىم بولۇپ

چىقىپ بولغىنىمنى تۇيماي قاپتىمەن.

6-ئاي بولۇپ قالغىنىغا قارىماي كېچە سوغۇقى ئۇستۇمدىكى ئىككى قات يېپىنچا كىيىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئازراق تىترەك ئۇلىشىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قەدىمىمنى تېزلەتتىم. تۇيۇقسىز يول بويىدىكى دەرەخزارلىق ئارىسىدىن بىر ئىت چىقىپ كەلدى-دە، ئىنتايىن بىچارە قىياپەتتە يېلىنىش نەزەرى بىلەن ماڭا قارىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ ئىت بەكمۇ ئېچىرقاپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ سارغۇچ كۆزلىرى غۇۋا قاراڭغۇلۇقتا سىرلىق چاقنايتتى. بۇ كۆزلەرگە قاراپ مەن نېمىنىدۇ ئېسىمگە ئالغاندەك بولدۇم. بىرچاغلاردا كۆرگەندەكلا قىلغان ھېلىقى سارغۇچ كۆزلەر زادى كىمنىڭ كۆزلىرى بولغىيدى؟ ئۇ كۆزلەرنى مەن نەدە كۆرگەن بولغىيدىم؟ خاتىرەمدە قېلىشىچە، ئۇ كۆزلەر ئالدىمدا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان بۇ كوچا ئىتىنىڭ كۆزلىرىگە بەكمۇ ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئاخىر ئېسىمگە ئالدىم: ئۇ كۆزلەر دەل ئىدارىمىزدىكى قاسىمنىڭ كۆزلىرى ئەمەسمۇ! ئۇ كۆزلەرنىڭ ئىگىسىنى دەسلەپتە مەن چوڭ كوچا دوقمۇشىدىكى چايخانىدا كۆرگەنىدىم. بالايىئاپەتلىك يىللاردا تارتىپ چىقىرىلىپ، بىرەر يىلدىن كېيىن كوچا سۈپۈرۈپ ئەخلەت تۆكۈشكە قويۇلدۇم. بۇ چاغدا ئىسيانچىلار چوڭ ”ھوقۇقدار“لارنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش بىلەن بولۇپ كەتكەن، ماڭا ئوخشاش كىچىك ”چۈپرەندە“ لەرنى يادىدىن چىقىرىپ قويۇشقانىدى. شۇڭا مەنمۇ بۇ ياخشى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاخشاملىرى چايخانىلارغا كىرەتتىم-دە، كىشىلەرنىڭ پاراڭلىرىغا، دۇتارغا تەڭكەش قىلىپ بوش ئاۋازدا ئېيتقان مۇڭلۇق خەلق ناخشى-

نېمە قىلغىنىمغا مېھمان قىلاتتىڭ دەملا نېمە؟ سىلى نېمانچە
ئۇنۇتقاق؟ بۇنىڭدىن تۆت-بەش يىلدەك ئىلگىرى سىلى ماڭا ئۆز
قوللىرى بىلەن سارجىدىن بىر قۇر چاپان-ئىشتان تىكىپ بەر-
مىدىلىمۇ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرىدىغان يىلى ئەنە شۇ كىيىمنى
كىيىپ ئۈرۈمچىنىڭ كوچىسىغا شۇنداق چىقىۋىدىم، سەيپۇڭلار
دېگەن ھەرقايسى تىككۈچىلىك دۇكانلىرىدىن بەس-بەستە قىس-
تىلىشىپ چىقىپ، ئۆلە-تىرىلىشىگە قارىماي ئۆزلىرىنى تالاغا
ئېتىشتى. ئەتراپىمغا دۇررىدە ئولىشىۋېلىپ: ”ۋاي ئۇكام،
تېزرەك ئېيتىپ بەرگىنە، بۇ كىيىمنى زادى قايسى ئۇستام
تىككەن؟ ئەجەبمۇ ئېسىل تىكىپتۇ-يا! ئادرېسىنى دەپ بەرسەڭ
بىز دەرھال ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ ئايىغىغا باش قويساق، ئۆزد-
مىزگە پىر تۇتساق! ھەي ئىسىت، شۇ چاغقىچە ئۆزىمىزنى تېخى
سەيپۇڭ ئاتاپ يۈرۈپتىمىز، بىكار نان يەپتىمىز جۇمۇ، بىكار
نان! ...“دەپ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتىشتى. يەنە
بەزىلەر: ”ئۇكام، خاپا بولماي مۇشۇ بىر قۇر كىيىملىرىنى
بىزگە بىرەر كۈن بېرىپ تۇرسىلا قانداق؟ قانچە پۇل دېسىلە
چىداپ بەرسەك، ھازىرغىچە بۇنداق پۈزۈر، قاملاشتۇرۇپ تى-
كىلگەن كىيىمنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمىز، ھېچ بولمىسا ئەندىزە
ئېلىۋالساق! ...“دېيىشىپ يالۋۇرۇپ كېتىشتى. شۇنداق قىلىپ
بۇ كىيىمىم تالاش-تارتىشتا قېلىپ ۋەتۆەرىكى چىقىپ كەتكىلى
تاس قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ كىيىمنى كوچىغا كىيىپ
چىقىشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالدىم. شۇنداق ئېسىل كىيىم-
لەرنى مۇشۇ قوللىرى بىلەن تىككەن ئەمەسمۇ، ئۇستام! قېنى
ئەكەلسىلە، شۇ مۇبارەك قوللىرىغا ياۋروپاچىلاپ بىرنى سۆيۈپ

قېلىشتى. ئۇلارنىڭ چايخانىدا ھاراق ئىچىشىنى توسۇشقا ھېچ-
كىممۇ جۈرئەت قىلالمىدى، خېرىدارلار بىر-بىرلەپ چىقىپ
كېتىپ چايخانا ئىچى چۆلدەرەپ قالدى. نېمىشقىدۇر مېنىڭ
ئالدىراپ چىقىپ كەتكۈم كەلمەيتتى، ئۇلارنىڭ يەنە نېمىلەرنى
دېيىشىدىغانلىقىغا بولغان قىزىقىشىم قورقۇنچنى ئاللىقاياقلارغا
قوغلىۋەتتى. ئۇلار ۋارقىرىشىپ چايخانىنى بېشىغا كىيگىلى
تۇرغاندا، چايخانىغا ئوتتۇرا بويلۇق، دىقماق گەۋدىلىك كەلگەن،
پاكىز چۈشۈرۈلگەن تاقىر بېشىغا يادام دوپپا قوندۇرۇۋالغان،
چىرايىدىكى قويۇق چېچەك ئىزلىرىغا كىشىلەرنىڭ ئەجەبلىنىپ
قاراۋېرىشىدىن ساقلانماقچى بولغاندەك، ياپىلاق بۇرنى ئاستىغا
ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن تولغىما بۇرۇت
قويۇۋالغان، ئۇستىبېشىغا ئېسىل قارا سارجىدىن بىر قۇر چا-
پان-ئىشتان كىيگەن 50 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئادەم كىرىپ
كەلدى. بۇ، شەھەر بويىچە داڭ چىقارغان ئۇستا سەيپۇڭ مىجىت
چوقۇر ئىدى. ھېلىقى ھاراق ئىچىشىۋاتقانلار ئىچىدىكى مەن
تەرەپكە يۈزلىنىپ ئولتۇرغان پاكار يىگىت چاچراپ ئورنىدىن
تۇردى-دە، مېنىڭ يېنىمدىن ئورۇن ئالماقچى بولۇۋاتقان مى-
جىت سەيپۇڭنىڭ قولىدىن سۆرىدى:

— كەلسىلە، كەلسىلە، مىجىتكا، تۆرگە ئۆتسىلە! — دېدى
ئۇ مىجىت سەيپۇڭنى ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي تارتقۇچلاپ ئۆزىنىڭ
يېنىغا ئولتۇرغۇزۇۋېتىپ، — ئۇزۇن بولدى، كۆرۈنمەي كەتتى-
لە، نەلەردە يۈرىلا؟ مۇبارەك دىدارلىرىنى كۆرۈشكە تەشنا بول-
دۇق جۇمۇ! ئاشپۇزۇلغا ئەكىرىپ راسا بىر مېھمان قىلارمەن
دېۋىدىم، ئالدىراشچىلىقتا زادىلا چولام تەگمەي قالدى دېسىلە!

—"ئا" بىلەن "ب"نى پەرق قىلالمايدىغان سەندەك چالا ساۋات نېمىلەر نېمىنى بىلىشەتتىڭ! ئۇنى خۇشال بولۇپ قالسۇن دەپ شۇنداق قويدۇم، ماختاشنى كىم ياقتۇرمايدۇ؟ ئاغزىڭنىڭ يېلىگە پۇل خەجلەش هاجەتسىز. لېكىن ئۇنىڭ بەدىلىگە پۇل خەجلەپمۇ قىلدۇرالمايدىغان ئىشلىرىڭنى قىلدۇرۇۋالالايسەن، ئۇقۇشتۇڭمۇ، هوي دۆت ئېشەكلەر! ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ تىككەن كىيىملىرى نېمە ئۇ؟ شۇنىمۇ كىيىم دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇ تىككەن چاپاننى كىيسە ئادەمنىڭ قولتۇقى كۆتۈرۈلۈپ قېلىۋاتقان، چىڭراق بىر ئىنجىقلاپ قويسىمۇ چاكلىرى پەرتتىدە سۆكۈلۈپ كېتىۋاتقان! ئىشتىنىچۇ؟ ئۇنىڭدىن ئۆتە! ئۇنداق كىيىملەرنى بارغۇ، مەن سەيپۇڭ بولمىغان بىلەن كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپمۇ تىكەلەيمەن!

سەيپۇڭ ئۇستامنىڭ ئالدىدا باشقىچە، كەينىدە باشقىچە گەپ قىلغان بۇ غەلىتە مىجەزلىك يىگىتنىڭ چىرايىدىن قىلچىلىك خىجىللىق ئالامەتلىرى سېزىلمەيتتى، سارغۇچ كۆزلىرى مۇغەمبەرلىك بىلەن چاقناپ تۇراتتى، ئۇچلۇق ئېغىزى توختىماي بىلجىرلايتتى. مەن ئۇنىڭ ئاجايىپ سۆز-هەرىكىتىگە هەيران بولۇپ قاراپ تۇرغىنىمدا چايخانىغا يەنە بىر ئادەم كىرىپ كەلدى.

قاسىم ئاتلىق هېلىقى يىگىت يەنىلا باياتىنقىدەك چاچراپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ياۋروپالىقنى دوراپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشمەكچى بولدىمۇ، ئەيتاۋۇر ئىككى قولىنى كەڭ كېرىپ، ئۇنىڭ بۇقىدەك تۇرۇلۇپ كەتكەن بويىنىغا ئېسىلىۋىدى، بويى يەتمەي ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى، چايخانىدا كۈلكە كۆتۈرۈلدى. بىراق

قوياي!

بۇ پاكار يىگىتنىڭ ئۇلپەتلىرى قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى، مىجىت سەيپۇڭ خورلۇققا ئۇچرىغاندەك قولىنى ئىتتىك تارتىۋالدى، چىرايى پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، ھېلىقى پاكار يىگىت ئۇنى مۈرىسىدىن بېسىپ ئۆز جايىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى، ئاندىن لىپمۇ لىق تولدۇرۇلغان بىر پىيالە هاراقنى زورلاپ ئۇستامىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

—مىجىتكام قولى گۈل، ئېسىل ئادەم جۇمۇ!—دېدى ئۇ قايتىدىن سۆز باشلاپ،—بۇلار مېنىڭ جانجىگەر ئاغىنىلىرىم بولىدۇ، ھەممىمىز بىر ئاكوپتا جەڭ قىلىشقان سەپداشلار، كېيىمگە ھاجىتىمىز چۈشسە يەنە ئۆزلىرىنى ئىزدەيمىز، سىمكا دېمەي تىكىپ بېرىۋېرەلا جۇمۇ! قېنى ئەمىسە، مىجىتكامنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن كۆتۈردۇق!

ئۇلار بىر كۆتۈرۈشتىلا پىيالىنى قۇرۇقداشتى. مىجىت سەيپۇڭمۇ ئىككىلىنىپراق ئۆز ئۇلۇشىنى ئىچىۋەتتى-دە، زۆرۈر بىر ئىشى بارلىقىنى باھانە قىلىپ چايخانىدىن چىقىپ كەتتى.

—ھەي قاسىم يالغان!—دېدى ئارىدىن بىرى ھېلىقى پاكار يىگىتكە خىتاب قىلىپ،—ھېلىقى كىيىمنى سەن خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن تىكتۈرگەن تۇرساڭ، قانداق قىلىپ ئۇرۇمچىدە كىيىپ يۈردۈڭ؟ ئۇيەرگە چۈشۈڭدە يەنە بارغانمىدىڭ-يە؟

قاسىم دەپ ئاتالغان ھېلىقى يىگىت ئۇلارنىڭ زاڭلىق قىلىشلىرىغا پەرۋا قىلماي ئەستايىدىللىق بىلەن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

كا؟
ئايۇپ ئىسىملىك بۇ ئادەم شۇنداق دېگەندەك بېشىنى لىڭ-
شىتىپ قويدى. قاسىمنىڭ ئۇلپەتلىرى خالار-خالىمىغان ھالدا
ئورۇنلىرىدىن يېرىم قوپۇشۇپ، ھارىقىنى ئىچىشىۋەردى. ئايۇپ-
قا ئۇلارنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى ھار كەلدىمۇ ياكى ئۇ قاسىمنىڭ
ھاراققا زورلىغاچ خۇشامەتكويلۇق بىلەن ھېجىيىپ، قولىقى
تۈۋىدە توختىماي گوڭۇلداۋېرىشىدىن بىزار بولدىمۇ، ئىشقىلىپ
چايخانىدا ئۇزۇن ئولتۇرمايلا، ئۇلار بىلەن چىرايلىق خوشلى-
شىپ چىقىپ كەتتى.

— تۇفى! ھۇ تېگى پەس، قىلنى ئوتتۇز يارىدىغان پىخسىق
ئوغرى! — قاسىم باياتىن ماختاپ ھالى قالمىغان ئايۇپنى چايخا-
نىدىن يىراقلاپ كېتە- كەتمەيلا ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاشقا
ئۆتتى، — مەن توي قىلغاندا بىر ئىشكاپ ئېلىپ بېرىشكىمۇ
بولسا ئەسقاتمىدىڭ! 200 كوي سوراپ شۇنچە يېلىنساممۇ بېرىپ
تۇرمىدىڭ. ساڭا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ سۆرىلىپ يۈرۈپ جاھان-
نى تارلاشتۇرغىنىدىن تېزرەك گۆر ئىچىدىن ماكان تۇتقىنى
ياخشى! راستىنلا ئۆلۈپ كەتكەن بولساڭ، كىممۇ خاپا بولات-
تى؟!...

شۇتاپتا ئۇنىڭ غەزەپتىن پۈرۈشۈپ كەتكەن ئۇچ بۇرجەك-
سىمان سارغۇچ كۆزلىرىدىن بىر خىل ياۋايىلارچە نۇرچاقنايت-
تى، كۆپۈكلىشىپ كەتكەن جاۋغايلىرىدىن تۈكۈرۈكلىرى ھەر
تەرەپكە چاچرايتتى. شۇ يېشىمغىچە مەن ئىككى يۈزلۈك ئادەم-
لەرنىڭ بۇنداق تېپىك ۋەكىلىنى ئۇچرىتىپ باقمىغاچقىمۇ، ئۇ-
نىڭ ئەھۋالغا قاراپ ئۇستا ئارتىسنىڭكىدەك ئۆزگىرىپ تۇرىدى-

ئۇ بۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلماي، ھېلىقى سېمىز ئادەمنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يىغىسى شۇنداق مۇڭلۇق، قايغۇلۇق، ھەسرەتلىك ئىدىكى، بۇنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئادەم ئىختىيارسىز تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭغا جور بولۇپ كۆز يېشى قىلماي قالمايتتى.

—نېمە بولدۇڭ، ئۇكام؟ نېمىگە يىغلايسەن؟ —دېدى ھېچ-نېمىنى چۈشىنەلمىگەن ھېلىقى ئادەم ھەيران بولغان ھالدا، —بىرەر يېقىن ئۇرۇق-تۇغقىنىڭ تۇيۇقسىز قازا قىلدىمۇ-نېمە؟

—ياق! —دېدى قاسىم كۆزياشلىرىنى سۈرتكەچ ئېسەدىگەن ھالدا، —مەن سىلىنى تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ دەپ ئاڭلاپ شۇنداق قايغۇردۇمكى، گېلىمدىن بىر ھەپتىگىچە سۇيۇق-سەلەڭ تاماقمۇ ئۆتمىدى، كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمىدى. بۈگۈن قارىسام ساق-سالامەت كىرىپ كېلىۋاتىلا، شۇڭا خۇشال-لىقىمدىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىدىم!

ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلەندى بولغاي ئەتىمالىم، شىمىنىڭ يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى چىقى-رىپ كۆز قۇيرۇقىدىكى ياش تامچىلىرىنى سۈرتتى. قاسىم ئۇنى ئۆز يېنىغا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، تەنتەنىلىك ھالدا ئۇلپەت-لىرىگە تونۇشتۇردى:

—بۇياق مېنىڭ بىر يۇرتلۇقۇم ئايۇپ كوجاڭ بولىدۇ، ۋىلايەتلىك ئۆي جاھازلىرى كارخانىسىدا ئىشلەيدۇ. بىلسەڭلار، بۇ ئالتۇنغا تېگىشكۇسىز ئېسىل ئادەم جۇمۇ! قابىلىيىتى بار، قولى ئۇچۇق. توي قىلىدىغان چېغىڭلاردا ئىشكاپ لازىم بولسا تارتىنماي دەۋېرىڭلار، ھەل قىلىپ بېرىدۇ. شۇنداقمۇ، ئايۇپ-

يىراقتىراق تۇرۇپ توختىماي قاۋايتتىيۇ، ماڭا يېقىن كېلىشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى. دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىغان يۈرىكىم بىردىنلا ئىزهار قىلغۇسىز شادلىققا چۆمدى. نېمىنىدۇ چۈشەنگەندەك بولدۇم، شۇ هامان كۆڭلۈم ۋاللىدە يورۇپ كەتتى ...


1987-يىل 2-ئاي بېيجىڭدا يېزىلدى.

غان قارامتۇل چىرايى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كىچىكىمدە باققان سې-
رىق ئىتىمنىڭ كۆزلىرىنى ئەسلىتىدىغان سارغۇچ كۆزلىرى
خاتىرەم سەھىپىسىدە غۇۋا ساقلىنىپ قالغانىدى ...

دەرەخزارلىق ئارىسىدىن چىقىپ كەلگەن ھېلىقى ئىت ھې-
لىغىچە ماڭا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرىدۇ. مەنمۇ نېمە قىلىشىمنى
بىلەلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ئىت مېنىڭ ئۈن-تىنسىز
قاراپ تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ دېدىللىشىپ قالدى بولغاي ئەتىما-
لىم، دەسلەپىدە نېمىدىندۇ تەمە قىلىۋاتقاندەك قۇيرۇقىنى مۇلا-
يىملىق بىلەن شىپپاڭشىتتى، ھەتتا تىلىنى غېرىچ چىقىرىپ
بەتىنكەمنىڭ ئۇچىنى خۇشامەتكويلۇق بىلەن يالاشقا باشلىدى.
ئىچىم ئاغرىپ قولۇمنى يانچۇقۇمغا ئۇزاتتىم، بىراق قېرىشقان-
دەك يانچۇقۇمدىن نە بىر بۇردا نان، نە بىرەر تال كەمپۈت
چىقمىدى. مەندىن ھېچقانداق مەنپەئەت چىقمايدىغانلىقىنى پەم-
لىگەن ئىتنىڭ ئەسلىدە ئۈمىدۋارلىق ۋە خۇشامەتكويلۇق بىلەن
تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن بىردىنلا غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاق-
ناپ كەتتى. ئۇ ئالدىمنى توسۇپ دەھشەت بىلەن قاۋاشقا باشلى-
دى، ئۇنىڭ شۇتاپتىكى ئەلپازىدىن قارىغاندا ئۆزۈمنى قوغداش
ئىقتىدارىم بولمىغان بولسا ھېلىلا مېنى چىشلەپ-تالاپ تىتماكا-
تاڭ قىلىۋېتىدىغاندەك تۇراتتى. نېمىشقىدۇر پۈتۈن ۋۇجۇدۇم
جۇغۇلداپ كەتتى. چۈنكى مەن يېڭى يۆتكىلىپ كەلگەن بۇ ئىدا-
رىدا خۇددى ھازىرقىدەك ئەھۋالغا دۇچ كېلىش ئالدىدا تۇرات-
تىم. جۇدۇنۇم تۇتتى، غەزىپىمگە پايلىماي ئالدىمغا ئېڭىشىپ
يوغان بىر پارچە تاشنى قولۇمغا ئېلىۋىدىم، ئويلىمىغان يەردىن
بۇ لالما ئىت قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ تىكىۋەتتى. ئەمدى ئۇ

— چاغە-چاغ! ھۆ ئۆلمىگۈر قوتۇر قانجۇق!

كەنت باشلىقى ئاۋۇت ئاكا باشمالتاق چوڭلۇقىدىكى ئېشەك ھەيدەيدىغان كالتە تاياقنى ھەيۋە بىلەن شىلتىپ قويۇۋىدى، ئىت ئاقساقلىقىغا قارىماي چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، مەن تەرەپكە ئۆتتى-دە، ھېلىلا چىشلەپ تىتما-كاتاك قىلىۋەتكۈدەك ئەلپازى بىلەن توختىماي بويۇنداپ قاۋاپ، ماڭا خىرىس قىلىشقا باشلىدى. توۋا، بۇ ئىتنىڭمۇ ئادەملەرگە ئوخشاشلا ياۋاشنى بوزەك قىلغۇسى كېلىۋاتقىنىنى قارىمامدىغان! قولۇمدا ئۆزۈمنى قوغدىغۇدەك ھېچنېمە يوقلۇقىنى كۆرۈپلا بوزەك قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى پەملىۋالدى بولغاي بۇ ھارامزادە! بىراق مەن ئۇنىڭغا نېمە يامانلىق قىلدىم؟ مېنىڭ بۇ ھويلىغا تېخى تۇنجى قېتىم ئاياغ بېسىشىمغۇ! مېھماننى مۇشۇنداق قارشى ئالغان بارمۇ؟ ئېھتىمال ئۇ ئەدەپ-ئەخلاق، قائىدە-يوسۇن ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەقەللىيسى تەكەللۇپ-تۇزۇت دېگەنلەرنىمۇ ئۇقمايدىغان ئوخشايدۇ. بىرەر توغرام نان ياكى بىرەر تال سۆڭەك ئالغاچ كەلمىگىنىمگە ئاچچىقلاپ قالدىمۇ-يا؟ ئەجەبا، بۇ بويناقمۇ لايىقىدا سوۋغات ئېلىپ بارمىغۇچە تۇزۇككىنە چىراي ئاچمايدىغان، قۇرۇق كەلگىنىنى كۆرۈپ قاپىقىدىن مۇز ياغدۇرۇپ بىر پىيالە چېيىنىمۇ دوقۇسلىتىپ-چالۋاقاپ بېرىدىغان بەزى بىشەم، تەمەخور ئاياللارنىڭ مىجەز-خۇلقىنى شۇنچە تېز ئۆزلەشتۈرۈۋالغانمىدۇ؟... نېمە ئۈچۈندۇر جۇدۇنۇم ئۆرلەپ قالدى. ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي، ناھاللىق بەتىنكەمنىڭ ئۇچى بىلەن ئۆتكۈر چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ تۇرغان بويناقنىڭ يۇڭلۇق كومشارىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى تېپىۋىدىم، بويناق ئاغرىققا بەرداشلىق




## مۇقەددىمە

پاكار-پاكار كۆك يانتاق ۋە كۆتمەك-كۆتمەك بىسىلغاق[1] قاپلاپ كەتكەن ۋەيرانە ھويلىغا ئاياغ باسا-باسمايلا تۈكلىرى تەتۈر يانغان، تىرىسى قوۋۇرغا سۆڭەكلىرىگە چاپلىشىپ قالغان ئاق-ساق ئالا بويناق شىددەت بىلەن قاۋىغىنىچە ئالدىمىزغا ئېتىلىپ كەلدى.

---

① بىسىلغاق — بىر خىل ئوت. ئاپتوردىن.

ئوبۇلقاسىم تاشقىرىقى ئۆينىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە ھەيران بولغان ھالدا قاراپ تۇرۇۋەرگىنىمنى كۆرۈپ، خاتا چۈشەنچىگە كېلىپ قالدى بولغاي ئەتىمالىم، ئىچكىرىكى ئۆينى ئىما قىلغاچ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىمنى سەممگە سېلىپ قويدى.

ئىچكىرىكى ئۆي تاشقىرىقى ئۆيدىن سەل چوڭراق بولۇپ، بۇ يەردە رەڭگى ئۆچۈپ كەتكەن ماتا زەدىۋال تارتىقلىق شەرقىي تامغا تاقاپ قويۇلغان ئىككى يوغان ساندۇق، تۈگۈلۈكتىن چۈشۈپ تۇرىدىغان يورۇقتا ئۇدۇل كەلتۈرۈپ توختىتىلغان كونا بىر شىرە ۋە ئارقا بىر پۇتى سۇنۇق بىر ئورۇندۇقتىن باشقا كۆزگە چېلىققۇدەك ھېچنېمە يوق ئىدى.

قاغىتۇمشۇقى سۇغۇرۇپ تاشلانغان بىرىنچى ساندۇقنى ئېچىۋىدىم، راست دېگەندەك ئىچىدە لىققىدە قەغەز دۆۋىسى! ئىككىنچى ساندۇقنىڭ ئاغزىنىغۇ يېپىشقىمۇ مۇمكىن بولماي قاپتۇ. باغلام-باغلام ماتېرىياللار، يوغان-يوغان كونۋېرتلار ئىچىدىكى تومپىيىپ تۇرغان قېلىن-قېلىن خەت-چەكلەر ساندۇق ئاغزىنى غېرىچ ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ياللا، نېمىدېگەن كۆپ ماتېرىيال، نېمىدېگەن كۆپ ئەرزلەر بۇ! ئىسىت، پۈتۈن ئۆمرىنى باشقىلار ئۈستىدىن ماتېرىيال توپلاش ۋە ئەرز يېزىش بىلەن ئۆتكۈزگەن بۇ ئادەمگە بۇنداق ئىللەت ئورنىغا ئاز-تولا يېزىقچىلىق ماھارىتى نېسىپ بولۇپ قالغان بولسىچۇ، كاشكى! ئۇنداقتا قانداق مۆجىزە يارالغان بولاتتى-ھە! ئەپسۇسكى، خۇدا خۇي-پەيلىنى بىلىپ ئېشەككە مۈڭگۈز بەرمىگەندەك، ئۇنىڭغىمۇ بۇنداق تالانتنى ئاتا قىلىشنى راۋا كۆرمەي، داۋا تاپمايدىغان غەيرىي بىر خىل كۆيدۈرگە كېسىلى—ئىچى تارلىق، قىزىلكۆز-

بېرەلمەي، كاڭشىغان پېتى قىيسايغان تام بۇلۇڭغا بېرىپ تۈگۈلۈپ يېتىۋالدى.

— پاھ، ئىگىسىنىڭ ئۇدۇمىنى ئالغان ئىت ئىكەن-دە، بۇ!

ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن قارادۆڭ يېزىسىغا ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن خادىم ئوبۇلقاسىمنىڭ چاقچىقى ھەممىمىزنى كۈلدۈرۈۋەتتى. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرغاچ مايسا رەڭ ساقچى چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن بىر تۇچ ئاچقۇچنى چىقىرىپ، قۇرت يەپ چىرىتىۋەتكەن قوش قاناتلىق ئۆي ئىشىكىنىڭ تۆمۈر ھالقىسىغا سېلىنغان ئىت كاللىسىدەك يوغان قارا قۇلۇپنى ئاچتى. ئىشىكنىڭ ياغسىراپ كەتكەن ھارۋا ئاۋازىنى ئەسلىتىپ غىچىرلاپ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ باش-كۆزىمىزگە چالما ئۇۋاقلىرى ۋە ئاچچىق توپا ياغدى. تاشقىرىقى ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن چۈشۈپ تۇرغان غۇۋا يورۇقتا ئىسلىشىپ قارىداپ كەتكەن تورۇستا ساڭگىلاپ تۇرغان ئۆمۈچۈك تورلىرىنى ئانچە قىينالمايلا ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. پەگاھدا قاسماقلىشىپ كەتكەن تۇۋاقسىز پوچۇق قازان، ئاغزى يوق ئارا مىس چۆگۈن، ئىككى-ئۈچتەك قوپال، سىدام ھېجىر، جۇغىسى سۇنۇپ كەتكەن بىر ئىۋرىق، يېرىمىدىن كۆپرەكى كۆيۈپ تۈگىگەن بىر تال كۆتمەك كۆسەي قالايمىقان تاشلاقلىق تۇراتتى. سۇپىغا سېلىنغان ئەسكى كىگىز ئۈستىدە كونا مازلىرى تېشىغا چىقىپ قالغان جۇل-جۇل بىر يوتقان، يىرتىقلىرىدىن سامانلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان ئالا-بۇلىماچ قوراق تەكىيە ئۆينى تېخىمۇ غۇربەت قىلىپ كۆرسىتەتتى.

— سىزگە كېرەكلىك نەرسىلەر ئىچىدىكى ئۆيدە! —

خەۋەر مېنى قىزىقتۇردى، ئۆلگۈچىنىڭ غەلىتە بىر تىپ ئىكەن-
لىكىنى ھېس قىلدىم. بۇ ھەقتە ئاز-تولا ماتېرىيالغا ئىگە
بولسام مەلۇم خاسلىققا ئىگە ئوبراز يارىتىش تەسكە چۈشمەيتتى.
شۇڭا مەن كونا تونۇشۇم ئوبۇلقاسىمنى ئالاھىتەن ئىزدەپ كەلگە-
نىدىم. بىراق ماتېرىيالنىڭ تۆت ئاتلىق ھارۋىسىمۇ سۆرىيەلمىگۈ-
دەك دەرىجىدە بۇنچىۋالا جىقلىقىنى زادى خىيالىمغا كەلتۈرۈپ
باقمىغانىكەنمەن. قېلىن-قېلىن دەپتەرسىمان تۇپلەنگەن بۇ ما-
تېرىيال، خەت-چەك ۋە ئەرزلەرنى ئارىلاپ ۋاراقلاپ كۆردۈم.
بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ۋە ئورۇنلار تەرى-
پىدىن قايتۇرۇۋېتىلگەن ئەرزلەر بولۇپ، ھەممىسىگە دېگۈدەك:
”قوبۇل قىلىشقا مۇۋاپىق كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىڭىزگە قاي-
تۇردۇق“ دېگەنگە ئوخشاش تەستىق خەتلەر يېزىلغانىدى. بۇ
ماتېرىيال، خەت-چەك ۋە ئەرزلەر ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىدىن
تارتىپ تاكى دۆلەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئورگانلىرىغىچە، ھەتتا
ھېچقانداق مۇناسىۋەتسىز ئىدارە، كومىتېتلارغىچە يوللانغانى-
دى. بۇنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ چىقىش ئۈچۈن ئىككى-ئۈچ
يىل ۋاقىتمۇ يەتمىگۈدەك. شۇڭا مېنى بۇ ئۆيگە باشلاپ كەلگەن
ئوبۇلقاسىم بىلەن ئاۋۇت ئاكىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن ئەنزە
ئېنىقلاش جەريانىدا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە دەپ قارالغان
بىر باغلام ماتېرىيالنى تاللىۋالدىم-دە، يىل تەرتىپى بويىچە
رەتلەپ چىقتىم. قاش-كىرپىكىنى تۈزەشتۈرۈپمۇ يۈرمىدىم.
مەن ناھايەت روھىغا ياغ پۈرىتىپ قويىدىغان ھېچكىم چىقمىغان-
لىقى تۈپەيلى رەھمەتلىك مەرھۇمنىڭ ياغسىراپ كەتكەن ئەرۋا-
ھىنىڭ خۇدا ئالدىغا ئۆمىلىگەن پېتى يىغلاپ بېرىپ دۈم يېتى--

لۇك، ھەسەتخورلۇق، باشقىلارغا ئۇرا قېزىش، قولىدىن كۆسەي
چۇشۇرمەي خەقنى كوچىلاش، راھەت-پاراغەت كۆرگەنگە ئىچى
ئاداش، كىم ئۆزىدىن يۇقىرى تۇرسا ياكى ئالدىغا ئۆتۇپ كەتسە
چىدىماي لەختە-لەختە قان قۇسۇش كېسىلىنى بەرگەن بولسا
كېرەك. شۇ ۋەجىدىن ئۇ ھەتتا ئاتا-ئانىسى، بالا-چاقىلىرى
ئۇستىدىنمۇ ئەرز قىلىپ، بۇ ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە تىكەندەك
ئۆزى يالغۇز قالغانىكەن. نىيىتىنىڭ بارغانچە بۇزۇلۇشىغا ئەگە-
شىپ قېنىمۇ پۇتۇنلەي بۇزۇلۇپ، ئەجەل گىردابىغا يېقىنلاپ
قالغاندىمۇ باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىشنى ئۇنتۇماپتۇ. ئاخىر-
دا نېمە قىپتۇ دېمەمسىز؟ پۇتۇن ئۆمرىدە بىر ئەرزىنىمۇ تۇزۇك-
رەك ئاقتۇرالمىغىنىغا تەن بەرگۇسى كەلمەي، تىرىكلىكىدە يې-
تەلمىگەن مەقسىتىگە ئۆلۇمى ئارقىلىق يېتىشنى كۆڭلىگە پۇ-
كۇپ، ئېسىلىپ ئۆلۇۋاپتۇ. بىراق ئەڭ ھىيلىگەر تۇلكىمۇ ھەر-
قانچە يوشۇرغان بىلەن قۇيرۇقىنى ئاخىر ئاشكارىلىماي قالماي-
دۇ، ئۇ يېزا باشلىقى غوپۇرنىڭ پېشايۋانىغا ئاغامچا سېلىۋاتقان-
دا، بۇ دەل ئۆزىنىڭ ھەقىقىي غەرىزىنى ئاشكارىلاپ قويىدىغان
ئەجەللىك يوچۇق بولۇپ قېلىشىنى يادىغا كەلتۇرۇپ باقمىغان
چېغى! چۇنكى ھەرقانچە دۆت ئادەممۇ قەستلىمەكچى بولغان
ئادىمىنى ئۆز ئۆيىگە سۆرەپ ئەكىلىپ ئېسىپ قويمايدۇ-دە.
ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن ئەۋەتىلگەن
مەخسۇس رازۋېتكا گۇرۇپپىسى ئوبۇلقاسىمنىڭ ھەمكارلىششى
ۋە مەھەللىدىكىلەرنىڭ يېقىندىن ماسلىششى ئارقىسىدا كۆپ
تەرەپلىمە تەكشۇرۇش ئارقىلىق بۇنىڭ ئۆز ئۆلۇمى بىلەن باشقى-
لارغا قارا چاپلاش ئەنزىسى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۇرۇپتۇ. بۇ

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3-يىللىق 3-سىنىپ ئوقۇغۇچى-
سى كۆيدۈرگەبەگ بولىمەن. دەرسلەردە دېگۈدەك يېتىشىپ كې-
تەلمىگىنىم بىلەن تەرتىپ-ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىدى-
غان، مۇئەللىمنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدىغان كەمتەر
ئوقۇغۇچىمەن. كەمتەرلىك كىشىنى ئالغا باستۇرىدۇ دېگەن
گەپنى ئاڭلىغان بولغىيدىڭىز. شۇڭا مېنىڭ جەزمەن ئالغا باس-
دىغانلىقىمغا شەكسىز ئىشەنسىڭىز بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ مېنى
كۆرەلمەي "ھاكاۋۇر بىرنېمە" دېگىنى پۈتۈنلەي بىكار گەپ.
بىلگىنىنى باشقىلارغا ئۆگىتىپ قويۇش قانداقمۇ ھاكاۋۇرلۇق
جۈملىسىگە كىرسۇن؟ مېنى ئالىجوقا سۆزلەيدۇ، دېگەنلەرنىڭمۇ
نىيىتى دۇرۇس ئەمەس. خاتا سۆزلەپ قويغانغا نېمە بوپتۇ؟
كېيىنچە تۈزىتىۋالسىلا بولمىدىمۇ! بۇنىڭ ھەممىسى كۆرەلمەس-
لىكتىن بولۇۋاتقان ئىشلار. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىندا مەن تاز-
لىق قىزىلبايراقدارى بولۇپ باھالاندىم، ماڭا ھەسەت قىلىدىغانلار
تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. ئۇلارمۇ ئاكتىپ بولغۇسى كەلسە مەك-
تەپنىڭ ھاجەتخانىسىنى ئوقۇتقۇچىلار كېلىدىغان پەيتنى پايلاپ
تۇرۇپ، يىلدا بىر-ئىككى قېتىم تازىلاپ قويسا بولمىدىمۇ!
شان-شەرەپكە ئېرىشىشنىڭ ئېپىنى بىلىش كېرەك-دە! شۇنداق
قىلىپ مەن سىنىپ مەسئۇلىمىزنىڭ ئىككى قېتىم ئاغزاكى
ماختىشىغا، بىر قېتىم قىزىل قەغەزدىن قىيىلغان قىزىلبايراق
مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، سىنىپ بويىچە بىردىنبىر قىزىلبايراقدار
بولۇپ قالدىم. مېنى يالغان ئاكتىپ قاتارىغا چىقىرىپ زەھەر-
خەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىۋاتقانلارنىڭ باشلامچىسى غوپۇر!
بولمىسا ئىككىمىز بىر مەھەللىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغان، بىر

ۋېلىپ: ”بەك تەگكۈزۈۋاپتۇ يەي!“ ”قاتتىق سانجىۋاپتۇ يەي!...“ دەپ ئەرز قىلىپ، ئۇ ئالەمدىمۇ بىكاردىن-بىكار ئۆزىنى ئۆزى رەسۋا قىلىپ يۈرۈشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەھەللە- كويلار ئۇنىڭ مىجەز- خۇلقىغا قاراپ ”كۆيدۈرگە بەگ“ دەپ ئالاھىتەن قويۇپ قويغان ئىسمى-جىسمىغا لايىق لەقىمىنى ئەرزلەردىكى ئەسلى ئىمزاسى ئورنىغا دەسسىتىپ قويدۇم، خالاس. ئېھتىمال ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ دوزاختا مەھكۇم قىلىنغانلىقىدا ”چوقۇم بىر قارا قول بار“، ”جەزمەن ئاللىقانداق پەۋقۇلئاددە چوڭ سۇيىقەست بار!“ دەپ ئويلاپ، پەرىشتە-مالائىكىلەر ئۈستىدىن ئەرز قىلىۋاتقاندۇ. ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئەرۋاھىنىڭ ھازىرچە مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەرز قىلىشقا ۋاقتى چىقماسلىقىمۇ مۇمكىن، شۇنداقتىمۇ ئېھتىيات قىلغاننىڭ نېمە زىيىنى بولسۇن؟!...

1

مەكتەپ مۇدىرى، سۆيۈملۈك رەھبىرىمىز مامۇت ئاكىغا:

مەن بۇ ئەرزنى ئوقۇغۇچىلارغا قارشى كۈرەشنىڭ ئىلھامى ئاستىدا يېزىۋاتىمەن. قولۇمدىكى مۇشۇنداق نەق پاكىتلىق ماتېرىياللارنى نادانلىق قىلىپ ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بەرمىگىنىمگە قاتتىق ئۆكۈنىمەن. شۇنداقتىمۇ بەك كېچىكىپ كەتكىنىم يوق. كۈرەش ئەۋجىگە چىققان جىددىي پەيتتە بۇ ماتېرىياللار سىزگە تازا ئەسقاتىدۇ. ئەستايىدىل كۆرۈپ چىققايسىز.

ھە، ئاۋۋال ئۆزۈمنى بىر قۇر تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي: مەن

گە ھۇجۇم قىلغانلىق پارتىيىگە ھۇجۇم قىلغانلىق! غوپۇرمۇ
سىزگە ئوڭچى قالپىقى كىيدۈرۈلگەن ئابباس مۇئەللىمگە ئوخ-
شاشلا ئۇزاقتىن بۇيان زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ
كېلىۋاتىدۇ، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇۋېتىۋاتىدۇ. يازلىق تە-
تىلگە قويۇۋېتىش ھارپىسىدا مەن بۇنداق ھاقارەتكە چىداپ تۇرال-
ماي ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدىم. دەسلەپىدە ئۇ ئېغىر-بېسىقلىق
قىلغان بولۇۋېلىپ، قولۇمنى گېلىدىن ئاجرىتىشقا تىرىشتى.
لېكىن مەن بۇركۇتتەك چىڭ قاماللىۋالغاچقا، ئامال قىلالماي
ئاخىر ئۆزىنىڭ بۆرىلەردەك ۋەھشىي ئەپت-بەشىرىنى ئاشكارى-
لاپ، مېنى داق كارىۋات ئۇستىگە ئۇلاقتۇرۇپ تاشلىۋەتتى، ئاچ
بىقىنىم كارىۋات لېۋىگە تېگىپ كېتىپ ئۈچ تال قوۋۇرغام
سۇنۇپ كەتتى. ئۆزىڭىزنى قوغداش يولىدا شەرەپلىك يارىدار
بولغانلىقىمغا ئەپسۇسلانمايمەن، شۇنداقتىمۇ ئاغرىق ئازابىغا
بەرداشلىق بېرىش تەس ئىكەن، بىر ھەپتە ۋاي-ۋايلاپ چىقتىم.
ئىككى ئايلىق يازلىق تەتىل ۋاقتىمۇ داۋالىنىمەن دەپ بىكار-
دىن-بىكار ئىسراپ بولۇپ كەتتى. ئوقۇش باشلىنىشقا ئۆلگۈ-
رۇپ ئاران ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقسام، غوپۇر ھېلىمۇ
ھېچ ئىش بولمىغاندەك بەخىرامان لاغايلاپ يۈرۈپتۇ، ئەرۋاھىم
قىرىق گەز ئۇچتى. ئۇنىڭ تېخىچە تېگىشلىك ھەققانىي جازاغا
تارتىلمىغانلىقىدىن ئەجەبلەندىم. ئۇنىڭ ئۈچ تال قوۋۇرغامنى
قەستەن سۇندۇرۇۋېتىشىنى تاسادىپىيلىق قاتارىغا چىقىرىۋەتكەن
تەقدىردىمۇ، پارتىيىگە قارشى سۆز-ھەرىكەتلىرىدىن نېمە ئۈچۈن
ھېساب ئېلىنمايدۇ؟ پەممىچە ئۇنى تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى
ئابابەكرى قانات ئاستىغا ئېلىۋاتقان بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ

ناننى تالىشىپ تەڭ يېگەن. مېنىڭ هازىرقى ئۆگەي دادام كىچە-
كىدە ئۇنىڭغىمۇ ئۆگەي دادا بوپتىكەن، كېيىنچە ئۇنىڭ ئانىسى
بىلەن چىقىشالماي، مېنىڭ ئانامغا ئۆيلىنىپتىكەن. بۇ جەھەت-
تىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئاز-تولا تۇغقانچىلىقىمىزمۇ بار. لېكىن
غوپۇر بۇنىڭ يۈزىنى قىلمىدى، باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ
تاكى هازىرغىچە مەندىن قۇسۇر ئىزدىگىنى ئىزدىگەن. هەدېسىلا
"ساختىلىق قىلما، يالغان سۆزلىمە" دەپ غوتۇلدىغىنى غوتۇلدى-
غان. ئەركىشى دېگەن شۇنداقمۇ كوت-كوت بولامدىغان، بەئەي-
نى باش بېقىشىپ ئولتۇرۇپ ئەتىدىن-كەچكىچە باشقىلارنىڭ
ئۈستىدىن گەپ تاپىدىغان ئاغزى بېسىلماس غەيۋەتخور مومايىنىڭ
ئۆزى! ئۇنىڭ تېخى بۇ قىلمىشلىرىنى پەردازلاپ: "ساڭا كۆيۈن-
گەنلىكىم!" دەۋالغىنى تېخىمۇ كۈلكىلىك! ئۆزىڭىز ئويلاپ
كۆرۈڭا، بۇنداق ئادەمنىڭ سۆزىگە ئىشىنىش مۇمكىنمۇ؟ ئەگەر
ئۇ ئالدىڭىزغا مېنى چېقىشتۇرۇپ بارسا هەرگىز ئىشەنمەڭ،
دەككىسىنى بېرىپ قوغلىۋېتىڭ! ئاڭلىسام سىزمۇ بىزنىڭ يۇرت-
تىن ئىكەنسىز، سىزدەك دانا رەهبەر بىلەن بىر يۇرتلۇق بولغان-
لىقىمدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىمەن، بېشىم كۆككە يەتكەندەك
بولۇپ، ئەتراپىمغا مەغرۇر نەزەر تاشلاپ هاياجىنىمنى بېسىۋا-
لالماي كېرىلىپ قويىمەن. ئۆزىڭىز مەكتىپىمىزنىڭ سەردارى،
نىجاتچىسى، دىلىمىزنى يورۇتقان نۇرلۇق قۇياش! لېكىن غو-
پۇرنىڭ يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ سىزدەك ئۇلۇغ رەهبەرگىمۇ
تەپ تاتماي تىل تەگكۈزۈشىنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقماپتىكەن-
مەن. سىزنى بۇ مەكتەپكە پارتىيە ئەۋەتكەن، پارتىيە ئەۋەتكەن
رەهبەرگە تىل تەگكۈزۈش پارتىيىگە تىل تەگكۈزگەنلىك! سىز-

لارنىڭ قىلغان-ئەتكىنىنى مىنۇت-سېكۇنتىنى ئۇيان-بۇيان قىل-
ماي يەنە داۋاملىق تۇردە خاتىرىلەپلا قالماستىن، بەلكى سىزدىن
ئاز-تولا نارازى بولغانلارغىمۇ ئايرىم-ئايرىم ئارخىپ تۇرغۇ-
زۇپ، كۇندىلىك گەپ-سۆزلىرىنى كارتۇچكىلارغا ئېنىق قى-
لىپ، دەلىل-ئىسپاتلىرى بىلەن قوشۇپ يېزىپ ماڭىمەن. ئۆ-
زىڭىزگە بولغان بۇنداق ساداقەتمەنلىكىم بىر كۇنى ئەمەس بىر
كۇنى نەزەرىڭىزنىڭ سىرتىدا قالماس دەپ ئويلايمەن. ھازىرقى
بىردىنبىر تەلىپىم شۇكى، كۆزۇمگە جىن كۆرۇنىدىغان ئەشەد-
دىي رەقىبىم غوپۇرنى ھېچ بولمىغاندا ئوڭچى قالپىقىنى كىيدۇ-
رۇپ دەرھال مەكتەپتىن قوغلىۋەتسىڭىز! تۇرمىگە سولاتقۇزۇ-
ۋەتسىڭىزغۇ تېخىمۇ ياخشى، ئەلۋەتتە. ناۋادا سىزمۇ ئۇنىڭغا
ھېسىداشلىق قىلىدىغان ياكى يان باسىدىغان بولسىڭىز ياخشى
ئاقىۋەتكە قالمايسىز. سىزنىڭ ئۇستىڭىزدىنمۇ ئەرز قىلالايمەن،
قولۇمدا يېتەرلىك ماتېرىيال بار. بۇ سەمىمىي ئاگاھلاندۇرۇ-
شۇمغا پىسەنت قىلمىسىڭىز ئۆزىڭىز زىيان تارتىپ قالىسىز.
ئۇ چاغدا پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا چىقماي قالارمىكىن. شۇڭا
غوپۇرنى قاتتىق جازالاپ بەرسىڭىز ئۆزىڭىزگىمۇ ياخشى، ماڭى-
مۇ ياخشى. سىز مەكتەپتىن پارتىيىگە قارشى بىر ئۇنسۇرنى
تازىلىغان بولۇپ مۇكاپاتلىنىسىز. ئېپى كەلسە ناھىيىلىك مائا-
رىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۇرۇلۇشىڭىزمۇ مۇمكىن،
مەنمۇ ئوڭچىلارغا قارشى كۆرەشتە مەيدانى مۇستەھكەم، ئېپادى-
سى ياخشى بولغان ئىلغار ئىدىيىلىك ئوقۇغۇچى دەپ تەقدىرلى-
نىمەن. تەلىيىم ئوڭدىن كېلسە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن
تۆھپىكار سانىلىپ، بالدۇرراق خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلا-

ئۆز ۋۇندىن بۇيان ئاپاق-چاپاق بولۇپ، ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ،
سىزگە قارشى گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى-
نى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مەكتەپ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش كويىدا
يۈرگەنلىكىنى ئەمدى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمەن. يېڭى
يىل مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئەدەبىيات كېچىلىكىدە
ئابابەكرى مۇئەللىم غوپۇرنىڭ قاملاشمىغان شېئىرلىرىنى ئاغزى-
غا كۆپۈك كەلگۈچە ماختىغانىدى. ھازىر ئويلاپ باقسام ئۇنى
بىكاردىن-بىكار ماختىماپتىكەن. ئۆز گۇرۇھدىكىلەرنى كۆككە
ئۇچۇرۇپ، ماڭا ئوخشاش رەھبەرلەرگە سادىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ
ئابرويىنى يەرگە ئۇرۇپ، پارتىيىمىزنىڭ مەكتىپىمىزدىكى ئاما
ئاساسىنى ئاجىزلاشتۇرماقچى بولغانىكەن. بۇ نۇقتىنى بالدۇر-
راق تازا ئېنىق تونۇپ يەتمىگەنلىكىمگە ئىچ-ئىچىمدىن ئېچى-
نىپ، ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم يېگۈدەك بولۇۋاتىمەن. بۇ، ئاسا-
سەن مېڭەمدىكى سىنىپىي كۈرەش نۇقتىئىنەزەرىنىڭ ئاجىزلى-
قىدىن، سىياسىي ئاڭ-سەۋىيەمنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە تو-
لۇق ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىمدىن، ئۇڭچىلارغا قارشى كۈرەش-
نىڭ زادى قانداق كۈرەش ئىكەنلىكىنى بالدۇرراق ئېنىق تونۇپ
يېتەلمىگەنلىكىمدىن بولدى. بۇ ئاچچىق تەجرىبە-ساۋاقنى قو-
بۇل قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەممەيلەننىڭ ھەربىر سۆز-ھە-
رىكىتىگە كۆز-قۇلاق بولۇپ تۇرۇشقا چىن دىلىمدىن ۋەدە بېرى-
مەن. يامان غەرەزلىك بەزىلەرنىڭ چاقچاقچا يۆلەپ دەۋالغان تەنە
گەپلىرىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاشقىمۇ قاتتىق دىق-
قەت قىلىمەن. قىسقىسى، ئەمدى ھېچنېمە نەزەرىمدىن قېچىپ
قۇتۇلالمايدۇ. غوپۇردەك قارانىيەت، ئوڭچى، بۇزۇق ئۇنسۇر-

بىر ئىش كۆردۈم، ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم. لېكىن ئىشەنمەي دېسەم ئىككى تىرىك ئادەم بىر-بىرىگە شۇنداق مەھكەم چاپلىشىپ تۇرىدۇ، "تۇۋا!" دەپ ياقامنى چىشلىدىم...

—زادى نېمە كۆردۈڭ؟ گەپنىڭ ئۇچۇقىنى تېزرەك ئېيتقىنا!

—ئادەمنى تولا تەقەززا قىلمىساڭچۇ، غوپۇر!

—گەپنىڭ بېشىنى چىقىرىپ قويۇپ، ئايىغىنى يۇتۇۋالغىنىڭ نېمىسى؟

—تېزرەك بولە-بول!

باللارنىڭ تەرەپ-تەرەپتىن چۇرقىراشقىلى تۇرغانلىقىنى كۆرگەن غوپۇر تەمتىرەپ قالدى. ئۇ بىگىز قولىنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ بوش ئاۋاز بىلەن:

—خەپشۇك-جىم! — دېدى، ئارقىدىن دېرىزە تەرەپكە بوينىنى قاقىرىدەك سوزۇپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — نېمىنى كۆرەتتىم؟ بىزنىڭ مامۇت مۇدىرنىڭ يېڭىدىن كەلگەن خانىم گۈلمېھرىنى گۈللۈكتە چىڭ قۇچاقلاپ تۇرغىنىنى كۆردۈم شۇ!

—بۇ مۇمكىن ئەمەس! — مەن ئۆزۈمنىڭ يوتقاندىن قانداقلارچە سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ چاچراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتكىنىمنى تۇيمايلا قاپتىمەن. ئالدىراشچىلىقتا كالتە ئىشتىنىمنى كىيىۋېلىپ ئاندىن قوپۇشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسام كېرەك، ياتاقداشلىرىم مېنىڭ قىلچە تەپ تارتماي تۇغما ھالەتتە سەكرەپ ئوتتۇرىغا چۈشكىنىمنى كۆرۈپ ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى، ئىزاغا ئۆلگۈدەك بولدۇم. لېكىن سىزنىڭ

دىمەن تېخى! دەرۋەقە، بۇ ئۆزىڭىزنىڭ ياردىمىڭىزگە ۋە ئىلتى-
پاتىڭىزغا باغلىق. قارىسام، سىزمۇ ماڭا ئوخشاشلا ئىنتايىن
ئۆتكۈر، ئەقىللىق ئادەم كۆرۈنىسىز. پايدا-زىياننى دەڭسەپ
كۆرۈپ، قىلچە ئىككىلەنمەي قەتئىي تەدبىر قوللىنىشىڭىزنى
ئۈمىد قىلىمەن. ئۇنىڭ سىزگە، سىز ئارقىلىق پارتىيىگە قان-
داق ھۇجۇم قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ئىككى قوشۇمچە ماتېرى-
يالنى بىرلىكتە يوللىدىم، پايدىلىنارسىز.

## قوشۇمچە ماتېرىيال (1)

5-ئاينىڭ 5-كۈنى، 5-نومۇرلۇق ئوغۇللار ياتىقى.

نېمە ئۈچۈندۇر بۈگۈن ئادەتتىكىدىن بالدۇرراق قاراڭغۇ چۈشتى. ساۋاقداشلار سائەت توققۇز بولا-بولمايلا ئورۇن-كۆرپىسىنى سېلىپ، كۈندىكىگە ئوخشاش ئۇيقۇغا غەرق بولۇش ئالدىدىكى قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. مەن ئادىتىم بويىچە تاپتىن چىققان گەپ-سۆزلەرنى ئىمكانقەدەر ئېسىمدە كۆپرەك تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ، كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇپ، ئاللىقاچان ئۇخلاپ قالغاندەك بىرخىل قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، مىدىر-سىدىر قىلماي ياتاتتىم. بىر چاغدا ئىشىك قاتتىق تېپىك زەربىسىدىن جالاقلاپ ئېچىلىپ كەتتى. كۆزۈمنى يېرىم ئېچىپ قارىسام، غوپۇر ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ، سىرلىق ھىجىيىپ تۇرۇپتۇ.

—قاراڭلار، باللار! —دېدى ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئىشىكنى ياپقاچ تالاغا خۇدۇكسىنىپ قاراپ قويۇپ، —باياتىن ئاجايىپ

قولاق سېلىپ قويغان بولسىڭىزچۇ، كاشكى! ياتاقتىكى ئەيسا، مۇسا، ئاۋۇت، ساۋۇت، ئەنۋەر، مۇختەرلەرنىڭ ھەممىسى غو-پۇرغا بولۇشۇپ ماڭا ھۇجۇم قىلىشتى:

—غوپۇر ئۇلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ، سەن بولساڭ يوتقاندىن قوپماي ياتتىڭ، ئەمدىلىكتە نېمىگە ئاساسەن ئۇنىڭ سۆزىنى پىتنە-ئىغۋا دەيسەن؟

—”تۆھمەت!“ دېگەن سۆزنى كەلسە-كەلمەس ئىشلىتىپ، قالپاقنىڭ يوغىنىنى كىيدۈرۈپ قويغان بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، تۆھمەت دېيىشكە تۇشلۇق پاكىت بولۇش كېرەك-دە!

—ئۆتۈپ كەتكەن يالاقچىلىق-دە بۇ!

—مامۇت مۇدىر ئەسكى ئىشتىنىنى ئارىلىق بېرەرمىكىن دەپ تەمە قىلىۋاتقاندۇ، بەلكىم؟

—ھا! ھا! ھا!...

ئۇلار ئەنە شۇنداق مەسخىرىلىك، ھاقارەتلىك سۆزلەر بە-لەن ماڭا خېلى ئۇزۇنغىچە ئاچچىق نەشتەر سانجىشتى، مېنى ئۆلگۈدەك زاڭلىق قىلىشتى. لېكىن مەن كۆز يېشىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، لېۋىمنى چىڭ چىشلەپ، ھەممىگە بەرداشلىق بەردىم. بىر كېچە كۆز يۇماي گويا قاتتىق تولغاق تۇتقاندەك ئاچچىق تولغىنىپ چىقتىم. خورىكى ئۆسۈپ قالغان بۇ مەلئۇنلارنىڭ بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى ئەدىبىنى يەيدىغانلىقىغا، نوخىلىسىنىڭ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ ئۆتكۈر شەمشىرى بىلەن كېسىپ تاشلىنىدىغانلىقىغا ئۆزۈمنى ئىشەندۈردۈم.

قەدىردان، سۆيۈملۈك، مېھىر-شاپائەتلىك، ئالەمچە ئىز-زەت-ھۆرمەتكە سازاۋەر مامۇت ئاكا: سىز مېنىڭ ئۆز دادام

ئىززەت-ئابرويىڭىزنى قوغداش يولىدا جاندىن كېچىشكە رازى
بولۇشتەك ئېگىلمەس-سۇنماس ئىرادەم ئار-نومۇس ئۈستىدىن
غالىب كالدى. ئاۋازىمنى بولۇشىچە چىقىرىپ شىردەك ھۆركى-
رىدىم:
— بۇ، پۈتۈنلەي پىتنە-ئىغۋا! پارتىيە كادىرىغا قىلىنغان
تۆھمەت! مامۇت مۇدىرنىڭ بالا-چاقىسى تۇرسا قانداقمۇ گۈل-
مېھرە خانىمغا چېقىلىپ يۈرسۇن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ پارتىيە
ئەزاسى-دە! پارتىيە ئەزاسىمۇ شۇنداق ئەخلاقسىزلىق-
لارنى قىلامدۇ؟...
ئېھ، مامۇت ئاكا! مەن شۇ چاغدا سىزنىڭ توساتتىن ياتى-
قىمىزغا كىرىپ قېلىشىڭىزنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم-ھە! بو-
لۇپمۇ مېنىڭ شۇ چاغدىكى گەپ-سۆزلىرىمنى ئۆز قۇلىقىڭىز
بىلەن ئاڭلىغان بولسىڭىز، سىزنىڭ شەنىڭىزگە داغ چۈشۈرۈش-
كە ئۇرۇنۇۋاتقان غوپۇرنىڭ گېلىغا تىرناق سېلىشقا تەييارلىنى-
ۋاتقان بۈركۈتتەك غەزەپلىك قىياپىتىمگە بىر نەزەر تاشلىغان
بولسىڭىز كارامەت ئىش بولاتتى-دە! بۇنىڭدىن سىز چوقۇم
قاتتىق تەسىرلەنمەي قالمايتتىڭىز! ئۇ چاغدا سىزگە قەلبىمنى
ھازىرقىدەك ئالاھىدە چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ھېچقانداق
ھاجىتى قالمايتتى، مېنىڭ ئۆزىڭىزگە چەكسىز سادىقلىقىمغا
شەك-شۈبھىسىز ئىشىنەتتىڭىز! ئەپسۇسكى، بۇنداق ياخشى
پۇرسەت، بۇنداق بەخت ماڭا نېسىپ بولماي قالدى. بىز تاكى
تالاش-تارتىش قىلىپ ئۇخلاپ قالغانغا قەدەر ياتاققا قەدەم تەش-
رىپ قىلىپ قويمىدىڭىز. ھېچ بولمىسا دېرىزە تۈۋىگە ئاستا
ئاۋايلاپ كېلىپ، بالىلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىغا خۇپىيانە

بولساڭ كۆزلىگەن مەقسىتىڭگە چوقۇم يېتىسەن!……مەن شۇنداق دەپ ئۆزۈمگە ئۆزۈم تەسەللى بېرىپ مىڭ تەسلىكتە تاڭ ئاتقۇزدۇم.

## قوشۇمچە ماتېرىيال (2)

5-ئاينىڭ 15-كۈنى، مەكتەپ ئىچىدىكى كۆل بويىدا.

يەنە شۇ غوپۇرنىڭ كۆل بويىدىكى پور سۆگەت دالدىسىدا ياتقىمىزدىكى بىر قانچەيلەنگە بىرنېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم-دە، پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، تۇيدۇرماي سۆگەت يېنىغا كەلدىم.

— ئاغىنىلەر! — دېدى ئۇ سىرلىق قىلىپ كۆسۈرلاپ، — مامۇت مۇدىر بۈگۈن يەنە ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىدىن يوغان بىر تۈڭ مايني ئېلىپ چىقىپ، غىپپىدە ئۆيىگە ئەكىرىپ كېتىۋاتىدۇ. قانداق دېگەن گەپ بۇ! ئۆتكەن ئايدىمۇ بىر تۈڭ ماي بىلەن قوينىڭ يېرىم گۆشىنى تەپ تارتماي ئېلىپ چىقىپ كەتكىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. بۇنداق كېتىۋەرسە قانداق بولغىنى!

— ھە، شۇنداقمۇ؟ — دېدى مۇسا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — نېمە ئۈچۈن ئىككى-ئۈچ ئايدىن بېرى ئاش-تامىقىمىزدا ياغ دىدارى كۆرۈنمەيدىكىن دېسەم، ئەسلىدە ئىش مۇنداق ئىكەن-دە!

— قانداق ئاچكۆز مۇدىر بۇ!

— يېسە-يېسە تويمايدىغان تۇلۇمچاشقاننىڭ ئۆزى-دە!

— ئاز-تولا ئىنساپ قىلسا بولمامدىغاندۇ!

قاتاربدىكى ئادەم، بەلكى ئۆز دادامدىنمۇ زىيادە مېھرىبان ئادەم،
بىزنىڭ بېشىمىزنى سىيلايدىغان پاسىبانىمىز، غەمگۇزارىمىز!
سىز بولمىغان بولسىڭىز، بىزنىڭ بۇنداق ئازادە مەكتەپتە
خاتىرجەم ئوقۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىز سىزنىڭ بىۋا-
ستە رەھبەرلىكىڭىز ۋە غەمخورلۇقىڭىز ئارقىلىق پارتىيىنىڭ
مېھىر-شەپقىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ كېلىۋاتىمىز ۋە ئۇنىڭ-
دىن بەھرىمەن بولۇۋاتىمىز. شۇنداق ئىكەن، غوپۇردەك بىر
ئوچۇم قارانىيەت، بۇزۇق ئۇنسۇرلارنىڭ قاراپ تۇرۇپ ئۇستى-
ڭىزدىن پىتنە-ئىغۋا تارقىتىشىغا، تەپ تارتماي سىزگە تۆھمەت
چاپلىشىغا قانداقمۇ يول قويغىلى بولسۇن؟ بۇ گەپلەر قۇلىقى-
ڭىزغا يېتىپ قالسا نېمە بولۇپ كېتەرسىز-ھە! غەزەپتىن يېرى-
لىپ كەتمىسىڭىزلا بولاتتىغۇ! دۇنيادا بۇنداق تۆھمەتكە چىداپ
تۇرالايدىغان كىم بار دەيسىز؟ ”ئېچىلىڭ-سايراڭ“دەپ قويسا
ئوڭچىلارنىڭ خورىكى نەقەدەر ئۆسۈپ كەتكەن-ھە! شۇ چاغدا
قولۇمدا بىر تاپانچا بولغان بولسا، ياتاقتىكى ھەممىسىنى بىر--
بىرلەپ ئېتىپ تاشلىغان بولاتتىم. ھەتتىگىنەي، يېنىمدا تاپانچا
تۇگۇل تۇزۇكرەك پىچىقىممۇ يوق. راست گېپىمنى ئېيتسام،
پىچىقىم بولغان تەقدىردىمۇ ھېچكىمگە سېلىشقا جۈرئەت قىلال-
مايمەن، مۇھىمى باشقىلارغا تاقابىل تۇرالىغۇدەك كۈچ-مادارىم
يوق. خۇدا نېمە ئۈچۈن مېنى قېيىشقاندەك بۇنچىۋالا ۋىجىك
يارىتىپ قويۇپتىكىنە؟ بولدى، كۆڭلۈڭنى بۇنچىۋالا يېرىم قىلى-
ما، كۆيدۈرگەبەگ! مامۇت ئاكا ئاخىر سېنى چۈشىنىدۇ، بې-
شىڭنى ئاتىلارچە سىيلايدۇ، دۈشمەنلىرىڭنى يەر بىلەن يەكسان
قىلىدۇ. ئۈمىدۋار بول، ئۈمىد ئادەمنىڭ قانىتى، ئۈمىدۋار

پروگرامىمىزغا ئاساسەن ئۆتكەندە سىزگە ”ئىستىلى بۇزۇق“دەپ تۆھمەت چاپلىغان بولسا، مانا ئەمدى قاراپ تۇرۇپ ”خىيانەتچى“ دېگەن قالپاقنى كىيدۈرۈۋاتىدۇ! كېيىن يەنە نېمىلەرنى قىلىدۇ، بۇنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. لېكىن شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇلار ئاخىرقى ھېسابتا سىزنى غۇلىتىپ، ئورنىڭىزغا ئۆز ئادىمىنى چىقارماقچى! ئۇلار يەنە تېخى سىزگە غالجىرانە ھۇجۇم قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى يەنە ھەممە ئادەم غەمغۇسسىز، باياشات، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان گۈزەل دەۋرىمىزگىمۇ تىل تەگكۈزۈشكە جۈرئەت قىلىۋاتىدۇ! ” ئۆزۈقلۇق يېتىشمەيۋاتىدۇ“، ”نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىمىز-ھە!“ دەپ ئاغزىغا كەلگىنىچە جۆيلۈۋاتىدۇ! نېمىدېگەن زەھەرلىك ھۇجۇم بۇ! ئۇلارنىڭ يۈرىكى نەقەدەر يوغىناپ كەتكەن — ھە! ئەگەر ئارقا تىرىكى بولمىسا، پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ كۈشكۈرتۈۋاتقانلار بولمىسا، ئۇلار سىزگە ۋە پارتىيىگە بۇنچىۋالا غالجىرانە ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالارمىدى؟! شۇڭا كېسىپ ئېيتالايمەنكى، ئۇلارنىڭ چوقۇم ئارقا تىرىكى بار، پەردە ئارقىسىغا ئۆتۈۋالغان كاتتىباشلىرى بار، بۇ گۇرۇھنى ئۈزۈل-كېسىل ئېنىقلاپ چىقماي بولمايدۇ. غوپۇر قاتارلىق بىرقانچەيلەننىڭلا جاجىسىنى بېرىش ئوت-چۆپنىڭ يىلتىزىنى قالدۇرۇپ ئۈچىنى ئۈزۈپ تاشلىغانغا باراۋەر! بۇنداقتا بالايىئاپەت يىلتىزى يەنىلا قېپقالىدۇ. ھاۋا كىلىماتىدا ئۆزگىرىش بولغان ھامان قايتىدىن كۆكلەپ چىقىدۇ. بۇنداق چوڭقۇر مەزمۇنلۇق پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى ئەتراپلىق مەلۇماتقا ئىگە، كالللىسى ئۆتكۈر، تۇغما تالانتلىق كىشىلەرلا ئوتتۇرىغا قويالايدۇ. بۇ، ئۆزۈمنى بىھۇدە ماخ-

— ئىنساپنى بىلسە قاراپ تۇرۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ رىزقىغا چاڭگال سالامدۇ!

— يېقىندىن بۇيان بېشىم قايىدىغان بولۇپ قالغاندى، ئاغ-رىپ قالدىمىكىن دەپ دوختۇرغا كۆرۈنسەم، ”ئۇزۇقلۇق يې-تىشمەسلىكتىن ئاجىزلاپ قاپسىز، ياخشىراق يەڭ“دەيدۇ. ياخ-شىراق تاماقنى نەدىن تېپىپ يەيمەن؟ ئاشخانىمىزنىڭ ھالى شۇ: كۈندە ئىككى ۋاخ چاي بىلەن بىر ۋاخ سۇيۇقئاش! شۇمۇ تويغۇ-دەك بولسىچۇ كاشكى! ھەي-ھەي، تازا بوي تارتىپ ئۆسىدىغان، ئۇستىخان سۇرىدىغان ھالقىلىق پەيتتە نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتى-مىز-ھە!...

قاراڭ، ھۆرمەتلىك مامۇت ئاكا، ئۇلار ئەنە شۇ تەرىقىدە بىر ھازا كۇسۇرلاشتى، تېخى بۇ ئەھۋالنى يۇقىرىغا ئىنكاس قىلماي بولمايدۇ، دەپ ئۆز ھالىغا باقماي پو ئېتىشتى! كېيىنچە باشلىرىنى تېخىمۇ بىر يەرگە تىقىشىپلىشتى، ئاۋازى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ كەتكەچكە يەنە نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكىنى ئېنىق ئاڭ-لىيالماي قالدىم. بىرەر تەشكىلات قۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەت-لەشتىمىكىن دەپ گۇمان قىلىمەن. بولمىسا نېمىشقا ئۇنلۇك-ئۇنلۇك سۆزلىشىشتىن قورقىدۇ؟ نېمىشقا بىر-بىرىدىن ئايرىل-ماي پادىدەك توپ بولۇپ يۈرۈشىدۇ؟ نېمىشقا خۇپىيانە كۇسۇر-لىشىدۇ؟ نېمىشقا ئالدىن كېلىشىپ قويغاندەك ھەممىسىنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقىدۇ؟ نېمىشقا ھەممىسى بىردەك ھەرىكەت قىلىدۇ؟ مانا بۇلار غوپۇر قاتارلىق بىر ئوچۇم بۇزۇقلارنىڭ تەشكىللىك ئاساستا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەرمەمدۇ؟ مېنىڭچە ئۇلار جەزمەن ئۆز تەشكىلىنىڭ ھەرىكەت

دادامدىن قەدىرلىك مامۇت ئاكا: يۇقىرىقى ئىككى قوشۇمچە
ماتېرىيالنى ئەينى چاغدا خاتىرەمگە يېزىلغىنى بويىچە كۆچۈرۈپ
قويدۇم، ھېچقانداق ساختىلىق يوق. بۇ ماتېرىياللاردىن، خاتى-
رە يېزىۋېتىپمۇ سىزنىڭ ئىززەت-ئابرۇيىڭىزنى قوغداش يولىدا
قانداق باش قاتۇرغانلىقىمنى، سىزگە قارشى تۇرغان خۇمپەرلەر-
گە قانداق ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغانلىقىمنى، قىسقىسى،
سىزگە قانچىلىك سادىق ئىكەنلىكىمنى ھېچ قىينالمايلا كۆرۈۋا-
لالايسىز. قىيىن ئەھۋالدا قالغان چاغلىرىمدا سىزنى يادىمغا
ئالساملا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم كۈچ-قۇۋۋەتكە تولدى، ئۆزۈمنى شىر-
دەك ھېس قىلدىم. سىز ھەر چاغ ھەر جايدا مېنىڭ يېڭىلمەس
مەنىۋى تۈۋرۈكۈم بولدىڭىز. شۇڭا خاتىرە يازغاندىمۇ سىزگە
مۇراجىئەت قىلىشنى، ئەقىل كۆرسىتىشنى، سىز بىلەن غايىبا-
نە مۇڭدىشىشنى ئۇنتۇمىدىم. ئېھ، مامۇت ئاكا! مېنىڭ قەلبىم
مەڭگۈ سىزگە تەلپۈنىدۇ، سىزدىن پۈتمەس-تۈگىمەس روھىي
ئوزۇق ئالىدۇ، سىز نېمە دېسىڭىز مەن شۇنداق قىلىشقا تەييار،
ئوتقا دېسىڭىز ئوتقا، سۇغا دېسىڭىز سۇغا سەكرەشتىن يانماي-
مەن! شۇ ئەقىدەمگە تۇشلۇق سىزنىڭ ئاز-تولا ئىلتىپاتىڭىزغا
ئېرىشەلىسەمغۇ ئۆلسەممۇ ئارمانسىز كېتەتتىم. ئولتۇرسام-
قوپسام شۇنداق بەختلىك مىنۇتلار ماڭا نېسىپ بولارمۇ-يوق،
دېگەن غەم-ئەندىشىدىن خالىي بولالمايمەن. ماڭا قىلىدىغان ئىل-
تىپاتىڭىزنىڭ بىرىنچى قەدىمى سۈپىتىدە غوپۇرنى دەرھال كۆز-
دىن يوقىتىپ بەرسىڭىز! بۇ پەقەت سىزنىڭ بىر ئېغىز گېپى-
ڭىزگىلا باغلىق. دەلىل-ئىسپات، ماتېرىيال يەنە كەملىك قى-
لىدۇ دېسىڭىز، خاتىرەمنى بېرەي. ئۇنىڭدا غوپۇرنىڭ يۇقىرى-

تىغانلىقىم ئەمەس، كېيىنكى ئەمەلىيەت بۇ دانا پىكىرىمنىڭ
چەكسىز توغرىلىقىنى تولۇق ئىسپاتلىغاندىلا كىشلەر ئاندىن
ھەقىقىي تالانت ئىگىسىنىڭ كىملىكىنى ئېنىق تونۇپ يېتەلەي-
دۇ، بۇنىڭغا ۋاقىت كېرەك، سەۋر-تاقەت كېرەك، چىدام كې-
رەك. ھازىرچە بۇگەپلەرنى قويۇپ تۇرۇپ، غوپۇرنىڭ ئارقا
تىرىكىنى قېزىپ چىقىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكى ئۈستى-
دە توختالغىنىم تۈزۈكتەك تۇرىدۇ. جېنىم مامۇت ئاكا! مەندەك
چوڭقۇر، ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈپ باقمىغانلا بولسىڭىز،
غوپۇرنىڭ سىزگە ئەتىدىن- كەچكىچە سايىدەك ئەگىشىۋېلىپ
ئوغرىلىقچە رازۋېتكا قىلىپ يۈرۈشىدە ئىنتايىن چوڭ بىر سۇيى-
قەستىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلالىشىڭىز ئانچە تەسكە چۈشمەيدۇ!
غوپۇرنى چوقۇم ئابابەكرى مۇئەللىم كۈشكۈرتكەن گەپ! ئۇنىڭغا
يۇقىرىقىدەك قارا ماتېرىياللارنى شۇ يەتكۈزۈپ بەرگەن بولۇشى
مۇمكىن. ھازىرچە بۇنىڭغا تولۇق دەلىل-ئىسپاتىم بولمىسىمۇ،
لېكىن گۇمان بەزىدە توغرا چىقىپمۇ قالىدۇ، شۇڭا ئابابەكرى
مۇئەللىمدىن گۇمانلىنىشقا تامامەن ھەقلىقمەن! بۇگۈن خاتى-
رەمنى موشۇ يەرگىچە يازاي، قالغىنىنى ئەتە داۋاملاشتۇرار-
مەن. ئۇخلاش ۋاقتىغا ئاز قالدى، نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنى-
ۋاتقانلىقىم باشقىلار ئالدىدا چېنىپ قالمىسۇن، شەرت-شارائىت
پىشىپ يېتىلگىچە ھەممە ئىشنى مەخپىي تۇتقان ياخشى. خۇدا
بۇگۈن كېچە شېرىن چۈش كۆرۈشۈمگە نېسىپ قىلغاي، ئامىن!

* * *

ئېگىلەپ، كۆرسىغا سوقۇنۇپ كىرىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ يوشۇرۇن خەۋپىنىڭ تۈگىتىلگىنىگىغۇ ھەر ھالدا خۇشالمەن. شۇنداقتىمۇ كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرى يېرىم ۋە غەش تۇرىدۇ. نېمىشقا دېسىڭىز، ئۇ قولغا ئېلىنماي قالدى ئەمەسمۇ! رېجىم ئاستىدا ئىشلىگەن بىلەن بەربىر يەنىلا ئەركىن ئادەم سۈپىتىدە لاغايلاپ يۈرۈۋېرەلەيدۇ. يېزىدا ئۇنىڭ ئەركىنلىكىگە تۈرمىدىكىدەك قاتتىق چەك قويغىلى بولمايدۇ. ناۋادا ئۇ يەتتە-سەككىز يىللىق كېسىلىپ، تۈرمىدە چىرىپ ئۆلگەن بولسا ئاندىن تازا پۇخادىن چىقاتتىم، ئۇ چاغدا خۇشاللىقتىن يۈرىكىم يېرىلىپ كېتەرمىدىكىن-تاڭ؟ ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان يەنە بىر يېرى شۇكى، غوپۇرنىڭ ئارقا تېرىكى، قۇتراتقۇچىسى ئابابەكرى مۇئەللىم تارتىپ چىقىرىلماي قالدى. غوپۇرنىڭ ئەيسا، مۇسا قاتارلىق يالاقچىلىرى ۋە چاپارمەنلىرىگىمۇ قاتتىقراق چارە كۆرۈلمىدى. ئۇلارغا ئادەتتىكىچە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ قويۇش ھەرگىز كۇپايە قىلمايتتى. بۇ، ئاپەت يىلتىزىنى قالدۇرۇپ قويغانلىق ئەمەسمۇ! مېنىڭ سەمىمىي نەسىھەتلىرىم ئىدىيىڭىزدىن تازا ئۆتمەي قالدى بولغاي ئەتىمالىم، ھايات-ماماتقا بېرىپ تاقىشىدىغان بۇ جىددىي كۈرەشتە تازا قاتتىق قوللۇق بولۇپ، دادىللىق بىلەن كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ كېتەلمەي، ئاز-تولا گاڭگىراپ قالدىڭىز. شۇ ۋەجىدىن بۇ قېتىم ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلمەي قالدىڭىزغۇ دەيمەن. ھېچ ۋەقەسى يوق، تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، سىنىپىي مەيدانىڭىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ۋە چىڭىتىپ، ئاقىللارنىڭ نەسىھەت ۋە مەسلىھەتلىرىگە قۇلاق سالسىڭىزلا، ئاخىر بىر

قىلاردىن باشقا سۆز-ھەرىكەتلىرىمۇ كۆنتەرتىپى بويىچە رەتلىك خاتىرىلەنگەن. قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى ئاجرىتىپ كۆرۈپ باقسى-ڭىزلا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىز ئۇنىڭ ئاخىر بېشىڭىزغا چىقىدىغان ئىنتايىن خەتەرلىك ئۇنسۇر ئىكەنلىكىنى تولۇق تو-نۇپ يېتىسىز ۋە ئۇنى قانات-قۇيرۇق چىقىرىۋالغۇچە تۇيدۇرماي جايلىۋېتىشنىڭ ھەقىقەتەن ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىسىز.

سىزگە خاتىرجەملىك تىلەپ، كەمىنە شاگىرتىڭىز:

كۆيدۈرگەبەگ

1957-يىل 9-ئاينىڭ 25-كۈنى.

## 2

قەدىردان شەپقەتچىم مامۇت ئاكا:

مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىدىكى نەتىجەم لاياقەتلىك بول-ماي قالغان بولسىمۇ، سىزنىڭ سىياسىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىشىڭىز ۋە يېقىندىن ياردەم بېرىشىڭىز ئارقىسىدا بىر يىللىق كۇرسقا قوبۇل قىلىندىم. بۇ جەھەتتە سىزدىن ئىنتايىن مىننەت-دارمەن. غوپۇرنىڭ ئىمتىھانغا قاتنىشىش سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇچچى قالپىقى كىيدۈرۈپ، مەكتەپتىن ۋاقتىدا قوغ-لاندى قىلغىنىڭىز ئاجايىپ خاسىيەتلىك ئىش بولدى. بولمىسا ئۇ ئىمتىھاندىكى يۇقىرى نومۇرىغا تايىنىپ، مېنىڭ ئورنۇمنى

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، قارغىش تەگكۈر بالى-
لارنىڭ پوتلىسىنى ئېرىتىشنى خالىمايمەن. بۇنداق تۆۋەن، چا-
كىنا كەسىپنى ئىشلەش ماڭا تولىمۇ ھار كېلىدۇ. ۋەھالەنكى،
بۇ قېتىمقى كۇرسنى ئېچىشتىن مەقسەت دەل يېزا باشلانغۇچ
مەكتەپلىرى ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈپ بېرىش ئىكەن.
مەندەك ئەتراپلىق يېتىلگەن بىر تالانت ئىگىسىنى سەھرادىكى
باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىقىغا قويۇش خۇددى كاتتا سارايغا
يارىغۇدەك بېجىرىم تۈۋرۈكنى ئەرزىمەس چوكا ئورنىدا ئىشلەت-
كەندەك تولىمۇ قاملاشمىغان بىر ئىش ئەمەسمۇ! بۇنى ۋىجدانىم
كۆتۈرمەيدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنداق ئەھۋالدا قانداق قىلىشىم كې-
رەك؟ مەن ئۇيان ئويلىنىپ-بۇيان ئويلىنىپ، ئاۋۋال ئوقۇتقۇ-
چىلارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىۋىدىم، ئۇلار شەھەرگە تەقسىم
قىلىشقا قۇربى يەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. ”ئوڭچىلارغا قار-
شى كۆرەشتە يەنە بىر قېتىم ئاكتىپ بولسامغۇ مۇناسىۋەتلىك
ئورۇنلارنىڭ كۆزى چۈشۈپ، مېنى تاللىشىپ ئېلىپ قالار“ دې-
گەن ئۈمىدتە ياتاقتىكى پاراڭلاردا رېئاللىقتىن نارازى بولغان ۋە
مۇئەللىملەرنىڭ يامان گېپىنى قىلغان بىرقانچە ئالىقاپ ئوقۇغۇ-
چىنىڭ ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ، ئۆزۈم ئىشەنچلىك دەپ قارىغان
ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ھىمىتنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇم. بىراق
نېمە ئۈچۈندۇ، تەقدىرلىنىش ئورنىغا قاتتىق تەنقىدلەندىم. ئىل-
مىي مۇدىر پەتتارنى ئىزدەپ بارسام، ”ئۆلمەك ئۈستىگە تەپ-
مەك“ دېگەندەك، جاندىن ئۆتىدىغان بىر مۇنچە ئاچچىق گەپلەرنى
قىلىپ ھەيدىۋەتتى. يەنە بۇنى ئاز دېگەندەك، سىزگىمۇ دارىتما-
لاپ ھۇجۇم قىلىپ، ”بۇنداق ساختىپەز، چېقىمچىنى كۆرسى-

كۈنى ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىدىنمۇ چوڭ-راق ئەمەلگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىڭىزدىن قىلچە گۇمان قىلمايمەن. ”ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا.“ ئۆزۈم كىچىك بولغىنىم بىلەن خېلى-خېلى ئىشلارغا ئەقلىم يېتىدۇ، پالچى بولمىساممۇ ئەتە-ئۆگۈن نېمە بولىدىغانلىقىنى ئالدىن قىياس قىلالايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، كىچىكىمدە ئۆگەي دادام باشقىلار بىلەن مۇڭدىشىۋاتقاندا ئانچە-مۇنچە لوقما سېلىپ تۇرۇشتىن خالىي بولالمايتتىم. ئۇ خەقنىڭ ئالدىدا يۈز-ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، قوپاللىق بىلەن مېنى سىلكىشلەپ: ”تولا ساقالغا ياماشما، ساڭا ئاقساقاللىقنى كىم قويۇپتۇ؟ ماڭ ئوينىشىڭنى ئوينا!“ دەپ كايىپ كېتەتتى. ئويلاپ بېقىڭا، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەم ساقالغا يامىشىشقا جۈرئەت قىلالامدۇ؟ مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا سىزگە يوللىغان ئەرزلىرىم، ئەرز ئىچىدە بەرگەن تەكلىپ-مەسلىھەتلىرىم، باشقا خەت-چەكلىرىمدە قىلغان سەمىمىي نەسىھەتلىرىم ھەرگىزمۇ سىزنىڭ ئېغىزىڭىزنى غېرىچلىغانلىقىم ئەمەس، بەلكى سىزگە كۆيۈنگەنلىكىم، سىزگە بولغان ئىززەت-ھۆرمىتىم ۋە چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببىتىم. سىز چوڭراق ئەمەلگە ئېرىشسىڭىز ماڭىمۇ پايدا-دە! دەرياغا كەلگۈن كەلسە ئېرىق-ئۆستەڭ سۇغا توشقاندەك، مەنمۇ سىزنىڭ سايىڭىزدا ئاز-تولا ئەمەلىي نەپكە ئېرىشەلەيمەن، ھازىرقى پەيتتە تېخىمۇ شۇنداق. كۇرسنى پۈتتۈرۈشىمىزگە يېرىم يىلدەك ۋاقىت قالدى، تەكلىماكاننىڭ چېتىگە جايلاشقان قۇم-بوران ئۇچۇپ تۇرىدىغان يېزىلارغا، قاتمۇقات تاغلار بىلەن ئورالغان چەت-ياقا، نامرات كەنتلەرگە بېرىپ

كۇرسقا ئەۋەتكەن شەپقەتچىم — سىزگە پۈتمەس شان-شەرەپ كەل-
تۈرىمەن، يۈزىڭىزنى ھەرگىز يەرگە قاراتمايمەن. شۇنداقتىمۇ
توپلىغان بەزى ماتېرىياللىرىمدا دەلىل-ئىسپات، پاكىت ۋە ئا-
ساس سەل كەمچىل بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، مۇشۇ پېتى يۇقىرىغا
يوللىسام، رەھبەرلىكنىڭ يېتەرلىك دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغى-
يالمايدىغاندەك قىلىمەن. شۇ ۋەجىدىن ماڭا ئاز-تولا تولۇقلىما
ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرىشىڭىزنى ھەمدە بۇ ماتېرىياللارغا ئۆزى-
ڭىزنىڭمۇ ئىمزا قويۇشىڭىزنى چىن قەلبىمدىن سەمىمىي ئۆتۈ-
نىمەن. بۇنداقتا ماتېرىيالنىڭ قىممىتى ۋە كىشىنى ئىشەندۈ-
رۈش دەرىجىسى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. چۈنكى سىز ماڭا ئوخشاش
ئادەتتىكى ئوقۇغۇچى بولماستىن بەلكى رەسمىي كادىر، نۇقتى-
لىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى، پارتىيىنىڭ سادىق ئەزاسى.
پارتىيە پارتىيە ئەزاسىنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەي قالمايدۇ-دە!
”مەن ئۇ كۇرسنىڭ خادىمى بولمىسام، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى
نەدىن بىلەي؟“ دېگەن ئاددىي باھانە-سەۋەبنى كۆرسىتىپ، بۇ
سەمىمىي ئۆتۈنۈشۈمنى رەت قىلىپ يۈرمەڭ يەنە! مەن سۈرۈش-
تۈرۈپ كۆردۈم، سىز ئىلمىي مۇدىرىمىز پەتتار بىلەن ساۋاق-
داش ئىكەنسىز. بەزىلەر سىلەرنى ئىنتايىن يېقىن ئۆتكەن دې-
يىشتى. قەدىناس ئاغىنىلەر دېگەننىڭ دېيىشمەيدىغان گەپ-سۆ-
زى يوق، كۆڭلىدىكىنى قالدۇرماي تۆكۈپ، بىر-بىرىگە ئىچكى
سىرلىرىنى بېرىشىدۇ. مانا شۇ چاغدا دېيىشكەن گەپ-سۆزلە-
رىڭلار ئىچىدىن دەۋرىمىز روھىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىرىنى
تاللاپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكلەپ قويسىڭىزلا ئىشنىڭ
توغرىلانغىنى شۇ! نۆۋەتتىكى ئوقۇغۇچىلارغا قارشى كۇرەشنىڭ

مىزغا ئەۋەتىپ بەرگەن قاپاق باشقا مىلىك لەنەت!» دەۋاتىدۇ.
مېنى ھەرقانچە تىللىسىغۇ مەيلى، مەن بۇنىڭغا كۆنۈك، زەھەر-
لىك تىل-ھاقارەتلەرنى تولا ئاڭلاۋېرىپ قۇلىقىم خېلى پىشىپ
قالغان، ئانچە كۆڭلۈمگە ئېلىپمۇ كەتمەيمەن. لېكىن قاراپ
تۇرۇپ سىزنى — ناھىيىمىزدىكى نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ
رەسمىي مۇدىرىنى تىللىغىنىغا قورسىقىم تازا كۆپتى، ۋىجدانىم
چىداپ تۇرالمىدى، ياقىسىغا ئېسىلاي دېۋىدىم، بويۇم يەتمەي
قالدى. نائىلاج دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، بېشىمنى تۆۋەن
سېلىپ ياتاققا يېنىپ كەلدىم. پەمىمچە بۇ كۇرسىنىڭ ئىلمىي
مۇدىرىدىن تارتىپ ئوقۇتقۇچىلىرىغىچە بولغان ھەممىسى بىر
پىلەكنىڭ خەمەكلىرى، بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى — ئوڭچى بىر
نېمىلەر ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، بىر-
بىرىنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ يۈرگىنى-
گە قارىغاندا چوڭ بىر گۇرۇھ بولۇپ ئۇيۇشۇۋالغان بولسا كې-
رەك. بۇنىڭغا ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاشقا جىددىي كېرىلىپ
كەتكىنىم ئۈچۈن دەرستە تازا يېتىشىپ كېتەلمەيۋاتىمەن. مۇ-
ئەللىم سورىغان سوئاللارغا ”كاللا دېسە پاقالچاق“ دەپ جاۋاب
بېرىپ كۈلكىگە قالغان چاغلىرىممۇ كۆپ بولدى. لېكىن جىد-
دىي سىنىپىي كۈرەش ئالدىدا بۇنچىلىك ئىشلارنىڭ كارى چاغ-
لىق. قەتئىي ئىرادەمدىن يانماي ئوڭچىلارنىڭ قارا ئۇۋىسىنى
ۋەيران قىلىۋېتەلىسەملا ئاخىرقى غەلىبە يەنىلا ماڭا مەنسۇپ
بولىدۇ. ھازىر مېنى زاڭلىق قىلىۋاتقان ئەلاچىلارنى ھەسرەت-
نادامەتتە قويۇپ، شەھەردىكى ئەڭ ياخشى ئورۇنغا تەقسىم قىلد-
ىمەن. توغرىراقى شۇنچە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ باغلاپ، مېنى بۇ

رەك مەرتىۋىگە ئىنتىلىدىغان بولۇشى كېرەك. شۆھرەت ۋە
ئەمەل ئۇچۇن ھېلىغۇ بىر قەدىناس دوست ئىكەن، پەيتى كەل-
گەندە ھەتتا ئۆز ئاتا-ئانىسىنى سېتىۋېتىشتىنمۇ يانماسلىق كېر-
رەك! چۈنكى دوست دېگەن ھەرقانچە قەدىناس بولسىمۇ بەربىر
يات ئادەم، چوڭراق پايدا-مەنپەئەتنى كۆرسە ئۇنىمۇ سېنى سېتى-
ۋېتىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن كۆرە سەن ئۇنى بالدۇرراق سېتى-
ۋەتسەڭ نېمە بوپتۇ؟ ئاتا-ئانا دېگەنمۇ دۇنياغا تۇۋرۇك بولۇپ
بەرمەيدۇ، بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىدۇ، بەربىر
ئۆلۈپ كېتىدىغان ئادەمنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە
ئەھمىيتى؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ئۇلارنىڭ تىرىك ۋاقتىدىكى قىممى-
تىدىن پايدىلىنىپ ئۆزۈڭنىڭ يۇقىرىغا ئۆرلىشىڭگە بىرەر قېتىم
شوتا قىلىۋالساڭ ياكى ئېپى كەلگەندە قىممەت باھادا سېتىپ
خەجلىۋالساڭ كىم ساڭا ھوتوت-پوتوت دېيەلەيدۇ؟ كونىلار:
"ئانامنىڭ ئۆلىشىنى بىلسەم ئىششەك①كېپەككە سېتىپ يەر
ئىدىم" دەپ بىكار ئېيتمىغان-دە!

سۆيۈملۈك مامۇت ئاكا: ھازىر ئالدىڭىزدا ئىككى يول تۇ-
رۇپتۇ: بىرى، سىڭگەن نانىنى يەپ، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىر-
لىقىنى قىلىمەن دەپ ئۆمۈرۋايەت سۆرىلىپ يۈرۈش؛ يەنە بىرى،
مەن بىلەن بىقىندىن ھەمكارلىشىپ، ئوغچىلارنىڭ قارا ئۇۋىسى-
نى ۋەيران قىلىپ، يۇقىرى ئەمەلگە ئېرىشىش. قايسى يولدا
مېڭىشىڭىزنى سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىپ كۆرۈپ، تېزرەك

① ئىششەك—يېزىلاردىكى ئۆلچەم بىرلىگى، چارەكنىڭ 1/4 گە
تەڭ. ئاپتوردىن.

جىددىي ئېھتىياجى تۇپەيلىدىن بەزى ئېغىر جىنايەتلەرنى چاندۇر-
مايراق توقۇپ چىقىسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ. ”نەق مەيداندا ئىككى-
مىزدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى، ئۇ ھېلىقىدەك ئەكسىيەتچى
سۆزلەرنى ماڭىلا دېگەن“ دەپ چىڭ تۇرۇۋالسىڭىزلا، تەكشۈرۈپ
ئېنىقلىغۇچىلار ئەلۋەتتە سىزنىڭ گېپىڭىزگە ئىشىنىدۇ. چۈن-
كى سىز ئوڭچىلارغا قاشى كۈرەشتىكى بىر ئاكتىپ، ئۇ بولسا
ئوڭچى قالپىقى كىيدۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغان گۇمانلىق بىر
ئۇنسۇر-دە! بۇ نازۇك يەرلىرىنى ئېزىپ چۈشەندۈرۈپ ئولتۇر-
مىسامىمۇ مەندىن ياخشىراق بىلىشىڭىز مۇمكىن. شۇڭا بۇ ھەقتە
ئارتۇقچە گەپ ساتماي. لېكىن شۇنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭكى،
ئامەت دېگەن ھەربىر ئادەمگە ئۆمرىدە ئاران بىر قېتىم كېلىدۇ،
ئامەت كەلگەن پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇش ئۆتۈپ كەتكەن
ئەخمىقانلىق! سىزغۇ ئۇنداق ئەخمەقلەردىن ئەمەس، شۇنداقتى-
مۇ قىممەتلىك پۇرسەتنى قەدىرلەش توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش
بېرىپ قويۇشنىڭ ھېچقانداق زىيىنى يوق. ”باشقىلار مېنى
ئاغىنىسىنى سېتىۋەتتى دەپ قالارمىكىن“ دەپ ئەندىشە قىلىش
ھاجەتسىز. خەق دېگەن نېمىلەرنى دېمەيدۇ؟ خەقنىڭ گەپ-سۆ-
زىدىن قورقۇپ ئولتۇرسا ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى
بولمايدۇ. چوڭراق ئىش قىلىشقا ئىرادە تىكلىگەن ھەرقانداق
ئادەم ھېچنېمىدىن قورقماسلىقى كېرەك. ئادەم بۇ دۇنياغا نېمە
ئۈچۈن كېلىدۇ؟ ياخشى يەپ-ئىچىش، ياخشى كىيىنىش ھايات-
لىقنىڭ مۇھىم تەرىپى، ئەلۋەتتە. لېكىن ياشاشنىڭ مەقسىتى
بۇنىڭ بىلەنلا كۇپايىلەنسە تولىمۇ تارلىق بولىدۇ. ئادەم ئەڭ
مۇھىمى نام-ئاتاق قازىنىشقا، ئەمەلىي نەپ بېرىدىغان ئۇستۇن-

لەن قەستەن قارشىلىشىپ، غەرەزلىك ھالدا ئەشەددىي ئوڭچى ئۇنسۇرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ، داۋاملىق پارتىيىگە قارشى رەزىل ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشى، تورغا چۈشۈش ئالدىدا تۇرغان سىنىپىي دۈشمەنلەرنى تەپ تارتماي قانات ئاستىغا ئېلىشى، ھەتتا بۇ قېتىمقى كۆرەشتە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن ئاكتىپلاردىن غالجىرلىق بىلەن ئۆچ ئېلىپ ۋە ئۇلارغا رەھىمسىز زەربە بېرىپ، شىددەتلىك دەۋر دولقۇنىنى توسۇپ، قولغا كەلتۈرگەن مول كۆرەش مېۋىسىنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇنۇشى ئادەمنى قاتتىق غەزەپلەندۈرمەي قالمايدۇ، شۇنداقلا ھەممىمىزنى تېخىمۇ ھوشيار بولۇشقا ئۈندەيدۇ. مەن ئەنە شۇنداق قوي تېرىسىگە ئورىنىۋالغان چىلبۆرىلەرنىڭ بىرى

— ئارىمىزغا چوڭقۇر يوشۇرۇنۇۋالغان ئەشەددىي سىنىپىي دۈشمەن ماموتنى پاش قىلىمەن. ئۇ مۇدىرلىق ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىپ، مەكتەپتە قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغان بىر نېمە. مەن دەسلەپتە ئۇنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى تونۇپ يېتەلمەي، ياخشى ئادەممىكىن دەپ ئويلاپ، نادانلىق قىلىپ، ياغلىما سۆزلىرىگە ئاسانلىقچە ئىشىنىپ كېتىپ، ئوڭچىلار ئۈستىدىن مىڭ تەسلىكتە توپلىغان نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللارنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپتىمەن. بۇ ھىيلىگەر تۈلكە، ئالدامچى ئوغرى ئۇنىڭدا كۆرسىتىلگەن پولاتتەك دەلىل-ئىسپاتلارغا ئاساسلىنىپ ئاشۇ بىر ئوچۇم غالجىرلاشقان ئوڭچى ئۇنسۇرلارغا قاتتىق زەربە بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇلارنى قانات ئاستىغا ئالدى. قولغا ئېلىشقا تېگىشلىكلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش قويۇش، مۇددەتسىز قاماق جازا-

بىر قارارغا كېلەرسىز. چىرايلىق پىكاپلاردا كېرىلىپ ئولتۇ-
رۇپ كوچىدىن ئۇيان-بۇيانغا غۇيۇلداپ ئۆتۈش هازىرقىدەك قو-
تۇر ۋېلىسىپىتنى تىكىراڭشىتىپ مىنىپ يۈرگەنگە قارىغاندا
كۆپ ياخشىغۇ دەيمەن. كېيىنكى يولنى تاللىۋالسىڭىز سىزنىڭ
ئىشىڭىزمۇ، مېنىڭ ئىشىممۇ كۆڭۈلدىكىدەك هەل بولىدۇ.
شەهەرگە تەقسىم قىلىنىپ، تۈنجى مائاشىمنى ئالغان قۇتلۇق
كۈندە نۇرغۇن سوۋغا-سالاملار بىلەن سىزنى ئالاهىدە يوقلاپ
بارىمەن. ناۋادا يەنە قورقۇنچاقلىق قىلىپ ئالدىنقى يولنى تاللى-
ۋالىدىغان بولسىڭىز، ئۇ چاغدا مەندىن ئاغرىنىپ يۈرمەڭ،
ئۆزىڭىزنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىڭىز ئۈستىدە ئوبدان
ئويلىنىپ بېقىڭ!

جاۋابىڭىزنى كۈتۈپ:
كۆيدۈرگەبەگ
1958-يىل 12-ئاينىڭ 25-كۈنى.

3

ۋىلايەتلىك ئوقۇچىلارغا قارشى كۈرەش قىلىش ئىشخانىسى
رەهبەرلىكىگە:
"ئا"ناهىيىلىك "ب" ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى مامۇت
ئۈستىدىن ئەرز.
ئوقۇچىلارغا قارشى كۈرەشنىڭ هەل قىلغۇچ غەلىبىسى قول-
غا كەلتۈرۈلۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ بەزىلەرنىڭ ۋەزىيەت بى-

راپلىق، مۇكەممەل پىلان تۈزۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. بۇ،
ئېھتىمالدىن ئانچە يىراق ئەمەس. بولمىسا ئۇلار نېمە ئۈچۈن
ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەشتە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتقان ماڭا
ئوخشاش ئاكتىپقا ئۇقتىلىق زەربە بېرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن پرولې-
تارىيات دېكتاتۇرىسىنىڭ تورىغا چۈشۈش ئالدىدا تۇرغان پەتتار-
دەك بۇزۇقلارنى ئالدىن خەۋەرلەندۈرۈپ، خەق تاز دېگۈچە سەن
تاز دەۋال دەپ ئەقىل ئۆگىتىپ، ماڭا قەستەن زىيانكەشلىك
قىلىدۇ؟ يۇقىرىقى بىر قاتار چىگىش سوئاللار ئادەمنى چوڭقۇر
ئويلاندۇرماي قالمايدۇ. مەن ئەسلىدە ۋىلايەتلىك ئوقۇتقۇچى
يېتىشتۈرۈش كۇرسىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى پەتتارنىڭ جىڭغا ئول-
تۇرغۇدەك خېلى كۆپ ئوڭچىل سۆز-ھەرىكەتلىرىنى ۋە پارتىيە-
گە قارشى چوڭ بىر قارا گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرغانلىقىنى بايقاپ
قالغانىدىم. مەن بۇ ئەھۋالنى ئۆز ۋاقتىدا يۇقىرىغا مەلۇم قىلغان
بولسامغۇ بۇ بىر ئوچۇم ئەبلەخ ھەققانىي جازادىن ھەرگىز قې-
چىپ قۇتۇلالمايتتى. لېكىن مەن كەم ئەقىللىق ۋە ئەخمەقلىق
قىلىپ، "ئۇلارنىڭ سۆز-ھەرىكىتىنى يەنە بىر مەزگىل كۆزى-
تىپ، سۈيىقەستلىك پىلانىنى ئېنىق بىلىۋېلىپ، دەلىل-ئىس-
پاتنى تولۇق قولغا چۈشۈرۈپ، ماتېرىيالنى سۇ كىرمىگۈدەك
مۇكەممەل رەتلەپ، ئاندىن يوللىسام، ئىككى قولىنى ئون قى-
لالماي كېچە-كۈندۈز ئالدىراش ئىشلەۋاتقان مۆھتەرەم رەھبەر-
لەرنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى كۆپ زايە قىلماسمەن" دەپ ئويلاپ،
ئىشنى سەل كېچىكتۈرۈپ قويۇپتىمەن. ھەممىدىن يامان بولغان
يېرى شۇكى، كۆزۈمگە كۆپتىن بۇيان خېلى ئىنقىلابىيدەك،
پارتىيىگە سادىقتەك كۆرۈنگەن ماموتقا نادانلارچە ئىشىنىپ كې-

سى بەرسىمۇ ئازلىق قىلىدىغانلارنى مەكتەپتىن قوغلاش بىلەن ئىشنى تۈگەتتى. ناۋادا غوپۇردەك قارام تەلۋىنىڭ يەنە قۇتراپ، ئۆزىنىڭ ئەسكى مازلىرىنى داۋاملىق چۇۋۇپ تاشلىشىدىن قورقمىغان بولسا ئىدى، بەلكىم مامۇت ئۇنىڭغا ھەتتا يۇقىرىقىدەك ئەڭ ئاددىي چارىنىمۇ قوللانماي، ئۇنى مەكتەپكە ئەتىۋارلاپ ئەپقېلىپ، خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، غوپۇر ئۇنىڭ گۈلمېھرە خانىم بىلەن قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى، ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىدىن بىرنەچچە تۇڭ ماي ۋە پوتون-پوتون قوي گۆشلىرىنى تولۇمچاشقاندەك ئوغرىلىقچە ئۆيىگە توشۇۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ قالغانىكەن. شۇ ۋەجىدىن مامۇت دەل ئۆزىنىڭ ئىستىلدا چىرىكلەشكەن، خىيانەتچىلىك قىلغان رەزىل ئەپت-بەشىرىسىنى يوشۇرۇش ئۈچۈنلا غوپۇرنى مەكتەپتىن ھەيدەشكە مەجبۇر بولدى. بۇ شەخسىي ئۆچ ئالغانلىق بولماي نېمە؟ ئۇ پارتىيە مەيدانىدا ھەقىقىي چىڭ تۇرىدىغان ئادەم بولغان بولسا شەخسىي ئاداۋەتنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ئاۋۋال غوپۇرنىڭ ئۈچىغا چىققان ئوڭچىل سۆز-ھەرىكەتلىرىدىن ھېساب ئېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ سىنىپىي مەيدانى، كۆز قارىشى، ھېسسىياتى ئوخشاش بولغاچقا، مامۇت ئۆز گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ چوڭ جازاغا ئۇچراپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ئالدىراپ-تېنەپ يېنىك بىر تەرەپ قىلىپ ھەم ئۆزىنى، ھەم شېرىكىنى ساقلاپ قالدى. ھازىر ئۇلار يەنە ئۆز ئارا ئالاقە باغلاپ، ئاپاق-چاپاق بولۇپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، پارتىيىگە قانداق ھۇجۇم قىلىش ئۈستىدە ئەت-

قاراپ ئادەممىكىن دەپ ئويلاپ قېلىپ، ئىچكى ماھىيىتىنى تازا
تونۇپ يېتەلمەپتىمەن.
مۇشۇ سەۋەنلىكىم تۇپەيلى، مامۇت، پەتتار باشچىلىقىدىكى
ئىنتايىن چوڭ قارا گۇرۇھ ئۇۋۇسىنىڭ ۋاقتىدا ۋەيران قىلىنماي
قالغانلىقىغا پۇتۇنلەي مەن جاۋابكار، بۇنىڭغا تەشكىل قانداق
چارە كۆرسە مەن رازى. بىراق پەتتارنىڭ گۇرۇھ كاتتىبېشى
مامۇتنىڭ كۇشكۇرتىشى ئارقىسىدا ماڭا ”تۆھمەتخور“، ”چېقىم-
چى“،”ساختىپەز“، ”باشقىلارغا قارا چاپلاپ زىيانكەشلىك قىل-
غۇچى قارا نىيەت“ دېگەنگە ئوخشاش تۇتامغا چىقمايدىغان بىرمۇن-
چە گۇناھلارنى ئارتىپ، بېشىمغا خوپ كەلمەيدىغان يوغان قال-
پاقلارنى كىيدۈرۈپ، خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىشقا ئىككى-ئۈچ
ئايدەك ۋاقىتلا قالغاندا مەندەك بىر ئاكتىپنى مەكتەپتىن قوغلاپ
چىقىرىشىغا ئۆلسەممۇ رازى ئەمەسمەن. ئەجەبا، مەن قاراپ
تۇرۇپ غوپپۇردەك ئەشەددىي ئوغچى بىلەن بىر يېزا، بىر كەنتتە
بىر ئۆمۈر كەتمەننىڭ قولى بولۇپ ئىشلەمدىمەن؟ ئۇ كىم؟ مەن
كىم؟ ئىككىمىزنى قانداقمۇ بىر تاياقتا ھەيدىگىلى بولسۇن؟
ھەتتا تىتاڭ تومۇرىمىزنى كەسسىمۇ قېنىمىز ھەرگىز بىر-بىرى-
گە قوشۇلمايدۇ، ئۇنىڭ تومۇرىدىكى قان پارتىيىگە قارشى قارا
قان، ئىپلاس قان! مېنىڭ تومۇرۇمدىكى قان بولسا ھەقىقىي
پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسىنىڭ قېنى، ئوغچىلارغا قارشى كۆ-
رەش ئاكتىپىنىڭ بايرىقىمىزغا رەڭداش قىپقىزىل قېنى! بۇ
بەختىيار، ئادىل زاماندا ماھىيىتى بىر-بىرىگە تۈپتىن ئوخشاش-
مايدىغان ئىككى ئادەم تەقدىرىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئوپمۇ ئوخ-
شاش بولۇپ قالغىنى قانداق گەپ؟! ئۇچىغا چىققان ئەشەددىي

تىپ، ئالاھىدە خەت يېزىپ، پەتتارنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىنى
ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە قالدۇرماي دەپ بېرىپتىمەن ھەمدە ئۇنىڭغا
بىرلىكتە پاش قىلىش توغرىسىدا سەمىمىي تەكلىپ بېرىپتىمەن.
مامۇت ئىنقىلابىي ئاممىنىڭ بۇنداق قىزغىنلىقىنى ئاكتىپ قول-
لاپ-قۇۋۋەتلەش ئورنىغا ئەڭ ئۇياتسىز خائىنلاردەك ساتقۇنلۇق
قىلىپ، ئۇنىڭغا يازغان خەتنى پەتتارغا ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. ھەتتا
غوپۇرنى پاش قىلغان ماتېرىيالنىمۇ ئاشۇنداق ئەشەددىي، جاھىل
دۈشمەننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇشتىن يانماپتۇ. پەتتارمۇ مېنى
زاڭلىق قىلغاندەك مامۇت ئەۋەتىپ بەرگەن ھەممە ماتېرىيالنى
يەنە ئۆزۈمگە چاڭگاللىتىپ قويدى. ئۇنىڭ سوغۇق كۇلۇشىدىن
تېنىم ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كەتتى. كۆزىدىن چاقنىغان غە-
زەپ ئۇچقۇنلىرىدىن مەندىن ئۆچ ئېلىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى
پەملىۋالدىم. ھەي ئىست، مەن ئۇلارنىڭ تېگىدىن بىر گۇرۇھ-
نىڭ ئادىمى ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي؟ بولمىسا بۇنداق چوڭ
سەۋەنلىكنىڭ سادىر بولۇشىغا ھەرگىز يول قويمايتتىم، ئەلۋەت-
تە. چۈنكى مەن ئەقلىدىن ئازغان، مېڭىسىنى سار چوقۇۋالغان
زاغۇنباش ئەمەسمەن-دە! كاللام نورمال ئىشلىگەندىن سىرت
نى-نى ئاتاقلىق ئالىم-مۇتەخەسسىسلەرمۇ دەماللىققا يېشەلمەي-
دىغان چىگىش مەسىلىلەرگە ھېچقانچە ئويلانمايلا جايىدا جاۋاب
بېرەلەيمەن. ”پاراسەتلىك دانىشمەنلەرنىڭمۇ كەتكۈزۈپ قويىدى-
غان چاغلىرى بولىدۇ“دېگەندەك، بۇ قېتىم ھەقىقەتەن مۇدۈرۈپ
كەتكەنلىكىمگە تەن بېرىمەن. دۈشمەننىڭ قېرى تۈلكىگە دەرس
بەرگۈدەك بۇنچىۋالا ھىيلىگەر، رەزىل، جاھىل، غالجىر بولى-
دىغانلىقىغا ئەقلىم يەتمەي قاپتۇ. مامۇتنىڭ تاشقى قىياپىتىگە

4

يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە:

قاباھەتلىك چۈشتەك قورقۇنچلۇق، پاجىئەلىك، ئادەمنىڭ يۈرەك-باغرىنى ئېزىپ خۇن قىلىۋېتىدىغان بۇ ئەنزىنىڭ يۈز بەرگىنىگە بىر يىلدىن ئاشتى. بۇ جەرياندا مەن بارمىغان يەر، ئەرز قىلمىغان ئورۇن قالمىدى. مارافون مۇسابىقىسىگە چۈش- كەنلەر كىيىدىغان پىششىق-چىداملىق كەشتىن يەتتە-سەككىز- نى كاردىن چىقاردىم. بەزىلىرىنىڭ چەمى تېشىلىپ كەتتى، يەنە بەزىلىرى ئۈپراپ تۈگىدى، ئېغىر چىقىمدار بولۇپ قالدىم. بۇنىڭدىن قانچىلىك كۆپ يول ماڭغانلىقىمنى، نەقەدەر قاتتىق جاپا چەككەنلىكىمنى كۆرۈۋالالايسىلەر. شۇنداقتىمۇ بۇ ئەرزنى تېخىچە ئاقتۇرالماي بېشىم قېتىپ، ساراڭ بولۇپ قالاي دېدىم. ياخشى نىيەتلىك بەزى كىشىلەر تورغاي چۈچۈلىماستا ئورنۇمدىن تۇرۇۋېلىپ، يېزىنىڭ پوپاڭ توپا ئۆرلەپ تۇرغان ئوڭغۇل-دوڭ- غۇل يولىدا قاتتىق مەست بولۇپ قالغان ئادەمدەك ئوڭ-تەتۈر دەسسەپ يۈرگەنلىكىمنى، گاھ مەيدەمگە مۇشتلاپ ئېچىنىشلىق ئاھ ئۇرۇپ، پور سۆگەتنى چىڭ قۇچاقلاپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتكەنلىكىمنى، گاھ ئۆزۈن يىل ھىجران ئازابىنى تارتقان گۈزەل يار ۋىسالىغا قېنىپ ھوشىنى يوقاتقان ئادەمدەك تايتاڭلاپ ئۇسسۇل ئويناپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي بىر ھازاغىچە قاقاقلاپ كۈلگەنلىكىمنى كۆرۈپ ئىچ ئاغرىتىپ: ”ھەي بىچارە، ئاچىسى-

ئوڭچىلارنىڭ ئوڭچىلارغا قارشى كۆرەش ئاكتىپىدىن مۇشۇنداق ئاپئاشكارا، رەھىمسىزلەرچە ئۆچ ئېلىشىغا سۆكۈت قىلىپ تۇ-رۇش مۇمكىنمۇ؟ مەن ۋىلايەتلىك ئوڭچىلارغا قارشى كۆرەش قىلىش ئىشخانىسى رەھبەرلىرىنىڭ ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان، رەھبەرلىككە باشتىن-ئاياغ سادىق بولۇپ كەلگەن مەندەك بىر ئىنقىلابىي ئاممىنىڭ بېشىنى مېھرىبان ئاتىلارچە سىيلاپ، بۇ ناھەق ئەنزىنى قايتا تەكشۈرۈپ، ھەددىدىن ئېشىپ خۇدىنى بىل-مەي قالغان ئوڭچىلارنىڭ قاتتىق جاجىسىنى بېرىپ، ئادالەتنى نۇرلاندۇرۇشنى چىن قەلبىمدىن سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن. ناۋادا سىلەرمۇ بۇ جىددىي ئىشقا سەل قارايدىغان ياكى ئاشۇ بىر ئوچۇم سىنىپىي دۈشمەنلەرگە يان باسىدىغان بولساڭلار، ئۇنداق-تا مەن دەرھال بىۋاستە مەركەزگە ئەرز قىلىمەن. بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى تانابىڭلار تارتىلماي قالمايدۇ. بۇ ھەقتە ئەستا-يىدىل ئويلىنىپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، چوڭ پېشكەللىككە ئۇچراشنىڭ ئالدىنى ئېلىشىڭلارغا تىلەكداشمەن.

ھۆرمەت بىلەن

قارادۆڭ كوممۇنىسىنىڭ ئازغۇنباش چوڭ ئەترىتىدىن جاۋابىڭلارنى تۆت كۆز بىلەن كۆتۈپ تۇرغان:

كۆيدۈرگەبەگ

1959-يىل 4-ئاينىڭ 20-كۈنى.

گىردابىغا قىستاپ ئاپارغان نەق جىنايەتچى ئىكەنلىكىنى تولۇق
ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتسام، مەن غوپۇر-
نىڭ ئۆيۈمگە ئوغرىلىققا كىرگەنلىكىنى ۋە ئاچامغا باسقۇنچىلىق
قىلغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. ناۋادا بۇنداق پاراڭنى
باشقا بىرىدىن ئاڭلىغان بولسامغۇ ئىشەنمىگەن بولاتتىم ياكى
شۇنداق دېگۈچىنى تويغۇچە داۋىسىنى بېرىپ قوغلىۋېتەتتىم.
بىراق ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس. ئۆز كۆزۈمگە ئۆزۈم ئىشەنمەي
دېسەم تېخى. تاكى ھازىرغىچە قورقۇنچلۇق، ئېچىنىشلىق، پاجى-
ئەلىك شۇ مەنزىرە كۆز ئالدىمغا كەلسىلا ھوشۇمدىن كەتكىلى
تاس-تاماس قالىمەن. بەزىدە ئىچىمنى يوغان بىر نەرسە كەلسە-
كەلمەس قوچۇۋاتقاندەك لېۋىمنى چىشلەپ تۇرۇۋېرىشكە سەۋر-
تاقىتىم يەتمەي تامغا مۇشتلاپ كېتىمەن...

ئۆتكەن يىلى كەچ كۈز پەسلى ئىدى، دەل-دەرەخلەر يالى-
ڭاچلىنىپ قالغان، ئويمان-چوڭقۇرلار سارغايغان يوپۇرماقلار
بىلەن توشۇپ كەتكەن بولۇپ، ئاخىرقى كۆچمەنچى قۇشلار ئىس-
سىق ياقلارغا ئالدىراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. مەن تالا-تۈزدە
بىر دەم ئايلانغاندىن كېيىن ھېرىپ كېتىپ، كالتە قۇيرۇقلۇق
پاكار ئېشىكىمنى ئېگىز قىرغا تارتىپ مىڭ تەستە مىندىم-دە،
ئۆيۈمگە قاراپ يول ئالدىم. ئېشەكنىڭ قوپال سوكۇلداپ مېڭى-
شىغا ئەگىشىپ قەلب دولقۇنلىرىم مەۋج ئۇرۇشقا باشلىدى.
تۇيۇقسىز كەلگەن شېئىرىي ئىلھامنىڭ تەسىرىدىنمىكىن، ئەيتا-
ۋۇر، بېشىمغا كەلگەن بەختسىزلىكلەرنى ئىختىيارسىز ئەسلەپ
قالدىم، بۇرنۇمنىڭ ئۇچى ئېچىشقاندەك بولدى. ئۆزۈمنى سەل
توختىتىۋېلىپ، راھىبنىڭ بېشىدەك تاپتاقىر قىلىپ قويۇلغان

نىڭ دەردىدە ساراڭ بولۇپ قالمىغىيدى!“ دېسە، ئوغرىلىق ۋە باسقۇنچىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزۈپ تېنىۋالغان باش جىنايەتچى غوپۇر ئىچى قارىلىق قىلىپ: ”ئۇ ئەسلىدىلا ساراڭ بىرنېمە ئىدى، كارىڭلار بولمىسۇن!“دەپ ھەققانىي سۆزلىگۈچىلەرنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ شۇنداق دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ گۇناھىنى يەڭگىللىتىپ، قانۇنىي جازادىن قېچىپ قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. ئۇ ئېيتقاندەك مەن راستتىنلا تۇغما ساراڭمۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! پولاتتەك پاكىتلار مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھالدا شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، مەن كىچىكىمدىن تارتىپ ئاق نانىنىڭ زاغرىدىن ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. ھېچقانداق ۋاقىتتا ئىشتىنىمنى تەتۈر كىيىۋالمايمەن، بەزىدە ئۇنى بېشىما سەللە قىلىپ ئورىۋېلىشىم ھەرگىز ساراڭلىقتىن ئەمەس، بەلكى شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى كۈلدۈرۈش، كۆڭۈل ئېچىش، ئېپى كەلگەندە نادانراق، ساددىراق خەق ئالدىدا ئەقىل-پاراسىتىمنى نامايان قىلىپ، بىلىملىك داموللا دېگەن ئاتاققا ئېرىشىش ئۈچۈندۇر. غوپۇرنىڭ مۇشۇلارنى دەستەك قىلىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ جىنايىتىنى يېپىشقا ئۇرۇنۇشى بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك. ئىشەنمىسەڭلەر مېنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەپسىلىي تەكشۈرتۈپ باقساڭلار بولىدۇ. مەن ئەسلىدىلا ساراڭمۇ ياكى غوپۇر ئۆيۈمگە ئوغرىلىقچە كىرگەن ۋە شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاچامغا باسقۇنچىلىق قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئىش مېنىڭ روھىمغا قاتتىق تەسىر قىلىپ، ئېغىر نېرۋا كېسەلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدىممۇ؟ بۇنىڭغا ئۇستا دوختۇر بولسىلا توغرا دىئاگنوز قويۇپ، غوپۇرنىڭ مېنى ساراڭ بولۇپ قېلىش

رۇۋېتەلەيدىغان قانداق چاققان ئوغرىدۇ بۇ؟ ئەقەللىيسى، ئوقۇ-
غۇچىلار ئىشلىتىدىغان ئاددىي ياغاچ ساندۇقنىمۇ بىر-ئىككى
سائەت تەرلەپ-پىشىپ ھەپىلەشمەي تۇرۇپ چاققىلى بولمايدۇ--
دە! مەن دەككە-دۈككە ئىچىدە بىر بېسىپ-ئىككى بېسىپ ئۇ-
شىك تۆۋىگە كەلدىم، تېخى ماراشقا ئۈلگۈرەلمەستە ئۆينىڭ
ئىچىدىن ئىچىگە تارتىپ "ۋىيەي! ..." دەپ ئىڭرىغان ئېچىنىش-
لىق ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز شۇنداق تونۇش ئىدىكى، ئۆز
قۇلىقىمغا ئىشەنگۈم كەلمەي قالدى، قورقۇنچ ئىچىدە جان-پې-
نىم چىقىپ كېتەيلا دېدى. ئوغرىنىڭ ئاچامنى بوزەك قىلىۋات-
قانلىقىنى ئۆتكۈر، زېرەك مېڭەمگە تايىنىپ دەرھال پەملىۋال-
دىم. ئۆيگە ئېتىلىپ كىرىپ بىچارە ئاچامنى قۇتۇلدۇراي دېسەم
كۈچۈم يەتمەي قېلىپ، كۆزىگە قان تولغان ئوغرىنىڭ ماڭا
پىچاق سېلىۋېتىشىدىن قورقتۇم، ئادەم چاقىراي دېسەم ماڭا
ياردەم بېرىشنى خالايدىغانلارنىڭ چىقماي قېلىشىدىن ئەنسىرى-
دىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەتچىلىك بولارمىكىن دەپ چۇقان سال-
غۇم كەلمىدى. ئاخىر ئاۋۋال قاراپ باقايچۇ دېگەن يەرگە كېلىپ
ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن مارىدىم. قارىسام، يوغان گەۋدىلىك بىر
ئوغرى ئاچامنى تاشقىرىقى ئۆينىڭ سۇپىسىدىكى كىگىز ئۈستىگە
بېسىۋاپتۇ. ئاچامنىڭ قارشىلىقىنى بېسىش ئۈچۈن بولسا كې-
رەك، كەپكۈردەك ئالىقانلىرى بىلەن ئۇنىڭ نازۇك قوللىرىنى
ئىككى تەرەپكە كېرىپ يەرگە چىڭ نىختىغىنىچە تىزلىنىپ ئول-
تۇرغان پېتى ھەدەپ تېپىرلاۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ تېپىرلىشىغا ئەگى-
شىپ ئاچامۇ توختىماي ئىڭرايتتى. ئۇنىڭ شۇنداق مۇڭلۇق،
ئېچىنىشلىق، رىتىملىق ئىڭراشلىرىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئا-

ئېكىنزارلىقتا قارىۋېدىم، كۆڭلۈم تېخىمۇ بۇزۇلدى، پۈتۈن ئەزايىم بىردىنلا بوشىشىپ كەتتى، يىقىلىپ چۈشۈشتىن ساقلى-نىش ئۈچۈن بوز ئېشىكىمنىڭ ئىنچىكە بوينىنى چىڭ قۇچاقلى-ۋالدىم. گويا شۇ تاپتا گۈزەل يارىمغا دەردىمنى تۆكمەكچى بولغاندەك، ئېشەكنىڭ يىرىك يايلىسىغا يۈزۈمنى سۈركەپ ئۆك-سۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتىم، زەردابقا توشۇپ كەتكەن ئىچ-قار-نىم سەل بوشىغاندەك بولدى. بىر چاغدا قارىسام دەرۋازام ئالدىغا كېلىپ قاپتىمەن. يېرىمى ئۆرۈلۈپ كەتكەن سوقما تامدىن پە-لەمپەي ئورنىدا پايدىلىنىپ ئېشەكتىن ئاۋايلاپ چۈشتۈم-دە، دەرۋازىنى ئاستا ئېچىپ هويلىغا كىردىم. كىردىمۇ، يۈرىكىم قارت قىلىپ قالدى. ئۆيگە ئوغرى كىرگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، پۈتۈن ئەزايىم لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى. چۈنكى مەن ئېشەكنى يېتىلەپ تالاغا چىقاشىمدا ئۆينىڭ ئىشىكىنى قۇ-لۇپلاپ قويغانىدىم. هازىر قۇلۇپ يوق تۇرىدۇ، ئاتا-ئانام قايتىپ كەلدىمىكىن دېسەم، ئۇلار ماڭاشىدا ماڭا تاغامنىڭ ئۆيىدە ئىك-كى-ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالىدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتقانىدى. ئا-چاممۇ "بۈگۈن كېچە ئانارگۈلنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالىمەن، مېنى كۈتمەي ئۇخلاۋەر"دېگەن. شۇڭا مەن بىر كۈنمۇ بولسا تاپا-تەنە-دىن قۇتۇلۇپ ئارامخۇدا، بەخىرامان، ئۆزۈم خان-ئۆزۈم بەگ بولۇپ ياشىۋالىدىغان بولدۇم دەپ ئويلاپ خۇشال بولۇپ، كەچ كۈز مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن سىرتقا چىققانىدىم. ئارىلىقتا كۆپ بولسا ناهايەت بىر-ئىككى ئاش پىشىمدەك ۋاقىت ئۆتكەندۇ. شۇنچىلىك ۋاقىت ئىچىدە توپتوغرا تۆت-بەش جان بار ئۆيدىكى پۇلغا يارايدىغان مال-مۈلۈكلەرنى سىيرىپ-سۈپۈ-

تۇرسۇن، ئەكسىچە ماڭا بىرمۇنچە تەنبىھ بەردى. ناھىيىلىك
خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى غوپۇرغا ئوخشاش ئوڭچى
ئۇنسۇرمىكىن ياكى غوپۇر نۇرغۇن پارا بېرىپ ئۇنى قولغا كەلتۈ-
رۈۋالدىمىكىن، ئىشقىلىپ كېيىنچە ئۇلار مېنى ھەتتا ”سار
مېڭىسىنى يەپ سالغان ساراڭ بىر نېمە ئىكەن“دەپ ھاقارەتلەپ
خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ يېنىغىمۇ يېقىن يولا-
تمايدىغان بولۇۋالدى. ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمە-
سى 40-50 پارچە ئەرز يازساممۇ پىسەنت قىلىپ قويمىدى.
ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر گورۇھنىڭ ئادىمى
ئوخشايدۇ. بولمىسا بۇنداق ئاپاق-چاپاق بولۇپ، ئۆز ئارا تىل
بىرىكتۈرۈۋېلىپ، ئوڭچى قالپىقى كىيدۈرۈلگەن نەق ئوغرى ۋە
باسقۇنچىغا يان باسارمىدى؟ جەمئىيەت تەرتىپىنى باتۇرلۇق بى-
لەن قوغداشقا بەل باغلىغان، بۇزغۇنچى ئۇنسۇرلارنى دادىللىق
بىلەن پاش قىلالايدىغان، ھەققانىيەتنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن
ياقلايدىغان مەندەك بىر سەمىمىي، توغرا نىيەتلىك ئىنقىلابىي
ئاممىغا زەربە بېرەرمىدى؟ كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان
يۇقىرىقى مەسىلىلەر ناھىيە ۋە ۋىلايىتىمىزدىكى سىنىپىي كۈرەش
ئەھۋالىنىڭ ئىنتايىن مۇرەككەپلىكىنى، سىنىپىي دۈشمەنلەر-
نىڭ نەقەدەر ھىيلىگەر ئىكەنلىكىنى ۋە ھەددىدىن ئارتۇق غال-
جىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. سىلەر يۇقىرى دەرى-
جىلىك ئورۇن، ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرەلەيسىلەر. ئى-
شەنچىلىك ۋە قابىل ئادەم ئەۋەتىپ بۇ ئەنزىنى تەكشۈرىدىغان
بولساڭلار، يىلتىزى بىر-بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن بىر تالاي
يوشۇرۇن ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرلارنى قېزىپ چىقىرىپ شاد-

دەمنىڭ يۇرەك-باغرى مۇجۇلماي قالمايتتى. كۆزۈمگە ھېچ نەر-
سە كۆرۈنمەي قالدى، غەزىپىمگە پايلىماي ئىشىكنى قاتتىق ئىت-
تەردىم. لېكىن ئىشىك ئىچىدىن چىڭ تاقىۋېلىنغانىدى، ھەر-
قانچە قىلىپمۇ ئاچالمىدىم. نائىلاج ئىشىكنى گۇمبۇرلىتىپ
مۇشتلاشقا باشلىدىم. ئوغرى قاتتىق چۆچۈپ، چاچراپ ئورنى-
دىن تۇرۇپ كەتتى ۋە بۇرۇلۇپ ئىشىك تەرەپكە قارىدى. ئاچامنۇ
شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇۋالدى. ئۇ-
زۇنغىچە ماراپ ئۆي ئىچىدىكى خىرە يورۇقلۇقتا خېلى ماسلى-
شىپ قالغان كۆزۈمنى يوغان ئېچىپ تازا زەن سالسام، ئۇ باشقا
بىرى ئەمەس، دەل ھېلىقى ئەشەددىي رەقىبىم غوپۇرنىڭ ئۆزى
بولۇپ چىقماسمۇ! ھاڭ-تاڭ قالدىم، ئارقىدىن ”ئەمدىغۇ بۇر-
نىڭدىن ئىلىنغانسەن ئوغرى!“ دەپ ۋارقىرىۋېتىشتىن ساقلى-
نىش ئۈچۈن ئاغزىمنى ئالىقىنىم بىلەن چىڭ ئېتىۋالدىم. بايا-
تىنقى خاپىلىق، غەم-ئەندىشە، قورقۇنچ ئاللىقاياقلارغا غايىب
بولدى. ھەش-پەش دېگۈچە ئۇنىڭ ئورنىنى خۇشاللىق، خاتىر-
جەملىك، غەلىبە تەنتەنىسى ئىگىلىدى...

مۆھتەرەم سودىيىلەر، ئەينەن ئەھۋال ئەنە شۇنداق. مەن
ئەسلىدە ئوغرىلىق ۋە باسقۇنچىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزۈۋاتقان نەق
مەيداندا قولغا چۈشكەن بۇنداق جىنايەتچىگە ئاز دېگەندە ئالتە-
يەتتە يىللىق قاماق جازاسى بېرىلىدۇغۇ دەپ ئويلاپ، ئۆزۈمدىن
بۇيان ئۈستۈمدىن بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈك ئاللىقا ياققا چۆرۈپ
تاشلىۋېتىلگەندەك خېلى يېنىكلەپ قالغانىدىم. لېكىن رەھىم-
سىز رېئاللىق مېنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ناھىيىلىك خەلق
سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلسام، غوپۇرنى جازالاش ئۇياقتا

تەكشۈرۈپ ئادىل بىر تەرەپ قىلىپ، غوپۇرغا تېگىشلىك جازا بەرمىسەڭلار، ماڭا بۇ يۇرتتا بېشىمنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە زادىلا ئىمكان قالمىدى. ئۇنىڭ ھەرخىل پىتنە-ئىغۋالارنى تارقىتىشى ۋە باشقىلارنى ھەدەپ كۈشكۈرتۈشى ئارقىسىدا ئۈستۈمدىن توقۇلغان غەلىتە سۆز-چۆچەكلەر بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتتى. بەزىلەر قاراپ تۇرۇپ يۈزۈمدىن-يۈزۈمگە: "پۇل خەجلىگۈڭ كەلگەن بولسا بۇنداق ئوساللىق قىلغۇچە بۇرۇنراق ماڭا دېسەڭچۇ!"، "ئاچاڭنى سېتىپ نېمە پايدا ئالغانسەن؟"، "ئاچاڭنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلغىنىڭغا قانچىلىك مۇكاپات ئالدىڭ؟"، "داداڭغىمۇ قىلتاق قويۇشتىن يانمايدىغان بىرنېمە ئوخشايسەن جۇمۇ!..." دەپ، زەھەرلىك تىل نەشتىرى بىلەن دىلىمنى ئېغىر جاراھەتلەندۈردى. مەن بۇرۇن كۆرگەن كىتاب ۋە كىنولاردىن ئالغان تەسىراتىم بويىچە دۈشمەن ھامان ئۆتۈپ كەتكەن دۆت-كالۋا، ئەخمەق كېلىدۇ، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش شېخى يەرگە تېگىپ قالغان ئۈجمىنى ئېگىپ يېگەندەك ئاسان دەپ ئويلايتتىم. ئەمەلىيەت ئوي-خىيالىمنىڭ پۈتۈنلەي خاتالىقىنى، باللارچە نادانلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىمنى ئىسپاتلىدى. غوپۇرنىڭ بۇنچىۋالا قۇۋلۇقىنى زادىلا خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقماپتىمەن، ئۇ ئاچامدىن باشقا ئاتا-ئانامنىمۇ ئىندەككە كەلتۈرۈۋاپتۇ. غوپۇرنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلغاندىن بۇيان ئاتا-ئانامنىڭ تاپا-تەنىسى جېنىمدىن جاق تويغۇزدى، بولۇپمۇ ماڭا دائىم ئالىيىپ قارايدىغان ھېلىقى شاپ بۇرۇت ئۆگەي دادامنىڭ ئورا كۆزلىرىدىن چاقنىغان غەزەپ ئۇچقۇنلىرى تېنىمگە سان-ساناقسىز يا ئوقىدەك سانجىلىپ، مېنى ۋاقىتسىز

لىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيسىلەر.

ھۆرمەتلىك سودىيە يولداشلار، ماڭا يەنە ھەممىدىن بەك ئەلەم قىلغىنى شۇ بولدىكى، ئاچام غوپۇرنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىش توغرىسىدىكى شۇنچە كۆپ نەسىھەتلىرىمگە قۇلاق سالماي، قاراپ تۇرۇپ ئۆزىگە باسقۇنچىلىق قىلغان ئادەمگە تېگىۋالدى. تېخى يۈزىنى داپتەك قىلىپ ماڭا: ”غوپۇر ئوغرىلىقمۇ، باسقۇنچىلىقمۇ قىلمىدى، ئۇنى ئۆيگە ئۆزۈم باشلاپ كىرگەن. 21 ياشقا كىرىپ قالغان ئاچاڭنى مۇھەببەتلەشكىلى، توي قىلغىلى قويماي، ئۆيدە ساقلاپ سېغىپ ئىچمەكچىمىدىڭ!...“ دېگەنگە ئوخشاش بىر تالاي سېسىق گەپلەرنى قىلدى. مەن ئۇلارنى نەق مەيداندا قولغا چۈشۈرگەن چاغدىلا بوشاڭلىق قىلماي، قوللىرىنى كەينىگە قايرىپ باغلاپ، ئالدىمغا سېلىپ ھەيدىگەنچە سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا ئاپارسام بولغىنىكەن. ئۇنداقتا ئاچاممۇ ئوغرىنى ئۆيگە باشلاپ كىرگەن جىنايىتىدىن تېنىۋالالمايتتى، غوپۇرغىمۇ ئاچامنى ياغلىما سۆزلەر بىلەن ئالداش، ئانار گۈللۈك دۇخاۋا كۆڭلەك، غىس-غىس خۇرۇم ئۆتۈك، ھاۋارەڭ يۇڭ ياغلىق، بىرجۇپ ئالتۇن زىرە، قوش كۈمۈش بىلەزۈك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئېزىقتۇرۇش، ئاخىردا بىر قورساقتىن چىققان ئۇكىسىغا ئاسىيلىق قىلدۇرۇپ، ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرەلمەيتتى. ئەمدى پۇشايماننى ئالدىغان قاچا يوق، ئاچچىقىمدا ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم يېسەممۇ ئىش ئورنىغا كەلمەيدىغاندەك تۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئاخىرقى ئۈمىدىمنى سىلەرگە باغلىدىم. سىلەر بۇ ئەنزىنى چاقماق تېزلىكدە

ياغلىما بولمىغان بولسا چىراي دېسە يامان ئەمەس چىرايى، ئەدەب-ئەخلاق دېسە تاپتىن ئانچە چىقمايدىغان ئەدەب-ئەخلاقى بولغان ئاچامدەك بىر ئوبدان قىزنى شۇنچىۋالا ئاسان ئالداپ كېتەلەيتتىمۇ؟ ئۇ غوپۇردەك ئوڭچى ئۇنسۇر، ئوغرى ۋە باسقۇن-چىغا تېگىشۋالمىسا ئۆزىگە تۇزۇكرەك باشقا بىر ئەر تاپالماي قالارمىدى؟ ياق! جانابىي سودىيىلەر، مەسىلىنىڭ تۈگۈنى ھەر-گىز بۇ يەردە ئەمەس، بەلكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ كۈندىن-كۈن-گە كەسكىنلىشىپ ۋە مۇرەككەپلىشىپ كەتكەنلىكىدە، سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ بارغانسېرى غالجىرلىشىپ، ئىنقىلابىي ئاممىغا ئوچۇقتىن-ئوچۇق ھۇجۇمغا ئۆتكەنلىكىدە. بۇ نۇقتىنى تولۇق تونۇپ يېتەلمىگەنلەر جەزمەن ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتمەي قالمايدۇ. سىلەرنىڭ كۆزۈڭلارنى يوغان ئېچىپ، دوست-دۈشمەننى ئېنىق پەرق ئېتىپ، ئالىي خەلق سوت مەھ-كىمىسىگە ئەرز قىلىشتىن ئىلگىرى بۇ مۇرەككەپ ئەنزىنى مۇ-ۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشقا تېزدىن ئادەم ئەۋەتىپ، پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىشىڭلارنى سورايمەن.

چەكسىز ھۆرمەت بىلەن

قارادۆڭ كوممۇنىسى ئازغۇنباش
چوڭ ئەترىتىنىڭ رەسمىي ئەزاسى:

كۆيدۈرگەبەگ

1960-يىل 11-ئاينىڭ 11-كۈنى.

يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار قىلىپ قويغىلى ئاز قالدى. بۇ دۇنيادا ئادالەت دەيدىغان نەرسە زادى بارمۇ-يوق؟ بار بولسا نېمە ئۈچۈن يامانلار ئەتىۋارلىنىپ، ياخشىلار خارلىنىدۇ؟ مەن كۆپ قېتىم بىھۇدە زەربە يەپ كەتتىم، بىرەر ئادەممۇ ئادالەتنى ياقلاپ مېنى قوللاپ قويمىدى، يۇقىرىدىن تارتىپ تۆۋەنگىچە غوپۇردەك ئەشەددىي دۈشمەنگە يان باستى، ھە دېسىلا ئۇنى قانات ئاستىغا ئالدى. بۇداقى ئەمەلىي پاكىتمۇ مېنىڭ قىلچە مۇبالىغە، كۆپتۈرمىچىلىك قىلمىغانلىقىمنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. نەق مەيداندا قولغا چۈشۈرگەن ئوغرى ۋە باسقۇنچىنى جازالىماسلىق نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بۇ، پەقەت ئاساسىي قاتلام ۋە ئوتتۇرا قاتلام ئورۇنلاردىكى رەھبەرلەرنىڭ چۈشكۈنلىشىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ چىرىتىشىگە بەرداشلىق بېرەلمەي دۈشمەن مەيدانىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭا ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ھەرگىز غوپۇر بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدىكى شەخسىي ئاداۋەت تۈپەيلى كېلىپ چىققان كۈرەش بولماستىن، بەلكى ئىككى سىنىپ ئوتتۇرىسىدىكى ھايات-ماماتلىق كۈرىشى، كەسكىن سىنىپىي كۈرەش! بۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئۇلار بۈگۈن ئۈستىلىق بىلەن ئاتا-ئانام ۋە ئاچامنى ئۆز يېنىغا تارتىپ كەتكەن بولسا، ئەتە-ئۆگۈن پۈتۈن يېزا، پۈتۈن ناھىيە، ھەتتا پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ئادەملەرنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىشى مۇمكىن. بۇ نەقەدەر قورقۇنچلۇق ئەھۋال-ھە! ناۋادا ئۇلارنىڭ قوللانغان تاكتىكىسى شۇنداق ئۈستۈن، تەدبىرلىرى قان چىقارماي جان ئالىدىغان دەرىجىدە قۇۋ ۋە يوشۇرۇن، گەپ-سۆزلىرى جىن-ئالۋاستىلارنى ئېزىقتۇرغۇدەك ۋە ئۇسسۇلغا سالغۇدەك دەرىجىدە

لوكچەك، ئوغرى، باسقۇنچى ۋە ئالدامچى كاززاپنى 7
-ئەترەتنىڭ نومۇر خاتىرىلىگۈچىسى قىلىپ قويامدۇ؟ دېمەك،
ناھايىتى روشەنكى، غوپۇر ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىمۇ ئاللە-
قاچان يولدىن چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈش
غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى قولچوماقىغا ئايلاندۇرۇۋال-
غان گەپ. شۇڭا مەن بۇ ئەرزنى يۇقىرىغىمۇ، تۆۋەنگىمۇ سۇن-
ماي، ئەزەلدىن ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ كەلگەن سىزگە سۇنۇش-
نى قارار قىلدىم. بەلكىم تەرىپىمنى ئاڭلىغان بولۇشىڭىز مۇم-
كىن، مەن ئۆزۈمنى ماختاشنى ياقتۇرمايمەن، كەمتەرلىكنى
ئېسىل پەزىلەت دەپ تونۇيمەن. شۇ ۋەجىدىن چوڭ ئەترەت
كادىرلىرى مېنى سەۋىيىسىز ساناپ، ئەتىۋارلاپ ئىشلەتمەيۋاتى-
دۇ. غوپۇر ناھايەت تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى چالا تۈگەتكەن،
چالا ساۋات بىر نېمە. مەن بولسام ۋىلايەتلىك رەسمىي كۇرستا
ئوقۇپ ياخشى تەربىيە كۆرگەن ئالىي مەلۇماتلىق زىيالىي. ناۋادا
غوپۇر، ماموت قاتارلىق ئوچچى ئۇنسۇرلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە
ئۇچراپ كەتمىگەن بولسام مەنمۇ بۇ چاغقىچە تېخنىكۇمنى پۈت-
تۈرگەن ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا ئېيىغا 60—50 كوي مائاش ئالىدى-
غان رەسمىي كادىر بولۇپ قالاتتىم. تەلىيىم ئوڭدىن كەلسە
سىزدىنمۇ يۇقىرىراق ئورۇنغا ئۆستۈرۈلۈپ قېلىشىم مۇمكىن
ئىدى. چۈنكى مېنىڭ ئىگىلىگەن ئەمەلىي بىلىمىم رەسمىي
ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەردىن ھەرگىز قېلىشمايدۇ، بەلكى
ئۇلارنىڭ سەۋىيىسىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ چۈشىدۇ. شۇنداق
تۇرۇقلۇق، ئۇلار نېمە ئۈچۈن مېنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ،
غوپۇرنى پۈتۈن ئەترەتتىكى بارلىق ئەزالارنىڭ ئىش نومۇرىنى

## 5

قارادۆڭ كومموٗنىسى پارتكومىنىڭ شوٗجىسى، قەدىردان ۋەلى ئاكىغا:

ئەسلىدە مەن بوٗ ئەرزلەرنى يەنىلا يوٗقىرى دەرىجىلىك ئوٗرۇنلارغا سوٗنماقچى ئىدىم. لېكىن قارىسام ئوٗلار بوٗرۇنقى ئەرزلىرىمنىڭ بىر قىسمىنى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا چوٗشوٗرۇپ بېرىپتوٗ، بىر قىسمىنى بىۋاستە ئۆزۈمگە قايتوٗرۇپ بەردى. قاراپ تورۇپ يوٗقىرىنىڭمۇ شوٗنچىلىك ئېغىر دەرىجىدە بيوٗروكراتلىشىپ كېتىشى، خەلق ئاممىسىنىڭ دەرد-ھالىغا يەتمەسلىكى مېنى بەكمۇ ئۈمىدسىزلەندۈردى. ”سەتىنىڭ ھالى ئۈستۈن“دېگەندەك، تۆۋەننىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ چاتاق، توٗگمىدەك ھوقوٗقىدىن توٗگىدەك پايدىلىنىپ، يامانلار بىلەن ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ، ماڭا زەربە بەرگىنى بەرگەن. ھال- ئەھۋال ئېيتىپ بارسام قاراپمۇ قويمايدۇ، بولۇپمۇ چوڭ ئەترەتنىڭ باشلىقى، قاراقورساق رازىق توڭ ماڭا قەۋەتلا ئۆچ، چوڭ ئەترەت ياچېيكىسىنىڭ شوٗجىسى سادىقمۇ زادىلا چىراي ئېچىپ قارىمايدۇ. مەن ئوٗلارنىڭ ئارپىسىنى خام ئورغانمۇ؟ ياق! بوٗ يەردە ئاساسلىقى سىنىپىي مەيدان مەسىلىسى موٗھىم رول ئويناۋاتىدۇ. بولمىسا مەكتەپتىن ئوٗچى قالپىقى كىيدۇرۇلۇپ قوغلاندى قىلىنغان، ئۆيۈمگە ئوغرىلىققا كىرگەننى ئاز دېگەندەك ئاچامغا باسقوٗنچىلىق قىلغان، ئارقىدىن ئۇنى ئازدۇرۇپ ئۆزىگە خوتۇن قىلىۋالغان غوپۇردەك بىر سىياسىي

بۇ نۇقتىنى چۈشىنەلىشىڭىزدە تېخىمۇ چاتاق يوق، ئەلۋەتتە. چۈنكى سىز قانداقلا بولمىسۇن خېلى پەم-پاراسەتلىك ئادەم-دە! گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندىغۇ، يەر چويۇندەك قېتىپ كەتكەن زىمىستان قارا قىشتا ئۆستەڭ چېپىش ياكى سۇ ئامبىرى ياساش ھەقىقەتەن قالتىس جاپالىق ئىش. كەتمەننى ھەرقانچە كۆچەپ سالساڭمۇ تىرناقچىلىق توپا قېزىپ چىقىرالمايسەن، بەزىدە بولسا كەتمەن قاڭقىپ كېتىپ پۇتۇڭنى كېسىۋېتىپ جاننى قاقشىتىۋاتقان. ئىلاج بولمىغاندا لوم تۆمۈر بىلەن توڭنى قومۇرغاندا سەل ئېھتىيات قىلمىساڭلا ئۇستوڭدىن بېسىپ چۈشۈپ سېنى كاردىن چىقىرىۋاتقان ياكى جېنىڭنى ئېلىۋاتقان. بۇنداق ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەس. ئۆتكەن يىلى قىشتا بوستانتېرەك سۇ ئامبىرىنى ياساشتا بەش ئادەمنىڭ بېلى سۇنۇپ كەتتى، يەتتە ئادەمنىڭ پۇتى. يۇرتىمىزدىن سېلىمقارى ئۆلۈپ كەتتى. شۇنچە ئەجىر سىڭدۈرۈپ مىڭ تەسلىكتە ياساپ چىققان سۇ ئامبىرى بۇ يىل باشقا پىلانلىغۇچىلار تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنىپ، بىكاردىن-بىكار بىراك مال قاتارىدا تاشلىنىپ قالدى، ئۇنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ چوڭ سۇ ئامبىرى ياساش پىلانى تۈزۈپ چىقىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن خەلق كوممۇنىسى، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ۋە باش يولدىن ئىبارەت ئۈچ قىزىلبايراق ئاستىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ، بۇنچىلىك زىيان دېگەن شۇنچە ئۇلۇغۋار غەلىبە ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەس. غوپۇرنىڭ ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق، تېرىقتەك سەۋەنلىك ۋە قىلدەك زىياننى تۇتۇۋېلىپ خەلق كوممۇنىسىغا مۇشۇنداق رەزىل قوشاق ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىشىغا ھەمدە

خاتىرىلەيدىغان شۇنداق مۇھىم ۋەزىپىگە قويۇپ قويىدۇ؟ بۇنداقتا مەن نېمە ئىش قىلغۇدەكمەن؟ بۇرۇنقىدەكلا پادامنى بېقىپ يۈ-رۈۋېرەمدىكەنمەن؟! ئادەمنى ھەممىدىن بەك غەزەپلەندۈرىدىغان يېرى شۇكى، يېقىندا مەن خەلق ئارىسىغا ئۇلۇغ دەۋرىمىزنى مەسخىرە قىلىدىغان نۇرغۇن ھەجۋىي پارانچىلارنىڭ، رېئاللىقتىن نارازى بولغۇچىلارغا يەل بېرىدىغان قۇترىتىش خاراكتېرىدىكى پىتنە-پاساتلارنىڭ، جۈملىدىن بىزگە ئالەمشۇمۇل شان-شەرەپ ۋە بەخت-سائادەت ئېلىپ كەلگەن ئۈچ قىزىلبايراق— ئۈچ چوڭ ئەڭگۈشتەرگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىنغان مۇنداق بىر قوشاقنىڭ تارقالغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم:

سېلىق سالمىدۇق دەيدۇ،
ئىشتان قالمىدى قوڭدا.
ھاشار سالمىدۇق دەيدۇ،
كەتمەن چاپىمىز توڭدا.

ئەتراپلىق، سىستېمىلىق تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلمىغان بولساممۇ، ئۇنى كېسىپ ئېيتالايمەنكى، بۇنىڭ ھەممىسىنى چو-قۇم غوپۇر توقۇپ چىققان گەپ! بۇ ئىش ئۇنىڭدىن باشقا ئادەم-نىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. مەنغۇ ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى قوشاقلارنى توقۇيالايمەن، چۈنكى مەن پارتىيىگە ئاجايىپ سادىق ئادەم. يۇقىرىقى قوشاقتا تىغ ئۇچىنىڭ ئوچۇقتىن-ئوچۇق خەلق كوم-مۇنىسىنى قورغۇچى دانا پارتىيىمىزگە قارىتىلغانلىقىنى ھەرقان-چە دۆت ئادەممۇ ھېچقانچە قىينالمايلا بىلىۋالالايدۇ. سىزنىڭ

سەلەڭ ئۇماچ ئىچىپ، قورسىقىم تازا ئېچىپ، ئۈچىيىم قوۋۇر-
غامغا چاپلىشىپ قالغۇدەك بولۇپ كەتكەن بەزى چاغلاردا شۇ
"سۈت-قىمىزلار"دىن ئىچىپ كېلەيچۇ دەپ ئالاھتەن ئېرىق--
ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ، لۆمشىپ ئېقىۋاتقان لاي سۇدىن باشقىنى
كۆرمەي، لېۋىمنى كۆپ قېتىم تامشىتىپ قالغان بولسامۇ،
لېكىن شائىرلارنى قارىغۇلارچە مەدھىيە ئوقۇدى دەپ ئەيىبلەشكە
قەتئىي قارشى تۇرىمەن. چۈنكى بۇ يەردىكى كادىرلارنىڭ ئىقتى-
دارسىزلىقى، بوشاڭلىقى، تارقاقلىقى؛ ئاممىنىڭ ھۇرۇنلۇقى،
نادانلىقى، قالاقلىقى؛ غوپۇردەك سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ بۇز-
غۇنچىلىقى، مەككارلىقى ۋە پۈتلىكاشاڭلىقى تۈپەيلىدىن يۇرتى-
مىز ۋاقتىنچە جەننەت تۇسىگە كىرەلمەي قالغان بولۇشى مۇم-
كىن. لېكىن باشقا يۇرتلارنىڭ بۇنداق بولۇشى ناتايىن-دە!
دۆلىتىمىز ئاجايىپ چوڭ دۆلەت، شىمالدا زىمىستان قىش ھۆ-
كۈمرانلىق قىلىۋاتقان بولسا، جەنۇبتا رەڭگارەڭ گۈل-چېچەك-
لەر ئېچىلىپ كەتكەن ياز بولۇۋېرىدۇ. شۇڭا ئىللىق باھار
ئىزلەپ ئۇچقان كۆچمەنچى قۇشلارمۇ خەلقئارا قائىدە-مىزانغا
ئەمەل قىلىپ، چېگرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ھىندىستاندەك ئىس-
سىق ياقلارغا بېرىپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەي، قارادۆڭدىن قارا-
دۆڭگە، ئازغۇنباشتىن ئازغۇنباشقا قاراپ پىرقىراپ-ئايلىنىپ
ئۇچۇۋېرىدۇ. بەزىدە ھەتتا جەنۇبتىكى بەزى جايلاردا قاتتىق
جۇدۇن بولۇپ قار يېغىپ كەتسىمۇ، يۇقىرى سىياسىي ئېڭىغا
تايىنىپ، قوينى ئىللىق كوممۇنىنىڭ قارلىرى ئىچىگە كۆمۈلۈ-
ۋېلىپ، بەخۇدۇك ئۇخلاپ، جۇدۇندىن ئامان-ئېسەن ئۆتۈۋالى-
دۇ-دە، زوق-شوق بىلەن سايرىشىپ كوممۇنىغا مەدھىيە ئوقۇي-

بەخت-سائادەت كۆۋرۈكىمىزنى چۇۋۇپ تاشلاپ، بىزنى قايتىدىن جاھالەتلىك ئۆتمۈشنىڭ ۋەيلۇن دوزىخىغا ئىتتىرىۋېتىشكە ئۇرۇ-نۇشىغا ھەرگىز چىداپ تۇرغىلى ۋە يول قويغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ خەلق كوممۇنىسىنى ھاقارەتلىگەن جىنايىتىدىن بىر-بىر-لەپ، ئۇزۇل-كېسىل ھېساب ئېلىش كېرەك! مۇشۇنداق قىلـ-مايدىغان بولساق، تۇرغۇن كىشىلەر قوشاقتا ئېيتىلغان قىسمەن رېئاللىقنىلا كۆرۈپ، ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ كېتىدۇ ۋە ئالدى-نىپ قالىدۇ. يېقىندا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان كوممۇنىزم قوي-نىدىكى راھەت-پاراغەتلىك تۇرمۇش مەنزىرىسىنى كۆرەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتىن نارازى بولىدۇ. بۇنداق نارازىلىق كۆچىيىۋەرسە قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقماي قالمايدۇ. سىز بىر كوممۇنىغا باش بولۇپ تۇرغان بولسىڭىزمۇ، لېكىن بۇنداق نازۇك جايلىرىنى ئويلاپ يېتەلىشىڭىز ناتايىن. شۇڭا سىزگە ۋاقتىدا سەممىي مەسلىھەت ۋە قاتتىق ئەسكەرتىش بې-رىپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. بۇ ياخشىلىقىمغا قانداق جاۋاب قايتۇرۇشنى ئۆزىڭىز ئوبدان ئويلاپ كۆرەرسىز. رەسمىي گەپكە كەلسەم، مەن بىر شېئىرىيەت ھەۋەسكارى بولۇش سۈپىتىم بىلەن گېزىت-ژۇرناللارنى ئانچە-مۇنچە ۋاراقلاپ قويىمەن. خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلغاندىن بۇيان قانچىلىغان ئاتاقلىق شا-ئىرلار ۋە ھەۋەسكارلار بەس-بەستە شېئىر يېزىپ، كوممۇنىنى "ھەقىقىي جەننەت"، "مىڭ جەننەتكە تېگىشكۈسىز بەخت-سائا-دەت بۆشۈكى"، "ئېرىق-ئۆستەڭلىرىدە سۈت-قىمىزلار كۆۋە-جەپ ئېقىپ تۇرىدىغان راھەت-پاراغەت باغچىسى" دەپ قىزغىن مەدھىيىلەشتى. بىر كۈندە ئاران ئىككى ۋاخ ئاداپتەك سۇيۇق--

قىلىپ: ”زەيپانە خەنەكتەك سۆزلىمەي، ئوغۇل بالىدەك تۈزۈك
سۆزلە!“ دەپ كۆپ قېتىم سىلكىشلىدى. ئەجەبا، مېنىڭ قاند-
داق سۆزلىگۈم كەلسە شۇنداق سۆزلەيدىغان گىراژدانلىق ھوقۇ-
قۇم ۋە ئەركىنلىكىم يوقمىكەن؟ ئۇ مېنىڭ ھەممە ئىشلىرىمغا
چات كىرىۋالىدىغان چوڭ دادامىمىدى-يا؟ بۇ، ئادەمنى بوزەك
قىلغانلىق بولماي نېمە؟! ئۇ تېخى بۇنى ئاز دېگەندەك شەخسىي
تۇرمۇشۇمغىمۇ قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى، ئىززەت-غۇرۇرۇمغا
قاتتىق تەگدى، بەختلىك ئائىلەمنى بۇزۇشقا ئۇرۇندى. خۇتۇ-
نۇمنىڭ بىز توي قىلىپ ئالتە ئاي ئۆتە-ئۆتمەيلا تۇغۇپ قويغىنى
ھەقىقەتەن راست. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن لاتا قورچاقتەك
ئوماق كۇلۇپ تۇرىدىغان، شۇڭقاردەك ئۇچۇم بولۇۋاتقان جانجى-
گەر ئوغلۇم كوممۇناجاننى باشقا ئەرنىڭ پۇشتىدىن تۆرەلگەن بالا
دېسە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن. دەۋرىمىز قانداق دەۋر؟ چوڭ سەك-
رەپ ئىلگىرىلەش دەۋرى! بۇ دەۋردە 100 كۇنلۇك ئىشنى بىر-
كۇندە پۈتتۈرۈۋاتىمىز. 100 يىللىق مۆجىزىنى بىر يىلغا قالماي
يارىتىۋاتىمىز. مۇشۇنداق خاسىيەتلىك دەۋردە خوتۇنۇممۇ توققۇز
ئاي قورساق كۆتۈرۈپ يۈرۈش ئورنىغا ئالتە ئاي قورساق كۆتۈ-
رۈپلا يەڭگىۋالسا نېمە بوپتۇ؟ بۇنىڭ قانچىلىك ئەجەبلەنگۈچىلى-
كى بار؟! بۇنىڭ ئۈچ قىزىل بايراق— ئۈچ ئەڭگۈشتەرنىڭ بىرى
بولغان چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشنىڭ خاسىيىتىدىن بولۇۋاتقان
ئاجايىپ مۆجىزە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش كېرەك-دە! ئىرسى-
يەت ئىلمىدىن قىلچە خەۋىرى بولمىغان چالا ساۋات غوپۇر ئوغ-
لۇمنىڭ ئۆزۈمگە ئوخشاشمايدىغانلىقىنى دەستەك قىلىۋېلىپ،
ئەل-جامائەت ئارىسىدا نۇرغۇن سۆز-چۆچەكلەرنى تارقاتقان

دۇ. مەنمۇ قۇشلارنىڭ كەينىدە قېلىپ يۇرمەي دەپ، ھۆر
جەننەتكە تېگىشكۇسىز شۇ كوممۇنىغا بولغان ھەقىقىي ئەقىدەم
ۋە چىن مۇھەببىتىمنى ئىپادىلەش ئۇچۇن يېقىندا تۇغۇلغان
ئوغلۇمغا ئالاھىتە كوممۇناجان دەپ ئات قويدۇم. بالىنىڭ ئانى-
سىنىڭ كوممۇنادىن قەلبى سۆيۈنۈپ: ”ئىھ، بەختىيار پاقلى-
نىم، قەنت-شېكەردىن تاتلىقىم، ئاق پاختىدىن ئاپئىقىم...“
دەپ مۇڭلۇق ئەللەي ئېيتىشلىرى ھەرقانداق ئادەمنىڭ مەستلى-
كىنى كەلتۈرىدۇ. قارىنامسىز، كوممۇنا قويىنىدىكى ھايات نەقە-
دەر گۈزەل-ھە! يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا، كوممۇنىنى جەن-
نەت دەپ تەسۋىرلىگەن شائىرلار يۇرتىنىڭ راستتىنلا ئاللىقاچان
جەننەت بولۇپ كەتكەنلىكىدە تېخىمۇ شەك يوق! يۇرتىمىزمۇ
ئاخىر بىر كۈنى شائىرلار تەسۋىرلىگەن باشقا يۇرتلارغا ئوخشاش
چوقۇم جەننەتكە ئايلىنىدۇ، مەن بۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەن.
دېمەكچىمەنكى، غوپۇرنىڭ تۇرمۇشىمىز پاراۋان ئۆتۈۋاتقان،
خەلق غەم-غۇسسىسىز ياشاۋاتقان مۇشۇنداق ئېسىل كوممۇنىغا
غالجىرلىق بىلەن تىل تەگكۈزۈشى ۋە زەھەرخەندىلىك بىلەن
ھاقارەت قىلىشى ھەرگىز تاسادىپىي ئىش ئەمەس. بۇ، ئۇنى
شۇنداق قىلىشقا كۈشكۈرتكەن چوڭ ئەترەت كادىرلىرى بىلەن
زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئۇلار چوقۇم غوپۇرنىڭ ئارقا تىرىكى، شۇ
سەۋەبتىن غوپۇر مۇشۇنداق خۇدىنى بىلمەي قۇتراپ كېتىۋاتىدۇ،
ئۇ ھەتتا مېنىڭ شەخسىيىتىمگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم
قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. مەن ئادەتتە: ”شۇنداق ئەمەسمۇ، يولداش!
“ دېگەن گەپنى يەكۈن سۈپىتىدە سوزۇپ ئېيتىشقا ئامراق، ئۇ
ئۆزىگە ياقمىغان بۇ ئادىتىمنى ئەل-جامائەت ئالدىدا زاڭلىق

كۆرۈپ قالغان. ئاڭلىشىمچە، ئۇ ئاللىقاچان بۇزۇلۇپ كەتكەن
شاللاق قىز ئىكەن. بۇنداق قىزغا ئۆيلەنسەڭ بەختلىك بولالار-
سەنمۇ؟» دەپ ئېچىنغاندەك قىلغان. مانا شۇلارنى بىرلەشتۇرۇپ
ئويلىغاندا، ئۇنىڭ قەستەن مېنى سېستىش ئۇچۇن يۇقىرىقى-
دەك پىتنە-ئىغۋالارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ ئاممىنى قايمۇقتۇر-
غانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ھېچقانچە تەس ئىش ئەمەس.
ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇ ھەتتا ئارىدىن بىرنەچچە ئەۋلاد ئۆتۈپ
كەتكەندىن كېيىن بەزىلەرنىڭ چىراي جەھەتتە ئاتا-بوۋىسىغا
تارتىپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدىكەن. چوڭ ئانامنىڭ ئېيتى-
شىچە، بوۋامنىڭ بوۋىسى خۇددى ئوغلۇم كومۇناجانغا ئوخشاش
ساپسېرىق ئادەم ئىكەندۇق. كېيىن نېمە سەۋەبتىنكىن-تاڭ،
ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان بىز چىراي جەھەتتە ئۇنىڭغا تارتماي،
ئاز-تولا داتلىشىپ قالغان تۆمۈر ياكى سەل-پەل بۇزۇلغىلى
تۇرغان جىگەر رەڭگە مايىلراق بولۇپ قاپتىكەنمىز. ئەمدىلىك-
تە ئوغلۇمنىڭ چىرايى بوۋامنىڭ بوۋىسىغا تارتىپتۇ، شۇنچىلىك
ئىشقا شۇنچىۋالا كۆپ سۆز-چۆچەك تارقىتىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟
! ئاشۇنداق بىر تالاي بولمىغۇر سۆز-چۆچەك، پىتنە-ئىغۋالارنى
غوپۇر تارقاتتى دەيدىغانغا تولۇق دەلىل-ئىسپاتىم بولمىسىمۇ،
لېكىن چىراغقا قاراپ قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ بارلىق جاۋابكارلىق-
نى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك! غوپۇردىن باشقىسىنىڭ بۇن-
داق قىلىشقا پېتىنالمايدىغانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ. شۇ-
ڭا مەن ئۇنى باشقىلارغا تۆھمەت قىلىش جىنايىتى ئۆتكۈزدى
دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمەن، ئەلۋەتتە. تۆھمەت قىلىش جىنا-
يىتىنى ئۆتكۈزگۈچىلەرگە قانۇن بويىچە ئاز دېگەندە ئىككى-ئۈچ

ئوخشايدۇ. بەزىلەرنىڭ ئۇ يەر-بۇيەردە: "كۆيدۈرگەبەگنىڭ ئوغلى كوممۇناجاننىڭ چىرايى قوشنىسى مەخەت سېرىقنىڭ چىرايىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشىشىپ قاپتۇ-يا! قانداق ئىشتۇ بۇ؟" دەپ كۇسۇرلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. يەنە بەزىلەر بۇ سوئالغا جاۋاب بەرگەن بولۇپ قەستەن ماڭا ئاڭلىتىپ: "مەخەت سېرىق كۆيدۈرگەبەگ جاپا تارتىپ يۈرمىسۇن دەپ يېقىندىن ياردەم بەرگەندۇر ھەقىچان! ئۇ تەييار بالىغا ئىگە بولۇۋالغىنىغا خوش بولۇپ، مەخەت سېرىققا رەھمەت ئېيتسا بولىدۇ! ... "دېگەنگە ئوخشاش بولمىغۇر، لاۋزا گەپلەرنى ئۈنلۈك دەۋالدى. ئارقىدىن ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرگۈدەك كۆتۈرۈلگەن مەسخىرىلىك كۈلكە سادالىرى قۇلىقىمغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلاندى، نېرۋامغا قاتتىق تەسىر قىلدى. غورۇرغۇ ئۆزۈمگە بىۋاستە بۇنداق دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. لېكىن بۇ گەپلەرنى شۇ ئوغرى تاپمىسا كىم تاپىدۇ؟ چۈنكى مەن ئۆيلىنىش ئالدىدا: "سەن ماڭا باشتىن-ئاياغ چىش-تىرنىقىڭ بىلەن ئۆچلۈك قىلىپ كەلگەن بولساڭمۇ، بۇلارنى مەن ئانچە كۆڭلۈمگە ئېلىپ كەتمەيمەن. قانداقلا بولمىسۇن، ھازىر ئىككىمىز خېلى يېقىن تۇغقانلاردىن بولۇپ قالدۇق. ساڭا بېرىدىغان بىردىنبىر مەسلىھەتىم، شۇ جىنەستىگۈلنى ئېلىش نىيىتىدىن يانساڭ بولارمىكىن" دەپ نەسىھەت قىلغانىدى. مەن شۇ يەردىلا ئۇنىڭ تېگىشلىك دەككىسىنى بېرىپ، گېپىگە قۇلاق سالغۇم كەلمىگەندە، ئۇ نائىلاج ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ: "ئېيتماي دېسەم بولمىدى، ئۇكام، مەن جىنەستىگۈلنىڭ قوناقلىقتا مەخەت سېرىق بىلەن يومداقلىشىپ يۈرگەنلىكىنى بىرقانچە قېتىم ئۆز كۆزۈم بىلەن

شۇڭا بۇ بالايىئاپەت يىلتىزىنى قىلچە ئىككىلەنمەي بالدۇرراق قومۇرۇپ تاشلاش ئاقىللىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇ سەممىي تەكلىپىمنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈڭ. بىر ھەپتىگىچە كۈتتىمەن، قانائەت ھاسىل قىلغۇدەك جاۋاب ئالالمىسام كۆرگۈلۈكىڭىزنى كۆرسىتىپ قويۇشقىمۇ قوربىم يېتىدۇ. ئۇ چاغدا بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئېغىر ئاقىۋەتكە پۈتۈنلەي ئۆزىڭىز مەسئۇل!

ھۆرمەت بىلەن

ئازغۇنباش چوڭ ئەترىتىنىڭ
جىگەرلىك ئەزاسى:

كۆيدۇرگەبەگ
1962-يىل 8-ئاينىڭ 8-كۈنى.

6

ناھىيىلىك پارتكومغا:

ئەسلى سىلەرنىڭ ئالتۇندىن قىممەتلىك ۋاقتىڭلارنى ئىسراپ قىلماسلىقىم كېرەك ئىدى. بىراق ماڭا نېمە ئىلاج؟ قارادۆڭ كوممۇنىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋەلىگە ئەرز سۇنسام، بۇنىڭغا تېگىشلىك ئەھمىيەت بېرىپ، ئەترىتىمىزدە ساقلانغان ئېغىر مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش ئورنىغا مەن بىلەن

يىلدىن تارتىپ بەش يىلغىچە مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلى-
دۇ. بۇنى ئۆزىڭىز مۇناسىۋەتلىك سوت مەھكىمىلىرىگە مەلۇم
قىلىپ قويارسىز. ئۆزۈممۇ سوت مەھكىمىسىگە بىۋاستە ئەرز
يېزىشىم مۇمكىن، ئاڭغىچە سىز ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ ھەل
قىلىۋەتسىڭىز تېخىمۇ ياخشى. ئەھۋال ئاشۇنداق تۇرۇقلۇق،
غوپۇرنىڭ تېخى تۇغقانچىلىقنى پەش قىلىپ ماڭا كۆيۈنگەن قىيا-
پەتكە كىرىۋېلىشى تولىمۇ كۈلكىلىك ئىش! تۈلكىنىڭ توخۇنى
يوقلاپ بېرىشىدا ياخشى نىيەت بولمىغاندەك، غوپۇرنىڭ يۇقىرى-
قىدەك گەپلەرنى توقۇپ چىقىشىدىمۇ چوقۇم ئاللىقانداق خۇپىيانە
غەرەز ۋە چوڭ سۇيىقەست بار... قىسقىسى، خەلق كوممۇنىسىغا
قوشاق توقۇپ ھۇجۇم قىلغان، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشنىڭ
ئاجايىپ خاسىيىتىگە شەك كەلتۈرگەن نەق ئەكسىلئىنقىلابچى،
تۆھمەتخور ئۇنسۇر غوپۇرنىڭ 7-ئەترەتنىڭ نومۇر خاتىرىلىگۈ-
چىسى قىلىپ قويۇلۇشى ئادەمنى بەكمۇ ھەيران قالدۇرىدىغان
بىر ئىش. ئۇ دەرھال بۇ ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ قولغا
ئېلىنمىسا، ھېچ بولمىغاندا قايتىدىن ئاممىنىڭ نازارىتى ئاستىغا
تاپشۇرۇپ بېرىلمىسە پۈتۈن يۇرتنى خاراب قىلىدۇ. پرىنسىپ-
سىزلىق قىلىپ كىشىلەرگە نومۇرنى كۆپ-كۆپ خاتىرىلەپ،
ئۆز يېقىنلىرىنى سەمرىتىدۇ، ئەتراپىغا تېخىمۇ كۆپ شايكا
توپلايدۇ، خوتۇن-قىزلارنى بۇزۇۋېتىدۇ، نۇرغۇن بەختلىك،
ئىناق ئەر-خوتۇنلارنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ.
ماڭا ئوخشاش لىللا سۆزلەيدىغان ھەققانىيەتچىلەردىن رەھىم-
سىزلىك بىلەن ئۆچ ئالىدۇ. قانات-قۇيرۇقىنى تۈزەشتۈرۈۋالسا
سىزگىمۇ پۇت ئېتىشى، ھەتتا بېشىڭىزغا چىقىشى مۇمكىن.

دىغان يولىنى دەرھال ئۆزگەرتىپ، ئۇستۇنئېرىق مەھەللىسىگە تۇتىشىدىغان چىغىر يولغا بۇرۇلدى. مەن يېقىن يوللار بىلەن ئۇستۇنئېرىق مەھەللىسىگە ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ يېتىپ بارسام، ئۇ بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە زۆراخان مومايىنىڭ ئۆيىدىن قورۇق قول يېنىپ چىقىۋاتىدۇ. بۇنىڭدا مۇنداق ئۈچ خىل ئېھتىمال بار: بىرىنچىدىن، ئۇ خىيانەتچىلىك قىلمىشىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ، ئەسلىدە ئۆيىگە ئېلىپ كەتمەكچى بولغان ئۇننى زۆراخان مومايغا ئاپىرىپ بېرىش ئارقىلىق ئۆزد-ىنىڭ جىنايىتىنى يېپىشقا مەجبۇر بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئىككىنچىدىن، زۆراخان بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ، قۇتۇل-دۇرۇش ئاشلىقىنى ھەرخىل باھانە-سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ كۆپ ئېلىپ، بۆلۈشۈپ يېگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۈچىنچىدىن، باشقىلارغا ياخشىچاق بولۇپ، ئاز-تولا نەپ بېرىش ئۇسۇلى ئار-قىلىق نادان كىشىلەرنى ئالداپ، سۇيىقەستلىك پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ توپلاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. بولمىسا نېمە ئۈچۈن ئۇننى بالدۇرراق ئاپىرىپ بەرمەي، ئەتەي قاش قارايغاندا ئاپىرىپ بېرىدۇ؟ بۇنىڭدىن، يورۇقتا يولغا چىقسا باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرمامدۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇن بېرىش ئامبارچىنىڭ ئىشى، بۇنىڭ بوغالتىر بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ ئۇ تېخى: ”سېرىقتال مەزگىلدە ئوزۇقلۇقى ئۈزۈلۈپ قالغان ئائىلىلەر، بولۇپمۇ بەشتە كاپالەتلىك ئائىلىلەرنىڭ ھالىدىن ۋاقتىدا خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش — چوڭ ئەترەت كادىرلىرىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك ئەقەللىي بۇرچى“ دېگەنگە ئوخشاش چىرايلىق سۆز-ئىبارىلەر

ئەتەي قېيىشقاندەك غوپۇرنى ”قابىلىيەتلىك ئىكەن“دەپ چوڭ ئەترەتنىڭ بوغالتىرلىقىغا ئۆستۈرۈپ قويدى. بۇ، ئادەمنى قات-تىق مەسخىرە قىلغانلىق بولماي نېمە؟! يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، ۋەلىنىڭ شۇ قەدەر چۈشكۈنلىشىپ ۋە چىرىكلىشىپ، سىنىپىي دۈشمەن قويىنىغا ئۆزىنى ئاشكارا ئاتىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يېتىشى كەمبەغەل دېھقان ۋە تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنى ئېچىندۇرماي قالمايدۇ، شۇنداقلا بىزنىمۇ قاتتىق ئويغا سالىدۇ.
ئەمدى غوپۇر ئۆزىگە يوغان بىر ئارقا تېرەك تېپىۋالغاچقا خۇدىنى بىلمەي كېرىلىپ، تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ، يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ، چوڭ ئەترەتنىڭ پۇل-پىچەك، مال-مۈلۈكلىرىگە ئو-چۇقتىن-ئوچۇق خىيانەت قىلىش، كۆپكۈندۈزدە تەپ تارتماي پارا ئېلىش يولىغا قاراپ ماڭدى. بۇنىڭغا پولاتتەك پاكىتىم بار: 5-ئايغۇ تازا سېرىقتال مەزگىل، كوممۇنا ئەزالىرىنىڭ نورما ئاشلىقى ئۈزۈلۈپ قالىدىغان ئىشلارمۇ ئانچە-مۇنچە يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن غوپۇرنىڭ خىيانەتچىلىك جىنا-يىتىنى يېپىشقا بولمايدۇ. 5-ئاينىڭ 17-كۈنى قاش قارىيىشقا ئاز قالغاندا، چوڭ ئەترەت ئىشخانا قورۇسىنىڭ ئەتراپىدا كىر-گەن-چىققانلارغا سەپسالغاچ ئايلىنىپ يۈرەتتىم. بىر چاغدا قا-رىسام، غوپۇر لىقمۇ لىق بىر خالتا ئۇننى ۋېلىسىپىتىنىڭ ئارقى-سىغا تېڭىپ چىقىۋاتىدۇ. ئۇ خۇدۇكسىنغان هالدا ئۇيان-بۇيانغا قارىۋەتكەندىن كېيىن ۋېلىسىپىتكە چاققانلىق بىلەن مىنىپ، پېدالغا كۆچەپ دەسسەپ، چوڭ يولنى بويلاپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. مەنمۇ جېنىمنىڭ بارىچە يۈگۈردۈم. ئۇ مېنىڭ نازارەت قىلىۋاتقانلىقىمنى سېزىپ قالدى بولغاي ئەتىمالىم، ئۆيىگە بارد-

قىسى مېنى ئۆلگۈدەك چىشلەپ تارتىدۇ، ھەدېسىلا يامان گېپىمنى قىلىدۇ، غوپۇرغا يان بېسىپ، مېنى كەلسە-كەلمەس ئەيىبلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە غوپۇرغا ياخشىچاق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاز-تولا نەپ ئېلىشنى كۆزلەيدۇ. بىر ئىپلاس چىۋىن بىر قازان ئاشنى بۇلغىغاندەك، غوپۇرنىڭ كاساپىتىدىن پۈتۈن يېزا خەلقى بۇزۇلۇپ كەتتى! ھەقىقەت بەزىدە ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ قولىدا بولىدۇ ئەمەسمۇ، سىلەر مېنىڭ ئۈستۈمدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا مۇشۇ پرىنسىپقا قاتتىق ئەمەل قىلمىساڭلار توغرا يەكۈن چىقىرالمايسىلەر، ھەتتا خاتالىشىپ ياخشى بىلەن ياماننى، ئاق بىلەن قارىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىپ، كەچۈرگۈسىز سەۋەنلىك سادىر قىلىسىلەر، بۇنى بالدۇرراق ئەسكەرتىپ قويغىنىم تۈزۈك. ھەر ھالدا ”كېيىنكى پۇشمان، ئۆزىگە دۈشمەن“ دېگەندەك ئىش بولۇپ قالمىسۇن دەيمەنغۇ. ياخشى كۆڭلۈمنى ئەمدىغۇ تولۇق چۈشەنگەنسىلەر، قەدىرلىك يولداشلار!

ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، يەنە بىر پاكىت غوپۇردا خىيانەتچىلىكنىڭ ھەقىقەتەن ئىنتايىن ئېغىر ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ:

5-ئاينىڭ 22-كۈنى چىڭقى چۈشتە بازار ئارىلاپ يۈرەتتىم. بىر چاغدا قارىسام غوپۇرمۇ يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا تۆت كوچا ئاغزىدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ گويا بىرىنى ئىزدەۋاتقاندەك ئۇيان-بۇيانغا بويۇنداپ قارايتتى. مەن ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان يۈكسەك ھوشيارلىقىم بىلەن ”بۈگۈن بۇ گۈيدا بىرگەپ بار“ دەپ ئويلاپ، تۈيدۇرماي ئۇنىڭ پېيىگە چۈشتۈم. راست دېگەندەك

بىلەن يۇقىرىقى جىنايى قىلمىشلىرىنى يېپىشقا ئۇرۇنۇپ، ئۆزىنىڭ خۇپىيانە، ھەقىقىي غەرىزىنى ئاشكارىلاپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى كىشىلەرگە ئىختىيارسىز 300 سەر تەڭگە كۆمۈپ قويغان بىر ئەخمەقنىڭ ”بۇ يەردە 300 سەر تەڭگە يوق“ دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ تەمسىلدىن خەۋىرى بولغان ھەرقانداق كىشى مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمنى چۈشىنەلەيدۇ. ناۋادا چۈشىنەلمەي قىينىلىپ قالساڭلار دەرھال پىكاپ ئەۋەتىڭلار، مەن يول يىراقلىقىنى ئېغىر ئالماي، ئىشخاناڭلارغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ، بۇ تەمسىلنىڭ قايسى زامان، قايسى ماكاندا، قانداق پەيدا بولغانلىقىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ قويىمەن. بۇنىڭ بىلەن نەزەر دائىرەڭلەر كېڭىيىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. ئىشقىلىپ سىلەر بىلەن بىرەر سائەت پاراڭلاشسام ئىنتايىن ئۆتكۈر بىر تالانت ئىگىسىنىڭ تەپا-چاڭلىق سەھرادا كۆمۈلۈپ قالغانلىقىنى بايقايسىلەر، بەلكىم بۇنىڭغا ئىچ-ئىچىڭلاردىن ئېچىنىپ، يىغلاپ تاشلىشىڭلار مۇمكىن. بۇ ھەرگىز پو ئاتقانلىق، ئۆزۈمنى ئۆزۈم ماختاپ كۆككە ئۇچۇرغانلىق ئەمەس، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئەمەلىي پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئىشەنمىسەڭلار مەن بىلەن ئايرىم سۆزلىشىپ سىناپ باقساڭلارمۇ ياكى قاسىم قالپاق بىلەن پازىل پايپاق قاتارلىق ئىخلاسمەنلىرىمدىن سوراپ ئەھۋالىمنى ئىگىلەپ كۆرسەڭلارمۇ بولىدۇ. لېكىن ئۇلاردىن باشقىلارنىڭ سۆزىگە ھەرگىز ئىشەنمەڭلار. يېزىمىز ھەسەتخورلار، كۆرەلمەسلەر، قورسىقى تارلار مەخسۇس توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر يېزا. قاسىم قالپاق بىلەن پازىل پايپاق قاتارلىق بىرقانچەيلەندىن باش-

قىسلىقىنى كىم بىلمەيدۇ؟ قاراڭغۇ بازارچىلىق قىلمىسا نەدىن
تاپىدۇ؟ ئاچامغا ئېلىپ بەرگەن قېلىن يۇڭ ياغلىقمۇ چوقۇم
قاراڭغۇ بازارنىڭ مېلى! مانا بۇگۈنكى ئەمەلىيەت پەرىزىمنىڭ
چەكسىز توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. لېكىن بۇ ئەھۋالنى چوڭ
ئەترەت كادىرلىرىغا ئىنكاس قىلسام، ئۇلار ماڭا ئىلھام بېرىش
ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە قىزغىنلىقىمغا سوغۇق سۇ سەپتى،
پۇچۇق قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك كۈلۈشۈپ مېنى بولۇشىچە
مەسخىرە قىلدى. غوپۇرنىڭ ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىشىچە، سېلىم
لۆم-لۆمنىڭ خوتۇنى ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قاپ-
تىمىش، ئوپراتسىيە قىلىشقا نۇرغۇن پۇل كەتكەچكە ئۇچقاندەك
يۇرتقا قايتىپ كېلىپ، غوپۇردىن ياردەم سوراپتىمىش. غوپۇر
پاقلان بولغان ئوغلىغا ئاق سۈت يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقان سېغىن
كالىسىنىڭ كۆزىگە قارىماي، دەرھال ئۇنى سېتىپ، سېلىم
لۆم-لۆمگە خوتۇنىنى ئوپراتسىيە قىلدۇرۇشقا يەتكۈدەك پۇل
غەملەپ بېرىپتىمىش ... ۋاي قوۋۇرغامەي، گەپنى شۇنداقمۇ
قاملاشتۇرۇپ توقۇپ چىقامدىغان بۇ كاساپەت! ئۇغۇ ئۆزىنىڭ
خىيانەتچىلىك جىنايىتىگە چاپان يېپىش ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك
گەپلەرنى ئۇستىلىق بىلەن توقۇپ چىققاندۇ، لېكىن چوڭ ئەت-
رەت كادىرلىرىنىڭ چوڭقۇر تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىپ باقمايلا
ئۇنىڭ ياغلىما سۆزلىرىگە ئىشىنىپ كەتكىنى نېمىسى؟ ئۇلارنىڭ
سىنىپىي ھوشيارلىقى، سىياسىي ئاڭ سەۋىيىسى قەيەرگە كەت-
تى؟ ئۇلار قارانچۇقمۇ ياكى ئادەم سىياقىغا كىرىۋالغان دۆت
ئېشەكلەرمۇ؟ مۇشۇنداق كارغا كەلمەيدىغان، مېڭىسى ئىشلىمەي-
دىغان، ئۆتمەس پىچاق-لاتا غىلاپ ئادەملەرنىڭ شۇنچىۋالا مۇ-

ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ يېنىغا سېلىم لۆم-لۆم پايپاسلاپ يېتىپ
كەلدى. غوپۇر ئالدىراپ-تېنەپ يانچۇقىدىن بىر سىقىم پۇلنى
چىقىرىپ، ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇۋېتىپ بىرنېمىلەرنى دېدى.
ئارىلىق سەل يىراق بولغاچقا نېمە دېيىشكەنلىكىنى ئېنىق ئاڭلى-
يالماي قالدىم. گۇمان پەيدا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇلارنىڭ
يېنىغا بەك يېقىن بېرىۋېلىشنى ئەپسىز كۆرۈپ يىراقتىن كۆزى-
تىپ تۇرۇۋەردىم. كېيىن غوپۇر ۋېلىسىپىتىنىمۇ ئۇنىڭغا بېرى-
ۋەتتى. دېمەك، ئۇنىڭ كاسسىر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ چوڭ
ئەترەتنىڭ نۇرغۇن پۇلىغا خىيانەت قىلغىنىغا قانائەت ھاسىل
قىلماي، تېخىمۇ كۆپرەك پۇل تېپىپ تويماس نەپسىنى قاندۇ-
رۇش، ھازىرقىدىن چوڭراق ئەمەلگە ئېرىشىش، ئاغزىنى ياغ-
لاش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن قا-
راڭغۇ بازارچىلىق قىلماقچى بولغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. بولمى-
سا نېمە ئۈچۈن تۇغقانچىلىقمۇ، ئاغىنىدارچىلىقمۇ بولمىغان
سېلىم لۆم—لۆمگە تۇيۇقسىز شۇنچە كۆپ پۇل بېرىدۇ؟ بۇنى
ئاز دېگەندەك ئۇنىڭغا ھەتتا جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان ۋېلىسى-
پىتىنىمۇ بىكاردىن-بىكار تۇتقۇزۇپ قويىدۇ؟ ئاڭلىشىمچە سې-
لىم لۆم-لۆمنىڭ شەھەردە ئۇششاق تىجارەتچىلىك قىلىپ جان
باقىدىغان بىر تۇغقىنى بار ئىمىش، ئۇ چوقۇم شۇ تۇغقىنى
ئارقىلىق بازاردا قىس ماللارنى قولغا چۈشۈرۈپ ھايىنىغا سې-
تىپ، بىر دومىلىتىپلا بىر پۇلنى ئون قىلىپ، پايدىنى تەڭ
بۆلۈشۈش توغرىسىدا كېلىشىۋالغان گەپ! يېقىندا غوپۇر قارا
چىبەرقۇتتىن بىر قۇر ئىشتان-چاپان تىكتۈرۈپ كىيىۋالغاندىلا
مەندە يۇقىرىقىدەك گۇمان پەيدا بولغانىدى. ھازىر چىبەرقۇتنىڭ

بۇنى ئويلاپ باقتىڭلارمۇ-يوق؟ تېخى ئويلاشقا ئۈلگۈر مىگەن بولساڭلار، ئەرزىمنى تاپشۇرۋۇالغاندىن كېيىن بۇ مۇھىم نۇقتى-نى تونۇپ يېتىپ، دەرھال جىددىي يىغىن ئېچىپ، كوللېكتىپ-نىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇپ، كەسكىن ۋە ئاقىلانە قارار چىقى-رىش ئارقىلىق ئۇلار بىلەن ھەقىقەتەن ھېچقانداق پايدا-مەنپەئەت مۇناسىۋىتىڭلار يوقلۇقىنى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا تىلىڭلارنىڭ قىسقا ئەمەسلىكىنى ئەمەلىي ھەرىكىتىڭلار بىلەن ئىسپاتلىشىڭلارنى سورايمەن.

چەكسىز ھۆرمەت، ئالەمچە ساداقەت بىلەن
قارادۆڭ كوممۇنىسى ئازغۇنباش چوڭ
ئەترىتىنىڭ راستچىل ئەزاسى:

كۆيدۈرگەبەگ
1963-يىل 5-ئاينىڭ 29-كۈنى.

## 7

”تۆتنى ئېنىقلاش“ خىزمەت گۇرۇپپىسىغا:

سىلەرنىڭ غۇربەتچىلىك، ئادالەتسىزلىك ھۆكۈم سۈرۈۋات-قان بۇنداق قالاق يېزىغا قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭلار ئىنتايىن ئوبدان بولدى، شۇ تاپتا مەن ئىچ-ئىچىمگە سىغمايۋاتقان خۇشال-لىقىمنى قانداق ئىزھار قىلىشنى بىلەلمەي قىينىلىۋاتىمەن. يەنە بىر جەھەتتىن غوپۇر يەنە توردىن چۇشۇپ قالارمۇ دەپ

ھەم ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىنىپ قېلىشىنى زادىلا چۈشەنگىلى بولـ-
مايدۇ. بۇ، بىزدەك مېگىسى ئۆتكۈر، تۇغما تالانت ئىگىلىرىگە
نىسبەتەن ئېيتقاندا ھەقىقەتەن چوڭ بىر بەختسىزلىك! ئۇلارمۇ
ماڭا ئوخشاش ئاز-تولا مېڭە ئىشلەتكەن بولسىدى، ھەرقانچە
بولسىمۇ بىر كالىنىڭ بىر كاللەك پۇلغا يارىمايدىغانلىقىنى چۈ-
شىنىپ يەتكەن بولاتتى. خېرىدارنىڭ كۆزىنى بويىساڭمۇ بىر
كالا دېگەننى ئەڭ كۆپ بولغاندا ئاران 300-200 يۈەنگىلا ساتالاي-
سەن، لېكىن غوپۇر سېلىم لۆم-لۆمگە بەرگەن پۇل ئاز دېگەندە
مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ، بەلكىم ئۇنىڭدىن كۆپ بولۇشىمۇ مۇم-
كىن. گەپنى تولا ئەگىتمەي ئوچۇقىنى ئېيتسام، چوڭ ئەترەت
كادىرلىرىنىڭمۇ ھېچقايسىسى پاك ئەمەس. شۇڭا ئۆز مەسىلە-
سىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ ھەدەپ غوپۇرنى قانات
ئاستىغا ئالىدۇ ياكى بولمىسا مەخپىي كېلىشىۋېلىپ، كوللېك-
تىپنىڭ مال-مۈلكىنى بىرلىكتە تالان-تاراج قىلىپ، ئۆزىنى
سەمرىتكەننىڭ سىرتىدا بىر قىسمىنى كوممۇنا پارتكومىنىڭ
شۇجىسى ۋەلىگە توشۇيدۇ. ئۇلار يۇقىرىدىن-تۆۋەنگىچە ئاشۇنـ-
داق ئىرماش-چىرماش مۇناسىۋەت تورى ھاسىل قىلىپ، خىيا-
نەتچىلىك، پارىخورلۇق قىلماقتا، كوللېكتىپنىڭ يىلتىزىغا پال-
تا چاپماقتا. قارادۆڭ كوممۇنىسى، جۈملىدىن ئازغۇنباش چوڭ
ئەترىتىدىكى مەسىلىلەر ئىنتايىن ئېغىر. ناۋادا خىيانەتچى غو-
پۇر، پارىخور ۋەلىگە ۋاقتىدا قاتتىق چارە كۆرۈلۈپ، باشقىلارغا
ئىبرەت قىلىنمايدىغان بولسا خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق ۋابا
كېسىلىگە ئوخشاش پۈتۈن ناھىيىگە يامراپ كېتىپ، تەسەۋۋۇر
قىلغىلى بولمايدىغان يامان ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ. سىلەر

ئىسلاھاتى كادىرلىرى ئاغزى مايلىنىپ قالغانلىقتىن پرىنسىپ-سىزلىق قىلىپ، ئۇلارنى ئوتتۇرا دېھقان تەركىبىگە كىرگۈزۈپ قويۇپتىكەن. ياقۇپنىڭ بىر قىسىم مال-مۈلكىنى ئۇرۇق-تۇغ-قانلىرىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويۇپ، ئىشنى توغرىلىۋالغاندىن كېيىن سېمىز بىر پاقلان سويۇپ، يەر ئىسلاھاتى كادىرلىرىنى كاتتا مېھمان قىلغانلىقى مەلۇم. غوپۇرمۇ ماڭا كالتە چاپانلىق، مېھرى ئىسسىق بىر كادىرنىڭ شۇچاغدا ئۆزىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن. دېمەك، بۇ پاقلان بىكارغا سويۇلمىغان. يەر ئىسلاھاتى كادىرلىرى پاقلان گۆشى گېلىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن تىلى قىسقىلىق قىلىپ، ئارتۇقچە غىڭ-پىڭ دېيەلمەي، ئۇلارنىڭ تەركىبىنى ئوتتۇرا دېھقان دەپ ئايرىپ قويۇشقا مەجبۇر بولغان. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدا غوپۇر بىر كۈنى ئاخشىمى بىزگە مۇنداق بىر ھېكايە سۆزلەپ بەرگەن:

يېزىغا چۈشكەن كادىرلار ئۆتمۈشتە يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقان بىر كەمبەغەل دېھقاننى پومېشچىكلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشقا تەكلىپ قىپتۇ. بۇ دېھقان ئوتتۇرىغا چىقىپ، يىرتىق يېڭى بىلەن ياش كەلمىگەن كۆزلىرىنى زورمۇ زور سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن يىغلامسىرىغان قىياپەتتە كىرىپ مۇنداق دەپتۇ: ئەزىز تۇغقانلار، قوۋم-قېرىنداشلار، ئۆتمۈشتە مېنى زالىم پومېشچىكلار بەك ئەزگەن، بەك ئەزگەن جۇما! بۇنىڭغا مىسال بەك تولا. ئاددىي بىر مىسال ئالسام، بىر كۈنى ھاجى پومېشچىك مېنى قوتاندىن قىغ چىقىرىشقا بۇيرۇدى. تازا كۈچەپ ئىشلەۋاتسام، قولۇمغا ئېشەك ھەيدەيدىغان تاياق

ئەنسىرەشتىنمۇ خالىي بولالمايۋاتمەن. بۇنداق دېيىشتە تولۇق ئاساسىم بار: ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن قۇۋ بىر نېمە. ئۇنى چىڭ قاماللاپ تۇتۇۋالساڭمۇ بىر ئامال قىلىپ قولۇڭدىن موكا بېلىقتەك ”غىرت“ قىلىپ سىيرىلىپ چىقىپ كېتەلەيدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇرغۇن ئېغىر جىنايەتلەرنى سادىر قىلغان تۇرۇقلۇقمۇ تاكى ھازىرغىچە تۇتۇلماي كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىشىڭلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن سىلەرنى بالدۇرراق ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشنى ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچۇم دەپ ھېسابلايمەن. بۇ قېتىم ئۇنىڭ مەسىلىسىنى تۈپ نېگىزىدىن ھەل قىلىش كېرەك. ئاۋۋال ئۇنىڭ دادىسىنىڭ توردىن چۈشۈپ قالغان چوڭ پومېشچىك، ئۆزىنىڭ كىچىك پومېشچىك ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ئىنتايىن زۆرۈر. مۇشۇ چوڭ مەسىلە چىڭ تۇتۇلۇپ، كەسكىنلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىنسىلا، قالغان مەسىلىلەر ئۆزلۈكىدىن ھەل بولۇپ كېتىدۇ. ئاڭلىشىمچە، ئۇنىڭ دادىسى ياقۇپ ئۆتمۈشتە 20 مودىن كۆپرەك يەر-زېمىنغا ئىگە كاتتا باي ئىكەن. ئۇنىڭ غوپۇرنى ئارغىماققا مىنگەشتۈرۈپ، بازارنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بۇ تەرىپىگە نەچچە قېتىم گىدىيىپ ئۆتكەنلىكىنى ئۇرغۇن كىشىلەر كۆرۈپتىكەن. ئويلاپ بېقىڭلارچۇ، جاھالەتلىك ئۆتمۈشتە كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ ئارغىماق مىنىشكە قۇربى يېتەرمىدى؟ پەقەت ئامبال-دوتەيلەر، باي-بېگىملەر ۋە زېمىندار غوجاملار ئارغىماق مىنىپ غادىيىۋېلىپ، يالاڭتۆشلەر ئالدىدا كۆز-كۆز قىلاتتى. پولاتتەك مۇشۇ بىر پاكىتقا تايىنىپلا ياقۇپ ۋە غوپۇرنىڭ تەركىبىنى گەپ-سۆزسىز پومېشچىك دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ. لېكىن يەر

چۇ، ئادەمنى شۇنداقمۇ بوزەك قىلغان بارمۇ؟…ھېلىقى كەمبەغەل دېھقان سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە كادىرلارنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئۇنى پەشتاقتىن قوغلاپ چۈشۈرۈۋېتىپتۇ…

مانا بۇ غوپۇرنىڭ بىزگە سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىسى. ئۇ بۇنداق ھېكايىنى سۆزلەش ئارقىلىق نېمە دېمەكچى؟ بىرىنچىدىن، ئۆزىنىڭمۇ پومېشچىك ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن پومېشچىكلارنى ئاق كۆڭۈل، ئادەمگەرچىلىكى بار دەپ ئاقلاپ، ئۇلارنىڭ بۆرىدىن ۋەھشىي ماھىيىتىنى يوققا چىقارماقچى. ئىككىنچىدىن، دادىسىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتە كەمبەغەل دېھقانلارنى زار قاقشاتقان جىنايىتىگە چاپان يېپىپ، گۇناھىنى يەڭگىللەتمەكچى. مانا بۇ ئەمەلىي مىسالدىنمۇ ياقۇپ ۋە غوپۇرنىڭ توردىن چۈشۈپ قالغان چوڭ پومېشچىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھېچكىم بىلمەيدىغان يەرگە كۆمۈپ قويغان نۇرغۇن زىخچە ئالتۇنلىرى بولۇشى مۇمكىن. سىلەر مەن يەتكۈزۈپ بەرگەن مۇشۇ يىپ ئۇچىغا ئاساسەن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ باقساڭلار چوقۇم سۇنى لېيىتىپ قېچىپ كەتكەن چوڭ بىر بېلىقنى تۇتالايسىلەر. مەن قاسىم قالپاق بىلەن پازىل پايپاقنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن بۇ ماتېرىيالنى چۈشىنىشلىك، ئىخچام، مېغىزلىق قىلىپ يېزىشقا تىرىشتىم. گەرچە ئۇلار قىلچە پايدا-مەنپەئەتنى كۆرسە دوپپىسىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا قارىماي يۈگۈرىدىغان ئاچكۆز، تەمەخور، بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدىغان بىرنېمىلەر بولسىمۇ، ھەرھالدا ماڭا سادىق، ماڭا خېلى چوقۇنىدۇ، ھەتتا بەزىدە تەرىتىمگە سۇ ئىسسىتىپ ئەكىلىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاسىم قالپاقنىڭ ھەرقانداق سىنىپىي يات ئۇنسۇرلارغا

بىلەن بىرنى سالدى. ”سەندە كۆز دېگەن نېمە بارمۇ-يوق؟“ دەپ
ۋارقىراپ كەتتى. ”بىكاردىن-بىكار نېمىشقا ئۇرىسەن؟“ دەپ
ھاجىمدىن خاپا بولۇپ يۇرۇپتىمەن، كېيىن قارىسام، ئېشەككە
تاغارنى تەتۈر ئارتىپ قويۇپتىمەن ئەمەسمۇ! سەۋەنلىكقۇ مېنىڭ-
دىن ئۆتۈپتۇ، شۇنداقتىمۇ ھاجىم ئاچچىقىغا ھاي بېرىپ چوڭ-
چوڭلا بولۇپ قالغان ئادەمنى ئۇرۇپ يۇرمەسلىكى كېرەك ئى-
دى-دە! نېمىگە كۆلىسىلەر خالايىقلار؟ ئۇششۇك تەگكەن غوزى-
دەك ئاغزىڭلارنى پۇرۇشتۇرۇپ ھىجىيىشۋەرمەڭلار دەيمەن! بول-
مىسا سۆزلىمەيلا قويىمەن جۇما! مەيلى بوپتۇ، كادىر ئەپەندى-
نىڭ يۇزى، يەنە بىر ئەمەلىي مىسال ئالايلى: ئۆلكە ئازاد
بولۇش ھارپىسىدا ئەمەتبەگ مېنى ئوغلىنىڭ تويىدا سۇناي چې-
لىپ بېرىشكە چاقىردى، بارماي دېسەم بولمىدى، سۇناينى قوي-
نۇمغا سېلىپ، يوغان چىپار خۇرجۇننى ئۆشنەمگە ئارتىپ،
ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم، ئەتىدىن-كەچكىچە سۇناي چېلىپ گېلىم
قۇرۇپ كەتتى، لەۋلىرىم چاك-چاك يېرىلىپ كەتتى، مەن
بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى، توي ئاخىرلاشقاندا بېگىم
تۇتۇۋېلىپ، بالىلىرىڭغا ئازراق زەللە ئالغاچ كەت دەپ، ئىككى
لېگەنگە لىق پولۇ ئۇسۇپ، ئۇستىگە پەۋەس گۆش ۋە ئاق نان
بېسىپ، داستىخانغا يۆگەپ خۇرجۇنۇمغا سېلىپ قويدى، رەھ-
مەت ئېيتىپ ئۆيگە قايتاي دەپ تۇرسام ئۇنىمىغىنىمغا ئۇنىماي
يەنە بىرمۇنچە پوشكال، سامبۇسا، قەنت-گېزەكلەرنى پوملاپ
تىقىۋەردى، بولدى دېسەم ئۇنامدىغان! بۇ پومېشچىكنىڭ دەستى-
دىن ئۆتكەن بازاردا بىر يېرىم كويغا سېتىۋالغان يېپيېڭى خۇر-
جۇنۇم يىرتىلىپ كەتكىلى تاس-تاماس قالدى. ئويلاپ بېقىڭلار-

دۇ، شۇنىڭ بىلەن يېزىمىزدا بالايىئاپەت يىلتىزى قىرقىپ تاشلىنىپ، غۇربەتچىلىك تۈگەيدۇ، ئادالەت ئورنىتىلىدۇ. ماڭا ئوخشاش ناھەقچىلىككە ئۇچراپ كەلگەن كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان پەرزەنتلىرىنىڭ قەددى كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ نەقەدەر زور ئوتۇق-ھە! ئۇ چاغدا سىلەرمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇننىڭ نەزەرى سىرتىدا قالمايسىلەر، ئەلۋەتتە. غوپۇرغا قاندا مۇئامىلە قىلىش سىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ھەقىقىي چوڭ سىناق. بۇ سىناق ئۆتكىلىدىن غەلىبىلىك ئۆتۈشىڭلارغا چىن قەلبىمدىن تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

ئېھتىرام بىلەن

ئازغۇنباش چوڭ ئەترىتىنىڭ
چەتكە قېقىلىپ كەلگەن ئەزاسى:

كۆيدۈرگەبەگ
1964-يىل 1-ئاينىڭ 2-كۈنى.

8

ھەربىي سوت كوللېگىيىسىگە:

يەرلىك ھۆكۈمەت، يەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا كۆپ قېتىم ئەرز سۇنغان ۋە جىددىي بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ھەقىقىي ئەھۋال-

شۇنداق ئەپلەشتۈرۈپ تازا خوپ كېلىدىغان تۈرلۈك قالپاقلارنى
كىيدۈرەلەيدىغان ئۆزگىچە ماھارىتى بار، مۇھىم پەيتلەردە جانغا
خېلى ئەسقاتىدۇ. پارىل پايپاقمۇ بوش كەلمەيدۇ، كۆز ئىشارى-
تىمگە بېقىپ ئىش كۆرۈشنى بىلىدۇ، بەزىدە ”سەن تاز دېگۈچە
مەن تاز دەۋالاي“ دېگەندەك، زېتىمغا تېگىپ قويغانلارغا ئەپلەش-
كەن- ئەپلەشمىگىنىگە قارىماي ئاۋۋال ”سانجىغاق لۈكچەك“،
”باسقۇنچى ئۇنسۇر“، ”بوھتانچى خۇلىگەر“، ”قانخور زومىگەر“
دېگەنگە ئوخشاش قالپاقلارنى كىيدۈرۈپ باقىدۇ. بۇ چارە بىلەن
ئۇلارنى قورقۇتالماي قالسا، ئەمدىلەتىن قاۋاشنى ئۆگەنگەن كۈ-
چۈكتەك توختىماي ئوڭ-تەتۈر كاڭشىپ، ھەرقانداق ئادەمنى
بىزار قىلىۋېتەلەيدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇ-
كى، ماڭا شەرتسىز بويسۇنىدۇ، ئەقەللىيسى پۇتۇمغا پايپاق-پاي-
تىما قىلىۋالاي دېسەممۇ ھەرگىز ياق دېمەيدۇ. بۇنىڭدىن خور-
لۇق ھېس قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ”مېنى ئەتىۋارلى-
غىنى“ دەپ چۈشىنىپ ھاياجىنىنى بېسىۋالالماي پوتلىسىنى ئې-
قىتىپ يىغلاپ كېتىدۇ. شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ ئورۇنلۇق پىكىر-
لىرىگە ئانچە-مۇنچە قۇلاق سېلىپمۇ قويىمەن. بۇ ماتېرىيالنى
يېزىشتا ئۇلارنىڭمۇ تېگىشلىك ھەسسىسى بار، غوپۇرغا پومېش-
چىك قالپىقى كىيدۈرۈلگەندە مەندىن كېيىن ئۇلارنىمۇ مۇۋاپىق
تەقدىرلەپ قويساڭلار بولىدۇ. بۇنداق قىلىش كەڭ ئاممىنىڭ
تېخىمۇ كۆپ مەسىلىلەرنى پاش قىلىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا
پايدىلىق. غوپۇر تارتىپ چىقىرىلسا ئۇنىڭغا چېتىلىدىغان چوڭ
ئەترەت ۋە كوممۇنا كادىرلىرىنىڭ بىر تالاي مەسىلىلىرىمۇ ئەس-
كى چاپاننىڭ مېزى چۇۋۇلغاندەك بىر-بىرلەپ چۇۋۇلۇپ چىقى-

قىن. ئۇ چاغدا قانداق يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلى-
قىنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىلەر؟ سىلەر ھەربىي ئورۇن، ھوشيار-
لىقىڭلار ئۇستۇن، سوۋغات، پارا دېگەنلەرنى ھەرگىز قوبۇل
قىلمايسىلەر، ئالدام خالتىغا چۈشمەيسىلەر، دوق-تەھدىتلەردىن
قورقۇپ كەتمەيسىلەر، غوپۇرنىڭ ھۇنىرى ئالدىڭلاردا كارغا
كەلمەي قالىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە سىلەر يەرلىك ئورۇنلارنىڭ
ئاغزىغا قارىماي مۇستەقىل ئىش بېجىرەلەيسىلەر. سىلەرگە
ئەرز يېزىش خىيالى زېرەك كاللامدىن يالت قىلىپ ئۆتكەندە
مېڭەمنىڭ ئاجايىپ ئۆتكۈرلۈكىگە، تۇغما تالانتىمنىڭ تەڭداش-
سىزلىقىغا قول قويماي ۋە ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمىدىم. قولى-
دىن ئىش كېلىدىغان مەندەك ھەقىقىي تالانت ئىگىسى يەتكۈزۈپ
بەرگەن ماتېرىيال ۋە دەلىل-ئىسپاتلارنىڭ نەقەدەر ئىشەنچلىك
بولىدىغانلىقىنى ئارتۇقچە چۈشەندۈرۈپ يۈرمىسەممۇ ئۆزۈڭلار
قىياس قىلالايسىلەر. مۇشۇنداق ئەھۋالدا غوپۇرنىڭ ھەربىي خا-
دىمنى ئۇرۇش ئەنزىسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ بىر-بىرلەپ دە-
لىللەشتۇرىمىز دەپ قىيامەتنى سەھراغا كىلىپ بىھۇدە جاپا چې-
كىپ يۈرۈشڭلارنىڭ ھېچقانچە ھاجىتى قالمايدۇ. مەن سىلەرگە
ئەرز يازغان چاغدىكىدەك قىزغىنلىقىم بىلەن داۋاملىق يېقىندىن
ياردەملىشىدىغانلا بولسام، سوت ئېچىش سۈرئىتىنى ھەسسىلەپ
تېزلەتكىلى، ھۆكۈم چىقىرىش داۋامىدىكى ئانچە زۆرۈرىيىتى
بولمىغان رەسمىيەت ھالقىلىرىنى كۆپلەپ ئازايتقىلى ۋە زىممەڭ-
لەرگە چۈشىدىغان بەزى ئېغىرچىلىقلارنى زور دەرىجىدە يەڭگىل-
لەتكىلى بولىدۇ. غوپۇرنىڭ ھازىرغىچە ئۆتكۈزگەن جىنايەتلى-
رىگە ئاساسلىنىپ ئادىل ھۆكۈم چىقارغاندا، ئۇنى يۈز قېتىم

لارنى ئەينەن ئىنكاس قىلغان بولسامۇ، لېكىن ئىككى قولل‍ۇق
ئەكسىلئىنقىلابىي تەجرىبىلەرگە باي غوپۇر سىنىپىي دۈشمەنلەر-
گە خاس ئۇستاتلىقى بىلەن پارا بېرىش، ئالداش، قورقۇتۇش
قاتارلىق رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئاساسىي قاتلام مەس-
ئۇللىرىدىن تارتىپ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىدارە-جەمئىيەتلەرنىڭ
رەھبەرلىرىگىچە بولغان ھەممىسىنى ئۆزىگە قارىتىۋالغاچقا، تا-
كى ھازىرغىچە ھەققانىي جازاغا تارتىلماي كەلدى. ئەڭ مۇھىمى
ئۇلار تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا يىلتىزى بىر-بىرىگە چىرمىشىپ
كەتكەن بىر گۇرۇھنىڭ ئادەملىرى بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا
ھەردەرىجىلىك رەھبەرلەر غوپۇر تارتىپ چىقىرىلسا ئۆز مەسلە-
سىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئۇنى ئۇزۇندىن بۇيان
قانات ئاستىغا ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. ھەتتا كۆز قارىچۇقىنى ئاس-
رىغاندەك ئاسراپ، جېنىنى تىكىپ قوغداپ، ئەتىۋارلاپ ئىشلە-
تىۋاتىدۇ. غوپۇر مۇشۇنداق قاتمۇ قات كۈچلۈك ئارقا تىرەككە
ئىگە بولۇۋالغاچقا، "مېنى ھېچكىم ھېچنېمە قىلالمايدىغۇ" دەپ
ئويلاپ، بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەن-
دە تەپ تارتماي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ جەڭچىسىنى ئو-
چۇقتىن-ئوچۇق ئۇرىدىغان، ئارقىدىن ئۇنى گېلىدىن سىققانچە
تاپىنى سۆرىگەندەك سۆرەپ ساقچىغا ئاپىرىپ بېرىدىغان دەرىجىگە
بېرىپ يەتتى! ناۋادا سىلەرمۇ بۇ مەسىلىگە سەل قاراپ غوپۇرنى
ۋاقتىدا قولغا ئالمايدىغان بولساڭلار، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئۇزۇن
ئۆتمەي قولچوماقچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ھەربىي لاگېرغا باستۇ-
رۇپ كىرىپ، ئىسكىلاتتىكى بارلىق قورال-ياراغلارنى بۇلاپ
كېتىپ، قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يې-

ھوشيارلىقىم بىلەن ئۆزۈمنى غىپپىدە دالدىغا ئېلىپ، بىر پەس كۆزىتىپ تۇردۇم. بىر چاغدا يەرگە چۈرۈپ تاشلانغان قىزىل ياقا بەلگىسى ۋە كاكار دىققىتىمنى تارتتى. مەن نېمە ئىش بولغانلىقىنى دەرھال پەملەپ، ئۇلار تەرەپكە ئۆزۈمنى ئاتتىم. توپنى گەۋدەم بىلەن يېرىپ ئۆتۈشكە كۈچۈم يەتمەي، كىشىلەر-نىڭ ئايىغى ئاستىدا ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئوتتۇرىغا كىرسەم، يەنە شۇ قارغىش تەگكۈر غوپۇر بىر جەڭچىنىڭ ياقىسىدىن چىڭ سىققىنىچە ”ماڭ ساقچىغا!“دەپ سۆرەۋېتىپتۇ. جەڭچىنىڭ نە-پىسى قىسىلىپ، يۈزى پوكاندەك قىزىرىپ كېتىپتۇ، ماڭغىلى ئۇنىماي تىرەجەپ تۇرۇۋېلىپ، غوپۇرنىڭ قولىنى ياقىسىدىن بوشىتىشقا تىرىشىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ يېنىدا ئون بەش - ئون ئالتە ياشلاردىكى بىر قىز سۇنۇپ كەتكەن كوزا پارچىلىرىغا قاراپ ئۆپكىدەپ يىغلاۋېتىپتۇ. قاتتىق غەزەپكە كەلگەنلىكىمدىن كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالدى. غوپۇرنىڭ يەنە ئۇچ تال قوۋۇرغامنى سۇندۇرۇۋېتىش ئېھتىمالىنى يادىمدىن چىقىرىپ ۋە قورقۇنچنى زورىغا بېسىپ، بار ئاۋازىم بىلەن: ”تارت قولۇڭنى خۇمپەر!“ دەپ ۋارقىرىدىم. لېكىن ئۇ قىلچە تەپ تارتماي ماڭا ئالىيىپ: ”بۇنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟“ دەپ سورىدى. ”كىم بولاتتى؟ ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى ئىكەنغۇ! ئۇنىڭ ياقا بەلگىسى بىلەن كاكارىنى ئۆزۈۋېلىشقا قولۇڭ قانداق باردى؟ سەن شۇنچىۋالا يوغىناپ كەتتىڭماۋا؟ ئەمدى قاراپ تۇرۇپ پولات قورغانغا پەشۋا ئاتقۇدەك بولدۇڭمۇ؟“ دەپ تازا دەككىسىنى بەر-دىم. لېكىن غوپۇر يېڭىلىپ قالغىنىغا تەن بەرگۈسى كەلمەي يولسىزلىق بىلەن تاكاللىشىپ: ”قېنى، ئېيتىپ باقىنا، ئازاد-

ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇپ، مىنىڭ قېتىم ئاتسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ.
هازىرچە باشقا جىنايەتلىرىنى قويۇپ تۇرۇپ، سىلەرگە بىۋاستە
مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەربىي خادىمنى ئۇرۇش جىنايىتىنى قىس-
قىچە بايان قىلسامىلا ئۇنىڭ ئازادلىق ئارمىيىگە چىش-تىرنىقى
بىلەن ئۆچلۈك قىلىدىغان نەق ئەكسىلئىنقىلابچى، پۇرسەت تاپسا
سىلەرگە قارىتىپ ئوق چىقىرىشتىنمۇ يانمايدىغان ئىنتايىن خە-
تەرلىك ئۇنسۇر ئىكەنلىكىنى ئۇچۇق كۆرۈۋالالايسىلەر: 7- ئاي-
نىڭ 15-كۈنى چۈشتە، باش ئۇستىگە تىكلەشكەن قۇياش ئۆتكۈر
نۇرلىرىنى چېچىپ ئەتراپنى تونۇردەك قىزدۇرۇۋەتكەنىدى. دې-
ڭىزچىلىقتا نەپەس ئېلىشىم قىيىنلىشىپ، كۆلدىن قىرغاققا
ئىرغىتىپ تاشلانغان بېلىقتەك ئاغزىمنى ماك-ماك ئېچىپ بولال-
ماي قالدىم-دە، سۇغا چۆمۈلۈپ سەگىپ كېلەي دەپ ئۇدۇل
دەريا بويىغا قاراپ چاپتىم. تومۇز ئىسسىقى دەستىدىن ھەتتا
قۇش-قاناتلارمۇ نەغمە-ناۋاسىنى توختىتىپ، سالپىيىپ قالغان
قېلىن يوپۇرماقلار سايىسىدە ۋاقىتسىز مۈگدەشكە مەجبۇر بولغا-
نىدى. پەقەت چېكەتكىلەرنىڭ ئارىلاپ-ئارىلاپ چىرىلداشلىرىلا
بۇ يەردە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى.
دەريا بويىغا يېتىپ بارغۇچە شورپا ئىچكەن تازدەك چىلىق-چى-
لىق تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتىم. كۆزۈمنى ئېچىشتۇرۇۋاتقان ئاچ-
چىق تەرنى يېڭىمنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ قارىسام، بىر-
مۇنچە ئادەم قۇچاق يەتمىگۈدەك چوڭ سۆگەت يېنىغا توپلىشىۋاپ-
تۇ. "بۇلار ئاللىقانداق سۇيىقەستلىك پىلان ئۈستىدە مەخپىي
كېڭىشىۋاتقان بولمىسۇن يەنە! بولمىسا نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ
كىشى بىر يەرگە توپلىشىۋالىدۇ؟" دەپ ئويلىدىم-دە، يۈكسەك

ۋەزىپە ئۆتەشكە كەلگەن بۇ جەڭچىنى ئازدۇرۇشقا قىستاپ، بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇپ، ھەم ئۆزىنىڭ باسقۇنچىلىق جىنايىتىنى باشقىلارغا دۆڭگەپ قويۇش، ھەم ئوىناپ زېرىكىپ قالغان ئاشىنىسىدىن قۇتۇلغاندىن باشقا ئازادلىق ئارمىيىنىڭ نامىنى بۇلغاش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان. مەن يۇقىرىقى تەسەۋۋۇرۇمنى دادىللىق ۋە مەردانىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇۋىدىم، غوپۇر گويا قاشاڭ ئېشەككە بىگىز سانجىغاندەك چىچاڭشىپ كەتتى، ھەرقانداق داڭلىق پەيلاسوپمۇ رەددىيە بېرەلمەيدىغان مەنتىقىگە باي بۇ سۆزلىرىم تازا ئەجەللىك يېرىگە بېرىپ تەگكەنلىكتىنمىكىن، گۇلنۇرمۇ ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ ھوقۇيتىپ يىغلىۋەتتى، ئارقىدىن چاۋىسىنىڭ چىتقا يېپىلغانلىقىنى پەملەپ ھوشىدىن كەتكەن بولۇپ يېتىۋالدى. ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى بولسا مېنىڭ سۆزۈمنى قۇۋۋەتلەپ: ”بۇ يولداش توغرا ئېيتىدۇ!“ دەپ گۇۋاھلىق بەردى، ھەتتا ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىدىن كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا ماڭا مىننەتدارلىق بىلدۈردى، پۈتۈن ئەزايىمۇ دەرھال جالاقلاپ تىترەشتىن توختىدى. غوپۇر مۇشۇنداق پولاتتەك پاكىت ئالدىدىمۇ يەنىلا ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرگۈسى كەلمەي، مېنى قوپاللىق بىلەن ئىتتىرىپ موللاق ئاتقۇزۇۋېتىپ، بىچارە جەڭچىنى دارقىرىتىپ سۆرىگەن پېتى ساقچى پونكىتىغا[1] ئېلىپ ماڭدى، جەڭچىنىڭ بىر كۆزى ئارقىسىدا قالدى، ماڭا قىيمىغان ھالدا قاراپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ياردەم سورايتتى. لېكىن غوپۇرنىڭ ئا-

---

① ساقچى پونكىتى—پەيچۇسو. ئاپتوردىن.

لىق ئارمىيە جەڭچىسىنىڭ قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلغانلىقىنى
سەن نەدە كۆرگەن؟ ھەقىقىي جەڭچى بولغان بولسا ھەرگىز
ئۇنداق قىلمايتتى، بۇ ئەبلەخ ئازادلىق ئارمىيە قىياپىتىگە كىرى-
ۋالغان قەبىھ لۈكچەك، چىلبۆرە ئىكەن!" دېدى. "بۇنىڭغا
قانداق پاكىتىڭ بار؟— دېدىم مەنمۇ بوش كەلمەي، — ئاغزىڭدىكى
قۇرۇق گەپكە كىم چىنپۇتىدۇ؟ تولا كاپشىماي جەڭچىنى دەرھال
قويۇۋەت!". "نېمىشقا قويۇۋېتىدىكەنمەن؟— دېدى غوپۇر كۆ-
كەرمىلىك قىلىپ، — ئالدىڭدا يىغلاپ تۇرغان گۈلنۇرنى كۆرمە-
دىڭمۇ؟ ساڭا ئۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە قانداق پاكىت كېرەك؟ بىز
ئادەم تېرىسىگە ئورىنىۋالغان بۇ ھايۋاننى باسقۇنچىلىق قىلىۋات-
قان نەق مەيداندا قولغا چۈشۈردۇق، سەن ئۇنىڭغا يان بېسىپ
نېمە قىلماقچى؟" مەن غوپۇرنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ھەممىنى
چۈشەنگەندەك بولدۇم. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇ نورغۇن پۇل
خەجلەپ بۇ ساددا قىزنى سېتىۋېلىپ يالغان گۇۋاھلىق بېرىشكە
كۆندۈرۈۋالغاندەك تۇرىدۇ. دەرۋەقە، يەنە مۇنداق بىر ئېھتىمال-
نىڭ بارلىقىنى چەتكە قېقىشمۇ نادانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ؛
بىلسەڭلار غوپۇر خىلمۇخىل ھىيلە-نەيرەڭلەرنى، تۈرلۈك رە-
زىل ۋاستىلەرنى ئۇستىلىق بىلەن قوللىنىشقا ئادەتلىنىپ كەت-
كەن قاقباش لۈكچەك، ئۇ گۈلنۇرنى ئاق-قارىنى تولۇق پەرق
ئەتكۈدەك بولمىغان كىچىك چېغىدىلا كەمپۈت بېرىپ ئالداپ
يولدىن چىقارغان بولۇشى مۇمكىن، شۇنىڭدىن بۇيان گۈلنۇردىن
چوقۇم ئۆزىنىڭ رەسمىي ئاشنىسى سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كەلگەن
گەپ. ئەمدىلىكتە غوپۇر گۇدەك قىزنىڭ ئىپپەت-نومۇسىغا تەگ-
كەن شۇ جىنايىتىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى

مىز چاتاق!“ دېگەننى باھانە قىلىپ ئۇنى قويۇۋەتتى. سولاقتىن
چىققاندا غوپۇرنىڭ يۈزىدىكى قان داغلىرىنى، كىيىم-كېچەك-
نىڭ تاياق دەستىدىن تىتما-كاتاڭ بولۇپ كەتكەنلىكىنى، بىر
پۇتىنىڭ ئاقساپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئىچىمدە: ”كىم ساڭا
ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسىنى ئۇر دېگەن، تازا خوپ بوپتۇ!“
دېدىم. لېكىن ئۇنى بۇنچىلىك يېنىك جازالاپ قويۇش بىلەن
قانداقمۇ پۇخادىن چىققىلى بولسۇن؟! ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە
توغرا كەلمەي قالغان تەقدىردىمۇ ھېچ بولمىغاندا دەرھال قولغا
ئېلىپ، ئۇنى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلمىغاندا
خەلق ئاممىسىنىڭ غەزەپ-نەپرىتىنى بېسىش تەس. ناۋادا ئۇ
ھەققانىي جازاغا تارتىلماي قالسا بۇنىڭدىن كېيىن باشقىلارمۇ
ئۇنى دوراپ ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسىنى كۆرگەنلا يېرىدە ئۇ-
رۇپ بوزەك قىلىپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇنداقتا ئازادلىق ئارمى-
يىنىڭ ئامما ئارىسىدىكى نوپۇزى، ئابرويى، شانۇ شەۋكىتى نېمە
بولۇپ كەتمەكچى؟ بۇنداق نازۇك يەرلىرىنى سوغۇققانلىق بىلەن
ئەستايىدىل، ئەتراپلىق ئويلاپ كۆرمىسەڭلار بولمايدۇ. يېقىندا
ناھىيىدىن غوپۇرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا چىقىرىلغان قارار
ئەمەلىيەتتە سىلەرگە بېرىلگەن بىر جىددىي سىگنال! غوپۇر
ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسىنى ئۆزى خالىغانچە ئۇرسۇنۇ، ناھىيە
يەنە قاراپ تۇرۇپ ئۇنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار چىقارسۇن،
بۇ قانداق قىلىق؟ گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، بۇ، يەرلىك
ئورۇننىڭ سىلەرنى كۆزگە ئىلمىغانلىقى، سىلەرنى قەستەن
مەسخىرە قىلغانلىقى، ئەتەي سىلەرنىڭ چىشىڭلارغا تەگمەكچى
بولغانلىقى! مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا سىلەر يەنە ئىنكاس بىل-

دىمى كۆپ بولغاچقا بىكاردىن-بىكار قاتتىق تاياق يەپ كەتمەي
دەپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ جەڭچىنى قۇتۇلدۇ-
رۇۋېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. شۇنداقتىمۇ توپتوغرا ئىككى
ئاي ۋاقىت ئاجرىتىپ ئەرز قىلىپ بارمىغان يېرىم قالمىدى.
مەن شۇنچە تېز ھەرىكەت قىلساممۇ ئۇلار يەنىلا تىل بىرىكتۈرۈ-
ۋېلىشقا ئۈلگۈرۈپتۇ، ساقچى پونكىتىدىكىلەردىن تارتىپ ناھىيە-
لىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكىلەر ۋە سوت مەھكىمە-
سىدىكىلەرگىچە بولغان ھەممىسى بىردەك: ”بىز بۇ ئەنزىنى
تەپسىلىي تەكشۈردۇق، ھېلىقى باسقۇنچى ھەقىقەتەن ئازادلىق
ئارمىيە جەڭچىسى ئەمەس، بەلكى تۈرمىدىن قاچقان جىنايەتچى
ئىكەن. ئۇ شەھەرلىك خەلق مېھمانخانىسىدىن ئازادلىق ئارمىيە
جەڭچىسىنىڭ بىر قۇر كىيىمىنى ئوغرىلاپ جەڭچى قىياپىتىگە
كىرىۋېلىپ، نۇرغۇن بۇزۇقچىلىقلارنى قىپتۇ، ئاخىر سىلەرنىڭ
يۇرتتا باسقۇنچىلىق قىلىۋاتقان نەق مەيداندا تۇتۇلۇپتۇ. بۇ جە-
ھەتتە يولداش غوپۇرغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىشقا توغرا كېلى-
دۇ!“ دەپ بىلجىرلاپ، مېنى يولغا سېلىپ قويدى، تۈزۈك
ئاغزىمنىمۇ ئاچقىلى قويمىدى. مەن يۇقىرىغا چېپىۋەرسەم ئىش-
نىڭ ئاقمايدىغانلىقىنى پەملەپ، يۇرتىمىزدا ئىسيانچىلار قورغان
ئىنقىلابىي كومىتېتقا ئەھۋالنى تەپسىلىي ئىنكاس قىلدىم. ئۇلار
دەسلەپىدە بۇ ئىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆزلىرى بىلەن
ئۇزاقتىن بۇيان قارشىلىشىپ كەلگەن غوپۇرنى قاراڭغۇ، زەي
ئامبارغا قاماپ، خېلى جاجىسىنى بەردى. لېكىن ئارىدىن ئۈچ
كۈن ئۆتەر-ئۆتمەيلا ئۇلارنىڭمۇ يېلى چىقىپ: ”ناھىيەدىن تېلې-
فون كەلدى. يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىنى ئىجرا قىلماسلىق ئىش-

باھانە-سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ يوقىرىراق ئورۇنغا ئۇستۇرمەي-
دۇ. بۇگۈن ئۇلاردىن ئۇزۇل-كېسىل ھېساب ئالىدىغان ۋاقىت
كەلدى، سىلەرنىڭ خالىسلىق ۋە ئادىللىق بىلەن ھەقىقەتنى
نۇرلاندۇرۇپ، غوپۇرنىڭ ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسىنى ئۇرۇش
ئەنزىسىنى بۇسۇپ ئۆتۈش ئېغىزى قىلىپ، باش جىنايەتچىنى
ۋە ئۇنى قانات ئاستىغا ئېلىپ كېلىۋاتقان يەرلىك ئورۇنلارنىڭ
ئاساسلىق رەھبەرلىرىنى قاتتىق جازالىشىڭلارنى ئۈمىد قىلى-
مەن.

ئىنقىلابىي ھەربىي سالام بىلەن
قارادۆڭ كوممۇنىسى ئازغۇنباش چوڭ ئەترىتىنىڭ
ئازادلىق ئارمىيىگە قىزغىن مۇھەببەت باغلىغان
سادىق ئوغلانى:

كۆيدۈرگەبەگ
1967-يىل 9-ئاينىڭ 21-كۈنى.

9

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا:
غوپۇرنىڭ ئۆيلىمىغان يەردىن يېزا باشلىقى بولۇۋېلىشى
ئەسلىدىلا ئىنقىلابىي ئاممىنىڭ چۈشىنىشى قىيىن بولغان بىر
سىر بولۇپ كەلگەنىدى. ئەمدىلىكتە بۇنى ئاز دېگەندەك ئۇنىڭ
توساتتىن خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلىنىۋېلىشى ئا-

دۇرمەي سۇكۇت قىلىپ تۇرۇۋەرسەڭلار قانداق بولغىنى؟! قو-لۇڭلاردىكى ئېسىل قورال-ياراغلار ئوت چۈچىلىيدىغان كۆسەي بولمىغاندىكىن، سىلەر بىلەن قارشىلاشقان يەرلىك ئورۇنلار-نىڭ، جۇملىدىن غوپۇرنىڭ تازا ئەدىبىنى بېرىپ قويۇشۇڭلار كېرەك! مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئازادلىق ئارمىيىنىڭ تەڭ-داشسىز كۈچ-قۇدرىتىنى پۈتۈن دۇنياغا تونۇتۇپ، ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلەرنى تەپ تارتىدىغان قىلغىلى بولىدۇ. ئۇ چاغدا ھېچكىممۇ جەڭچىلەرگە يامان كۆز بىلەن ئالىيىپ قاريالمايدۇ، قەيەرگە بارساڭلار يەتتە ياشتىن 70 ياشقىچە بولغان ھەممەيلەن ئالدىڭلارغا چىقىپ قىزغىن قارشى ئالىدۇ، ”خوش-خوش“دەپ قول باغلاپ خىزمىتىڭلاردا بولغاندىن سىرت چەكسىز ئىززەت-ھۆرمىتىڭلارنى قىلىدۇ. مانا بۇ، ئارمىيە بىلەن خەلق ئوتتۇرى-سىدا بېلىق بىلەن سۇدەك يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشنىڭ ئەڭ ئەپچىل چارىسى! بۇنى ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە يېڭى تاكتىكا دېسەكمۇ ئارتۇقچىلىق قىلمايدۇ. بۇنداق تاكتىكىنى ئوت-تۇرىغا قويۇش پەقەت ئەتراپلىق پىشىپ يېتىلگەن داڭلىق ھەر-بىي ئالىملارنىڭلا قولىدىن كېلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلسەڭلار كېرەك. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندىمۇ ماڭا شەكسىز ئىشەنسەڭلەر بولىدۇ. مەن ھەرگىز يامان نىيەتلىك بەزىلەر قارىلاپ ئېيتقاندەك ئەقلىدىن ئازغان يېرىم ساراڭ بولماستىن، بەلكى ئاز تېپىلىدى-غان قابىلىيەتلىك، تەدبىرلىك تۇغما تالانت ئىگىسىمەن. شۇڭا غوپۇر قاتارلىق چۈپرەندىلەردىن تارتىپ خېلى چوڭ-چوڭ باش-لىقلارغىچە بولغان ھەممىسى مېنى كۆرەلمەيدۇ، ھەسەتخورلۇق قىلىپ چەتكە قاقىدۇ، پۇرسەت تېپىپ زەربە بېرىدۇ، يوقىلاڭ

تەن قارشىلىشىپ، چەكسىز ئەۋزەللىككە ئىگە بۇ تۈزۈمنى تاكى ھازىرغىچە ئۈزۈل-كېسىل يولغا قويغىلى ئۇنىماي كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، كوممۇنا ۋاقتىدا بەرپا قىلىنغان 100 مودەك ئەنجۈرلۈك باغ ھېلىمۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا تۇرۇۋاتىدۇ. غوپۇرنىڭ ھۆددىگەرلىك تۈزۈمنى ھەقىقىي يولغا قويۇش نىيىتى بولغان بولسا، بۇ باغنى ئاللىقاچان دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىۋەتمەسمىدى؟! ئۇ بۇنداق مول ھوسۇللۇق كاتتا باغنى قولدىن بېرىپ قويسا چۆنتىكىنى تومپايتىدىغان تاراقلىما تىزىلارنىڭ ئازىيىپ كېتىدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشەنگەچكە، كۆرۈك مېكىيان تۇخۇم باسقاندەك ئۇنى پوكىنىغا چىڭ بېسىپ يېتىۋالدى. ساپ ئالتۇندەك سارغىيىپ پىشقان، قەنت-ناۋاتتىن تاتلىق ئەنجۈرلەرنى سېتىشتىن قىلىنغان كىرىمگە قانائەت ھاسىل قىلماي، ئۆتكەن يىلى يەنە ھۆكۈمەتنىڭ تۇرغۇن پۇلىنى ئىسراپ قىلىپ، ئەنجۈر كونسېرۋاسى ياساش ئۈسكۈنىسىنى سېتىۋېلىپ، بىر كونسېرۋا زاۋۇتى قۇرۇۋالدى. يېزىمىزدا كۆزگە كۆرۈنگەن تالانت ئىگىلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، يۇقىرى ئىش ھەققى بېرىش توختامى بىلەن شەھەردىن بىر تېخنىكا خادىمىنى ئالاھىتەن تەكلىپ قىلدى. بۇنىڭغا كىمنىڭمۇ قورسىقى كۆپمىسۇن؟ ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئۇچىغا چىققان مەنپەئەتپەرەس، شەخسىيەتچى ئىكەنلىكىنى چاندۇرۇپ قويۇشتىن قورقۇپ، توققۇز تراكتورنى بىۋاستە چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئاتالمىش ”تراكتور پونكىتى“ قۇرۇپ، زەنجىرتاپان، يەلتاپان ۋە سوپەكلەرنى ھۆددىگەر دېھقانلارغا بۆلۈپ بەرمەي، شۇ پونكىتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئەمەلىيەت-

دەمنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى. ئۇ كۆز باغلىغۇچىلارغا ئوخ-
شاش ئاجايىپ سىرلىق، ئىنتايىن خۇپىيانە ئۇسۇللارنى قوللى-
نىپ، ساۋاتسىز، نادان يېزا خەلقىنى ئالداپ ئۆزىگە ئاۋاز
بەرگۈزگەنمىكىن دەپ گۇمان قىلىمەن. بولمىسا ئۆمۈرۋايەت
ئىجتىھات بىلەن ئىشلەپ چەكمىگەن جاپاسى قالمىغان، ئىككى
چېكىسىگە قونغان ئاپئاق قىراۋلار مول تۆھپە يارىتالىلىقىنى
ئىسپاتلاپ تۇرغان شۇنچە كۆپ پېشقەدەم يولداشلار سايلىنالماي،
تىلغا ئالغۇدەك ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىغان ئاشۇنداق شاللاق
سويما سايلىنىپ قالامدۇ؟ ئاڭلىشىمچە، بەزىلەر ئۇنى "ھۆددى-
گەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەستايىدىل يولغا قويۇپ، بېيى-
شىمىزغا يول ئاچتى"دەپ ماختىغانمىش. يەنە بەزى چاپانچىلار
تېخى ئۇنىڭغا: "تاغ يېرىپ سۇ باشلاپ كېلىپ، قارادۆڭ يېزى-
سىنى قۇرغاقچىلىق تەھدىتىدىن مەڭگۈ قۇتۇلدۇردى. سايلىقتا
ئورمان ئەھيا قىلدۇرۇپ، بوران ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئالدى"
دېگەنگە ئوخشاش تۆھپە تاجىنى كىيدۈرمەكچى بولغانمىش.
نېمىدېگەن نومۇسسىزلىق بۇ! ئەمەلىيەت زادى قانداق؟ غوپۇر
راستىنلا تۆھپىكارمۇ ياكى چېكىدىن ئاشقان جىنايەتكارمۇ؟
ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەپت-بەشىرىسىنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن ئاۋۋال
بىرىنچى مەسىلە ئۈستىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. راستىنى
ئېيتقاندا ئۇ، بەز مارىلاپ ئولتۇرغان ئاچكۆز مۈشۈككە ئوخشى-
شىدىغان ئاشۇ بىرئوچۇم تەمەخورلار ماختىغاندەك يېزىمىزدا
ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەستايىدىل يولغا قويۇپ،
بېيىشىمىزغا يول ئېچىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە مەركەز
ئوتتۇرىغا قويغان ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بىلەن قەس-

رۇپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇنيا قارىمۇ قارشىلىق ۋە زىددى-
يەت بىلەن تولغان. شۇڭا ئۆتكەن قېتىمقى ئەرزىم بىلەن بۇ
قېتىمقى ئەرزىم ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىقلارنىڭ زىددى-
يەت داۋامىدا ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان بۇ دۇنيا تەرەققىياتىغا قوش-
قان مۇھىم تۆھپەم بولۇپ قالىدىغانلىقىدىن قىلچە گۇمان قىل-
مايمەن. شۇنداقتىمۇ ئەرزىمەس تۆھپەمنى تىلغا ئېلىپ ماختى-
نىۋەرمەي ۋە كونا خاماننى سورۇپ يېتىۋەرمەي، ئىككىنچى
مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى يېشىپ بېرىشىم ئىنتايىن مۇھىم: غوپۇر
قۇرۇق داۋاراڭ سېلىپ نام-ئاتاق چىقىرىپ، چوڭراق ئەمەلگە
ئېرىشىش ئۈچۈن دېھقانلارنىڭ ئۆلۈپ-تىرىلىشى بىلەن كارى
بولماي، ئېغىر ھاشار سېلىپ، ئېگىز تاغنى يارغۇزدى. 60-
50 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا تاش ئۆستەڭ ياساتقۇزدى، مىتىن،
لوم تۆمۈرلەر قايرىلىپ كېتىپ، ئىلاجسىز قالغاندا، بەتخەجلىك
قىلىپ نۇرغۇن پارتلاتقۇچ دورا سېتىۋېلىپ، تاغۇ تاشنى قالايمى-
قان پارتلاتتى. نەتىجىدە بىر ئادەمنى تاش بېسىۋېلىپ بىھۇدە
ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان باشقا بىرى
ئەمەس، دەل شۇ غوپۇر! شۇڭا ئۇ قاتىللىق جىنايىتى ئۆتكۈز-
گەنلەر قاتارىدا قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىشى كېرەك. بۇ، مەسى-
لىنىڭ بىر تەرىپى. مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپى تېخىمۇ ئېغىر،
ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە ئېغىر: غوپۇر سۇ باشلاپ كېلى-
ۋالغىنىغا شۈكرى دېمەي، تاش بىلەن قاپلانغان سايلىقتا ئورمان
ئەھيا قىلىمەن دەپ بىچارە دېھقانلارغا سالمىغان جاپاسى قالمى-
دى، يىراق-يىراقلاردىن توپا توشۇتقۇزدى. بۇ جەرياندا ئۈچ
ئېشەك ھېرىپ ئۆلۈپ، قاغا-قۇزغۇنلارغا يەم بولۇپ كەتتى.

تە ئۇ پەردە ئارقىسىغا ئۆتۈۋالغان ھەقىقىي خوجايىن، شۇڭا ئۆزى بىۋاستە قول تىقىپ، تراكتور پونكىتىغا "ئەمگەك كۈچى ئاز، ئات-ئۇلاغلىرى يوق، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ ۋە قېرى-چۆرى، يېتىم-يېسىرلەرنىڭ يەرلىرى ئاۋۋال ھەيدەپ بېرىلىدۇ" دەيدىغان بىر قائىدە-نىزام تۈزۈپ بەردى. ئۇ ئەنە شۇنداق چىرايلىق نام-ئاتاقلاردىن پايدىلىنىپ، نامرات ئائىلىلەرنى قاقتى-سوقتى قىلىش ھېسابىغا ئۆزىنى سەمرىتىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇنى قانداقمۇ "بېيىشىمىزغا يول ئاچتى" دېگىلى بولسۇن؟! بۇنداق دېسەم سىلەر يەنە "بۇ كۆز قارىشىڭىز بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى يازغان ئەرزىڭىزدىكى كۆز قارىشىڭىز بىلەن پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشى بولۇپ قاپتۇغۇ" دەپ ھەيران قېلىپ يۈرمەڭلار. ۋەزىيەت ئۆزگەرسە كۆز قاراشنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ مۇقەررەر ئىشقۇ، بۇنىڭ ھېچقانچە ئەجەبلىنىپ كەتكۈچىلىكى يوق. مەن شۇ چاغدىكى تونۇشۇم بويىچە ئازغۇنباش چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولۇۋالغان غوپۇرنىڭ بىلەرمەنلىك ۋە مەنمەنلىك قىلىپ، كوممۇنىغا تەئەللۇق يەرلەرنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىۋەتكەنلىكىنى ئىدىيەمدىن ئۆتكۈزەلمەي، "بۇنداق قىلىش كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرگەنلىك بولمامدۇ؟ مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا بەزىلەر باي، بەزىلەر گاداي بولۇپ، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش كېلىپ چىقمامدۇ؟" دېگەن مەزمۇندا ئەرز يازغانلىقىمنى ئىنكار قىلمايمەن، چۈنكى ئۇ چاغدا ھېچقانداق يەردە بۇنداق تۈزۈم تۈزۈك يولغا قويۇلمىغانىدى. ئاشۇنداق شارائىتتا غوپۇرنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشى ماھىيەتتە ئۆزىنى مەركەزدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشقا ئورۇنغانلىقىنى چۈشەندۈ-

نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا قاد-
داق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا ئۆز تەكلىپىمنى بېرىپ قويۇشنى
لايىق تاپتىم: بىرىنچىدىن، بەك ھودۇقۇپ كەتمەي، سالماق،
تەمكىن، سوغۇققان بولۇپ، كەسكىن تەدبىر قوللىنىش ئۇستى-
دە باش قاتۇرۇڭلار. ئىككىنچىدىن، غوپۇرنى بېيجىڭگە يېتىپ
كەلگەندە نەق دەلىل-ئىسپاتلىرى بىلەن قولغا چۈشۈرىمىز دەپ
قاراپ ئولتۇرماي، ئايروپىلان بىلەن دەرھال ساقچى ئەۋەتىپ،
بىر كېچىدىلا مەخپىي قولغا ئېلىپ، ئىنس-جىنغا ئۇقتۇرماي
جايلىۋېتىڭلار. بولمىسا ئۇ بېيجىڭگە يېتىپ بېرىۋالسىلا، نەي-
رەڭۋازلىق بىلەن تەكشۈرگۈچى خادىملارنىڭ كۆزىنى غەلەت
قىلىپ، پارتلاتقۇچ دورىنى ئېلىپ خەلق سارىيىغا غىپپىدە سۇ-
قۇنۇپ كىرىۋالىدۇ-دە، تەرەت سۇندۇرغان بولۇپ، پىلتىگە ئوت
يېقىۋېتىپ، ئۆزى چاندۇرماي يېنىپ چىقىۋالىدۇ. ئارىدىن ئۇ-
زۇن ئۆتمەي ”گۇمبۇر!“ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بالا-قازاغا
ئۇ ئەمەس، سىلەر ئۇچرايسىلەر. مۇسىبەت ئىچىدە بىزنىڭ
يۈرىكىمىزمۇ پارە-پارە بولۇپ كېتىدۇ. كۆز يېشىمىزنى كۆكلەم
يامغۇرىدەك تۆكۈپ زار-زار قاقشىساقمۇ ئىش ئورنىغا كەلمەي-
دۇ. ”كېيىنكى پۇشمان، ئۆزىگە دۈشمەن“ دېگەن گەپ بار
ئەمەسمۇ، بۇنداق بەختسىزلىكنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش
ئۈچۈن غوپۇرنى دەرھال كۆزدىن يوقىتىشتىن باشقا ياخشى چارە
يوق. كېيىنچە دەلىل-ئىسپات لازىم بولۇپ قالسا، غوپۇر ئۇ
ئالەمگە سەپەر قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە
تەييارلاپ قويغان پارتلاتقۇچ دورىلىرىنى يوشۇرۇپ قويغان جايى-
دىن تېپىپ بېرىشكە ئۆزۈم بىۋاسىتە كاپالەتلىك قىلىمەن.

نۇرغۇن جىرىم سالدۇرغان بولسىمۇ، بىر قىسمىلا تۇتۇپ، قال-
غىنى قۇرۇپ قالدى. ئۇ تىرىشچانلىق-ئىقتىسادچىللىق پرىن-
سىپىغا ئاز-تولا رىئايە قىلغان بولسا بۇنداق نۇرغۇن ئىسراپچى-
لىق يۈز بەرمىگەن بولاتتى. قاراپ تۇرۇپ بىر ئادەم، ئۈچ
ئېشەكنىڭ بېشىغا چىققان مۇشۇنداق رەھىمسىز قاتىل ۋە نۇر-
غۇن ياش كۆچەتلەرنى قۇرۇتۇۋەتكەن ئىقتىدارسىز ئىسراپخورغا
قانداقمۇ تۆھپە تاجىنى كىيدۈرگىلى بولسۇن؟! شۇڭلاشقا ئۇنى
تۆھپىكار دەۋالغۇچىلارنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسىدىن گۇمانلانماي
بولمايدۇ. ھازىر ئالدىنى ئېلىشقا تېگىشلىك ھەممىدىن مۇھىم
بىر ئىش شۇكى، ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئۇ بىيجىڭگە قاراپ
يولغا چىقماقچى. ئاڭغىچە سىلەر قەتئىي تەدبىر قوللىنىپ،
ئۇنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلىمىساڭلار پۈتۈن
دۇنيانى زىلزىلىگە سالىدىغان چوڭ پاجىئە يۈز بېرىدۇ. ئۇ، تاغ
پارتلاتقاندا ئېشىپ قالغان نۇرغۇن پارتلاتقۇچ دورىنى خۇپىيانە
غەرەز بىلەن ئاللىقانداق بىر مەخپىي يەرگە يوشۇرۇپ قويدى.
ۋاقتى كەلسە ئاشۇ پارتلاتقۇچ دورىلارنى پايتەختكە يوشۇرۇن
ئاپىرىپ، خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلى-
نىپ ھەيۋەتلىك-سەلتەنەتلىك خەلق سارىيىنى تۈيۈقسىز پارت-
لىتىۋېتىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا قۇرۇلتايغا قاتناشقان نەچچە
مىڭ ۋەكىل ۋە مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ ھاياتى
ئېغىر خەۋپ ئاستىدا قالامدۇ! مانا بۇ، غوپۇرنىڭ تۇرلۇك
رەزىل، قەبىھ ۋاستىلەرنى قوللىنىشتىن ئايانماي، خەلق قۇ-
رۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلىنىۋېلىشىدىكى ئەجەللىك يېرى!
ئەرزىمنى كۆرۈپ بۇ يەرگە كەلگەندە قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ،

ئۇنىڭغا ئەنزە ئاغدۇر ۇشقا ئۇر ۇنىدىغانلارنىڭ چىقىپ قىلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ناۋادا غوپۇرنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئەدىبىنى بەرگەندە، بىر ۋەكىل كەملەپ قالىدۇ دەپ ئويلىساڭلار، بۇنى ھەل قىلىش ئىنتايىن ئاسان: ئۇنىڭ ئورنىغا مېنى سەپلەپ قويساڭلار كىمخاب ئۇستىگە گۇل چەككەندەك ئاجايىپ قاملىشىدۇ. مېنىڭ قانچىلىك ئاكتىپ ئىكەنلىكىمنى كۆپ سۇرۇشتۇرۇپ يۈرمىسەڭلەرمۇ ئۇشبۇ ئەرزىمدە بىلدۇرۇلگەن ساداقەتمەنلىكىمدىن ھەممىنى بىلىۋالالايسىلەر. شۇڭا بۇ ئەرزىم قولۇڭلارغا تەگكەن ھامان جىددىي يىغىن ئېچىپ تەكلىپىمنى مۇزاكىرە قىلىپ، كەسكىن قارار چىقىرىشىڭلارنى چىن قەلبىمدىن سەممىي ئۈمىد قىلىمەن.

چوڭقۇر ئالىي ئېھتىرام بىلەن
قارا دۆڭ يېزىسى ئازغۇنباش
كەنتىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئاكتىپى:

كۆيدۈرگەبەگ
1983-يىل 5-ئاينىڭ 10-كۈنى.

## 10

ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە ئەرز:

يېقىندىن بۇيان بىرى گېلىمدىن چىڭ بوغۇۋېلىۋاتقاندەك دېمىم سىقىلىدىغان، ئىچىمنى قىرى مۇشۇك ئۈتكۈر تىرناقلى-

ئۇنىڭ بۇ پارتلاتقۇچ دورىلارنى زادى قەيەرگە يوشۇرۇپ قويغانلىـ
قىنى هازىرغىچە ئېنىق بىلمىسەممۇ، لېكىن ئامال قىلسا سىـ
ۋەتتە سۇ توختىغاندەك، ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولىدۇ.
بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا قەتئىي بەل باغلىغان ئادەم
هەرقانداق قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ. ساناپ تۈگەتـ
كۈسىز جىنايەتلەرنى سادىر قىلغان، قەبىھ ۋە رەزىللىكتە ئۈچىـ
غا چىققان، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن خەلقنىڭ
ئورتاق دۈشمىنى بولغان غوپۇرنى يوقىتىشقا بەل باغلىغىنىمغا
20 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، تۆرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ
بۈيۈك ئارزۇيۇم تاكى بۈگۈنكى كونگە كەلگۈچە ئەمەلگە ئاشماي
كەلدى. بۇنى مېنىڭ ئىرادىسىزلىكىم ياكى قابىلىيەتسىزلىـ
كىمدىن كۆرسەڭلار هەرگىز بولمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى
بىرەر ئېغىز سۆز بىلەن چۈشەندۈرۈپ بولۇش تەس. قىسقىسى،
ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى كۈچلۈك كېلىپ قالدى، ئەگەشكۈچىلىرى
ۋە چاپانچىلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن هېچكىممۇ ئالدىراپ جاجىسىنى
بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە غوپۇرنىڭ ئۆتۈپ
كەتكەن هىيلىگەرلىكى، ساختىپەزلىكى، نەيرەڭۋازلىقى، ئىكـ
كى يۈزلىمىلىكى، سۇيىقەست، هىيلە-مىكىر ئىشلىتىشكە ما-
هىرلىقى ئۆزىنى قوغدايدىغان قېلىن قالقانغا ئايلىنىپ قالغانلىقـ
تىن، سانجىغان نەيزە-تىغلىرىمىنىڭ ئۇچى قايرىلىپ كېتىپ،
ئۇنىڭغا هېچقانچە تەسىر كۆرسىتەلمىدى. بۇ قېتىم غوپۇرنىڭ
جاجىسىنى بەرگەندە ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى، ئەگەشكۈچىلىرى ۋە
چاپانچىلىرىغىمۇ تېگىشلىك چارە كۆرۈشنى ئېسىڭلاردىن چىقىـ
رىپ قويماڭلار. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن كۆنلەرنىڭ بىرىدە

ساب ئېلىش، قانۇنىي يوللار ئارقىلىق تازا ئەدىبىنى بېرىپ، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ كىملىكىمنى بىر تونۇتۇپ قويۇش يولىدا سەرپ قىلغان يۈرەك قانلىرىمغا ھەقىقىي ئېتىبار بىلەن قارايدىغان بىرەر ئادەم ياكى بىرەر ئورۇن چىقمىدى. شۇڭا ئۇ بارغانسېرى كۆرەڭلەپ ”دۇنيادا ئاكاڭ قارىغاي بىرىنچى“ دەيدىغان بولۇۋالدى. ھەتتا خېلى چوڭ-چوڭ باشلىقلارنىمۇ نەزەرىگە ئېلىپ قويمايدىغانلىقىنى مەنلا ئەمەس، باشقىلارمۇ سېزىۋالدى. مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارغا قانداق پوزىتسىيە تۇتىدىغانلىقى توغرىسىدا ھازىرچە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولالمىغىنىم بىلەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ئۇ ھەرقانداق كىشىنى پوش دېيىشتىن يانمايدىغان بىر ساراڭ تەلۋە. ئۇ بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، خەلق سارىيىنى پارتلىتىۋەتمەكچى بولغاندا مەن دەرھال يۇقىرىغا ئەرز يېزىپ، ئۇنىڭ بۇ جىنايى پىلانىنى پاش قىلغانىدىم. غوپۇر بۇنى تۇيۇپ قېلىپ، پارتلاتقۇچ دورىنى بېيجىڭگە ئېلىپ بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئوخشايدۇ، بولمىسا چوقۇم خەلق سارىيىنى پارتلىتىۋېتىپ، ئىنتايىن چوڭ قانلىق ۋەقە پەيدا قىلغان بولاتتى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار مېنىڭ ئاشۇنچىۋالا زور تۆھپەمگىمۇ مۇۋاپىق باھا بەرمىدى، ھە دېسىلا غوپۇرغا يان باستى، ئۇنىڭ جىنايەتلىرىنى ياپتى، ئۇنى قانات ئاستىغا ئالدى، ئۇنىڭكىنى راست دېدى. غوپۇر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ماڭا تۆھمەت چاپلاپ، نۇرغۇن زىيانكەشلىك قىلدى. تۈرلۈك تىلغا ئالغۇسىز ئىپلاس، رەزىل ۋاستىلارنى قوللىنىپ، مېنى كۆپ قېتىم باستى. جەمئىيەتتىكى يۇقىرى ئابرويىمنى

ىرى بىلەن تاتىلاۋاتقاندەك ئارامسىزلىنىدىغان، غوپۇرنىڭ ھەققا-
نىي جازاغا تارتىلمايلا قالماستىن، بەلكى بالداقمۇ بالداق ئۆرلە-
ۋاتقانلىقىنى ئويلىسامىلا بۇرۇنقى چاغلاردىكىدىنمۇ كۆپرەك قان
قۇسىدىغان بولۇپ قالدىم. قىيشقاندەك توردىن چۇشۇپ قالغان
بۇزۇق ئۇنسۇرلاردىن مامۇت، پەتتار قاتارلىقلار ئۆتكەن ھەپتە
ئاساسىي قاتلام مائارىپ ئەھۋالىنى تەكشۇرىمىز دېگەن باھانە-
سەۋەب بىلەن يېزىمىزغا كېلىۋالدى. ئۇلارنىڭ كۆن بويى خامانغا
قوشقان كالىغا ئوخشاش غوپۇر ئەتراپىدىن چۆگىلەپ كېتەلمە-
گەنلىكىنى كۆرۈپ ئەرۋاھىم قىرىق گەز ئۇچتى. كونا يارام
قوزغىلىپ قاتتىق ئازابلىنىپ، ئولتۇرالمايلا قالدىم. ئاڭلىسام
غوپۇر ئۇلارنى ئۆيىدە بىر ئاخشام تازا ئوبدان مېھمان قىلغانى-
مىش، ئەمەلىيەتتە ئۇ مېھمان قىلىش نامىنى سۇيىئىستېمال
قىلىپ، يېڭى گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرۇپ، مەركەزگە قارشى ئىنتايىن
چوڭ سۇيىقەستلىك پىلان تۇزگەندىن باشقا، ماڭا قانداق زىيان-
كەشلىك قىلىش ئۇستىدىمۇ ئەتراپلىق كېڭىشىپ، مەسلىھەتنى
پىشۇرۇۋالماقچى بولغان گەپ، غوپۇر ئاۋۋال باسقۇنچىلىق قى-
لىش، ئارقىدىن تەھدىت سېلىش، قورقۇتۇش، ئالداش قاتار-
لىق چېكىدىن ئاشقان رەزىل، قەبىھ ۋاستىلەرنى قوللىنىپ،
ئاچامنىڭ ئىرىگە ئايلىنىۋېلىپ، ماڭا تۇغقان بولۇۋالغان بولسى-
مۇ، لېكىن مەن تۇغقانچىلىقنىڭ يۈز-خاتىرىسىنى قىلىپ ئول-
تۇرماي، ئىنقىلاب مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، ئۇنىڭ
قانۇنسىز قىلمىشلىرىغا قارشى قەتئىي، كەسكىن، ئېغىشماي
كۇرەش قىلىپ كەلدىم. ئاردىن 20 نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى،
ئۇنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەتلىرىدىن ئۇزۇل-كېسىل ھې-

كاتتىبېشى غوپۇرنىڭ مېنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ئۇرۇنۇ-
شىدا ئۈچ ئېلىشتىن باشقا مۇنداق بىر رەزىل مەقسىتىمۇ يوق
ئەمەس، يەنى مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ خوتۇنۇمنى ئۆزىنىڭ مەڭگۈ-
لۈك ئاشنىسى قىلىۋالماقچى! بۇنىڭغا تولۇق دەلىل-ئىسپاتىم
بار: ئۆتكەن يىلى قارا قىشتا ئۇدا بىرنەچچە كۈن قاتتىق قار
ياغدى. ئارىلاپ شۇۋۇرغان چىقىپ تۇرغاچقا ھاۋا ئىنتايىن سو-
ۋۇپ كەتتى. سۆڭەك-سۆڭەكتىن ئۆتۈپ كەتكۈدەك سوغۇق
دەستىدىن ياۋايى ھايۋانلار ئۇۋىسىدىن چىقالمايلا قالماستىن،
بالىلارمۇ قار بوۋاي ياساشنى ئېسىدىن چىقىرىپ، ئوچاق ئالدىدا
لاغىلداپ تىترىشىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. مەنمۇ ۋاقتىدا
ئوۋغا چىقالمىغىنىمغا ئىچىم پۇشۇپ، ئۆز گۆشۈمنى شىلىپ
كاۋاپ قىلىپ يېگۈدەك بولدۇم. ئۆيگە قاپسىلىپ قالغان بۇ
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇزۇلۇپ كېرەكتىن چىققان قوشئاتار
مىلتىقىمنى رېمونت قىلىشقا كىرىشتىم. ئۈچ كۈن ھەپىلىشىپ-
مۇ ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمەي، ئاچچىقىمدا ئۇنى كۆسەي ئورنىدا
ئىشلىتىۋەتتىم. ئاندىن ئاتمىش-يەتمىشتەك قىلتاق، قاپقان تەي-
يارلاپ قويۇپ، قارنىڭ توختىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتۈم.
ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، چاپىنىمنى يېپىنچاقلا-
پلا ھويلىغا چىقسام قار توختاپ قاپتۇ. خۇشاللىقىمدىن قىن-قې-
نىمغا پاتماي، ئارقامغا يېنىپ ئۆيگە كىردىم-دە، ئالدىراشچى-
لىقتا پايتىمامنى تەتۈر يۆگەپ، يېڭىدىن چەملىتىۋالغان ئۆتۈ-
كۈمنى كېيىپ، بېلىمنى چىڭ باغلاپ، قىلتاق، قاپقانلىرىمنى
ئېلىپ يولغا چىقتىم. كۆلتۈك قار تىزغا چىققان بولۇپ، ھەر-
بىر قەدەمنى مىڭبىر جاپادا يۆتكەشكە توغرا كېلەتتى. لېكىن

بەك چۈشۈرۈۋەتتى، خەلق ئالدىدا يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ يۈر-
گۈسىز قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ مېنىڭ ئۈستۈمدىن زادى قانداق
پىتنە-ئىغۋالارنى تارقاتقانلىقى، قانداق تۆھمەتلەرنى ئويدۇرۇپ
چىقارغانلىقى، مېنى قانداق باسقانلىقى، ماڭا قانداق ئۇسۇل
بىلەن زىيانكەشلىك قىلغانلىقى توغرىسىدا نەق دەلىل-ئىسپاتلار-
نى كۆتۈرۈپ چىقالمىغىنىمغا قاراپ، مېنى تۆھمەتخور ياكى
يالغانچى قاتارىغا چىقىرىۋەتسەڭلار ھەرگىز بولمايدۇ، ئۇنداقتا
ماڭا تولىمۇ ئۇۋال بولىدۇ. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋات-
قان چاغدىلا مەن غوپۇرنىڭ پارتىيىگە قارشى سۆز-ھەرىكەتلە-
رىنى پاش قىلىپ يازغان ماتېرىيالنى شۇ چاغدىكى مەكتەپ
مۇدىرى مامۇتقا سۇنغانىدىم، لېكىن كېيىنچە ئۇ مېنى غوپۇرغا
سېتىۋەتتى. يەنە شۇ خائىن مامۇت بۇنى ئاز دېگەندەك، مەن
پەتتارنى پاش قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپ يازغان ماتېر-
يالنىمۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، مېنىڭ مەكتەپتىن
قوغلىنىشىمغا سەۋەبچى بولدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئاشۇن-
داق بىر ئۇچۇم ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ بىر يەرگە جەم
بولۇۋېلىپ، توپتوغرا بىر كىچە كۇسۇرلىشىپ چىقىشىنى ياخ-
شىلىقتىن بېشارەت دېگىلى بولامدۇ؟ بۇ، مۇرەككەپ، جىددىي
سىنىپىي كۈرەشنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئىنكاسى، بۇنىڭغا يې-
تەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرمەي بولمايدۇ. ماھىيەتتە ئۇلار
تىل بىرىكتۈرۈپ، ئاكتىپلارغا نۇقتىلىق زەربە بېرىپ، ئىنقى-
لاب مېۋىسىنى سادىقلىق بىلەن قوغداپ كەلگەن تۆھپىكارلاردىن
ئۆچ ئېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ، مېنى قەستلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇ-
ۋاتىدۇ. تەتۈر ھېساب ئالغۇچى بۇ قىساسكارلار گۇرۇھىنىڭ باش

تۇماق كىيگەن بىر ئەر قاتتىق سوغۇقنىڭ ئاچچىق نەشتەر سان-
جىشىغا پەرۋا قىلماي ئىچىلىپ-يېيىلىپ مۇڭدىشىپ تۇرۇپتۇ.
"بۇ بوزۇقلارنى نەق مەيداندا قولغا چۈشۈرەيچۇ!" دەپ تۇيدۇر-
ماي يېقىنلاپ كەلسەم، ئاق رومال ئارتىۋالغىنى مېنىڭ خوتۇنۇم
جىنەستىگۈل، قارا كۆرپە تۇماق كىيىۋالغىنى غوپۇر بولۇپ
چىقماسمۇ! شۇھامان ئەرۋاھىم قىرىق گەز ئۇچتى، غەزىپىمدىن
پۇت-قولۇمدا جان قالمىدى، تۇرغان جايىمدىلا لاسسىدە ئولتۇ-
رۇپ قالدىم. كېيىن چاچراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ غوپۇرنىڭ
ياقىسىغا ئېسىلاي دېۋىدىم، ئوڭ قولۇم بىقىنىمغا تېگىپ كې-
تىپ، بىردىنلا بوشىشىپ كەتتىم. سۇنۇپ كەتكەن ئۈچ تال
قوۋۇرغام قايتىدىن غىرىسلاپ، ئاغرىق جان-جېنىمدىن ئۆتۈپ
كەتكەندەك بولدى. شۇڭا ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىش نىيىتىدىن
ۋاز كېچىپ، نېرى تۇرۇپ ئاغزىمغا كەلگىنىچە تىللاپ، تازا
ئەدىبىنى بەردىم. غوپۇر بوزۇرۇپ-تاتىرىپ، ئارتۇقچە گەپ
قىلالماي ئاستا تىكىۋەتتى. خوتۇنۇم بولسا: "ھوي نومۇس-ئىزا
دېگەن نېمىنى بىلىڭ، ئاغزىم بار دەپ ئوڭ-تەتۈر كاپشىۋەر-
مەك!" دېگەن بولۇپ، يۈزىنى كاچاتلاپ، چېچىنى يۇلغىنىچە
قار ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىۋەتتى. ئەمەلىيەتتە ھوقۇيتىپ يىغلاش
ئارقىلىق مېنى قورقۇتماقچى، ئاچچىقىمغا ھاي بەرمەكچى بول-
دى. بىراق مەن خوتۇن كىشىنىڭ كۆز يېشىدىن قورقۇپ كېتى-
دىغان توخۇ يۈرەك ئەمەسمەن-دە! مەن ئۇنىڭ ساغرىسىغا تەپكى-
نىمچە: "ئۆلۈكۈڭنى سېتىپ يېتىۋالماي، قوپە جالاپ ئورنۇڭ-
دىن!" دەپ شىردەك ھۆركىرىدىم. ئۇ ھەرقانچە قىلسامۇ
قوپقىلى ئۇنىمىۋىدى، سۆرەشتۈرۈپ يۈرۈپ ئۆيگە ئەكىلىۋال-

پەيتىنى پايلاپ تۇرۇپ قىلتاق، قاپقان قۇرۇشقا ئادەتلەنگەن قەي-
سەر ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرالىغۇدەك قۇدرەتلىك كۈچ
ياكى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالالىغۇدەك كاتتا توسالغۇ نەدە بار
دەيسىلەر؟ تاغدەك جاپا-مۇشەققەت، يىلاننىڭ زەھىرىدىن ئاچ-
چىق تىل-ئاھانەت، بىر كۆلگە سىغمىغۇدەك لەنەت-نەپرەت،
تۈگمەن تېشىدىن ئېغىر بېسىم-تالاپەت ئالدىدا تىز پۈكمىگەن
ئەزىمەتنىڭ بۈنچىلىك مۈشكۈللۈكتىن قورقۇپ ئارقىغا چېكىنى-
شى مۇمكىن ئەمەس-دە! مەن غەيرەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ،
ئاخىر كۆزلىگەن نىشانغا يېتىپ بېرىپ، يېنىك تىن ئالدىم.
سازلىقتا ياۋا ئۆردەكلەرگە قىلتاق، يانتاقلىقتا ياۋا توشقانلارغا
قاپقان قۇرۇپ بولۇپ، قىزىرىپ سەۋزە رەڭگىگە كىرىپ شېيىن-
دەك قېتىشىپ قالغان بارماقلىرىمنى ھورداپ ئىسسىتقىنىمچە
كەلگەن يولۇمنى بويلاپ كەنت تەرەپكە قاراپ يول ئالدىم. يول
بويى قىلتاق، قاپقانلىرىمغا زادى قانچىلىك ئولجا چۈشەر دەپ
خىيال قىلىپ ماڭدىم. ئۆردەكلەرنىڭ قىلتاقتىن بوشىنىشقا
ئۇرۇنۇپ پالاقلاشلىرى، پۈتى سۇنغان توشقانلارنىڭ قاپقانغا ئۆ-
زىنى ئۇرۇپ تېپىرلاشلىرى كۆز ئالدىمدىن يالت قىلىپ ئۆتكەن-
دە، مەززىلىك كاۋاپ ھىدى بۇرنۇمغا پۇرىغاندەك بولدى. ئاغ-
زىمغا سېرىقسۇ يىغىلىپ كەتتى، ھەرقانچە قىلساممۇ جاۋغىيىم-
دىن شۆلگەيلىرىمنىڭ ساقىپ چىقىشىنى توسۇپ قالالمىدىم.
ئۇنىڭ بىردەملا قېتىشىپ چوكا مۇزغا ئايلىنىپ قېلىشىغا پەرۋا
قىلماي، ئارىلاپ-ئارىلاپ ئاغزىمنى چاكىلدىتىپ قويۇپ، يو-
لۇمنى داۋاملاشتۇرۇۋەردىم. كەنت ئېغىزىدىكى چوڭ يولغا يې-
تىپ كەلسەم، ئاق رومال ئارتقان بىر ئايال بىلەن قارا كۆرپە

ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ ئويلاپ تاپقان گېپى! ئەگەر ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا راستتىنلا باشقىچە مۇناسىۋەت بولمىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن خوتۇنۇم بۈگۈن ئالاھتەن ياسىنىپ بېشىغا ئاق رومال ئارتىپ چىقىدۇ؟ ئەجەبا، ئۇ، ئاق رومال ئارتقان ئايال-لارنىڭ ئەرلەر كۆزىگە پەرىزاتتەك گۈزەل بولۇپ كۆرۈنىدىغانلى-قىنى چۈشەنمەمدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە غوپۇر بېشىغا قارا كۆرپە تۇماق كىيىپ چىقىپتۇ. قاراڭلارا، بىرى ئاق، بىرى قارا! بىر-بىرىگە تۈپتىن قارىمۇ قارشى بۇنداق ئىككى خىل رەڭنىڭ تۇيۇقسىز بىر يەردە پەيدا بولۇپ قېلىشى تاسادىپىيلىقمۇ؟ ياق! ئۇلار چوقۇم ئوخشاشمىغان رەڭدە كىيىنىش ئارقىلىق قارشى تەرەپنى ئۆزىگە تېخىمۇ جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئالدىن شۇنداق كېلىشىۋالغان گەپ! يەنە بىر مەسىلىنى ئىنچىكىلىك ۋە زېرەك-لىك بىلەن تەھلىل قىلىپ كۆرسەك، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يوشۇرۇن تۈگۈننى ھېچقانچە قىينالمايلا يېشىۋېتەلەيمىز: مې-نىڭ شۆلگەيلىرىم ھەش-پەش دېگۈچە توڭلاپ مۇزغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقان قەھرىتان سوغۇقتا ئۇلار توپتوغرا بەش مىنۇتتەك سۆزلىشىپ تۇرۇپمۇ ھېچنېمە بولماپتۇ. بۇنىڭدىكى سىر قەيەر-دە؟ بۇنىڭ جاۋابى بىرلا: ئۇلار چوقۇم يۈرىكىدە لاۋۇلداپ يېنى-ۋاتقان ئاشىق-مەشۇقلارچە ئىشق ئوتىنىڭ تەپتىگە تايىنىپ شۇن-چە قاتتىق سوغۇقتا بەرداشلىق بېرىۋالغان گەپ! بولمىسا ئۇلار بەش مىنۇت دېگەندە شىپىندەك قېتىپ قالمىغان تەقدىردىمۇ، ھېچ بولمىغاندا بەزگەك تەگكەن ئادەمدەك لاغىلداپ تىترىشىپ كەتكەن بولاتتى! لېكىن ئاتا-ئانامىز مۇشۇنداق پولاتتەك پاكىت-لارغا ھۆرمەت قىلماي، خوتۇنۇمغا يان بېسىپ، مېنى ئورۇنسىز

دىم-دە، تورۇسقا ئېسىپ قويۇپ پۇخادىن چىققۇچە ئۇردۇم.
"غوپۇر بىلەن قانچە قېتىم بۇزۇقچىلىق قىلدىڭ؟ راستىڭنى
ئېيتمايدىغان بولساڭ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!" پوپۇزا قىلدىم. تاياق،
دوقلىرىم ئازلىق قىلدىمۇ، ئىشقىلىپ بۇ دۆت خوتۇن ھېچنېمە-
نى ئىقرار قىلغىلى ئۇنىمىدى. "گۇناھىڭنى بويۇنۇڭغا ئېلىپ
تۆۋە قىلساڭ كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىمەن ياكى ئۆتكەن
ئىشقا سالاۋات دەۋېتىمەن! ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ دېگەن قانچىلىك
ئىش ئىدى؟ بىلسەڭ مېنىڭ رەسۋا قىلماقچى ۋە چاپۇتلاپ يىقىت-
ماقچى بولغىنىم سەن ئەمەس، غوپۇر!" دەپ چۈشەندۈرۈپ باق-
سامۇ كار قىلمىدى. ھەممىدىن كۈلكىلىك يېرى شۇكى، ئۇ
تېخى يۈزىنى داپتەك قىلىپ: "تۆۋە قىلغۇدەك ھېچ ئىش قىلغى-
نىم يوق، سوپۇن ئالاي دەپ دۇكانغا كېتىۋاتسام غوپۇركام
ئۇچراپ قالدى. سالاملاشقاندىن كېيىن ھال-ئەھۋال سوراش-
تۇق، ئاندىن ئۇ تۇرمۇشۇڭلاردا قانداق قىيىنچىلىق بار دەپ
سورىدى. ئۆزىڭىز ماڭا زورلاپ قىلغۇزغان شۇنچە كۆپ نومۇس-
سىز ئىشلارغا ئاچچىقلىماي، مۇشۇنچىلىك ئىشقا ساراڭدەك چې-
چاڭلاپ كېتىشىڭ نېمە ھاجىتى؟" دەپ بىلجىرلاۋاتىدۇ. ئوي-
لاپ بېقىڭلارچۇ، ماڭا چىش-تىرنىقى بىلەن ئۆچلۈك قىلىپ
كەلگەن غوپۇرنىڭ ئائىلىمىزگە كۆڭۈل بۆلۈشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇ
يەنە تېخى: "كۆمۈرۈڭلار تۈگەپ قالغان بولسا بىر ماشىنا كۆمۈر
ئەكەلدۈرۈپ بېرەي" دەپتىمىش. ۋاي قوۋۇرغامەي! مۇشۇنداق
گەپلەر غوپۇرنىڭ ئاغزىدىن چىقتى دېسە كىم ئىشەنسۇن؟ ئەقەل-
لىيسى ئەقىلگە سىغمايدۇ-دە! بۇ چوقۇم خوتۇنۇمنىڭ ئۇستى-
لىق ئىشلىتىپ ئۆزىنىڭ بۇزۇقچىلىق قىلمىشىغا چاپان يېپىش

لەن ئەركىن-ئازادە ئويناپ يۈرۈشكە پۈتلىكاشاڭ بولۇپ قىلى-
شىمدىن ئەنسىرەپ، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ تۇرالماي
قالدى. مانا مۇشۇ مۇھىم نۇقتىدىنلا ئۇنىڭ ماھۇت، پەتتار
قاتارلىق ئەكسىلئىنقىلابىي ئۇستازلىرىنى بىر كېچە مېھمان
قىلىشتىكى ھەقىقىي مۇددىئاسىنى بىلىۋېلىش قىيىن ئەمەس.
ئۇ مېنى كۆزىدىن يوقىتىۋەتسىلا ئۆزىنىڭ تۈرلۈك سۈيىقەستلى-
رى ۋە جىنايەتلىرىنى پاش قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان ئادەم
قالمايدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ. شۇڭا مېنى قەستلەپ ئۆل-
تۈرۈۋېتىپ ھەم خوتۇنۇمغا ئىگە بولۇۋالماقچى، ھەم مەركەزگە
قارشى تېخىمۇ چوڭ سۈيىقەستلىك پىلان تۈزۈش ئۈچۈن كەڭ
زېمىن ھازىرلىماقچى بولۇۋاتىدۇ. قىسقىسى، بىر چالمىدا ئىك-
كى پاختەكنى سوقماقچى! ئۇنىڭ بۇنداق رەزىل مەقسىتىنىڭ
ئىشقا ئېشىشىغا يول قويۇش مۇمكىنمۇ؟ ئالىي خەلق تەپتىش
مەھكىمىسى دۆلەتنىڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى، جەمئىيەتتە
بەلگىلىك نوپۇزى بار. ھەردەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتلەر،
سوت مەھكىمىلىرى كۆڭۈل بۆلمەي كەلگەن بۇ ئەنزىگە سىلەر-
نىڭ يېتەرلىك دىققەت-ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئەڭ چوڭ سۈيى-
قەستچى، ئەشەددىي ئەكسىلئىنقىلابچى، قان قەرزگە بوغۇلغان
ۋەھشىي جىنايەتچى، كۆزى تويماس خىيانەتچى، نەپسى بالا پارى-
خور، ئىستىلدا چىرىكلەشكەن قەبىھ پاھىشىۋاز غوپۇرنى قاتتىق
جازالاپ بېرىشىڭلارنى سورايمەن. ئاڭلىسام ئۇ يەنە تېخى يېقىندا
ناھىيىنىڭ ھاكىم نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلىپتىمىش. مەن ھەتتا
شۇنچە يامىنىشىپ يۈرۈپ كەنتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىمۇ بولالمىغان
يەردە، ئۇنىڭغا ھاكىملىقنى كىم قويۇپتۇ؟ ئۇ زادى قايسى سەۋ-

ئەيىبلەپ كەتتى. ئاچچىقىمدا ”مانا ئەمىسە!“دەپ بۇ يۈزسىز قانجۇقنى ئۈچ تالاق قىلىۋەتتىم. ئاتا-ئانام يەنە ئارىلىشىۋىدى، بۇرنىدىن قۇلىقىغىچە تويغۇزۇپ قويدۇم. ئۇلار: ”داد-پەندى-ياد، سەندەك بالىمىز يوق!“ دەپ مېنى گويا لالما ئىتنى قوغلىغاندەك ئۆيدىن قوغلاپ چىقارماقچى بولۇۋىدى، مەن چاققان كېلىپ يوغان كالتەكتىن بىرنى قولۇمغا ئېلىۋالدىم-دە: ”قوغ-لىغان دېگەن مانا ماۋۇ!“ دەپ ئۇلارنى ئاۋۋال سۇر-توقاي قىلىۋەتتىم. شۇنىڭدىن بۇيان ئاتا-ئانام بۇ ئۆيگە قەدەم باسماس بولدى. مەيلى، قەيەرگە بارسا بارسۇن، پەرۋايىم پەلەك. لېكىن بالىلىرىمنىڭمۇ مېنى تاشلاپ ئانىسىنىڭ كەينىدىن كېتىپ قال-غىنى ھەممىدىن يامان بولدى. ئۆيدە ئۆزۈم تىكەندەك يالغۇز قالدىم، بەزىدە غېرىبسىنىپ قالغاندا ئۆز سايەم بىلەن مۇڭدى-شىپ كېتىمەن. بىر ئوبدان ئائىلىنى بۇزۇپ، مۇشۇنداق بەختە-سىزلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى باشقا بىرى ئەمەس، دەل ئۆزىنى كادىر ئاتىۋالغان، ئىستىلدا چىرىكلەشكەن، چالا ساۋات پاھىشىۋاز غوپۇر! مەن ئۆلسەممۇ ئۇنىڭدىن ئۇزۇل-كېسىل ھېساب ئالماي قويمايمەن! ئەسلىدە مەن ئىكاھدىن ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى بېجىرىۋېتەي دەپ ئويلىغان، كېيىنچە ھېسابلاپ كۆرسەم، يەنە بىر خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن ئۇرغۇن پۇل خەجلەشكە توغرا كېلىدىكەن، بىكاردىن-بىكار بىرمۇنچە چىقىمدار بولۇپ كەتكۈدەكمەن، ئەسكى بولسىمۇ تەييار خوتۇننى ئۆز ئىلكىمدە تۇتۇپ تۇرغىنىم ئەۋزەلدەك بىلىندى. بۇ نازۇك يەرلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ، ”ئۈچ تالاق“دېگەن گېپىمدىن يېنىۋالدىم. كۆتكەن يېرىدىن چىقمىغانلىقىمنى كۆرگەن غوپۇر خوتۇنۇم بى-

قىلىپ جەننەتكە كىرىۋېلىش كېرەك. سىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىش-كىرەلمەسلىكىڭلار بۇ ئاخىرقى ئەرزىمنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشىڭلارغا باغلىق. چۈنكى مەن سىلەر ئويلىغاندەك ئۈنچىۋالا ئاددىي ئادەم ئەمەسمەن. بۇ دۇنيادا ئىشلىرىمنى ئۈنچە قاملاشتۇرالمىغىنىم بىلەن ئۇ دۇنياغا بارغاندا چوقۇم تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدىغان ئاجايىپ ئەپچىل چارە-تەدبىرلەرنى تېپىپ چىقىپ، پەرىشتىلەرنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىمەن-دە، پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن غىپپىدە ئۆتۈۋېلىپ، ئۇدۇل جەننەتكە كىرىپ كېتىمەن. ئاندىن ئاراڭلاردىكى مەن ئۈچۈن كۈچ چىقارغۇچىلارغا جەننەتنىڭ ئوبدان يېرىدىن ئورۇن ئېلىپ قويىمەن. ناۋادا پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتەلمەي قېلىشتىن ئەنسىرىسەڭلار، مەن دەرھال قۇربانلىق قىلىنغان قوي قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، سىلەرنى ئۈستۈمگە مىندۈرۈپ ئۆتكۈزۈپ قويىمەن. جەننەتكە كىرىۋالساڭلار ئۆمۈرۋايەت راھەت-پاراغەت ئىچىدە ياشايسىلەر، تولۇن ئايدەك پەرىزاتلار كۈن بويى ئەتراپىڭلاردىن پەرۋانىدەك ئايلىنىپ كېتەلمەيدۇ. زادى گېپىمگە كىرمىسەڭلار، شۇنداق قاملاشتۇرۇپ چاقىمەنكى، ئۇ چاغدا سىلەرنى پەرىشتە-مالائىكىلەر ئۇنىمىغىنىڭلارغا ئۇنىماي گەجگەڭلاردىن ئىتتىرگىنىچە لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈپ تۇرغان دوزاخقا تاشلىۋېتىدۇ. سىلەرمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئەخمەقلىق قىلىپ، بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدىغان ۋە بىر تىيىن پايدا بەرمەيدىغان غوپۇرغا يان باسمىز دەپ ۋەيلۇن دوزاخقا تۇتۇرۇق بولۇپ كېتەمسىلەر ياكى مەزكۇر ئەرزىمنى چىرايلىقچە قوبۇل قىلىپ، مېنىڭ ياردىمىمگە تايىنىپ گۈزەل

يېسىگە تايىنىپ ھاكىم بولىدىكەن؟ ئۇ كىم؟ مەن كىم؟ ئەجە-
با، چالا ساۋاتلار دەۋران سۈرىدىغان دۇنيامىكەن بۇ؟! ئۇنىڭ
ئۈستىگە غوپۇر يېزا باشلىقى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە قولىدىكى
ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ھۆكۈمەتنىڭ نۇرغۇن پۇلىغا خىيانەت
قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ھاكىم بولۇۋالسا ھوقۇقىغا ئەگىشىپ
نەپسىمۇ يوغىناپ، تېخىمۇ نۇرغۇن پۇلغا خىيانەت قىلمامدۇ؟
بۇ يەرلىرىنى ئەتراپلىق ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. ئۆزۈڭلار
ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، دۆلەتكە ھەددى-ھېسابسىز زىيان سالىدى-
غان مۇشۇنداق خىيانەتچىنى جازالىماي كىمنى جازالىغۇلۇق؟
ئاخىردا شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتمەي بولمايدۇكى، يېقىندا مەن
قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈشۈم مۇمكىن. ناۋادا شۇنداق پاجىئە يۈز
بەرسە مېنى ئۆلتۈرگەن قاتىل چوقۇم غوپۇر بولىدۇ، بۇنىڭدىن
قىلچە گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ. شۇڭا مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن
كېيىن غوپۇردىن ئىنتىقامىم ئېلىپ بېرىلمىسە ئۇ دۇنياغا كۆ-
زۈم ئوچۇق كېتىدۇ. بۇ ئەرزنى باسۇرۇپ قويساقلا سۈرۈشتۈر-
دىغان ئادەم چىقمايدۇ دەپ خام-خىيال قىلماڭلار. مەن بۇنى
99 نۇسخا قىلىپ كۆپەيتىپ باستۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى
مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا تەڭ ئەۋەتتىم. غوپۇرنى قاتتىق جازا-
لىمىساڭلار ۋاقتى كەلگەندە بۇ دۇنيادىكى جىنايى جاۋابكارلىقىڭ-
لار سۈرۈشتۈرۈلۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ دۇنيادىمۇ ئۇۋالچى-
لىقتا ئۇچرىغان روھىم گېلىڭلاردىن چىڭ بوغۇۋېلىپ، سىلەرگە
زادى ئاراملىق بەرمەيدۇ. بۇ ئالەم ئالتە كۈنلۈك ئالەم، ئۆمۈر
دېگەن كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئاساسلىقى ئۇ
ئالەمدىكى ئىشلار ئۈستىدە كۆپرەك باش قاتۇرۇپ، بىر ئامال

# خاتىمە

قارادۆڭ يېزىسىدىن ئايرىلىش ئالدىدا رەھمەتلىك كۆيدۈرگەبەگنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ قويغۇم كەلدى. بۇ نىيىتىمنى ئاۋۇت ئاكىغا ئېيتىۋېدىم، ئۇ مېنى يېزىنىڭ غەربىدىكى ئاممىۋى زاراتگاھلىققا ئەمەس، بەلكى ئازغۇنباش كەنتىنىڭ شەرقىدە چوخچىيىپ تۇرغان ئېگىز دۆڭلۈككە باشلىدى. ئاۋۇت ئاكا ھەيران بولۇۋاتقىنىمنى پەملەپ، ئېغىر خۇرسىنىپ قويۇپ، ئاستا ئېغىز ئاچتى.

— دۇنيادا ئەل-جامائەتنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قېلىشتىن ئېغىر ئىش يوق ئىكەن، ئۇكام! — دېدى ئۇ يىراقلارغا كۆز تىككىنىچە ئاق سانجىشقا باشلىغان ساقىلىنى سىيپاۋېتىپ، — يېزىمىزدا ئىمام ئاز ئەمەس، لېكىن بىرەر ئىماممۇ كۆيدۈرگەبەگنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشكە ئۇنىمىدى. ئۇنى قەيەرگە دەپنە قىلىش توغرىسىدا تېخىمۇ قاتتىق غۇلغۇلا بولدى. مەھەللە-كويلار بىر ئېغىزدىن: ”كۆيدۈرگەبەگنى زاراتگاھلىققا دەپنە قىلساق، ئۇ شۇ يەردىمۇ ئۆلۈكلەر بىلەن ئۇستۇن-تۆۋەنلىك تالىشىپ، ئاتا-بوۋىمىزنىڭ روھىنى ئۆز قەبرىسىدە تىنچ ياتقىلى قويماسمىكىن“ دېيىشتى. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا غەزىپىگە پايلىماي ئۇنىڭ جەسىتىنى قاغا-قۇزغۇنلارغا تاشلاپ بېرىۋەتمەكچىمۇ بولدى. يەنە بەزىلەر: ”رەھمەتلىك ھايات چېغىدا باشقىلاردىن ئېگىزرەك يەردە تۇرۇۋېلىشقا ئامراق

جەننەتكە كىرەمسىلەر؟ مانا بۇ — ئالدىڭلاردا تۇرغان ئىككى خىل يول، ئىككى خىل تەقدىر. ئەقىللىق ئادەملەر ئادەتتە ئاقىللارنىڭ مەسلىھەتىگە قۇلاق سېلىپ، بىھۇدە زىياندىن ساقلىنىپ قېلىشنى بىلىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، سىلەرگە يەنىلا بۇنچىلىك ئاددىي ساۋاتنىغۇ بىلگۈچىلىكى باردۇ دەپ ئىشىنىمەن. ھەر ھالدا مەندەك بىر كاتتا تالانت ئىگىسىنىڭ زور ئىشەنچىنى يەردە قويماي، چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەتكە كېلىپ، رەھىم-شەپقەت دېگەنلەرنى يەتتە قات كۆك قەرىگە چۆرۈپ تاشلاپ، جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان غوپۇرنىڭ تىنىم تاپماس ئىككى پۇتىنى دەرھال پۇكلەپ بىر ئۆتۈككە تىققايسىلەر. لېكىن شۇنى ئۇنتۇماڭلاركى، ئەرزىم كۆتكىنىمدەك ياخشى نەتىجىگە ئىگە قىلىنمىسا، قىران بۇركۈتىنىڭكىدەك ئۆتكۈر تىرناقلىرىم ھەر ۋاقىت گېلىڭلارغا سوزۇقلۇق!

ئۆزۈڭلارنى قەدىرلىشىڭلارنى تىلەپ تۆۋەنچىلىك
بىلەن قارادۇڭ يېزىسى ئارغۇنباش كەنتىدىن
ئېغىر خەۋپ ئاستىدا تۇرغان:

كۆيدۈرگەبەگ
1987-يىل 7-ئاينىڭ 7-كۈنى.



ئاۋۇت ئاكا چوڭقۇر خىيالغا چۆمگەن قىياپەتتە ماڭا ياندىشىپ كېلىۋېتىپتۇ. بۇ زادى كىمنىڭ ئاۋازىدۇ؟ ھە، توغرا، ئېھتىمال بۇ، كۆيدۈرگەبەگنى ئۆز باغرىغا ئالغۇسى كەلمىگەن ئانا زېمىننىڭ نارازىلىق ساداسىدۇ ياكى ئۇنىڭ ”ناپاك جەسەت بىلەن كۆكسۇمنى بۇلغىۋەتتى“ دەپ ئېچىنىپ ئېڭرىغان ھەسرەتلىك نىداسىدۇ. كۆڭلۈمنى بىردىنلا ئىزھار قىلغۇسىز بىر خىل غەشلىك قاپلىۋالدى، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. بۇ غايىب سادانىڭ تەسىرىدە خىيال كەپتىرىمنى تەپەككۇر كۆكىدە پەرۋاز قىلدۇرۇپ، ئۆزۈمگە ئۆزۈم نۇرغۇن سوئال قويۇشقا ئۈلگۈردۈم. ئەسىرىمگە ”ۋىجدانىڭ نېمە دەيدۇ؟“ دەپ ماۋزۇ قويسام، چېچەن كىتابخانلار: ”شۇنچە كۆپ ئەسكىلىكلەرنى قىلغان كۆيدۈرگەبەگدەك ۋىجدانسىزدىن ۋىجدانىڭ نېمە دەيدۇ، دەپ سوراش تولىمۇ كۈلكىلىك ئىش ئەمەسمۇ؟“ دەپ سورىماي قالارمۇ؟ بۇ سوئالغا: ”ۋىجدان دېگەندە مېنىڭ كۆزدە تۇتقىنىم ھەرگىز ئالدىقاچان ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغان كۆيدۈرگەبەگ ئەمەس، بەلكى ھېلىمۇ بىر-بىرىنىڭ پېيىنى قىرقىش كويىدا ئۆتكۈر قايچىلىرىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن تىرىك ئادەملەر. شۇڭا بۇ ھەقتە ئارتۇقچە ئىزاھات بېرىپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز“دەپ جاۋاب بەرسەم، ئۇلارنى قانائەتلەندۈرەلەرمەنمۇ؟...

—مانا يېتىپ كەلدۇق!

ئاۋۇت ئاكىنىڭ ئاۋازى مېنى چوڭقۇر خىيال ۋە چىگىش سوئال قاينىمىدىن تارتىپ چىقاردى. كۆزۈمنى ئۇۋۇلىۋېتىپ ئالدىمغا نەزەر تاشلىدىم. يەككە-يېگانە بىر قەبرە يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ ئۇچلۇق تىكەنلىرى يالىڭاچلىنىپ قالغان ئازغاندىن

ئىدى. شۇ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئۈمىلەپمۇ دېگەن يېرىگە چىقالماي ئارماندا كەتتى. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ئۇنى دۆڭلۈككە دەپنە قىلىپ قويايلى، تىرىكلىكىدە ئىشقا ئاشۇ-رالمىغان ئارزۇسىنى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ بولسا ئىشقا ئاشۇرۇ-ۋالسۇن...»دەپ سالا قىلىشتى. بۇ تەكلىپ ھەممەيلەنگە خوپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ ئەل-جامائەت ئولاش-چولاش بىر گۆر قېزىپ، ئۇنى ئېگىز دۆڭلۈككە دەپنە قىلىپ قويىدى...

ئاۋۇت ئاكىنىڭ گېپىگە قولاق سالغاچ قىزغۇچ تۆپىلىككە كۆتۈرۈلدۇم. يامغۇر ۋە ئېرىگەن قار سۇلىرىنىڭ تولا يالىشى نەتىجىسىدە سان-ساناقسىز كىچىك-كىچىك ئېرىقچىلار ھاسىل بولۇپ قالغان قىپپاش تۆپىلىك جاپا-مۇشەققەتنى بولۇشچە تارت-قان بوۋاينىڭ قورۇق بېسىپ كەتكەن چىرايىغا ئوخشاش غەمكىن كۆرۈنەتتى. قاتمۇ قات بولۇت ئارىسىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈۋاتقان قۇياش نۇرى ئۇيەر-بۇيەردە چېچىلىپ ياتقان ھەرخىل رەڭدىكى چوڭ-كىچىك تاشلار ئۈستىدە سۇس يالتىرايتتى. ھەر بىر قە-دەمنى شۇنچە ئاۋايلاپ باسساقمۇ يەنىلا ئاللىقانداق نەرسىلەرگە پۇتلىشىپ گاھ مۇدۇرۇپ كېتەتتۇق، گاھ سىلىق مۇز ئۈستىگە دەسسىگەندەك تېيىلىپ يىقىلىپ كەتكىلى تاس-تاماس قالاتتۇق. ئۇششاق شېغىل ۋە قاتمال داڭگاللار ئاياغ ئاستىمىزدىن سىيرد-لىپ شىرىقلىغىنىچە تۆۋەنگە دومىلاپ چۈشۈپ كېتەتتى. شۇن-داقتىمۇ بىز ئۈزلۈكسىز يۇقىرى ئۆرلەپ كۆزلىگەن نىشانغا يېقىنلاشتۇق. تۇيۇقسىز قۇلىقىمغا: «كۆيدۈرگەبەگدەك نامەرد-نىڭ قەبرىسىنىمۇ يوقلاپ يۈرىدىغان قانداق ئادەمسىز؟» دېگەن غەيرىي ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى. چۆچۈپ يېنىمغا قارىۋىدىم،

بىمنى ھەدەپ غىدىقلاشقا باشلىدى، ئۇنىڭ تەنتەكلىك قىلىپ ئالدىراپ-تېنەپ جاۋغىيىمغا قونۇۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بېشىمنى كۆتۈرۈپ كۆككە كۆز تىكتىم. تېخى باياتىن تاغ تەرەپتىن ھەيۋە بىلەن يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان سۇر رەڭ بۇلۇتلار شىددەتلىك بوراننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندەك تىرىپىرەن بولۇپ، ئۇيەر-بۇيەردە جانسىز لەيلەپ قالغانىدى. مەن ئاخىر قاباھەتلىك چۈشتىن چۆچۈپ ئويغانغان ئادەمگە ئوخشاش ئېغىرلىشىپ كەتكەن پۇتلىرىمنى سۆرەشتۈرگىنىمچە كۆيدۈرگەبەگنىڭ قەبرىسىدىن ئاستا يىراقلاشتىم.

1989-يىل 5-ئايدىن 9-ئايغىچە
بېيجىڭدا يېزىلدى.



بىر-ئىككى ماڭدام نېرىدا يۇرتىدىن قوغلانغان مۇساپىردەك غې-
رىبسىنىپ، يەر يۈزىدىن سەل-پەل كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئاياغ
تاۋۇشىنى ئاڭلىغان سالما-پاتمىچۇقلار ھەر تەرەپكە پىتراپ قاچ-
قىلى تۇردى. يېقىن ئەتراپتا دانلاپ يۈرگەن توڭ قاغا سەت
قاقىلدىغىنىچە قاپقارا قانىتىنى كېرىپ سازلىق تەرەپكە ئۇچۇپ
كەتتى. كۆيدۈرگەبەگىنىڭ غېرىبانە قەبرىسىگە ئېغىر سۈكۈت
ئىچىدە بىر ھازا قاراپ تۇردۇم. قەبرە ئەتراپىدا ئادەمزاتنىڭ
ئاياغ ئىزى كۆرۈنمەيتتى، قارىغاندا مەندىن باشقا ھېچكىممۇ
ئۇنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ كەلمىگەندەك قىلاتتى. سوغۇق شامال
ئاچ قالغان ئالۋاستىنىڭ يىغىسىنى ئەسلىتىپ ئەنسىز ئۇشقىر-
تىپ، يۈز-كۆزۈمنى رەھىمسىزلىك بىلەن چېقىپ ئۆتەتتى.
بۇنى ئاز دېگەندەك، ئارىلاپ-ئارىلاپ پەيدا بولۇپ تۇرغان قارا
قۇيۇن پىرقىراپ ئايلىنىپ، ئۇستىبېشىمنى توپا-چاڭغا كۆمۈۋې-
تىپ، ئاللىقاياقلارغا غايىب بولاتتى. ئاۋۇت ئاكىنىڭ ئالدىرى-
تىشى ئارقىسىدا بۇ يەردە يەنە ئارتۇقچە تۇرۇۋېرىشنىڭ ھەقىقە-
تەن ئەھمىيەتسىزلىكىنى ھېس قىلىپ، ئارقامغا يانايي دەپ تۇر-
سام، ئازغۇنباش كەنتى تەرەپتىن بىر سار لەلەڭلەپ ئۇچۇپ
كەلدى-دە، چاڭگىلىدا چىڭ قاماللىۋالغان ئاللىقانداق بىر نەر-
سىنى زەرب بىلەن قەبرە ئۈستىگە چۆرۈپ تاشلىدى. ھەيرانلىق
ئىچىدە يېقىن بېرىپ قارىسام، قۇرۇپ قالغان بىر تال كۆك
يانتاق ئىكەن. ئېھتىمال سار ئۇنىڭ چاڭگا تىزىشقىمۇ يارىمايدى-
غان چاقچاق تىكەن ئىكەنلىكىنى سېزىپ قېلىپ، جان ئاچچىقىدا
بۇ يەرگە تاشلىۋەتكەن چېغى. تۇيۇقسىز، ئىزھار قىلغۇسىز بىر
خىل كىنايىلىك كۈلكە ئېچىمنىش يالقۇنىدا ئۆرتىنىۋاتقان قەل-

كۆز ياشلىرى شىددەتلىك يامغۇر بولۇپ تۆكۈلۈپ، نادانلىق ياستۇقىنى ئېگىز قىرلاپ ئۇخلاۋاتقان سېزىمسىز زېمىننى غەزەپ بىلەن قامچىلاشقا باشلىدى ...

— خاتىرە دەپتىرىمدىن

## مۇقەددىمە

ئايجامالنىڭ ئۆلۈمى مېنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتى، لېكىن تولىمۇ كېچىكتىم. ئۇ سەبىي، ئۈمىدۋار كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ يېلىنغاندا نېمە ئۈچۈن شۇنچىلا ئېتىبارسىز قاردىم؟! نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەجەل گىردابىغا قاراپ كېتىۋاتقىنىنى پەملىيەلمەي قالدىم؟! نېمە ئۈچۈن يىگانىغۇچتەك ئاجىز بىر قىزنىڭ ۋۇجۇدىدا شۇنداق سۇنماس ئىرادە، بەزى يىگىتلەردىمۇ تېپىلمايدىغان يولۋاستەك باتۇرلۇق، تەۋرەنمەس ئەقىدە، مۇھەممى دەخلى-تەرۇزسىز ئىنسانىي غۇرۇر مۇجەسسەملەنگەنلىكىنى ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرۈۋالمىدىم؟! نېمە ئۈچۈن تۇيۇقسىز يېتىپ كەلگەن ئەزرائىلنىڭ قانلىق قولىنى سۇندۇرۇپ ئۇنى قۇتقۇزۇۋالمىدىم؟! ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ بۇنداق پاجىئەلىك بولۇشىغا ئىشەنمىدىممۇ ياكى ھېلىقى "ئۇلۇغ زات"نىڭ قارغىشىغا ئۇچراپ كېتىشتىن قورقۇپ، بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ جىم تۇرۇۋالدىممۇ؟

چوڭقۇر ئويلاپ باقسام، ئالدىنقى ئېھتىمال چوڭراقتەك تۇردى. ئايجامالنىڭ ئىچ-ئىچىگە پاتماي قالغان دەرد-ھەسرىتى

# ئاخىرەتلىك سوۋغا



ئاخىرەتلىك سوۋغا ... پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئامان-ئې-
سەن ئۆتۈش ئۈچۈن تەييارلانغان ئاخىرەتلىك سوۋغا ...

— ھەي ھاماقەتلەر! ...

... تەڭرىنىڭ جۇدۇنى تۇتتى، ئەلەم بىلەن پۇچۇلانغان يۈرى-
كىدىن ئېتىلىپ چىققان ھەسرەتلىك نىداسى ھەيۋەتلىك گۈل-
دۈرماملىغا ئايلىنىپ، پاجىئەلىك دۇنيانى تىترىتىۋەتتى، چەك-
چەيگەن كۆزلىرىدىن چاقنىغان غەزەپ ئۇچقۇنى چاقماق بولۇپ
چاقناپ، زۇلمەتلىك تۈن باغرىنى يېرىپ ئۆتتى. ئاسمان پەرى-
زاتلىرى ياقا يىرتىپ يىغلىشىپ ھازا تۇتتى. ئۇلارنىڭ ئاچچىق

لۈپ قالغىنى ئۈچۈنلا ئاشۇنداق ھايۋانغا ئوخشاش خارلىنىشى كېرەكمۇ؟! قىز بالا ئادەم ئەمەسمىكەن؟! ئۇنىڭ ئۆز تەقدىرىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى يوقمىكەن؟! ئىلىم-پەن يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىمۇ فېئودالىزم جاھالىتى قاپلىغان ئوتتۇرا ئەسىردىكى پاجىئەلەرنىڭ يەنە يۈز بېرىشى زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ھەي نادانلىق! ھەي خۇراپاتلىق! سەن نەچچە مىڭ يىلدىن بىرى خەلقىمىزنىڭ پۇت-قولىنى چۈشەپ كەلگەننى ئاز دېگەندەك، ھېلىمۇ ئۇلارنى قاپاق ئىچىدە كولدۇرلىتىۋېرەمسەن؟ بەس، ئەمدى يېتەر! كىشەنلىرىڭنى ئۈزۈپ چاقىدىغان ۋاقىت كەلدى! ئويغانمىغانلار ئويغىنىۋاتىدۇ؛ ئويغانلار چىرمىشىپ كەتكەن يىلتىزىڭغا پالتا چېپىۋاتىدۇ! مەنمۇ ئەسلىدە ئويغانغانلارنىڭ بىرى —باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئىدىم. ئەپسۇسكى، كەسپىمنى پەس كەسىپ دەپ ھېسابلاپ، كىرىمىمنى تۆۋەن چاغلاپ، ئىجتىمائىي مەجبۇرىيىتىمنى پۈتۈنلەي ئۇنۇتتۇم، نەپسىمنىڭ كەينىدىن دوپپامنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا قارىماي شاپاشلاپ چاپتىم. بەزىدە كۆزۈمنى يۇمۇپلا ئىنسابنى بىر تەڭگىگە ساتقان يەرلىرىممۇ بولدى. نەتىجىدە سودام ئېقىپ، شتاتىمنى ساقلاپ قېلىپ ئوقەت قىلىشقا رۇخسەت ئالغان ئۈچ يىل مۆھلىتىم توشماستىنلا ماددى جەھەتتە خېلى بېيىۋالدىم، قولۇمنى نەگە سوزسام شۇ يەرگە يېتىدىغان بولدى. بىراق ئەمدىلىكتە مەنىۋى جەھەتتە تولىمۇ نامراتلىشىپ كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلماقتىمەن. ئەقەللىيسى، ئىنسانلارغا خاس ئەڭ مۇھىم ئەخلاقلارنىڭ بىرى—ئۆز ئارا ھېسسىداشلىق-خەيرىخاھلىق قىلىش، بىر-

تۇپەيلىدىن يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان ئاچچىق كۆز يېشىنى ئاتا-
ئانىسىدىن ئورۇنسىز دەشنام يېگەن پەرزەنتلەرنىڭ ئۇۋاللىق
تۇيغۇسىغا چۆمگەن چاغلاردىكى ئادەتتىكى كۆز يېشى، پۈتۈن
ۋۇجۇدىنىڭ كەچكۈز شامىلىدا قالغان ياپراقتەك تىترەشلىرىنى
مىدىرلاۋاتقان ئارغامچىنى يىلانغا ئوخشىتىپ قالغان كىچىك با-
لىنىڭ بىھۇدە قورقۇنچى دەپ چۈشىنىپ، ئانچە پەرۋا قىلىپ
كەتمەپتىمەن. بۇ، خۇددى قايىنامغا كىرىپ قالغان كىشىنىڭ
ئەجەل گىردابىدا جان تالىشىۋاتقان چاغدىكى ياردەم تەلەپ قىلىپ
قوللىرىنى پۇلاڭلىتىشلىرىنى چاقچاق دەپ چۈشىنىپ، قىرغاقتا
تاماشا كۆرۈپ تۇرۇۋەرگەندەك كۈلكىلىك ئىش، ئېچىنىشلىق
پاجىئە ئەمەسمۇ! ياق! ياق! بۇ، جەزمەن كەچۈرگىلى بولمايدى-
غان سەۋەنلىكمنى ئاقلاپ، ئازابلىنىۋاتقان قەلبىمگە تەسەللى
بېرىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ ئويلاپ تاپقان ئاقماس باھانە-سەۋە-
لىرىم؛ پۇل كويىدا چىرىپ يىرىڭداشقا باشلىغان ۋىجدانىم جارا-
ھىتىنى ئەھلى جامائەتنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە ياپماقچى بولغان ساختا چۈمپەردە-بېزەكلىرىم!
مەن ئۆزۈمنى كەچۈرەلمەيمەن، بىر ئۆمۈر ۋىجدان ئازابىغا قال-
غىنىم قالغان. بىراق، بۇ پاجىئە زادى قانداق يۈز بەردى؟
ئۇنىڭ تۈپ يىلتىزى نەدە؟ بۇ چىگىش سوئال مېنى ئىختىيارسىز
چوڭقۇر ئوي-خىيال قايىنىمىغا سۆرەپ كىردى.
ئايجامال ئالماس ئاكىنىڭ بىردىنبىر ئارزۇلۇق قىزى ئە-
مەسمىدى! ئۇ نېمە ئۈچۈن ئاغزىدىن تېخى سۈت پۇرىقى كەتمى-
گەن نارسىدە قىزىنى قاراپ تۇرۇپ يەتمىش ياشلىق ئىشانغا
خوتۇنلۇققا دۇئا قىلدۇرۇۋېتىدۇ؟ ئۇ، دۇنياغا قىز بولۇپ تۆرۆ-

چۈشىدىغان ئىشمۇ!» دەپ ئويلاپ، ئارقامغا چېكىنگەن بولغىي-
مىدىم؟! شەھۋانى نەپسنى «ساۋاب» ئىبارىلىرى بىلەن چىراي-
لىق بېزىگەن ئىشانلار توپىدۇرماي چىقارغان جۇدۇن-قۇيۇنلار-
نىڭ قانچىلىغان نازۇك گۈل-غۇنچىلارنى ۋاقىتسىز سولدۇرۇپ
خازان قىلغانلىقىنى؛ دىن تونىغا ئورىنىۋالغان ئاچكۆز بۆرە-قا-
ۋانلار ئۇستولۇق بىلەن قۇرغان قاپقان-قىلتاقلارنىڭ ئايىمال-
دەك قانچىلىغان مەسۇمە قىزلارنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقىنى
قانداقلارچە ئېسىمدىن چىقىرىپ قويغاندىمەن؟! ئېچىنىشلىق
پاجىئە، ئاچچىق ساۋاق نەشتىرى ئۆز نەپسى بىلەن بولۇپ كەت-
كەن ۋىجدان بېغىشىغا گاچچىدە سانجىلغاندىلا، ئاندىن تولۇق
هوشۇمغا كەلدىم. ئەقلىم دۇلدۇلىنى چاپتۇرۇپ شۇنى تولۇق
چۈشەندىمكى، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىلمىغان مىللەتنىڭ
روناق تېپىشىدىن سۆز ئېچىش قۇمغا گۈل چەككەندەك بىھۇدە
ئاۋارىگەرچىلىك، پايپاقتا ناهال قاققاندەك ئەخمىقانىلىق ئىكەن!
بۇنىڭ ئۇچۇن قانداق قىلىش كېرەك؟ هازىرچە ئىلىم-پەنگە
تايانماقتىن باشقا چارە يوق. ئىلىم-پەنلا گۆردەك قاراڭغۇ قەلب-
لەرنىمۇ يورۇتالايدۇ، كىشىلەرگە ئارزۇ، ئۇمىد، ئىشەنچ، ئى-
رادە، ئالەم كۆكىدە پەرۋاز قىلىشقا سۇناس قانات بېغىشلىيالاي-
دۇ. نادانلىق بۆشىكىدە غەپلەت خورىكىنى بەخىرامان تارتىپ
ئۇخلاۋېرىشنىڭ ئاخىرى هالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى تونۇتا-
لايدۇ. شۇ ۋەجىدىن مەن بارلىق دەسمايەم — ئون ئىككى مىڭ
يۈەن پۇلنى مەكتىپىمگە تەقدىم قىلىۋېتىپ، ئاددى بولسىمۇ
هاياتىمنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە ئىمكان بېرىدىغان خىزمەت ئور-
نۇم — قارا دوسكا ئالدىغا قايتىدىن كېلىش قارارىغا كەلدىم.

بىرىگە كۆيۈنۈش، ئاكا-ئۇكىلارچە مېھرىبانلىق كۆرسىتىش، قىسقىسى ئىنسانىي مۇھەببەت، رەھىم-شەپقەت قەلبىم تۆرىدىن ئاساسەن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. كۆزۈم پۇلدىن باشقىنى تونۇماس بولۇپ قاپتۇ، بولمىسا ئۆز قولۇم بىلەن تەربىيىلىگەن ئوقۇغۇ-چۇم ئايجامالنىڭ ئىسسىق كۆز ياشلىرى يۈرىكىم تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئۆز هارارىتى بىلەن ئۇنى سىمابتەك ئېرىتە-ۋەتمەسمىدى؟ ئېھتىمال ”ۋاقىت— پۇل دېمەكتۇر“ دېگەن ئەقە-دىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، چۆنتىكىمنى يەنىمۇ تومپايتىشنىڭ ياخشى پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغۇم كەلمەي، قەستەن خۇپسەنلىك قىلىپ، بىچارە قىزنىڭ دەردىگە دەرمان بولمىغاندى-مەن! ئۆزۈمنى ئوپراتسىيە قىلسام، مانا بۇ ئەڭ ئەجەللىك يېرىمدەك تۇرىدۇ! بۇ مەسئۇلىيەتتىن باش تارتالامدىمەن؟ ياق! ياق! ئۆزۈمنى هەر قانچە قاچۇرغىنىم بىلەن ئايجامالنىڭ ئۈمىد-سىزلەنگەن كۆزلىرىنىڭ هەر جايدا ماڭا مىختەك قادىلىپ تۇر-غانلىقىنى سېزىمەن. بۇ كۆزلەر ماڭا گاه نەپرەتلەنگەندەك، گاه مەندىن ئاللىقانداق بىر نېمىنى كۈتۈۋاتقاندەك باقىدۇ. ئويلا-- ئويلا، ئاخىرى چۈشەندىم: بۇ كۆزلەر مېنى مۇقەددەس بۇرچۇم-نى ئادا قىلىشقا ئۈندەۋېتىپتۇ. مېنىڭ ئەسلى كەسپىم ئادەم تەربىيىلەش، كەلگۈسىگە يارامىلىق ئەۋلاد يېتىشتۈرۈش، ياش بوغۇنلار قەلبىگە ئىلىم-پەندىن چىراغ يېقىش ئەمەسمىدى! ئە-جەبا، راستىنلا مەن: ”تەربىيە كۆرگەن مەندەك بىر ئادەم پۇل كويىدا ھەممىنى ئۇنۇتقان يەردە، نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى كىشىلەر قەلبىنى ئۆمۈچۈك تورىدەك چىرماپ كەلگەن نادانلىق، خوراپاتلىق تورلىرىنى ئۇزۇل-كېسىل ئۈزۈپ تاشلاش ئاسانغا

سىنى سېلىپ قالماستىن، بەلكى ئوڭدىمۇ ھە دېسىلا كۆز ئالدىغا كېلىۋالىدىغان بولۇپ قالدى. بەزىدە دوزاخ ئوتىدا ئازابلىنىۋاتقانلارنىڭ نالە-پەريادلىرى ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە توختىماي ياڭرىغاندەك بولاتتى. شۇ ھامان ئۇنىڭ بېشى قېيىپ، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ كېتەتتى. ھەتتا تۇرغان يېرىدىلا يىقىلىپ چۈشۈپ، خېلى چاغلارغىچە خۇدىنى بىلەلمەي يېتىپ قالاتتى. ئېسىگە كېلىپ كۆزىنى ئاچقاندىمۇ ئەتراپىدا سان-ساناقسىز مالائىكلەر پىرقىراپ ئايلىنىپ، ئارىدەك قوللىرىنى سوزۇپ، ئۇنىڭ گېلىنى بوغۇشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقاندەك، شۇ كەمگىچە ئۆتكۈزگەن بارلىق گۇناھلىرىدىن بىر-بىرلەپ ھېساب ئالمىغىچە توختىمايدىغاندەك بولۇپ تۇيۇلاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ قورقۇنىدىن بەزگەك تەگكەن ئادەمدەك لاغىلداپ تىترەيتتى، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي خۇنۇك كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە مىدىر-سىدىر قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي سائەت-سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. دوزاخ ۋەھىمىسى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە، قانداق قىلىش كېرەك؟

ئۇ، قىزى ئايجامالغا تاۋار كۆڭلەكلىك ئېلىپ بېرىشكە ئاتاپ قويغان پۇلنى خەجلەپ، تېگى سۈت رەڭ كەلگەن سۇس كۆك يوللۇق رەختتىن تۆت مېتىر سېتىۋېلىپ، ئۆزىگە پېرىجە تىكتۇردى، ئاشقان پۇلغا ئۈچ مېتىر ئاق داكا ئېلىپ، بېشىغا قازاندەك سەللە ئورىدى. ئەتىسى ئەزان بىلەن تەڭ مەسچىت ئالدىدا پەيدا بولدى. بۇنىڭدىن ھەيران قالغان ئەھلى جامائەت ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەن ھالدا بىر-بىرىگە مەنىلىك قاراشتى.

مىللىتىمنىڭ كۆزىنى ھېلىغىچە ئېتىپ تۇرغان خۇراپاتلىق،
نادانلىق چۇمپەردىسىنى يەتتە قات كۆك قەرىگە چۆرۈپ تاشلاش
ئۇچۇن ئۆز كۈچۈمنى ئايىماسلىق بىلەن بىر ۋاقىتتا، بارلىق
ئاتا-ئانىلارغا شۇنداق دەپ خىتاب قىلغۇم كېلىدۇ: ”قىز بالىمۇ
ئادەم، ئۇ ھەرگىز بوداپ باققاندىن كېيىن بويىندىن باغلاپ
يېتىلىگەن پېتى بازارغا ئاپىرىپ سېتىۋېتىشكە ياكى ئاللىقانداق
’ئۇلۇغ زات‘ نىڭ دۇئاسىنى ئالىمەن دەپ خالىغانچە دۇئا قىلدۇ-
رۇۋېتىشكە بولىدىغان پاقلان ئەمەس، بەلكىم ئۆزۈڭلەرگە ئوخ-
شاش تۇرمۇش لەززىتىنى تېتىشقا، بەخت-سائادەتتىن بەھرىمەن
بولۇشقا تامامەن ھوقۇقلۇق، تولۇق- ئىززەت غورۇرغا ئىگە
ئۇلۇغ ئىنسان!...“

—پۇشايمان قوقىسىدا ئۆرتىنىۋاتقان
بىر ئوقۇتقۇچى خاتىرىسىدىن.

* * *

چاچ-ساقىلىدىكى ئاقنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئالماس-
نىڭ غەم-ئەندىشىسى بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى. لاۋۇل-
داپ كۆيىۋاتقان دوزاخ ئوتى، ھايات ۋاقتىدا ئۆزلىرى قۇربانلىق
قىلغان قوچقار-قويلارغا مىنىپ، دەككە-دۈككە ئىچىدە پىلىس-
رات كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈشكە ئۆچرەتتە تۇرغانلارنىڭ قايغۇلۇق
چىرايلىرى، خۇدا ئالدىدا تۈرلۈك گۇناھلارنى سادىر قىلغانلىقى
ئۇچۇن بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتەلمەي ۋەيلۇن دوزاخقا چۈشۈپ كەت-
كەنلەرنىڭ ۋاژىلداپ كۆيۈشلىرى ئۇنىڭ چۈشىگىلا ۋەھىمە ساي-

دىن قۇتۇلۇش يوللىرىنى كۆرسىتىشلىرىگە مۇھتاجدۇر، تەق-سىر!

—بەللى، كارامەت! —دەۋەتتى ئارىدىن بىرى ئۆزىنى تۇتۇ-ۋالالمىغان ھالدا بېشىنى چايقاپ، —"ئوغرى قېرىسا سوپى بو-لۇر، جالاپ قېرىسا بۇۋى" دېگەن گەپ راست ئوخشىمامدۇ! توۋا، خۇدايىم، توۋا!

—شۇ ئەمەسمۇ!

—بەش ۋاق ناماز بىلەنلا شۇنچە كوپ گۇناھلىرىنى ساقىت قىلىنىۋەتكىلى بولىدىغان ئۇنداق ئاسان ئىش نەدە تۇرۇپتۇ دەيسە-لەر!...

—ئۇنداقتا ھەممە ئادەم ياشلىقىدا قىلىدىغاننى قىلىۋېلىپ، قېرىغاندا توۋا قىلدىم دەپ قويۇپلا جەننەتكە كىرىپ كېتىۋەرمە-دۇ!

—ھەببەللى، شۇنى دېمەمسەن! ئۇ چاغدا جەننەتكە ئادەم سىغامتىكى!

—بەس! —ھىدايىتۇللا ھاجى جامائەتنىڭ پوروقلاپ قايىنا-غىلى تۇرغان پىكىر قازىنىغا بىر نوگاي سوغۇق سۇ قۇيۇشقا مەجبۇر بولدى، —دۇنيادا ئازمايدىغان ئادەم بارمۇ؟ ئاللانىڭ ھىممىتى چوڭدۇر، قۇدرىتى تەڭداشسىز ئىگەم ئۆزگۇناھىنى تونۇپ تۆۋە-ئىستىغبار ئېيتقان ھەر قانداق بەندىسىنى مېھىر-شەپقەت دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا قويمايدۇ. ئالمىساخۇن قىل-مىش-ئەتمىشلىرىگە پۇشايمان قىلىپ، خۇدا ئالدىدا مۆمىنلىك پەرزىنى ئادا قىلماقچى بولغانىكەن، ئەلۋەتتە ئۇنى ئارىغا ئالمى-غىمىز، جامەدىن بىر كىشىلىك ئورۇن بەرمىكىمىز ھاجەتتۇر!

مەسچىت ئىمامى — ئاپئاق ساقاللىق ھىدايىتۇللا ھاجى كۆ-
زىنى ئوۋۇلىۋېتىپ، ئۇنىڭغا باشتىن-ئاياق سىنچىلاپ قاراپ
چىققاندىن كېيىن دېدى:

— ھوي ئالمىساخۇن، بۇگۈن كۈن قاياقتىن چىقتى؟ ئې-
زىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىلىمۇ نېمە؟

— يوقسۇ، تەقسىر، — ئالماس شەلپەردەك قىزىرىپ كەت-
كەن چىرايىدىكى خىجىللىقنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ، قول باغ-
لاپ ئالدىغا سەل-پەل ئېگىلدى، — ئىلگىرى مەن ئۆزلىرىنى-
ڭ: "بەش ۋاق نامازنى بەجا كەلتۈرمەك ھەر بىر مۇسۇلمانغا
پەرزدۇر. ناماز ئۈستىدە قىلغان دۇئا-تىلاۋەت بەندىلەرنىڭ گۇ-
ناھىنى ساقىت قىلىپ، مۇراد-مەقسىتىگە يەتكۈزگەي..." دېگەن
ۋەزلىرىنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇ چاغدا ياشلىق قىلىپ، كوچا-كوي-
لاردا يۈرۈپ قاپتىمەن، ئارزۇ-ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرىپ،
ۋەز-نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماپتىمەن. شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن
گۇناھلارنىمۇ سادىر قىلدىم. مەن دېمىسەممۇ، بۇ، ئۆزلىرىگە
بەش قولدەك ئايان. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە قارىسام،
ساقىلىم ئەللىباغا يېتىپتۇ، يېشىم ئەللىكتىن ئېشىپتۇ، بۇنداق
كېتىۋەرسەم دوزاخقا تۇتۇرۇق بولۇپ كەتكۈدەكمەن. ھېلىھەم
بولسىمۇ بەش ۋاق نامازنى قولدىن بەرمەي، تۆۋە-ئىستىغبار
ئېيتسام، بىزدەك ئاجىز بەندىلىرىنى ياراتقان شەپقەتلىك ئىگەم
ئۆزى كەچۈرەر، ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمىنىڭ تېگىنى بولسىمۇ
ساقىت قىلار دېگەن ئۈمىد بىلەن بۇ مۇقەددەس مەسچىتكە ئاياغ
بېسىشقا جۈرئەت قىلىشىم. پېقىر ئەھلى جامائەتنىڭ ئارىغا
ئېلىشىغا، ئۆزلىرىنىڭ ھېكمەتلىك دۇئالىرىغا، دوزاخ ئازابى-

— بۇرۇن بىر تەقۋادار مۇسۇلمان بولغانىكەن، ئۇ ھەر كۈنى بەش ۋاق نامازنى تولۇق بەجا كەلتۈرگەندىن باشقا ئەتى- دىن-كەچكىچە جايىنمازدىن قوپماي، ئاللا تائالاغا تائەت-ئىبا- دەت قىلىدىكەن، ئۆزىنىڭ ياتقان يېرىنىڭ جەننەتتە بولۇشىنى تىلەيدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ خىزىرگە ئۇچراپ قىلىپ، خۇدانىڭ ئۆزىگە جەننەتنىڭ قانداق يېرىدىن ئورۇن ھازىرلاپ قويغانلىقىنى سوراپ بىلىۋالماقچى بولۇپتۇ.

— قەيەردىن كېلىۋاتىلا، ھەزرىتىم؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ خىزىردىن ئەدەپ بىلەن.

— خۇدانىڭ دەرگاھىدىن، — دەپتۇ خىزىر ئۇچتەك ئاپئاق ساقىلىنى سىپاپ تۇرۇپ.

— خۇدا نېمە ئىش قىلىۋېتىپتۇ؟ — ھېلىقى تەقۋادار كىشى ھەيران قالغان ھالدا سوئال سوراشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

— خۇدا تۆگىنى يوك-تاقىسى بىلەن يىڭنە تۆشۈكىدىن ئوت- كۈزۈۋېتىپتۇ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ خىزىر.

— يىڭنە تۆشۈكىگە تۆگە قانداق پاتىدۇ؟ — دەپ ۋارقىرىۋې- تىپتۇ ھېلىقى كىشى بۇ ئىشنى ئەقلىگە سىغدۇرالماي.

شۇ ئەسنادا ئۇلارنىڭ يېنىدىن لەلەڭلەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر بەڭگى سۆز قىستۇرۇپتۇ:

— خۇدانىڭ قۇدرىتى تەڭداشسىز، نېمە قىلىمەن دېسە شۇنى قىلالايدۇ!

خىزىر باتىن كۆزى بىلەن قارىغۇدەك بولسا، ھېلىقى تەقۋا- دار مۇسۇلماننىڭ جەننەتتىكى ئورنى، بەڭگىگە تەييارلانغان دو- زاختىكى ئورۇنغا ئالماشتۇرۇپ قويۇلغانمىش.

جامائەت تەۋرەندى، غۇلغۇلا بىر پەس داۋام قىلغاندىن كې-
يىن پەسكويغا چۈشتى. ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئەل قاتارى
ئولتۇرۇپ بامدات نامىزىنى ئوقىدى. ئۇنىڭ چاپاق باسقان خۇ-
نىك كۆزلىرى ئىختىيارسىز ياشلاندى، قەلب ئاسمىنىدا ئۈمىد
چىرىغى ياندى، دوزاخ ۋەھىمىسىدىن ئاز-تولا خالاس بولغاندەك
بولدى.

نامازدىن كېيىن ھىدايىتۇللا ھاجى ئۇنى بىريانغا تارتىپ
يېتىم-يېسىرلەرگە كۆپرەك خەيرىخاھلىق قىلىشقا، ساھىل-
شەيخلەرگە كۆپرەك ئۆشرە-زاكات، ئۇلۇغ ئەۋلىيا-ئەنبىيا،
خوجا-ئىشانلارغا كۆپرەك سەدىقە بېرىشكە دالالەت قىلدى.

— سەدىقە بالانى يەر، تۆۋە گۇناھنى،— دېدى ئۇ سەۋرىچان-
لىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ،— يېتىم-يېسىرلەرگە قىلىنغان خەي-
رىخاھلىق، دىۋانە-شەيخلەرگە بېرىلگەن ئۆشرە-زاكات؛ ئۇلۇغ
ئەۋلىيا-ئەنبىيا، خوجا-ئىشانلارغا بېرىلگەن سەدىقە— بەندىنىڭ
ھەر قانداق گۇناھىنى يەڭگىللىتىدۇ. ئۇلۇغ زاتلارنىڭ دۇئاسى-
نى ئېلىش بىر قېتىم ھەج قىلغانغا باراۋەر، ۋەھالەنكى، پەي-
غەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك ئىزلىرى چۈشكەن مۇقەددەس مەككىگە
قەدىمى يەتكەن ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ جەننەتكە كىرىمكى
شەكسىزدۇر!

ھىدايىتۇللا ھاجى يەنە بەش ۋاق نامازنى تەرك ئەتمەسلىك-
نىڭلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقى، خۇدانىڭ ئۇلۇغلىقىدىن گۇمانلى-
نىشقا، ئۇنىڭ قۇدرىتىگە شەك كەلتۈرۈشكە بولمايدىغانلىقى
توغرىسىدا ۋەز ئېيتىپ كېلىپ، مىسال سۈپىتىدە مۇنداق بىر
ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى:

زىكرە قىل. مەيلى نەگە بارما، نەدە تۇرما سۆز-ھەرىكىتىڭگە پەخەس بول، ئۇيىنىساڭمۇ ئويلاپ سۆزلە. بولۇپمۇ دىن يولىدىن چىققانلارنى ئۆزۈڭنى مىسالغا ئېلىپ قايىل قىلىپ تاپقا كىرگۈزۈشكە تىرىش. ئۇلارغا ھەقىقىي تۆۋە قىلغانلىقىڭنى ئەمەلىي سۆز-ھەرىكىتىڭ بىلەن ئىسپاتلاپ ئۇلگە كۆرسەت، شەرىئەتنىڭ بارلىق پەرىزلىرىنى ئادا قىل! ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ خۇدا شۇ چاغدا بارلىق گۇناھىڭدىن ئۆتۈپ، ئۈستۈڭگە مېھىر-شەپقەت نۇرىنى چېچىپ قالسا ئەجەب ئەمەس!...

ھىدايىتۇللا ھاجى ھاياجاندىن لىكىلداپ تىترىگىلى تۇرغان ساقىلىنى سىپاپ دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئالما ياغىچىدىن ياسالغان، سىلىغدىلىپ پارقىراپ كەتكەن ئىلمەك بويۇنلۇق ھاسىسىنى توكۇلداتقان پېتى ئۆيى تەرەپكە قاراپ يۇرۇپ كەتتى...

نېمە ئۇچۇندۇر، شۇ كۇنى كېچىسى ئالماسنىڭ كۆزىگە زادىلا ئۇيقۇ كەلمىدى. ھىدايىتۇللا ھاجىنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى ئەقىل تارازىسىدا بىر-بىرلەپ ئۆلچەپ كۆردى. بۇنىڭ ئىچىدىن قايىسىنى ئەمەلدە كۆرسىتىشكە قۇربى يېتىدىغانلىقى، قايىسىسىغا ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقى ئۇستىدە باش قاتۇردى. يېتىم-يېسىرلار ئىچىدىن كىمگە خەيرىخاھلىق قىلسا بولىدىكىن؟ ئالمىخان ئاچىغىمۇ ياكى ئەمەت چولاقمۇ؟ ئالمىخان ئاچا ئىگە-چاقىسىز، تىكەندەك يالغۇز موماي، ئۇنىڭ ئۇستىگە كېسەلچان. ئالماس ئۇنىڭ ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەرسە، ئوتۇن يېرىش، سۇ تۇتۇش، ئۇن-پۇن، گۆش-پۆش، ئوتياش-پوتياش ئېلىش ئىشلىرىغا ياردەملەشسە، ئەلۋەتتە ساۋاب بولىدۇ.

— دېمەكچىمەنكى، — دېدى ھىدايىتۇللا ھاجى گېپىنىڭ ئا-
خىرىدا، — خۇداغا بولغان ئىخلاسمەنلىك ئىنتايىن مۇھىمدۇر.
ھېلىقى تەقۋادار كىشى خۇداغا بىر ئۆمۈر تائەت- ئىبادەت قىلغان
بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن گۇمانلانغانلىقى، تەڭداشسىز
قۇدرىتىگە شەك كەلتۈرۈپ كۇپۇرلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن دوزاخ-
قا تۇتۇرۇق بولۇپ كەتكەن. بەڭگى ئۆمۈر بويى نەشە چېكىپ،
قىمار ئويناپ، كەيپى-ساپا قىلغان بولسىمۇ، خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇ-
قىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن جەننەتكە كىرگەن. ئۇكام، ئالىمسا-
خۇن، سەنمۇ ئۆمرۈڭنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى بىناماز ئۆتكۈ-
زۈۋەتتىڭ. راستىنى ئېيتقاندا، خۇدانىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتىگە
ئىشەنمىدىڭ، مۇسۇلمانچىلىقتا قاتتىق تەقىپ قىلىنغان خېلى
كۆپ ناشايان ئىشلارنىمۇ قىلدىڭ. ھېلىھەم بولسىمۇ خۇدا كۆڭ-
لۈڭگە ئىنساب سالغان ئوخشايدۇ، قىلمىشىڭغا تۆۋە قىلىۋاتىد-
سەن، بۇ— ياخشىلىقتىن بىشارەتتۇر. ھازىر ئىمانسىزلار كۆپە-
يىپ كېتىۋاتىدۇ، بەزىلەر ھەتتا يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ خۇدا-
غا تىل تەگكۈزۈۋاتىدۇ. مۇشۇنداق پەيتتە كۆكرەك كېرىپ ئوت-
تۇرىغا چىقىپ ئىسلامىيەتنى قوغداش- قوغدىماسلىق، دىنسىزلا-
رغا قارشى كۈرەش قىلىش- قىلماسلىق— ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ
خۇداغا بولغان ئىخلاسمەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان بىر سىناق. قۇدى-
رىتى تەڭداشسىز ئاللا بارلىق بەندىلىرىنىڭ قىلمىش- ئەتمىش-
لىرىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ھەتتا كۆڭلىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلى-
قىنى بىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا يۇقىرىقى پەندى- نەسىھەتلىرىمنى
ئېسىڭدە چىڭ تۇتۇپ، كۆپرەك ساۋابلىق ئىش قىلىشقا تىرىش.
ھەر ۋاقىت، ھەر مىنۇت ئاللاتائالانىڭ ئۇلۇغ نامىنى دىلىڭدا

لىك قىماردىلا يىڭنە چاغلىق نەرسە قالدۇرماي ئۇتتۇرۇۋېتەتتى
ياكى ئامىتى كېلىپ قالغان چاغلاردا بىرنى ئون قىلىۋالاتتى.
ئەمەت خېلى پىشىپ قالغان، دىتى بار قىمارۋاز بولغاچقىمى-
كىن، بەزىدە مەن-مەن دېگەن كونا قىمارۋازلارنىمۇ ھەش-پەش
دېگۈچە ئۇتقىدا قوياتتى-دە، كېرىلىپ تامغا يۆلەنگىنىچە كىچىك-
كىنە، پارقىراق ناسۋال قاپىقىنى ئالدىرىماي قوينىدىن چىقى-
راتتى. ئاندىن ئاغزىنى چىۋىن تۇتۇشقا تەمشىلىۋاتقان پاقىغا
ئوخشاش يوغان ئېچىپ، سول قولى ئالقىنىغا تۆكۈپ تەييار
قىلىپ تۇرغان بىر ئۇچۇم ناسۋالنى تىلىنىڭ ئاستىغا باساتتى.
تۆۋەنكى كالپۇكىنى ھىمىرىپ بىر ھازا مەززە قىلغاندىن كې-
يىن، گويا ئەتراپىدا ھېچكىم يوقتەكدەك كەلگەن يەرگە
"چىرت-چىرت" قىلىپ تۈكۈرۈشكە باشلايتتى. بۇنداق چاغلاردا
ئۇتتۇرۇۋەتكەن باشقا قىمارۋازلارغا ئوخشاش ئالماسمۇ ئۆزىنىڭ
قۇرۇقداپ قويۇلغان چۆنتىكىنى سىيلىغان ھامان يۈرىكىنى بىر-
سى سۇغىرىۋالغاندەك ئىچ-ئىچىدىن ئۆرتىنىپ كېتەتتى. كۆ-
رەڭلەپ ئولتۇرغان ئەمەتنى ئېزىقىغا ئېلىپ چاينىۋەتكۈسى كې-
لىپ چىشلىرىنى ئىختىيارسىز غۇچۇرلىتىپ قوياتتى. "خەپ
توختاپتۇر! — دەيتتى ئۇ غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇپ، — بىر كۈنى
ئەمەس بىر كۈنى ماڭىمۇ ئۆچ ئېلىش پۇرسىتى كەپقالار، ئاناڭ-
دىن تۇغۇلغىنىڭغا يۈزمىڭ پۇشايمان قىلغۇزمايدىغان بولسام
ئوغۇل بالا بولماي كېتەرمەنا! ..." بۇنداق پۇرسەتنى ئۇزۇن
ۋاقىت كۈتۈپ تۇرۇشقا توغرا كەلمىدى. گاھ "چۇ"، گاھ "سى-
يا" غاچۇشۇۋاتقان رەڭدار تۆت ھوشۇققا ئىنتىزارلىق، ھاياجان،
ئەندىشە، ئۆچلۈك، قىزغىنىش، ۋەھىمە ئىلكىدە بىر كېچە

ناۋادا ئالماس ياش چېغىدا ئالمىخان ئاچىنىڭ قۇربانلىققا ئاتاپ
بورداپ باققان بىر پاقلىنىنى ئوغرىلىۋالمىغان بولسىدى، ئۇنىڭ
ھازىرقى خەيرىخاھلىقىدىن تەسىرلىنىپ كەتكەن بىچارە مەزلۇم-
نىڭ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا قولىنى ئېگىز كۆتۈ-
رۈپ دۇئا قىلىپ قويۇشمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ئىدى.
ئەپسۇسكى، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قال-
دى. قۇربانلىق قىلالماي ئارماندا قالغان ئالمىخان ئاچا ھۆڭرەپ
يىغلىغان پېتى ئالماسنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى. شالاڭ ئۆچكە
ساقىلىنى يۇڭدىدى، ”ئەدىبىڭنى مەن بېرەلمىسەم خۇدا ئۆزى
بېرەر“ دەپ قارغىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئالماسنىڭ يۈزىگە
قارىماس بولدى، ھەتتا بەزىدە ئۇدۇللىمۇ ئۇدۇل كېلىپ قالغاندا
غىپپىدە ئارقىسىغا يېنىپ كېتىپ قالاتتى ياكى ئايلىنىپ ئۆتۈپ
كېتەتتى. ھالا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئالماس ئۇنىڭغا خەيرى-
خاھلىق قىلىمەن دېسە، مىجەزى چۇس موماي ماقۇل دەمدۇ؟
ئالماسنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى كەچۈرەمدۇ؟ ياق، ئالماس ئۇنىڭ
يۈرىكىدە ساقايماس يارا قالدۇرغان، ئۆزىنى بوسۇغىسىغىمۇ يول-
لاتماسلىق كۆزىگە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. دېمەك ئالمىخان
ئاچىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىش قۇدۇقتىكى ئاي شولىسىنى سۈزگەن-
گە باراۋەر، ئاقمايدۇ. ئۇنداق بولسا ئەمەت چولاقنىڭ ئايىغىغا
باش قويۇپ، ئۆزىگە بىر قېتىم بويىنىدىكى گۇناھىنى ساقىت
قىلىش پۇرسىتى بېرىش توغرىسىدا يېلىنىپ باقسا قانداق بولى-
دىكىن؟ ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىدە تۇرۇپتۇ: ئۇ، ئالماسنىڭ ئاس-
مانغا پىچاق ئاتىدىغان تازا قىران چاغلىرى ئىدى. ئىككى-ئۈچ
كېچە ئوغرىلىق قىلىپ تاپقان بارلىق ئولجىلىرىنى بىر كېچى-

تىكىدىغان بىرەر نەرسەڭنى چىقارمامسەن؟

—جىنىمدىن باشقا ھېچنېمەم قالمىدى، —دېدى ئەمەت بوش ئاۋاز بىلەن، — بۇگۇن مەندىن ئامەت قاچقان چېغى، تولا زورلاۋەرمە، ئۇكام. تاڭمۇ سۇزۇلەي دەپ قاپتۇ، ئىسسىقىدا ئۆيۇمنى تېپىۋالغىنىم تۇزۇكتەك تۇرىدۇ.

—ئىش مۇنداقتى دېگىنە! —ئالماس چۆچە خورازدەك ھۆرپىيىپ، سوز قۇتىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋەتتى، —سەن ئۇتتۇۋالساڭغۇ كۆزىمىزگە كىرىۋېلىپ ئارام بەرمەيتتىڭ، ئۇستىمىزدىكى كۆڭلەك- ئىشتانلاردىن تارتىپ ئۇتۇۋېلىپ ئادەمنى تۇغما ھالەتكە كىرگۇزۇپ قويىمىغۇچە بولدى قىلايلى دېمەيتتىڭ. ئەجەب بۇگۇن ياۋاشلاپ قاپسىنا؟ تۆت ئاتلىق ھارۋا سۆرىيەلىگۇدەك سۆلەت- ئەلپازىڭ نەگە كەتتى، ئاكا! ”جىنىمدىن باشقا ھېچنېمەم قالمىدى“ دەيسەن تېخى! جېنىڭ بولغاندىكىن، شۇ جېنىڭنى تىك! جېنىڭغا چىدىمساڭ خوتۇنۇڭنى تىك، مانا مەن دوغا چىقىمەن!

ھاقارەتكە چىدىمىغان ئەمەتنىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇردى، غەزەپتىن كۆزلىرىگە قان تولدى، تولغىما بۇرۇتلىرى لىكىلداپ كەتتى. ئۇ تاقىر بېشىدىكى شاپاق دوپپىسىنى چۆرۈپ تاشلىدى، شاتىۋا بەلبېغىنى يەشتى، ئۇزۇن ئاق ماتا كۆڭلىكىنى سېلىۋېتىپ يالىڭاچلاندى، قىمارۋازلار قاتتىق مۇشتلىشىشنىڭ قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالغانلىقىنى پەملەپ تىگىرقاپ قېلىشتى. شۇ ئەسنادا قېرىراق بىر قىمارۋاز ئارىغا چۈشتى:

—قىمار دېگەننى چىدىغانغا چىقارغان، ئۇكام، ئۆپكەڭنى سەل بېسىۋالساڭ بولارمىكىن! خوتۇنۇڭنى تىك دېگەنگە ئۇنچە-

قادىلىپ قانغا تولغان كۆزلەر يېغى تۈگىگىلى تۇرغان جىن چىراغقا ئوخشاش پىلىلداپ قالغاندا، "يادەتتىكەم!" دەپ تولا ۋارقىراپ كۆپۈكلىشىشكە باشلىغان ئېغىزلارغا ماسلىشىپ ھەرىكەتلىنىۋاتقان قوللار خوراز تاجىدەك قىزىرىپ كەتكەن يۇڭلۇق مەيدىلەرگە يول-يول ئىز سېلىپ، يەنە ئۇستى-ئۇستىلەپ ۋاقىلداپ تېگىۋاتقان شاپىلاق زەربىنى سەزمەس قىلىپ قويغاندا ئالماسنىڭ ئامىتى كېلىپ قالدى بولغاي ئەتىمالىم، ھوشۇقنى ئۇدا تۆت قېتىم "سىيا"غا كەلتۈرۈپ، ئەمەتنىڭ بار-يوقىنى قالدۇرماي سىرىۋەتتى. ئالماس مەمنۇن بولغان ھالدا كىرىلدى، گىدەيدى. چىرايى سارغىيىپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك شۈمشىيىپ قالغان ئەمەتكە قاراپ راھەتلەندى، پۇخادىن چىقتى. ئاندىن مونەك-مونەك پۇللارنى پوملاپ قوينىغا سېلىۋېتىپ ئويلىنىپ قالدى: ئۇنىڭ پۇلىنى ئۇتۇۋېلىپلا بولدى قىلغاننىڭ نېمە پايدىسى بار؟ يۈرىكىدە مەڭگۈ ئۆچمىگۈدەك داغ قالدۇرمىسا، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىر تونۇتۇپ قويمىسا بولامدۇ؟ قىمارۋازلىق دېگەن ئادەمنى بۈگۈنى باي قىلسا، ئەتىسى گاداي قىلىپ قويىدىغان بىر ھۈنەر، تۇتامى يوق. ئۇ كېيىنچە يەنە ئۇتۇۋېلىشى مۇمكىن، ئۇ چاغدا ئەمەتنى كۆرەڭلىمەيدۇ دەپ كىممۇ مەيدىسىگە ئۇرالايدۇ؟ شۇڭا ئالماس ئامىنى كەلگەندە ئۇنى تازا كەلتۈرۈپ بىر باپلىشى كېرەك ... ئالماس ئۆز خىيالىدىن ھوزۇرلىنىپ ھىجايدى، قوينىدىكى پۇللارنى قايتىدىن يەرگە تۆكتى.

—قېنى، ئەمەتكا، —دېدى ئۇ چېچىلىپ ياتقان پۇللارنى كۆزى بىلەن ئىشارە قىلىپ، —مەن ھەممىنى تىكتىم، سەنمۇ

دى.

—سېنىڭ دوغا تىككەن پۇلۇڭ قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك
پۇلنى مەن بىرئاي ئىچىدە جەملەپ بېرەي، —دېدى ئەمەت يالۋۇ-
رۇپ، —بىكاردىن-بىكار ھەيمىنناق-چولاق بولۇپ قالماي! ھەم-
مىمىز مۇسۇلمان ئادەم، رەھىم قىل ئۇكا! بىر بارمىقىمنى
كېسىۋالساڭ ساڭا نېمە پايدا؟ ئويلىنىپ باق!

—”يولۋاس ئىزىدىن يانماس، يىگىت سۆزىدىن“ دېگەن گەپ-
نى ئاڭلىمىغانمىدىڭ، ئاكا! —دېدى ئالماس يېڭىنى شىمايلىغاچ
سوغۇق كۈلۈپ، —ئۇنداق بولسا سەن ئۆزۈڭنى بۇنىڭدىن كېيىن
مەن خوتۇن كىشى دەپ جاكارلا، بارمىقىڭنى كەسمىسەممۇ كەس-
مەي!

قىمارۋازلار پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى، ئەمەت ئۆلگۈدەك
ئىزا تارتتى، خورلۇق ھېس قىلدى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى بېسى-
ۋېلىپ، دېدى:

—بولدى، شۇنچىلىك كەسكىنىڭ كېلىپ كەتكەن بولسا كې-
سىۋالساڭمۇ كېسىۋال، لېكىن سول قولۇمنىڭ چىمچىلاق بار-
مىقىنى كېسىسەن!

—ياق، ئوڭ قولۇڭنىڭ ئوتتۇرا بارمىقىنى كەسكىنىم
كەسكەن!

—ئۇنى كەسمەيسەن!

—كېسىمەن!

دە تالاش ئەۋجىگە چىقتى، ئىككىيلەن چۆجە خورازلاردەك
ھۆرپىيىپ ئۆزئارا خىرس قىلاتتى، بىر-بىرىنى يېڭۋەتكۈدەك
ھومىيىشاتتى، پوكاندەك قىزىرىشىپ تاكاللىشاتتى. ئاخىرى

ۋىلا تېرىكىپ كېتىشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟ مانا مەنمۇ ياش چېغىمدا
ئىككى خوتۇنۇمنى ئۇتتۇرۇۋەتكەن، ئورنىغا سەپلىۋالغان ئۇچىنـ-
چى خوتۇنۇمنىڭ ئالدىنقى ئىككى خوتۇنۇمدىن مىڭ ھەسسە ياخـ-
شى چىقىپ قالىدىغانلىقىنى ئۆز ۋاقتىدا خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ
باقمىغان دېگىنە. نەتىجىدە يامان ئىش ياخشى ئىشقا ئايلىنىپ،
چىرايىغا چاي قويۇپ ئىچكۈدەك، ھەر قانداق جىڭغا سالسا
ئولتۇرغۇدەك بىر بەلەن خوتۇنغا ئىگە بولۇپ قالدىم. راستىنى
ئېيتقاندا، قىمارۋاز دېگەنگىچۇ، ئۇكا، خوتۇن دېگەن پۇل-پىـ-
چەك، تامبال-كۆڭلەككە ئوخشاشلا ھېچنېمىگە ئەرزىمەس بىر
نېمە. ئۇتتۇرۇۋەتسەڭ ئورنىغا يېڭىنى سەپلىۋالالايسەن. شۇغىـ-
نىسى زامان ھازىر بۇنداق قىلىشقا يول قويمايدىغان بولۇپ
قالدى، شۇڭا بىر بارمىقىڭنى تىك، خەق بىرنېمە دېسىمۇ ئېھـ-
تىياتسىزلىقتىن توغرىلىپ كېتىپ قالدى دەپ قۇتۇلۇۋېرىسەن.
ئالماسمۇ چىداپ يېنىدىكى بارلىق پۇل-پىچەكلىرىنى تىكسۇن،
تەلەيدە بوڭ-بوڭ. تەلىيىڭ ئوڭدىن كەلسە ئۇتۇۋېلىپ باي بولا-
رسەن، شۇم پېشانە بولساڭ بىر بارماق دېگەنىڭمۇ كارى چاغـ-
لىق!

سالا-سۇلا قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى ئەمەت بىر بارمىقىنى،
ئالماس بارلىق پۇل-پىچەكلىرىنى دوغا تىكتى. قىماردا بىر
قېتىم ئامەت قاچقان ئادەمدىن ئاخىرىغىچە ئامەت قاچسا كېرەك،
بىچارە ئەمەت دەككە-دۈككە ئىچىدە تىترەپ تۇرغان بارماقلىرى
بىلەن ئاتقان ھوشۇق ئۆز ئىگىسىنىڭ مەڭگۈلۈك بەختىگە ئولـ-
تۇردى. ئالماس يېنىدىن يەڭدەك يوغان پىچىقىنى چىقىرىپ،
ئۇنىڭ ئوڭ قولىنىڭ ئوتتۇرا بارمىقىنى كېسىمەن دەپ تۇرۇۋال-

ئەمەت ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر چولاق بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى
بولغان تاش يۈرەك ئالماسنىڭ گۇناھىدىن ئۆتەرمۇ؟ ئەمەتنىڭ
ئۇنىڭغا قارايدىغان كۆزى يوق، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ئالدىغا بارىدى-
غان بولسا شەمشەردەك ئىتتىك بەلچىسى[1] بىلەن ھەممە بارماقلى-
رىنى كېسىپ تاشلىمىغان تەقدىردىمۇ، ھېچبولمىغاندا "قىزار-
ماي ئالدىمغا كېلىشكە قانداق پېتىندىڭ!" دەپ ئالماسنىڭ بو-
زۇرۇپ-تاتىرىپ تۇرغان يۈزىگە تازا كېلىشتۈرۈپ شالاقىدە
بىرنى تۈكۈرۈشى تۇرغان گەپ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئەمەتكە
بىرەر ساۋابلىق ئىش قىلىپ بېرىپ، ئۆز گۇناھىنى يەڭگىللى-
تىش ئۈستىدە ئېغىز ئېچىش يىڭنە بىلەن قۇدۇق قازغاندىنمۇ
بەسى مۇشكۈل! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمەتنىڭ ئوتتۇرا قولدەك ئۈچ
ئوغلى بار، كۈچىدىن قېلىشقا باشلىغان ئالماسنىڭ ئالىلىقانداق
ياردەم، خەيرىخاھلىقلىرىغا مۇھتاج ئەمەس. بۇ يولمۇ ئېتىكلىك
بولسا، بۇ دۇنيادا ئۆزىنى ئادەم قاتارىدا كۆرگەن بىردىنبىر
قاياشى—قېيىن ئانىسى پاشاخاننىڭ بى ئەجەل جان تەسلىم قىلى-
غان قىزى دەردىدە يىغلاپ جاراھەتلەنگەن يۈرىكىنى تۆۋە-ئىستىغ-
پار مەلھىمى، كۆيۈمچانلىق-مېھرىبانلىق كەۋسىرى بىلەن سا-
قايتىشقا، ئەقلىنى جايىغا كەلتۈرۈشكە بولارمۇ-يا؟ پاشاخانغۇ
ئەسلىدە تولىمۇ كەڭ قورساق، ئاق كۆڭۈل، ئوچۇق، رەھىم-
دىل، مېھرىبان ئايال ئىدى. بولمىسا ئەتىۋارلىق قىزىنى يول-
دىن چىققان ئوغرى، قىمارۋازغا خوتۇنلۇققا تۇتقۇزۇپ قويمايت-

[1] بەلچە—موزدۇزلار كۆن كېسىش، پاشنا سىلىقلاشقا ئىشلى-
تىدىغان بىر خىل تىغ. ئاپتوردىن.

يەنە ھېلىقى قېرى قىمارۋاز ئارىغا چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى:
— ئۇكام ئەمتاخۇن، ھەممە ئوقەتنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق قا-
ئىدە-يوسۇنلىرى بولىدۇ. قىمارۋازلىقتا قىلغان گېپىدىن يېنى-
ۋالىدىغان ئىش ئەزەلدىن يوق. بۇ ھەقتە ئالدىن ئېنىق كېلىشى-
ۋالمىغاندىن كېيىن، قايسى بارمىقىڭنى كېسىش ئالماس قارى-
نىڭ ئىختىيارىغا باغلىق. ئۇنىڭ دېگىنىنى كەسكىلى قويمىساڭ
بىزدىمۇ نائىلاج سېنى يەرگە بېسىپ قىمارۋازلىقنىڭ مۇقەددەس
قائىدە-يوسۇنلىرىنى ئادا قىلماقتىن باشقا چارە قالمايدۇ!
ئۆزلىرىنىڭ چۆنتەكلىرىنى ھەمىشە قۇرۇقداپ قويىدىغان
ئەمەتتىن ئۆچ ئېلىش پۇرسىتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى پەملى-
گەن قىمارۋازلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ ”ئاللا-كاللا“دەپ
ۋارقىراش-جارقىراشلىرىغا، تىپچەكلەشلىرىگە پەرۋامۇ قىل-
ماي، ئۇنى ئولاش-چولاش يەرگە باستى، ئوڭ قولىنىڭ ئوتتۇرا
بارمىقىنى قايرىپ بوسۇغىغا قويۇپ تۇتۇپ بەردى. ئالماس پىچى-
قىنى زەرب بىلەن ئۇرۇۋىدى، ئەمەتنىڭ ئېچىنىشلىق چىقىرى-
شىغا ئەگىشىپ ئوقتەك ئېتىلىپ چىققان قىپقىزىل قان ئۇنىڭ
غەلىبە شادلىقى جىلۋە قىلىپ تۇرغان ئاق سېرىق يۈزىگە چاچرى-
دى. ئۈزۈلگەن بارماق يېرىم ماڭدام نېرىغا چۈشۈپ «دىك-
دىك» قىلىپ ئىككى-ئۈچ قېتىم سەكرەپ جىم بولۇپ قالدى.
قىمارۋازلاردىن بىرى ئەسكى مازنى كۆيدۈرۈپ يارا ئۈستىگە
بېسىپ قاننى توختاتقاندا، ئەمەت ئاللىقاچان ھوشىدىن كەتكەنى-
دى. شۇ ۋەقەدىن كېيىن ئەمەت قىماردىن ئۈزۈل-كېسىل قول
ئۈزۈپ، ئاتا كەسپى موزدۇزلۇقنى تېپىۋالدى. لېكىن ”ئەمەت
چولاق“دېگەن لەقەم ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك سىڭىپ قالدى. ئەنە شۇ

تىشتى. شۇۋىرغان بارغانسېرى كۈچەيمەكتە، ئۆلۈم تەھدىتى يېقىنلاپ كەلمەكتە. بىراق ھازىر ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرغۇدەك ماجالى يوق، پۈتۈن ئەزايى سىقىراپ ئاغرىۋاتىدۇ. ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى رىسقى شۇنچىلىك بولسا كېرەك، باشقا كەلگەننى كۆرمەكتىن باشقا نېمە ئامال بار؟

ئالماس ئاخىرى چوڭ يولغا يېتىپ بېرىۋېلىشتىنمۇ ئۈمىد-نى ئۈزۈپ ئۆمىلەشنى توختاتتى. ئۇنىڭ تاراڭغىدەك قېتىپ قالغان قوللىرى مېڭىسىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمىدىغاندەك ئە-مەس، پىكرىمۇ چېچىلىپ كېتىۋاتىدۇ. يۈز-كۆزلىرىگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇۋاتقان قار ھەش-پەش دېگۈچە مۇزغا ئايلىنىپ كىرپىكلىرىنى بىر- بىرىگە چاپلاپ قويۇۋاتىدۇ. ئۇ ھېچبولمى-غاندا كىملەر بىلەندۇر ۋىدالىشىۋېلىشنى ئويلىدى. لېكىن ئۇ-نىڭ بىلەن ۋىدالىشىدىغان كىم بار؟ ئۇ ھازىر بۇ دۇنيادا تىكەن-دەك يالغۇز. ئۇنىڭ نە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، نە دوست-بۇرادەر-لىرى يوق. تاۋكادىكى ئۇلپەتلىرىنىڭ ئەھۋالى بولسا باياتىنقى-دەك. ئۇلاردىمۇ ئوخشاشلا دوستلۇق، ۋاپا، مەردلىك، ئىنسان-پەرۋەرلىك دېگەنلەردىن قىلچە ئەسەر يوق. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ كىمدىن ئاغرىنىدۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمدىن ئاغرىنىشقا ھەقلىق ئەمەسلىكىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ. ئاغزى گەپكە كېلىدىغان چاغدا پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بىرەر كۈن بولسىمۇ خۇۋلىقنى كۆرمىگەن بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىۋالسا قانداق بولاركىن؟ توغرا، شۇنداق قىلىش كېرەك! دۇنيا ئۇ-رۇق-تۇغقان سۈرۈشتۈرمەيدۇ، يېقىن-يىراق دەپ ئايرىمايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشىۋېلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ياكى قىز-

تى. ئالماس پاشاخاننىڭ كۈتكەن ئۈمىدىنى يەردە قويۇپ، ئاي-گۈلنىڭ بېشىغا چىققىنىنى ئاز دېگەندەك، ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ ساراڭ قىلىپ قويۇپ، ئۆلگەندىن بەتتەر ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغىنىنى يادىغا ئالسىلا خىجىللىقتىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالىدۇ، ئۇ ھەقىقەتەن پاشاخانغا يۈز كېلەلمەيدۇ…

ئالماسنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنى ئادەم قىلالماي يىغلاپ-قاقشاپ ئارقا-ئارقىدىن ئالەمدىن ئۆتتى. بىر يىلغا قالمايلا ئۇ ئاتا-ئانىسىدىن قالغان بارلىق بىسات — بىر موزايلىق ئىنەك، بىر خوراز، ئۈچ مېكىيان، ئىككى ئۆچكە، بىر ئېشەك ۋە ئىككى ئېغىزلىق ئۆينى بارلىق ئۆي جاھازلىرى بىلەن قوشۇپ پاك-پاكىزە ئۇتتۇرۇۋېتىپ ئۆزى تالادا قالدى. قاتتىق شۆۋرغان چىقىپ، جۇدۇن بولغان بىر ئاخشىمى شېرىكلىرىدىن ئۆلگۈدەك تاياق يېدى. ”قەرزنى بىر ھەپتىگىچە قايتۇرمايدىغان بولساڭ، — دېيىشتى ئۇلار ئالماسنىڭ يىرتىلىپ ئۆتمە-تۆشۈك بولۇپ كەتكەن كۆرەك جۇۋىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قوۋۇرغا سۆڭەكلىرىگە گاچىلدىتىپ تېپىپ تۇرۇپ، — كۆرگۈلۈكىڭنى كۆرسەن، ئۆلۈكىڭنى ئىتقا تاشلاپ بېرىمىز، ئاڭلىمىدىم دېمە، گەپ بىر، قولاق ئىككى!“ بىر چاغلاردىكى ”جان ئاداش!“ دېيىشىدىغان قەدىناس شېرىكلىرى ئەمدىلىكتە ئۇرۇشتا غالىب كەلگەن گېنېراللاردەك گىدىيىشىپ، يېڭىسارچە قارا كۆرپە تۇماقلىرىنى باسۇرۇپ كېيىشىپ، بۇرۇتلىرىنى تولغاپ كۆرەڭلەپ كۈلۈشۈپ، ئالماسنىڭ كۈچۈكتەك تۈگۈلۈۋالغان بىچارە ھالىتىنى قانغۇچە مەسخىرە قىلىشىپ، ئۇنىڭ ئۆلۈپ-تىرىلىشى بىلەن كارىمۇ بولماي بىر-بىرلەپ تارقاپ كې-

لاپ كېتەتتى. ئالماسنىڭ نەزەرى بىردىنلا قىزنىڭ خورما رەڭـ
لىك چېپەرقۇت كەمزۇلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرغان كۆكسىگە
ئاغدۇرۇلغاندا، ئۇ ئىختىيارسىز ئادەمنى شۇنداق گۈزەل يارىتاـ
لىغان خۇدانىڭ كارامىتىگە ھەيران قالدى: بۇ ئادەتتىكى قىزمىـ
دۇ ياكى ئاسماندىن چۈشكەن پەرىزاتمىدۇ؟ ئالماس قىزلارنىڭ
بۇنچە چىرايلىق، نازاكەتلىك، جەلپ قىلارلىق بولىدىغانلىقىغا
نېمە ئۈچۈن بالدۇرراق دىققەت قىلمىغان بولغىيتتى؟ تا بۇگۈنكى
كۈنگە كەلگۈچە ئۇنىڭ نەزەرىدە بۇ دۇنيادا رەڭدار تۈت ھوشۇقـ
تىنمۇ گۈزەل ۋە مەھلىيا قىلىش كۈچىگە ئىگە نەرسە يوق
ئىدى. تاۋكا سورۇنى ئۇنىڭ جەننىتى، ئۇتۇۋېلىش ئۇنىڭ شادـ
لىقى ۋە بىردىنبىر ئارزۇسى بولۇپ كەلگەن. ئۆي-ئوچاقلىق
بولۇش دېگەنلەرنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان، شۇڭا
قىز-چوكانلارغا كۆز تاشلاش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپمۇ يۈرمىـ
گەن. ئەمدىلىكتە ئاللىقانداق بىر سېھرى كۈچنىڭ تەسىرى
تۈپەيلىدىن ئۇ يىلىنجاپ كۆيۈۋاتقان ئوت يورۇقىدا ئۆزىگە پەرىـ
زاتتىنمۇ گۈزەل بولۇپ كۆرۈنۈۋاتقان بۇ قىزدىن كۆزىنى ئۈزەلـ
مەيۋاتىدۇ. ئۇنىڭ كۆكسىنى كۆتۈرۈپ تۇرغىنى تازا ۋايىغا
يېتىپ پىشقان بىر جۈپ يوغان ئالمىنىڭ نەق ئۆزى ئەمەسمۇ!
ئۇنىڭ ئىنچىكە بېلىنىڭ ئەۋرىشىملىكىنى بىر دېمەڭ! پاختىلىق
كەمزۇلمۇ ئۇنىڭ زىبا بويىغا نوقسان يەتكۈزەلمىگەن. ياز ۋاقتىـ
دا يارىشىملىق تاۋاردىن ئۆزۈن كۆڭلەك تىكتۈرۈپ كېيىۋالىدىـ
غان بولسا، پىلدىرلاپ ئۈچۈپ يۈرگەن ئىنچىكە بەللىك يىڭناـ
غۇچنىڭ ئۆزى بولۇپ قالغۇدەك، كاساپەت! ئالماس ھاياجىنىنى
بېسىۋالالماي، ئىختىيارسىز ”ئاھ!“ دەۋەتتى.

غىنىدىغان ئادەممۇ چىقمايدۇ، نېمە دېگىنىڭ كەلسە شۇنى دەۋېرى-
سەن. كۆرمىگىلىغان ئادەمنىڭ دەرد-ئەلەملىك، پىغانلىق سادا-
سىنى نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى تولا ئاڭلاپ قۇلىقى پىشىپ
كەتكەن بۇ قېرى دۇنيا ھېچنېمىگە ئېرەن قىلمايدۇ، بېشىنى
سالپايتقان پېتى ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي سۈكۈنات ئىچىدە
جىم تۇرۇۋېرىدۇ. ئاھ، ئەلۋىدا، ئەي ۋاپاسىز دۇنيا! ئاھ...

ئالماسنىڭ ئاخىرقى سۆزىنى دەھشەتلىك ھۇشقۇيتىۋاتقان
شىۋىرغان يىراق-يىراقلارغا ئۇچۇرۇپ كەتتى. ئۇ قايتا كۆزىنى
ئاچقاندا ئۆزىنى ئىسسىق يوتقان ئىچىدە كۆردى. مورا بېشىغا
قويۇپ قويۇلغان جىن چىراغ پىلىلداپ يېنىپ، تاملىرى چاك
كەتكەن پاكار ئۆينى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. سۇپىغا ياندىشىپ
ئوچاقتا شىرشىم جىگدە يېرىندىسى چاراسلاپ كۆيۈۋاتاتتى. قا-
رىداپ كەتكەن يوغان قورساق مىس چۆگۈن بىر خىل زېرىكىش-
لىك ئاۋازدا توختىماي گىژىلداۋاتاتتى.

بىلەكتەك توم-ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلىرى بېشىغا چىگىۋال-
غان قىزىل يۇڭ ياغلىقى ئاستىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، كاسى-
سىغىچە تاشلىنىپ تۇرغان، مەجنۇنتالغا ئوخشاش تال-تال ئۇ-
زۇن كىرپىكلىرى سۇزۇك بۇلاقتەك شەھلا كۆزلىرىگە سايە
تاشلىغان، ئاق سېرىق كەلگەن چىرايىغا قويۇق ئەگمە قاشلىرى
خۇيما ياراشقان ئون ئالتە-ئون يەتتە ياشلاردىكى بىر قىز ئوچاق
ئالدىدىكى ئۆچكە تېرىسى ئۈستىدە ئاللىقانداق خىيالغا چۆكۈپ
ئولتۇراتتى. ئاجىزلاشقىلى تۇرغان ئوت ئۈستىگە ئارىلاپ-ئارى-
لاپ يېرىندا تاشلىغاندا، ئۇنىڭ پاختىدەك ئاپئاق بېغىشىغا سې-
لىنىۋالغان بىر جۈپ مىس بىلەيزۈكى بىر-بىرىگە تېگىپ جىرىڭ-

غان قورۇقلار ئۇنىڭ ياداڭغۇ، قارامتۇلغا مايىل چىرايىنى ئالا قويماي قاپلاپ كەتكەن، قاتتىق سوغۇق تەسىرىدىن سەل-پەل كۆكىرىپ قالغان نېپىز كالپۇكلىرىنى بىلىنەر-بىلىنمەس گەز باغلىغان ئىدى. ئۇ قېرى جىگدە قوۋزىقىدەك يىرىك قوللىرى بىلەن ئالماسنىڭ مۇزدەك سوغۇق پېشانىسىنى سىلىغاچ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەھۋالىڭ قانداقراق، بالام؟ ئادەمنى شۇنداقمۇ قاتتىق ئۇرغان بارمۇ، دەيۇزلەر! ھەممىمىز مۇسۇلمان خەلقلەر ئەمەسمۇ، رەھىم-شەپقەت دېگەن نەگە كەتتىكىن ئۇلاردا!؟ ھېلىمۇ بۇ دۇنيادا يەيدىغان رىسقىڭ بار ئىكەن، بالام! ۋاقتىدا بىزگە ئۇچراپ قالمىغان بولساڭ-زە، بۇ چاقىقچە ئۇدۇنياغا سەپەر قىلىپ بولىدىكەنسەن!

پاشاخان ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى. ئۇ گاھ قىزىنىڭ توخۇ يۈرەكلىكىدىن ئاغرىنىپ، ئۆزىنىڭ پەرزەنتىگە بولغان غەم-ئەندىشە ۋە كۆيۈنۈشىنى ئىزھار قىلسا، گاھ ئالماسنىڭ شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى ئارقىسىدا يامان يولغا كىرىپ قالغانلىقىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، ئۇنىڭ تاشتەك قېتىپ قالغان يۈرىكىگە ئاچچىق تىل نەشتىرىنى رەھىمسىز سانجىيتتى. ئاخىرىدا يەنىلا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنىڭ بەختسىز تەقدىرىگە بولغان ھېسسىداشلىقىنى ئىپادىلەيتتى. بۇنداق باش-ئايىغى يوق، ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا سوزۇلغان گەپ-سۆزلەرنى دەسلىپىدە ئاڭلىغان ھەر قانداق كىشىنىڭ دەماللىققا ئۇنى تولىمۇ ”كوت-كوت“، ”ئۇششاق سۆز“ بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قېلىشى تەبىئىي ئىدى. لېكىن، كۆپرەك ئارىلاشسىلا ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئاجايىپ ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان، كۆيۈمچان، رەھىمدىل ئايال ئىكەنلى-

—هوشۇڭغا كەلدىڭمۇ، ئالماسكا! — ئالماسنىڭ قولىقىغا قىزنىڭ ئەنسىز، تىترەڭگۈ ئاۋازى ئالتۇن قوڭغۇراق سادالىسىدەك يېقىملىق ئاڭلاندى. يۈرىكىنىڭ ئاللىقانداق بىر يېرى پېژژىدە كۆيگەندەك بولدى. پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان بىرخىل چۈشىنىكسىز ئىللىق ئېقىم تارىدى. ئۇ، ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇيالغان ھالدا ئۆزىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان قىزنىڭ تەققى-تۇرقىغا باشتىن-ئاياغ قاراپ چىقىشقا ئۈلگۈرمەستىلا، ئىشىك ئۇلۇغ ئېچىلىپ، پۈتۈن ئەزايى ئاق قار بىلەن قاپلانغان بىر ئايال كىرىپ كەلدى. ئۇ قولىدىكى ئاللىقانداق بىر نەرسە چېگىكلىك قول ياغلىقنى تۆشۈكتىكى ئەمبەل ئۈستىگە قويۇۋېتىپ سورىدى:

— ئالماسكاڭنىڭ ئەھۋالى قانداقراق، بالام؟

— ھوشىغا كەلدى، جېنىم ئانا! — قىز ئانىسىنىڭ رومىلى ۋە ئۇزۇن قارا پاختىلىق چاپىنى ئۈستىدىكى قارلارنى قېقىشتۇرۇۋېتىپ جاۋاب بەردى، — بىر-ئىككى ئاش پىشىمغىچە ئۇن-تىنسىز ياتتى. سەن يا پاتراق قايتىپ كەلمىدىڭ، قورقۇپ بىر يەرگە باردىم جۇمۇ!

— شۇنداقمۇ يۈرەكسىز بولارسەنمۇ، قىزىم، مەندىن كېيىن قالغاندا قانداقمۇ قىلارسەن؟ — ئايال سۆزلىگەچ زىغىر پاخىلدىن قىلىن مىسىل سېلىنغان سۇپا ئالدىغا يېقىنلاپ كەلگەندىلا ئالماس ئاندىن ئۇنىڭ جاڭگالغا يېقىن كەنت چېتىدە ئولتۇرۇشلۇق تۇل خوتۇن پاشاخان ئىكەنلىكىنى تونۇدى. پاشاخاننىڭ ھارغىنلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان ئولتۇرۇشاڭغۇ كۆزلىرى ئەتراپىدىن ئۈمۈچۈك توردەك تەرەپ-تەرەپكە سوزۇل-

رەھمەتلىك رەمىتاخۇن ئالدىراپ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلمىغان بول-
سىغۇ—... ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىنى يادىغا ئېلىپ كۆڭلى بۇزۇلغان
پاشاخان ھۆكۈرەپ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران توختىتىپ،
قىزارغان كۆز چانىقىدىن سىرغىپ چىققان ياش تامچىلىرىنى
ئۇزۇن چىت كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن ئېرىتىۋېتىپ، ئۇلۇغ
كىچىك تىندى، — ھېلىمۇ خۇداغا شۇكرى، تۇنۇگۇن غوپۇراخۇن
قوي سويۇپتىكەن، بولمىسا كىمنىڭ ئىشىكىدە گۆش دەپ تەلمۈ-
رۈپ يۈرەتتۇقكىن-تاڭ؟

ئانا-بالا ئىككىيلەن بىر توغرام گۆشنىمۇ ئاغزىغا سالماي،
بىر ئوتلام شورپا ئىچىپمۇ باقماي، ھەممىنى ئالماسقا زورلاپ
يېگۈزدى، ئىچكۈزدى. ئالماس ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئادەملەر
ئارىسىدىمۇ ئاتا-ئانا، ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللار ئوتتۇرىسىدى-
كىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ چۈشىدىغان مېھرىبانلىقنىڭ بول-
دىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ ئانىسىنىڭ ئۆزىگە نانىنىڭ
يۇمشىقى، ئاشنىڭ قويۇقى ۋە گۆشنىڭ لوقىدىن بېرىدىغانلىقى-
نى، ئۆزى يېمىگەننى زورلاپ يېگۈزىدىغانلىقىنى ئەسلىيەلەيدۇ.
لېكىن ئالماس بۇنى ئاتا-ئانىسىنىڭ پەرزەنت ئالدىدا ئۆتەشكە
تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى دەپ تونۇپ، ئۇنىڭ كۆيۈنۈش، مېھرى-
بانلىق ئىكەنلىكىنى ھازىرقىدەك چوڭقۇر ھېس قىلمىغانىدى.
قاتارغا قېتىلىپ تۇرمۇش قاينىمىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن
كۆرگەنلىرى بولسا، ناھايەت ئادەملەرنىڭ بىر-بىرىگە قىزغىنىدى-
شى، ئورا كولىشى، بىر-بىرىگە يەۋەتكۈدەك ئالىيىشى، بىر-بى-
رىنى چاپۇتلىشى، يېقىلغانلارنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ يۇقىرىغا
ئۆمىلىشى، بىر-بىرىگە مۇش، پىچاق كۆتۈرۈشى، غالىب كەل-

كىنى بىلىۋېلىشمۇ ھېچقانچە قىيىنغا توختىمايتتى.
پاشاخان ئالماسقا تازا قىزىپ تەنبىھ بېرىۋاتقاندا، بىر چەتتە
قاراپ تۇرۇۋېرىپ زېرىككەن قىز ئانىسىنىڭ سۆزىنى قاپ بىلە-
دىن ئۈزۈپ قويدى:
— قازان ئاسامدۇق، ئانا!
— ۋاي ئېسىم قۇرۇسۇن! — پاشاخان سول قولى ئالقىنى
بىلەن پېشانىسىغا بىرنى ئۇردى، — ئالماسكاڭنى ئاچ قويۇپ ۋەز
ئېيتىپ كەتكىنىم نېمىسى؟ مېنىڭ قاغا چوقۇۋالغان مۇشۇ كال-
لامنى-زە ...
پاشاخان ئۆزىنى ئەيىبلىگەچ ئۇچى سۇنۇپ كەتكەن ياغاچ
ساپلىق پىچاقنى قازان گىرۋىكىگە كارتىلدىتىپ بىلىۋەتكەندىن
كېيىن، ئەمبەل ئۈستىدىكى ياغلىقنى يېشىپ، ئىككى جىڭدەك
سۆڭەكلىك گۆشنى چىقىرىپ پارچىلىدى. چۆگۈندىكى قايناشقا
ئاز قالغان ئىسسىق سۇ بىلەن ئۈچ پۇتلۇق داڭقاننى پاكىز
يۇيۇپ، ئوچاققا ئاستى، بىردەمدىلا مەززىلىك شورپا ھىدى ئۆي-
نى بىر ئالدى. ئۇ پىشقىلى تۇرغان گۆش ئۈستىگە ئىككى-ئۈچ
تال سەۋزىنى توغراپ سېلىۋېتىپ، ئاغزىغا سېرىق سۇ كېلىپ
تىلىنى تامشىتقىلى تۇرغان ئالماسقا قاراپ دېدى:
— تاياق يېگەننى ئاز دېگەندەك قاتتىق تولغاپ كېتىپسەن،
بالام! شورپا ئىچسەڭ ئىچكى جاراھىتىڭگە پايدا قىلىدۇ، تېنىڭ-
نى ئىسسىتىدۇ، ماغدۇرۇڭغا كېلىسەن. بولسىغۇ بىر پاقلان
سويساق ئوبدان بولاتتى، قانداق قىلىمىز؟ قولىمىزنىڭ قىسقى-
لىقى. ئۆيىمىزدە ئەر خەق يوق، ئەر خەق يوق ئۆي دېگەننى
ئۆي دەپ بولمايدىكەن. بىرسىنى تاپسا بىرسى يوق! ھەي خۇدا،

نىڭ بىشارىتى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزگىرىپ ياخشى ئادەم بول-
ساڭلا بۇرۇنقى ئەسكىلىكلىرىڭ بارا-بارا خەقنىڭ كۆڭلىدىن
كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. بۇرۇنراق ئەقلىڭنى تاپقان بولساڭغۇ ئىك-
كى قېتىم تۈرمىگە كىرىپ قالمايتتىڭ. بىچارە رەۋخان بىلەن
مەتقۇناخۇنىنىڭ كۆزىمۇ ئوچۇق كەتمەيتتى. ھېلىھەم بولسىمۇ
گۇناھىڭغا تۆۋە قىلىپ، ھالال ئادەم بولغىن، بالام! باشقىلار
كۆزگە ئىلمىسا مانا مەن ئۆزۈمگە ئوغۇل قىلىۋېلىشنى خالاي-
مەن، ئايگۈلمۇ چوڭ بولۇپ قالدى!

ئالماس ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى، ئۇنىڭ ئاغزىمۇ
دەماللىققا گەپكە كەلمەي قالدى. ئۇ شۇتاپتا ئۆزىگە شۇنچىلا
ئىشەنگەن، ئۆزىنى ئادەم قاتارىدا كۆرۈپ گەپ قىلىۋاتقان بۇ ئاق
كۆڭۈل ئايالغا نېمىدەپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى بىلمەيتتى.
"ئۆزۈمگە ئوغۇل قىلىۋېلىشنى خالايمەن، ئايگۈلمۇ چوڭ بولۇپ
قالدى!" دېگەن گەپلەر يانار تاغدەك پارتلاپ، ئالماسنىڭ ئادەم-
لىك ھېسسىياتى دەسلەپكى قەدەمدە ئويغىنىشقا باشلىغان قەلبى-
نى لەرزىگە سالدى. پاشاخان بۇ يېزىدىكىلەرنىڭ ئۇنى ئەخلەتكى-
مۇ تەڭ قىلمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق يەنە نېمە ئۈچۈن
بىردىنبىر ئارزۇلۇق قىزىنىڭ بېشىنى مۇشۇنداق بىر قىمار-
ۋاز-ئوغرىغا چېتىپ قويماقچى بولىدۇ؟ بۇ، ئۇنىڭ ئۆز قىزىنى
ياخشى كۆرمىگەنلىكىدىنمۇ؟ قاراپ تۇرۇپ ئۇنى ئوتقا ئىتتىرى-
ۋەتمەكچى بولغانلىقىدىنمۇ؟ ياق! ئۇ قىزىنىڭ بەختىنى قۇربان
قىلىپ بولسىمۇ، تىرىك تۇرۇپ ئىنسانىي غۇرۇرى، ھېسسىياتى
ۋە روھى ئۆلگەن بىر ئادەمنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى كۆزلەۋاتىدۇ.
ئۇنى يامان يولدىن قايتىپ، ھالال ئەمگەككە تايىنىپ كۈن

گەن كۆچلۈكلەرنىڭ مەغلۇپ بولۇپ يېقىلغان ئاجىزلارنىڭ ئا-
زابلىق ئىڭراشلىرىنى يېقىملىق مۇزىكا ساداسىدەك ھوزۇرلى-
نىپ ئاڭلاپ زەھەرلىك كۈلىشى... ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىققىنى ئەنە
شۇلار — ئادەملەر ئارىسىدىكى ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەت. ئۇنىڭ يەنە
بىر تەرىپى — كۆيۈنۈش ۋە مېھىر-مۇھەببەتنى بولسا مانا بۇگۈنلا
ھېس قىلىۋاتىدۇ. ئانا-بالىنىڭ قورسىقى شۇنچىلا توقمىدۇ؟
ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغايدىغان مەززىلىك شورپا تەمىنى
زادىلا تېتىپ باققۇسى كەلمىگەنمىدۇ؟ ياق، ئېھتىمال ئۇلارنىڭ
ئۆز ئاغزىغا بىر توغرام گۆش سېلىپ باقمىغىنىغىمۇ خېلى ئايلار
بولۇپ قالغاندۇ. لېكىن ئۇلار ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان
بىر بەختسىز ئىنساننى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن ئۆز نەپسىدىن
كەچتى، ئادەملەر ئارىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەتنى ھەممىدىن
ئەۋزەل كۆردى. ئۆزىچۇ؟... ئالماسنىڭ يۈزى خىجىللىقتىن ئوت
ئالدى، كۆز چاناقلىرىدا لىغىرلاپ قالغان ياش پۈتۈن ۋۇجۇدى-
نىڭ ھاياجاندىن سىلكىنىپ تىترىشىگە ئەگىشىپ شەلپەردەك
قىزارغان مەڭزىگە ئېقىپ چۈشتى. شۇ كېچىسى ئۇ پاشاخان
بىلەن ئانا-بالىدەك ئۇزاققىچە مۇڭداشتى، پاشاخاننىڭ تەنبىھ
-تەنقىدلىرىنى بېشىنى تۆۋەن ئېگىپ ئاڭلىدى. پاشاخان ئالماس-
نىڭ ئاتا-ئانىسىنى قانداق قاقشاتقانلىقىنى يۈزىگە سالغاندا، ئۇ
ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ھۆكۈرەپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئادەم بولۇپ
قالىدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى ئاشقان پاشاخان ئاخىرىدا نەسىھەت
قىلىپ، دېدى:
— ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن نەرسە، بالام، ئازمايدىغى-
نى يوق. بۇگۈن سەۋەنلىكىڭنى بوينۇڭغا ئالدىڭ، بۇ ياخشىلىق-

قايسى يۈزى بىلەن قارايدۇ؟ ياخشىلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش ھەقىقىي ئەرنىڭ قىلىدىغان ئىشىمۇ؟! ئوغرى، قىمارۋاز بولسىمۇ مەردلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىدىن ئالماسنىڭمۇ ئاز-تولا خەۋىرى بار. ئۇنى ئۇ ئەرنىڭ غورۇرى، گۈلتاجى دەپ بىلىدۇ، نامەردلەرنى ئەر ھېسابلىمايدۇ. ئۇنداق بولسا ئالماس كاۋاپنىمۇ، زىخنىمۇ كۆيدۈرمەي، پاشاخاننىڭ تەكلىپىنى ۋاقتىدا چىرايلىقچە رەت قىلىپ، ھازىرقى تۇتقان يولى بويىچە مېڭىۋەرسە، يەنىلا بۇرۇنقىدەك بىر كۈن ئاچ، بىر كۈن توق يۈرۈپ، تۆت ھوشۇقنى دەتتىكەمگە ئېتىۋەرسە، قەرزنى تۆلىيەلمىگەندە ئۇنىڭ-بۇنىڭ تېمىنى داۋاملىق تېشىۋەرسە، تۇتۇلۇپ قالغاندا تاياقنى ئۆلگۈچە يەۋەرسە، توغرا قىلغان بولارمۇ-يا؟ ياق! ھېلىمۇ ئۆمرىنىڭ يېرىمى كوچا-كويلاردا ئاققان لاي سۇدەك بىكار ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى قالغان يېرىمىدىمۇ بولسا بىر ئۆينىڭ بېشىنى تۇتمىسا، ئۆزىنىڭ چىرىغىنى يورۇتىدىغان بىرەر پەرزەنت يۈزىنى كۆرمىسە بولامدۇ؟ بولمىسا ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنى يەرلىكىدە قويىدىغان، تۇپراق بېشىغا بېرىپ يىغلايدىغان، خەتمە قۇرئان قىلدۇرىدىغان ئادەممۇ چىقماي قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ئېپىدە كەلگەن بۇ پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بېرىپ قويماسلىق كېرەك. ئېھتىمال بۇ يېزىدا پاشاخاندىن باشقا ھېچكىممۇ ئۆز قىزىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىپ قويۇشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقماس، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەلچى بولۇپ بارىدىغان ئادەم تېخىمۇ تېپىلمايدۇ. تېپىلغان تەقدىردىمۇ كىشىلەر ئۇنى بوسۇغىسىغا يولاتمايدۇ، ”ئالماسقا-ئەلچىلىككە كەپتۇ!“ دېگەن گەپنى ئاڭلاپ دەرغەزەپتىن قويقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ، ”ئەلچىگە

كەچۈرىدىغان دۇرۇس ئادەم بولسۇن دەۋاتىدۇ. بىراق ئالماس بۇ ئاق كۆڭۈل ئايالنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالارمۇ؟ ”ئۆگەنگەن كۆڭۈل ئۆجمە پىشقىچە“دەيدىغان گەپ بار، ئۇ قان-قېنىغا سى-ڭىپ كەتكەن ئەسكىلىكلەردىن قول ئۈزەلەرمۇ؟ پۈتۈن ئەس-يا-دىنى ئەسىر قىلىۋالغان ”ھۆنىرى“نىڭ مېھرىدىن كېچەلەرمۇ؟ ناۋادا ئۇ راستىن ئۆزگىرىپ ئادەم بولدى دېگەن تەقدىردىمۇ كىشىلەر ئۇنى كەچۈرەرمۇ؟ ”ئالماس ئوغرى“، ”ئالماس قىمار-ۋاز“دېگەنلەرنى ئۇنتۇپ، ”ئالماس قارى“دەپ چاقىرىدىغان بولار-مۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ قورسىقىنىمۇ تۈزۈك باقالمايۋات-قان ئالماسنىڭ بۇ ناتىۋان مەسۇمە قىزنى بەختلىك قىلىشقا قۇربى يېتەرمۇ؟ ئۆزىنىڭ كاساپىتى تۈپەيلىدىن بىچارە قىزمۇ بىگۇناھ ھالدا كەمسىتىلسە، خارلانسا، بىكاردىن-بىكار بىرمۇن-چە گۇناھلارغا شېرىك قىلىپ قويۇلسا قانداق بولار؟ ئالماس بۇ يىل توپتوغرا ئوتتۇز بەش ياشقا كىردى. ئايگۈل كۆپ بولسا ئون يەتتىلەرگە كىرگەندۇ. دېمەك ئۇنىڭ يېشى ئالماسنىڭ ھازىرقى يېشىنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيدۇ، ئون گۈلنىڭ بىرىمۇ ئېچىلغىنى يوق، بۇ دۇنيانىڭ ئاچچىق-چۈچۈكىنى تېتىشقا تېخى ئۈلگۈرمىدى. ئۇ شۇنداق ساپ، بىغۇبار، سەبىي، تاڭ سەھەردە كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك شۇنداق چىرايلىق ئېچىلغان ئەتىرگۈل بەرگىدىكى مەرۋايىت شەبنەمنىڭ ئۆزى! ئاۋايلىماي قول سەل ئەگرى كېتىپ گۈل شېخىغا بىلىنەر-بىلىنمەس تېگىپ كەتتى-مۇ، بولدى، شۇ ھامان مەرۋايىت شەبنەم گۈل بەرگىدىن دومى-لاپ چۈشۈپ كۆزدىن غايىب بولىدۇ. راستتىنلا مۇشۇنداق ئەھ-ۋال يۈز بەرسە قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇنداقتا ئالماس پاشاخانىغا

گەردى، ئۆزگەرگەندىمۇ بۇرۇنقى ئالماسقا پۈتۈنلەي ئوخشىمايد-
غان باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ ئۆزگەردى. پاشاخان ئالماستىكى
بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ، ئارزۇلۇق قىزى ئايگۈلنىڭ
بېشىنى ئۇنىڭغا چېتىپ قويدى. ئىچكەركى ئۆينىڭ تاملىرىغا
يېڭى زەدىۋال تارتىپ، بىرەر قۇر سەرەمجانلاشتۇرۇپ بەردى.
ئۇلار دەسلەپتە ئانچە چىقىشالمىغان بولسىمۇ، كېيىنچە ياش
جەھەتتىكى پەرقىنىڭ چوڭلۇقىغا قارىماي خېلى ئىناق-ئەپ ئۆ-
تۈشتى. ئالماس تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى تېتىدى، بىكار ئۆتۈپ
كەتكەن ئۆمرىگە ئېچىندى. قاۋۇل بەستىگە يارىشا كۈچۈنۈپ
ئىشلەپ، ئۇدا ئىككى يىل ئەترەت بويىچە ئەڭ يۇقىرى نومۇر،
ئىشلىگىنىگە يارىشا ئەڭ يۇقىرى دارامەت ئالدى. ئۇ چاغدا ئەڭ
باي ئەترەتتىكى ئەزالارنىڭ ئەڭ يۇقىرى يىللىق دارامىتىمۇ ئىك-
كى يۈز كويدىن ئاشمايتتى، شۇنداقتىمۇ ئالماس ئۆزىنىڭ ھالال
تەرى بەدىلىگە كەلگەن بۇ پۇللارنى ساناۋېتىپ چەكسىز ھاياجان-
لاندى، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ھەۋەسلىنىپ قاراۋاتقانلىقىنى سې-
زىپ، بېشى كۆككە يەتكەندەك بولدى. ئۇ، بۇ پۇللارنى شۇ پېتى
پاشاخانغا تاپشۇرۇپ بەردى. پاشاخاننىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە
سىغماي قالدى. ئۆز مۆلچەرىنىڭ توغرا چىققانلىقىدىن مەمنۇن،
ئالماسنىڭ ھەقىقىي ئۆزگەرگەنلىكىدىن رازى بولدى. ئايگۈلنى
ئۇتقا ئىتتىرىۋەتكەندىمەنمۇ دېگەن ئەندىشىسى بارا-بارا تۈگەپ،
كۆڭلى ئىمىن تاپتى. ناۋادا ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“نىڭ
بالايىئاپەتلىك بوران-چاپقۇنلىرى يۇرتنى ۋەيران، ھەممە نەرسى-
نى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتمىگەندە ئىدى، ئالماس راستىنلا
شۇ ئۆزگەرگىنى بويىچە ئادەم بولۇپ قالغانمۇ بولاتتى. بىراق

ئۆلۈم يوق" دېگەن گەپنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ، تازا داۋىسىنى بېرىپ قوغلىشۋېتىشى كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرغانلا گەپ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇيلىمىغان يەردىن بېشىغا قونغان دۆلەت قۇشىنى ئۆز قولى بىلەن ھۇركۇتۇۋەتسە بولامدۇ؟ بۇنداق قىلىش دۆت-ئەخمەقنىڭ ئىشى! ھېچبولمىغاندا ئالماسنىڭ قۇشقاچچىلىك بولسىمۇ مېڭىسى بار، ياخشى-يامان، پايدا-زىياننى پەرق ئېتەلەيدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ئوغرىلىق، قىمارۋازلىقنى تاشلاپ، باشقىلارغا ئوخشاش ئۆي-ئوچاقلىق بولۇپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرگىنى مىڭ ئەۋزەل! ئالماس چىگىش خىيال يىپلىرىنى ئۈزۈپ، ئىسسىق كۆز ياشلىرىنى ئاققۇزغان ھالدا پاشاخانغا ئادەم بولۇش توغرىسىدا چىن يۈرىكىدىن ۋەدە بەردى.

—بۇ، رەھمەتلىك ئانام ماڭا قالدۇرۇپ كەتكەن تەۋەررۇك ئىدى،—دېدى پاشاخان ئەتىسى ئالماسنىڭ قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن كاتقا سېلىپ قويغان بوخچىسى ئىچىدىن بىر جۈپ ئالتۇن بىلەيزۈكنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا سۇنۇۋېتىپ،—مەن ئەسلىدە بۇنى ئايگۈل ياتلىق قىلىنغاندا قولىغا سېلىپ قويارمەن دېگەنىدىم، خۇدا ئۇنىڭغا نېسىپ قىلمىغان ئوخشايدۇ. بۇنىڭ بىلەن قەرزىڭنى تۆگىتىۋالغىن، بالام، بولمىسا ئۇلار ساڭا يەنە ئارام بەرمەيدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىشتىن قولۇڭنى يۇيۇپ ئادەم بولساڭ، خۇدا تېنىڭنى ساق-سالامەت قىلسىلا بۇنداق بىلەيزۈكتىن نەچچىنى سېتىۋېلىشقا قۇربىمىز يېتىدىغان بولىدۇ.

ئالماس ئالتۇن بىلەيزۈك بىلەن قەرزلىرىنى ئۈزدى، قىمارۋازلىق، ئوغرىلىقتىنمۇ قولىنى ئۈزدى. ئۇ ھەقىقەتەن ئۆز-

لەر نېمە قىلىمەن دېسە شۇنى قىلىۋاتىدۇ، قولىنى نەگە سوزسا
شۇ يەرگە يېتىۋاتىدۇ، ئوڭدا يېتىپ ياغ چايناۋاتىدۇ. ئادەملەر-
چۇ؟ خارلىنىۋاتىدۇ، ئۇماچ، يارما ئىچىشتىن قۇتۇلالمايۋاتى-
دۇ. بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ شۇنىڭغا قارىغاندا دۇنيادا ھەم-
مەيلەن بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان "ئادەملىك" ئۆلچىمى يوق-
تەك تۇرىدۇ. ھەركىم "ئادەم"نى ئۆز چۈشەنچىسى، ئۆز ئۆلچى-
مى بويىچە چۈشەندۈرسە كېرەك. ئامىتى كېلىپ يۇرت سوراۋات-
قان بۇرۇنقى شۇ ئادەم ئەمەسلەرنى كىممۇ ھازىر "ئادەم ئە-
مەس"دېيىشكە پېتىنالايدۇ؟...

ئالماس ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ غەلىتە ئىشلارنى بىر-
بىرلەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ ئىككىلىنىپ قالدى. پايدا-زىياننى
كۆڭۈل تارازىسىدا ئۆلچەپ كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ تۇتقان يولىنىڭ
توغرىلىقىدىن گۇمانلاندى، ئىشەنچىسى تەۋرەندى. بولۇپمۇ "مە-
دەنىيەت زور ئىنقىلابى"نىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئىجتىمائىي
كەيپىياتنىڭ تېخىمۇ بۇلغىنىشىغا ئەگىشىپ، ئالماسنىڭ كونا
كېسىلى يەنە قوزغىلىپ قالدى. ئۇ ئاخىرى يېڭىباشتىن باش
كۆتۈرگەن تاۋكا سورۇنىنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىلىرىدىن بو-
لۇپ قالدى. پاشاخان ۋە ئايگۇللەرنىڭ يىلىنىپ-يالۋۇ-
رۇشلىرى، ئىسسىق كۆز ياشلىرى ئالماسنىڭ "ياقا ئىتەك،
ئىتەك ياقا"بولۇۋاتقان رەھىمسىز رېئاللىق ئالدىدا تاشتەك قاتقان
يۈرىكىنى قايتا ئېرىتەلمىدى. بىر قېتىمقى سورۇندا ئۇ ئۇنى
ئۇتتۇردى، بۇنى ئۇتتۇردى، ئاخىرىغا كەلگەندە ئۇستىدىكى بىر-
دىنبىر چەكمەن چاپىنىمۇ سالدۇرۇۋېلىنىپ كۆڭلەكچان قىلىپ
قويۇلدى. سوغۇق ۋە غەزەپتىن پۈتۈن ئەزايى دىر-دىر تىترەشكە

ئۇ بۇرۇنقى ھەمشىرىكلىرى — تاۋكادىكى مۇشتۇمزورلارنىڭ بىر-بىرلەپ يۇرت سوراشقا باشلىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بولسا كەش بازىرى — پەگادا تاشلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەم ھەيران بولدى ھەم "ئادەم بولىمەن" دەپ زىيان تارتىپ قالغانلىقىغا ئۆكۈندى. ئالماس ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈمىگەن بولسىدى، بۇ چاغقىچە ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭغىمۇ دۇيجاڭلىق مەنسىپى تېگىپ قالار ئىدى. ئۇنداقتا ئۇمۇ باشقا شېرىكلىرىگە ئوخشاش كەتمەن بىلەن ھەپىلىشىپ قولىنى قاپارتىپ يۈرمەي، ئەزالارنى تورغاي چۈچۈلىماستا دولقۇنغا ھەيدەپ قويۇپ، ئۆزى بېشىنى چۈمكەپ پۇخادىن چىققىچە ئۇخلىغان، تەييارغا ھەييار بولۇپ، بۇزۇپ-چېچىپ ھوزۇرلانغان، ئاخشاملىرى بىرەر پەدە دەتتىكەمگە ئېتىپ خۇماردىن چىققان بولاتتى. بىراق ئۇلارنىڭ ھازىر ئالماسقا قارايدىغان كۆزى يوق، ئۇنى "يۈزىدە توكى بار، ئىككى يۈزلىمەچى" دەپ ھېسابلايدۇ، ئېپى كەلگەندە تازا كېلىشتۈرۈپ ئەدىبىنى بېرىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. ئادەم ئادەمگە گۇناھ ئارتماقچى بولسا ھەرقانداق قىلىپمۇ شۇنىڭغا تۇشلۇق باھانە-سەۋەب تاپالايدۇ، ئۇنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان گەپ-سۆزلەرنى توقۇپ چىقىشقىمۇ ھېچقانچە كۈچ كەتمەيدۇ. جاھان مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا ئالماسنىڭ تېخى كۆرىدىغان كۈنى بار، بۇنىڭغا بىر ئامال تاپماي بولمايدۇ. يۇرتتىكىلەر قىمارۋاز-ئوغرىلارنى بۇرۇن ئادەم ئەمەس دەپ تىللايتتى، لېكىن شۇ "ئادەم ئەمەسلەر" ھازىر بارلىق ئادەملەرنى باشقۇرۇۋاتىدۇ، ئادەملەر ئادەم ئەمەسلەرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلىۋاتىدۇ. ئادەملەر ئادەم ئەمەسلەرنىڭ سىزىقىدىن چىقسا ئەدىبىنى يەۋاتىدۇ، ئادەم ئەمەس-

چۈپ بېرىۋالدى. بىر-ئىككى كۈن ھەپىلىشىپ ئۆينىڭ ئۈستىنى
شاخ-شۇمبىلار بىلەن يېپىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھېچ-
كىمگە ئارىلاشماي قىزى ئايجامالنى بېقىپ چوڭ قىلىپ ئادەم
قاتارىغا قوشۇش قارارىغا كەلدى...

ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇ قايسى يۈزىنى كۆتۈرۈپ
پاشاخاننىڭ ئالدىغا بارىدۇ؟ ئېلىشىپ قالغان ئايالغا نېمىنى
چۈشەندۈرۈپ بولالايدۇ؟ مەقسىتىنى چۈشەندۈرەلىگەن تەقدىردى-
مۇ يۈرىكى خۇن-خۇن بولۇپ كەتكەن پاشاخان ئۇنىڭ گۇناھىدىن
ئۆتەمدۇ؟ روشەنكى، بۇمۇ سېۋەت بىلەن قۇدۇقتىكى ئاي شولى-
سىنى سۈزمەكچى بولغاندەك قىلچە ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدى-
غان بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك!...

ئالماس ئۇيان ئۆرۈلۈپ-بۇيان چۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمىغان-
سېرى، گاھ پۈتۈن بەدىنى تۇساتتىن ئوتتەك قىزىپ چىپ-چىپ
تەرگە چۆمۈلۈپ كېتەتتى، گاھ ئۈستىدىن يوغان تاغ بېسىپ
تۇرغاندەك دېمىنىڭ سىقىلىپ كېتىۋاتقىنىنى ھېس قىلاتتى. ئۇ
ئاخىرى بولالماي يوتقاندىن يېرىم سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، پاختى-
لىق ئۇزۇن چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇۋال-
دى-دە، قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئاستا يۇمۇپ، يەنە تۇر-
غۇن ئىشلارنى ئويلىدى. يۇرتتىكى ئىگە-چاقىسىز، يېتىم-يې-
سىرلارنى، ئاجىز-مېيىپلارنى، كوچىدىن قالغان قېرى-چۆرى-
لەرنى بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى. ھېچقايسىسىنىڭ
ئۆز گۇناھىدىن ئۆتۈشىگە، ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشى ئۈچۈن دۇئا
قىلىپ قويۇشىغا كۆزى يەتمىدى. تۇساتتىن تۈڭلۈكتىن چۈشۈپ
تۇرغان ئاي نۇرى ئۇنىڭغا تۈڭلۈك ۋاخنىسىغا ئېسىپ قويۇلغان

باشلىغان ئالماس خۇدىنى يوقىتىپ، قېنى قىزىپ، قان تولغان كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەس، ئۆز نېرۋىسىنى ئۆزى كونترول قىلالماس بولۇپ قالغاندا "تەۋەككۇل!" دەپ لېۋىنى چىشلەپلا خوتۇنىنىڭ بىر كېچىلىكىنى يۈز كويغا تىكتى. نەتىجىدە يەنە ئۇتتۇرۇپ قويدى. ئۇتتۇۋالغۇچى دادۇي "ئىنقىلابى كومىتېتى"-نىڭ مۇدىرى ئىلياس ئىدى. ئۇ ۋەدىسىدىن يېنىۋالمىدى، بۇنىڭ-دا ئىلياسقا خۇشامەت قىلىش ئارقىلىق دۇيجاڭلىق مەنسىپىگە ئېرىشىۋېلىش غەرىزىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. بۇنداق خورلۇققا چىدىيالمىغان ئايگۈل شۇ كېچىسىلا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى. بۇ دۇنيانىڭ رەھىمسىزلىكى، ئازاب-ئوقۇبەتلىرىدىن قىلچە خەۋە-رى بولمىغان بىر ياشلىق قىزى—بىچارە ئايجامال يېتىم قالدى. كۆتۈلمىگەن بۇ بەختسىزلىك نېرۋىسىغا قاتتىق تەسىر قىلغانلىق-تىنمىكىن، پاشاخان ئۆز قولى بىلەن ئۆزىنىڭ بەختسىز ھاياتى-نى تاماملىغان قىزىنى يەرلىكىگە قويۇشقا ئۆلگۈرمەيلا ساراڭ بولۇپ قالدى. ئۇ، گاھ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئالماسنىڭ ياقىسى-غا ئېسىلاتتى، گاھ ھۆكۈرەپ يىغلىغىنىچە نەۋرىسى ئايجامالنىڭ يۈز-كۆزىنى مورلايتتى. ئەل جامائەت "تۇۋا!" دەپ ياقىسىنى چىشلەپ، ئالماسقا يۈزمىڭ لەنەت ئوقۇغىنىچە، ئايگۈلنى ئۇلاش- چولاش يۇيۇپ-تاراپ، نامىزىنى چۈشۈرۈپ، مەھەللە چېتىدىكى زاراتگاھلىققا يەرلىكىگە قويۇپ قويدى. پاشاخاننىڭ ئۆيىدە داۋاملىق تۇرۇۋېرىشكە ئامالسىز قالغان ئالماس مىڭ بىر پۇشايمان ئىچىدە ئايجامالنى ئېلىپ، ئۆي رەتلەش دولقۇنىدا تاشلىنىپ قالغان مەھەللىنىڭ شەرقىدىكى جاڭگالغا ياندىش سې-لىنغان يەككە-يىگانە بىر ئېغىزلىق ئۈستى ئوچۇق ئۆيگە كۆ-

غار- تاغارلاپ ھوسۇل ئېلىپ، قولدەك ئىشلەپ بەگدەك يېيىش-
تىن، بەگدەك سايىدا ئوڭدا يېتىپ، قولدەك قاتتىق-قۇرۇق
يېگەننى ئەۋزەل كۆردى. ئۇ ناھايەت كارغا كەلگۈدەك بولۇپ
قالغان قىزى ئايجامالنىڭ جان كۆيدۈرۈپ بېقىشى ئارقىسىدا
بەش-ئالتە توخۇلۇق، ئۈچ-تۆت ئۆچكىلىك بولۇپ قالدى. بۇن-
چىلىك نەرسىنى سەدىقە بېرىپ ئۆزىنىڭ قانچىلىك گۇناھىنى
يەڭگىللىتەلەيدۇ؟ گۇناھىنى يەڭگىللەتكەن تەقدىردىمۇ بويىنىدا
يەنىلا گۇناھ بار دېگەن گەپ. گۇناھى ئۇزۇل-كېسىل ساقىت
بولمىغۇچە جەننەتنىڭ ئىشىكى ئۇنىڭغا ھەرگىز ئېچىلمايدۇ.
پۇلغا يارايدىغان قىممەت باھالىق بىرەر نەرسە ئوغرىلاپ سەدىقە
قىلسىچۇ؟ ”توۋا!“دە، ئالماس! بۇ، گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ
قوشقانلىق. ھىدايىتۇللا ھاجى: ”قۇدرىتى تاڭداشسىز ئاللا بار-
لىق بەندىلىرىنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ،
ھەتتا كۆڭلىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرىدۇ“دېدى-
غۇ، خۇدانىڭ قەھرىدىن قورق، مۇشۇنداق ئوي-خىيالنى كۆڭ-
لۈڭگە كەلتۈرۈشنىڭ ئۆزىمۇ بىر گۇناھ. قىرىق خىچىرنى قىم-
مەت باھالىق يۈك-تاقىسى بىلەن دۇئا قىلدۇرساڭمۇ، يۈز زىخچا
ئالتۇننى سەدىقە قىلساڭمۇ، بەرىبىر ئۇ ناپاك مال، سېنى دوزاخ
ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا قىلچە پايدىسى تەگمەيدۇ. شۇڭا ئۆزۈڭ-
گە تەئەللۇق بولغان، ھالال ئەمگىكىڭدىن يارالغان بىباھا بىر
نەرسە تاپ. ئۇنى چىن كۆڭلۈڭدىن رازى بولغان ھالدا سەدىقە
قىل، دۇئا قىلدۇر. ئېھتىمال شۇندىلا پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن
ئامان-ئېسەن ئۆتەلىشىڭ ئاز-تولا كاپالەتكە ئىگە بولۇپ قالار.
ئەپسۇسكى، بۇنداق بىباھا نەرسە ئۇنىڭغا نەدە تۇرۇپتۇ؟ ئۇنى

ئۆز ۈن-ئاپئاق بىر كىپەندەك بولۇپ كۆرۈندى، ئۇنىڭ تىنى ئىختىيارسىز شۈركىنىپ كەتتى. بىر چاغلاردا ئۇ ھەقىقەتەن ئايدىڭ بولۇپ قىلىشتىن ئۆلگۈدەك قورقىدىغان، ئۆزىنىڭ بەخىرامان تام تىشىشىگە قۇلايلىق بولۇش ئۈچۈن ”تاپاۋەت“كە چىققان كىچىلىرى قازاننى يەر يۈزىگە كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاپقارا زۇلمەت پەردىسىنىڭ ئەتراپقا تېزراق يېيىلىشىنى تىلەيدىغان. يەر يۈزى سۈتتەك يورۇپ كەتكەن چاغلاردا ئۇيان-بۇيانغا خۇدۇكسىنىپ قاراپ، ھەر بىر قەدىمىنى ئاۋايلاپ بىسىپ، كۆك قەرىدە قولۋاقتەك ئۆزۈپ يۈرگەن تولۇن ئاينى ئاغزىغا كەلگىنىچە قاغايدىغان، قولى يەتسە ئۇنى يۇلۇپ ئىلىپ پاتقاقتا پاتقۇزۇۋەتكۈسى كىلىدىغان. نىمە ئۈچۈندۇر، ئۆزى ئۆلگۈدەك ئۆچ كۆرۈدىغان ئاي نۇرى شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ھىسسىداشلىق قىلىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ بەختىسىز تەقدىرىگە ئىچىنىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ ۋەيىلۇن دوزاختا تۇتتۇرۇق بولۇپ كىتىشىدىن قايغۇرۇپ مۇڭلىنىۋاتقاندەك بولۇپ تۇيۇلدى. ئالماسنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، ئۇ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىۋىتىشتىن ئۆزىنى ئاران-ئاران توختىتىپ، دىۋانە-شەيخلەرگە ئۆشرە-زاكات، ئۇلۇغ ئەۋلىيا-ئەنبىيا، خوجا-ئىشانلارغا سەدىقە بىرىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىدى. بىراق ئۇنىڭ سەدىقە بەرگۈدەك نىمىسى بار؟ بۇ بىر قانچە يىلدىن بۇيان جاھان ئۈگىتىلىپ، بىلىكىنىڭ تورى بارلار، ئىپى ۋە دىتى بارلار خىلىلا بىيىۋالدى. ئالدى ئاتمىش-يەتمىش قوي، كەينى بىر-ئىككى كالا قىلىۋالدى. ئالماسچۇ؟ ھۆددىگە ئالغان يەرنىڭ كۆكىنى سىتىپ يەپ، قورسىقى تويغانغا شۈكرى قىلدى. پىشانىسىدىن تەر ئاققۇزۇپ كەتمەن چىپىپ، تا-

قوشقا ئوخشاش ئۆزىنى ئۇيان-بۇيانغا ئۇرۇپ، چىقىش يولى
تاپالماي ھالسىراپ قالدى. ئاخىرىدا ئۇ تېرىقتەك ھەر يانغا
چېچىلىپ كەتكەن خىيالىنى ھەر قانچە قىلىپمۇ بىرەر نۇقتىغا
مەركەزلەشتۈرەلمىدى. ئۇ شۇ تاپتا بېلىگە تاش تەگكەن يىلاندەك
ئازابلىق تولغىناتتى. ئۆز-ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى، ئۆز-ئۆزىگە
ۋايسايتتى، پۇشايمان قىلاتتى. ھەممە ئىشنى باشتىن باشلىماق-
چى بولاتتى-يۇ، ئاق سانجىلغان ئۆچكە ساقىلىنى سىپاپ بې-
قىپ، ئۆمۈرنىڭ ئاتقان ئوق ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئارقىغا قايتۇ-
رۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، يىلى چىققان توپتەك
بوشىشىپ كېتەتتى-دە، ئىشقا ئاشمايدىغان بۇ خىيالدىن يېنىپ
قالاتتى. توساتتىن ئۇنىڭ نەزەرى ئۆزىنىڭ يېنىدا يېنىك پۇشۇل-
داپ شېرىن ئۇخلاۋاتقان قىزى ئايجامالغا ئاغدۇرۇلدى. ئۇنىڭ
چىرايى ئانىسى ئايگۈلنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى چىرايىغا قۇيۇپ
قويغاندەك ئوخشايتتى. ئۇ ئاپئاق ئوڭ بىلىكىنى يوتقاننىڭ سىر-
تىغا چىقىرىۋالغان بولۇپ، ئانىسىدىن قالغان مىس بىلەيزۈك
ئورۇق بېغىشىدا پارقىراپ تۇراتتى. ئالماس ئۇنىڭ مۇزلاپ
كەتكەن قولىنى ئاۋايلاپ يوتقان ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويدى.
قىزىنىڭ قايرىلما ئۇزۇن كىرپىكلىرى گاھ قوشۇمىسىنىڭ تۇ-
رۇلۇشىغا ئەگىشىپ يېنىك لىكىلدايتتى، گاھ كۆزگە جىسەك-
چىلىك قىلىۋاتقان ساقچىلاردەك مىدىر-سىدىر قىلىپمۇ قويمايت-
تى. گىلاستەك قىزىل، نېپىز لەۋلىرى ئاللىقانداق بىر كىم
بىلەن مۇنازىرىلىشىۋاتقاندەك توختىماي لىپىلدايتتى.

”مانا، بىباھا پاك مال! ...“

شۇ ئەسنادا ئايجامالنىڭ يىغلامسىراپ جۆيلىگەن ئاۋازى

نەدىن، قانداق قىلىپ تاپىدۇ؟...

ئالماسنىڭ ئوي-خىياللىرى بارغانسېرى چىگىشلىنىپ كەت-تى، ئويلىغانسېرى ئۈمىدسىزلەندى، ئۆزىنى باش-ئايىغى يوق قاپقاراڭغۇ بىر جاڭگال ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۆزىنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپ يۈرگەن چاغلاردا ئۇ، خۇدىنى يوقتىپ، تىلىنى چاينىماي، ئاخىرەتلىكنى ئويلىغان، ھېچ-بولمىغاندا تاۋكادىكى باشقا ھەمشىرىكلىرى خۇدانىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتىدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنىڭ چەكسىز ئۇلۇغلۇقىغا شەك كەلتۈرگەندە ھېلىقى بەڭگىگە ئوخشاش جايىدا بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قويغان بولسىمۇ، ھازىرقىدەك دەككە-دۈككە، ۋەسۋەسە ئىچىدە ئازابلىنىپ يۈرمەسمىدىكىن-تاڭ؟ بۇنى ئاز دېگەندەك، ئالماس كونا كېسىلى قايتا قوزغىلىپ، تاۋكادا ئۇتتۇرۋۋەتكەن-لىرىنى تام تېششتەك ”قوشۇمچە ئوقىتى“بىلەن تولۇقلاشقا كى-رىشكەندە، بىچارە ئايىلى ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ، كۆز ياشلى-رىنى يامغۇردەك تۆكۈپ، ئۇنىڭغا: ”خۇدانىڭ قەھرىدىن قورق-سىلا!“ دەپ يالۋۇرغان. لېكىن ئۇ ئايگۈلنى قوپاللىق بىلەن سىلكىشلەپ جان ئاچچىقىدا: ”ئۇنداق كۆزى كور خۇدا پادىسىنى بېقىپ كەلسۇن!“ دەۋەتكەنىدى. بۇ يەرلىرىنى ئويلىسا ئۇنى تې-خىمۇ قورقۇنچ باسىدۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدى دوزاخ ۋەھىمىسى ئىل-كىدە جالاقلاپ تىترەپ كېتىدۇ. خۇدا ئۇنىڭ باشقا گۇناھلىرىنى ھېسابقا ئالمىغان تەقدىردىمۇ، مۇشۇ بىر ئېغىز گېپىگە ئاساس-لىنىپلا ئۇنى ۋەيلۇن دوزاخقا مەھكۇم قىلىۋېتەلەيدۇ. ئاھ، بۇ قانداق دەھشەت-ھە!...

ئالماسنىڭ خىيالى تار، پۇختا قەپەزگە سولاپ قويۇلغان

لىق داغلىرىنى سالغۇچى باشقا بىرسى ئەمەس، دەل ئالماسنىڭ ئۆزى! بىر قېتىم ياغ قاچىلانغان قاپاق مەڭگۈ "ياغلىق قاپاق" بولۇپ قالغىنىدەك، "ئوغرى"، "قىمارۋاز" دېگەن بۇ لەنىتى نام-ئاتاق ئۇنىڭ قان-قېنىغا سىڭىپ كەتتى. بۇنىڭدىن ھەر قانچە قىلىپمۇ قۇتۇلالمايدۇ. بىراق ئۆزىنىڭ كاساپىتى تۈپەيلى-دىن بىگۇناھ قىزىمۇ بىر ئۆمۈر ئۈۋالچىلىققا ئۇچرىسا قانداق بولغىنى؟ دۇنيادا ئادىللىق دېگەن نەرسەزادى بارمۇ- يوق؟! ئەجەبا، قىزىنى بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇشقا بىرەر ئامال تېپىل-ماسمۇ؟...

شۇ ھامان ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە ھىدايىتۇللا ھاجىنىڭ: "ئۇلۇغ زاتلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىش بىر قېتىم ھەج قىلغانغا باراۋەر. ۋەھالەنكى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك ئىزلىرى چۈشكەن مۇقەددەس مەككىگە قەدىمى يەتكەن ھەر قانداق مۇسۇل-ماننىڭ جەننەتكە كىرىمىكى شەكسىزدۇر!" دېگەن سۆزلىرى قاي-تىدىن ياڭرىدى. ھەي ئىسىت! ئالماسنىڭ نۇرغۇن مال-دۇنيا-سى بولغان بولسىدى، بەگمەتچوڭغا ئوخشاش ئوبدان جابدۇنۇپ، مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ، ھاجى بولۇپ كەلگەن بولاتتى. ئۇنداقتا ئۇنىڭ پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئامان-ئېسەن ئۆتۈپ ئۇدۇل جەننەتكە كىرىپ كېتىشىدە گەپ يوق ئىدى. بىراق، مەككىگە بارغۇدەك يول خىراجىتىنىڭ يوقلۇقى ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىش يولىنى توسۇپ قويۇۋاتىدۇ. بۇمۇ بەرىبىر ئەمەلگە ئاش-مايدىغان خام خىيال. ناۋادا بۇ خام خىيالى ئەمەلگە ئېشىپ قالغان تەقدىردىمۇ قىزىنى يەنىلا ئۆمۈرلۈك ئازاب-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ. ئۆزى مەككىگە بېرىپ جەننەتكە كىرەلىگەن

ئىچى سىرىلغان ئالماس ئاچچىقىغا هاي بېرىپ، ئالمان-تالمان تەسەللى بېرىشكە باشلايتتى. ئارىدەك ئۇزۇن قوللىرىنى سوزۇپ قىزىنىڭ ساغۇچ-يۇمشاق چاچلىرىنى مۇلايىملىق بىلەن سىپاپ قوياتتى. شۇ هامان قىزى ئۇنىڭ يېنىدىن ئۈن-تىنسىز كېتىپ قالاتتى، بەزىدە ئۆزىنى تالاغا ئاتاتتى. بىر كۈنى ئۇ قىزىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ چىقىپ ئۇنىڭ ئېرىق بويىدىكى قاغا جىگدىگە يۆلىنىپ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئالماس قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇشىغىلا، ئۇ گويا توك سوقۇۋەتكەندەك، ئاللىقانداق پاسكىنا بىر نەرسە ئۈستىگە چاپلىشىۋېلىۋاتقاندەك دادىسىدىن ئۆزىنى قاچۇردى ۋە يىغىسىنى دەرهال توختاتتى. بۇ، ئالماسقا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۆزىنىڭ ياشلىقىدا كېيىنلىكىنى ئويلىماي، راستتىنلا ئۆزىنىڭمۇ، قىزىنىڭمۇ بەختىگە ئولتۇرغانلىقىنى تونجى قېتىم هېس قىلدى. راست ئەمەسمۇ! ئۇ دېگەن قىز بالا تۇرسا! قىز بالا دېگەن نومۇسچان كېلىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ تەبىئىتى. بولۇپمۇ تۇرمۇشلۇق بولغاندا ئېرىدىن قانچىلىك تاپا-تەنىلەرنى ئاڭلار؟ تەڭتۇشلىرى ئالدىدا بېشىنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرەر؟ گەرچە قىزىدا هېچقانداق گۇناھ بولمىسىمۇ، لېكىن كىشىلەر دادىسىنىڭ گۇناھىغىمۇ قىزىنى تەڭ شېرىك قىلىدۇ، دەردنى بىللە تارتىشقا مەجبۇرلايدۇ، تىل-ئاھانەت ئوقىنىڭ كۆپىنچىسى كىشىلەرنىڭ پېچەتلەشكە بولمايدىغان ئېغىزى ئارقىلىق قىزىغا قارىتىپ ئېتىلىدۇ. بۇ نەقەدەر ئادالەتسىزلىك، نەقەدەر رەھىمسىزلىك-ھە! لېكىن، شۇ ئادالەتسىزلىكنى پەيدا قىلغۇچى، بىگۇناھ قىزىنىڭ بىغۇبار قەلبىگە مەڭگۈ يۇيۇپ تازىلىۋەتكىلى بولمايدىغان ناپاك-

بىر ئىشنىمۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن: ئۆتكەن يىلى يازدا
تاغدىن قاتتىق سەل كەلگەندە، دەريا قېشى يار ئېلىپ كېتىپ،
زاراتگاھلىقنى سۇ بېسىپ كەتكەن، نۇرغۇن گۆر-قەبرىلەرمۇ
گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەندى. شۇ قاتاردا، قىزنى ھەزرىتى ئىنا-
يەت غوجامغا دۇئا قىلدۇرغان مەسۇم دەرۋىشنىڭ گۆرىمۇ ئېچى-
لىپ قالغانىكەن. كىشىلەر قارىغىدەك بولسا، ئۆلۈپ كەتكىنىگە
يەتتە-سەككىز يىل بولغان بۇ كىشى تىرنىقى غېرىچچە ئۆسكەن،
ساقاللىرى ئۆسۈپ كۆكرىكىگە، چاچلىرى ئۆسۈپ گەجگىسىگە
چۈشكەن ھالەتتە شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن تىرىك ئادەمگە ئوخشاش
بەخىرامان ياتقۇدەك. بۇ گەپ بىردەمدىلا بىر قانچە يۇرتقا پۇر-
كەتكەن. كىشىلەر ئارقا-ئارقىدىن يېتىپ كېلىپ، ئۇلۇغ زات-
نىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ، شېھىت كەتكەن بۇ كىشىنىڭ مۇبارەك
چىرايىنى تاۋاپ قىلىشقان. ئالماسمۇ قىزىقسىنىپ زاراتكاھلىققا
كېلىپ، ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ "تۇۋا!" دەپ ياقىسىنى چىش-
لىگەن ۋە ئاللانىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتىگە قول قويغانىدى. ئۇ-
زۇن ئۆتمەيلا بۇ يەرگە بىر شەيخ كېلىپ شەددە-تۇغلارنى تىك-
لەپ، كېچە-كۈندۈز تائەت-ئىبادەت قىلىشقا باشلىدى. شۇنداق
قىلىپ بۇ زاراتكاھلىق ھازىر مەسۇم دەرۋىش مازارى دەپ ئاتى-
لىپ، مۇقەددەس تاۋاپگاھقا ئايلاندى. بۇ، مەسۇم دەرۋىشنىڭ
ھايات چېغىدا ھەزرىتى ئىنايەت غوجامنىڭ دۇئاسىنى ئېلىۋالغان-
لىقىنىڭ كارامىتى ۋە خاسىيىتى، ئەلۋەتتە. ئالماسمۇ مەسۇم
دەرۋىشنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، تاشنى ئالتۇن قىلالايدىغان شۇ
ئەۋلىيانىڭ دۇئاسىنى ئېلىۋالسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟ شۇغىنى-
سى، ئايجامال تولىمۇ كىچىك، بۇ يىل ئەمدىلا ئون بەش ياشقا

بىلەن قىزىنىڭ كىرەلىشى ناتايىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ”قېتىق ئىچكەن قۇتۇلدى، تاۋاق يالىغان تۇتۇلدى“ دېگەندەك، دادىسىنىڭ بالاسىغا بالىسى قالامدۇ تېخى! ئۇنداقتا بۇنىڭ ئاقىۋىتى ھازىرقىدىنمۇ بەك ئېچىنىشلىق بولىدۇ. ئۇ چاغدا ئالماس قىزىنىڭ دەردىدە زار-زار يىغلاپ، جەننەتنىڭ نازۇ نېمەتلىرىگە ئېغىز تەگكەندىمۇ زەھەر-زوقۇم يېگەندەك ئازابلىق تولغىنىپ، كېچە-كۈندۈز ئارزۇ قىلغان شۇ جەننەتنىڭ ھېچقانداق پەيزىنى سۈرەلمەي، يەنىلا دوزاخ ئازابىنى تارتىۋېرىشى مۇمكىن. شۇڭا ئۆزىمۇ، قىزىمۇ جەننەت ئىشىكىنىڭ سىرتىدا قېپقالمايدىغان بىر ئامال تېپىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ زاتلارنىڭ دۇئاسىنى ئالماقتىن باشقا چارە يوقتەك تۇرىدۇ. يېقىن ئەتراپتا ئۇلۇغ زاتلاردىن كىم بار؟ توغرا! توغرا! ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قوشنا يېزىدىكى ھەزرىتى ئىنايەت غوجام ئاپپاق غوجامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولىمىش. ئالماس بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ مۇبارەك چىرايىنى بىرقانچە قېتىم كۆرگەن. ئۇنىڭ ساقال-چاچلىرى ئۈچتەك ئاقىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىككى مەڭزى توغاچتەك قىپقىزىل بولۇپ، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. يىگىتلەردەك ”گۇس-گۇس“دەسسەپ مېڭىشلىرى ئادەمنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇراتتى. ناۋادا ئۇ ئەۋلىيالىق خاسىيىتىگە تايىنىپ مۇشۇنداق تىمەن تۇرمىغان بولسا شۇنچىلا ياشانغان ئادەم دېگەن بۇ چاققىچە ئاللىقاچان ھاسا-تاياققا چۈشۈپ، بېلى يادەك ئېگىلىپ دۈمچىيىپ قالماسمىدى ياكى تالا-تۈزگەچىقىشقىمۇ مادارى يەتمەي نىمجان ھالەتتە ئورۇن تۇتۇپ ئىگراپ ياتماسمىدى؟! دېمەك ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىدا شەك يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالماس مۇنداق

چۈشىدىكى، ھەرگىز ئۇنىڭدىن قېلىشمايدىغۇ! نېمە ئۈچۈن مە-
سۇم دەرۋىشكە كەلگەن ئامەت ئالماسقىمۇ كەلمەيدىكەن؟ !”سە-
ۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ“دېگەن گەپ بار، ياخشى گەپ
تاشنىمۇ ئېرىتەلەيدۇ. ئالماس خۇدا بەرگەن ئەقلىنى ئىشقا سې-
لىپ، تىلىغا جان بېرىپ، بىرسەۋەب قىلىدىغان بولسا ھەممە
ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ كېتىدۇ، ھەرگىز ئارماندا قالماي-
دۇ. چۈنكى ھەرقانداق ئەۋلىيا باشقىلارغا ساۋابلىق ئىش قىلىپ
بېرىشنى ئۆتەشكە تېگىشلىك پەرزى، ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتى-
دىن چىقىشنى بوينىدىكى قەرزى دەپ سانايدۇ. ئالماس ئۆز
قەلبىنى ئوبدان چۈشەندۈرسە، رەھىمدىل ئىنايەت غوجام ھېچ-
بولمىسا ساۋاب بۇلار دەپمۇ بولسا ئۇنىڭ ئۈمىدىنى جەزمەن يەردە
قويمايدۇ.

ئالماس ئايجامالنىڭ گۈلدەك چىرايىغا قاراپ چوڭقۇر خى-
يالغا پاتتى. نېمە ئۈچۈندۇ، ئايگۈلنى ئەمرىگە ئالغان چاغدىكى
ئەھۋاللار بىردىنلا كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئەندىشە تۇ-
مانلىرى تارقاپ سۈزۈك ئاسماندەك ئېچىلىشقا باشلىغان كۆڭلى-
نى قايتىدىن غەش قىلىپ قويدى. ئۇ چاغدا ئالماس ئايگۈلدىن
ناھايەت ئون سەككىز ياشلا چوڭ ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئايگۈل-
نىڭ ئۆزىگە بوينىدىن باغلىغاندەك تەستە ماقۇل بولغانلىقىنى،
توي قىلغان كېچىسى گويا زەھەرلىك يىلان چېقىۋالغاندەك تول-
غىنىپ ئازابلانغانلىقىنى، شۇنىڭدىن كېيىن بىر ھەپتىگىچە ئو-
رۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى، گۈلدەك چىرايىنىڭ تويۇقسىز
ئۈششۈك تەگكەن ياپراقتەك سارغىيىپ سولۇپ كەتكەنلىكىنى
ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىگە ئالالايدۇ. ئىنايەت غوجامنىڭ يېشى بولسا

قەدەم قويدى. ئىنايەت غوجام ئاز دېگەندىمۇ يەتمىشلەرگە كىرىپ قالغاندۇ. ئاپئاق ساقاللىق بۇ زاتنىڭ ئۆز نەۋرىسىدىنمۇ كىچىك نارىسىدە قىزنى ئەمرىگە ئېلىشنى كۆڭلى كۆتۈرەرمۇ؟ ئەۋلىيالار ئومۇمەن ئاق كۆڭۈل، رەھىمدىل، مېھىر-شەپقەتلىك، ديانەت-لىك كېلىدۇ دېيىشىدىغان. بۇ گەپچە بولغاندا ئىنايەت غوجام ئالماسنىڭ ئىلتىماس-تەكلىپىنى رەت قىلىۋېتىشىمۇ، ھەتتا ئۇ-نى قاغىۋېتىشىمۇ مۇمكىن. بۇنداقتا ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ئۇنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ قالامدۇ؟ گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ قوشۇلۇپ، راستىنلا دوزاخقا تۇتۇرۇق بولۇپ كەتمەمدۇ؟ ياق، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. دۆت- كالامپاي كالا جىنىدا ئوت-چۆپلەرنىڭ يۇمرانلىرىنى تاللاپ يېيىشنى بىلىدۇ-يۇ، پەم-پاراسەتتە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئادەمنىڭ-زە، جۇ-لالىنىپ كۆزنىڭ يېغىنى يەپ تۇرغان خۇش پۇراقلىق گۈل-غۇنچىنى ئۈزۈپ كېلىپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويسا، ئۇنى ئەتىۋار-لاپ چېكىسىگە قىسىۋېلىشقا ئەقلى يەتمەي قالارمۇ؟ مەسۇم دەر-ۋىشمۇ ئۆز قىزىنى ئىنايەت غوجامغا دۇئا قىلدۇرغاندا، ئۇ قىز ئارانلا ئون تۆت ياشقا كىرگەن ئەمەسمىدى! شۇچاغدا ئاتمىشتىن ئېشىپ قالغان ئىنايەت غوجام يامان بولىدۇ دېمەي بۇ تارتۇقنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل كۆرۈپ، قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ قويۇپتىكەنغۇ؟ مانا بۇگۇنكى كۇنگە كەلگەندە ئىنايەت غوجام تۇيۇقسىز باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىپ، باتىن كۆزلىرى بىلەن ئالماسنىڭ قىزىغا نەزەر سېلىپ قويماسمۇ؟ ئايجامالنىڭ نەرى مەسۇم دەرۋىشنىڭ قىزىنىڭكىدىن كەمكەن؟ چىراي جەھەتتىمۇ مەسۇم دەرۋىشنىڭ قىزىدىن ئېشىپ چۈشسە

ئۇلۇغ زاتنىڭ ئەمرىگە ئۆتەلىسە، ئالماسنىڭلا ئەمەس، قىزنىڭمۇ بەختى ئېچىلىدۇ. ئۇ ئالەمدە ئۇنىڭمۇ ياتىدىغان يېرى جەننەتتە بولىدۇ. بۇ ئالەم دېگەن بەش كۈنلۈك ئالەم، ئادەمنىڭ بۇ ئالەمدىكى ئۆمرى دېگەن كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ ئالەمدىكى پاراغەت بولسا مەڭگۈلۈكتۇر. ئايجامال ئۇ ئالەمدە ئەنە شۇ مەڭگۈلۈك پاراغەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈپلا قالماي، ھەممە ئادەم"خان ئانا!" دەپ ئۇنىڭ ئايىقىغا باش قويىدۇ. كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى تەۋەررۈك سۈپىتىدە كۆزىگە سۈرىدۇ. بۇ، قىزىنى خورلۇق زىندانىدىن، ئازاب دېڭىزىدىن قۇتۇلدۇرغانلىق بولماي نېمە؟! ئۇ چاغدا ئالماسمۇ ئىززەت-ھۆرمەتكە سازاۋەر كاتتا زاتقا ئايلىنىدۇ، دۇئانىڭ خاسىيىتى بىلەن بىر قېتىم مەككىگە بېرىپ كەلگەندەك بولىدۇ. ھەج قىلغۇچىلارنىڭ ئۇ ئالەمدە ياتىدىغان يېرىنىڭ جەننەتتە بولۇشىغا قىل سىغمايدىغانلىقى ئالماسقا ھازىر بەش قولدەك ئايان. كەلگۈسىدە ھەتتا ئۇنىڭ قەبرىسىمۇ "ئالماس ھاجى مازارى" دەپ ئاتىلىپ، مۇقەددەس تاۋابگاھقا ئايلىنىپ قالامدۇ تېخى! ھازىر ئالماسقا تەتۈر قارايدىغانلار، كۆز قىرىنى سېلىپ قويمايدىغانلار ئۇ چاغدا ئۇنىڭ قەبرىسى ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ روھىدىن مەدەت تىلەيدۇ، ئۆز گۇناھىغا تۆۋە-ئىستىغبار ئېيتىدۇ. ئۇلۇغ ھېيت-ئايەم كۈنلىرىدە نۇرغۇن ئادەم ئۇنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىپ، ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر-چىراغ بېرىدۇ. مۇشۇنداق بولىدىغانلا بولسا ئۇ بارلىق مۇراد-مەقسىتىگە يېتىدۇ. بۇ دۇنيادىن ئارمانسىز كېتىدۇ، قەبرىسىدە خاتىرجەم ياتالايدۇ، دوزاخ ئازابىدىن ئۈزۈل-كېسىل قۇتۇلىدۇ.

قىزىنىڭكىدىن بىرقانچە ھەسسە چوڭ. ئالماس ئۇنىڭغا تويۇقسىز
ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق قارارغا كەلگەنلىكىنى ئېيتسا، ھېچنېمىدىن
بىخەۋەر تۇرغان ئايجامالنىڭ بېشىدىن تۇتۇن چىقىپ كېتىشى،
ئايلىنىپ يەرگە يىقىلىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. ناۋادا
ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالسىچۇ؟ ياق! نېمە ئۇچۇن نەدىكى بولمى-
غۇر خىياللارنى ئويلاپ يۈرۈيدىغانسەن، ئالماس؟ بالا دېگەننى
بېشىغا كۆن چۈشكەندە ئەسقاتارمىكىن، قولىغا قول، پۇتىغا
پۇت بولارمىكىن دەپ باقىدۇ. كارغا كەلمەيدىغان بالىنىڭ بول-
غىنىدىن بولمىغىنى ياخشى! ئايجامال ئەدەپلىك، كۆيۈمچان بالا
بولدى. دادىسىنىڭ ئۆتمۈشىدىن نەپرەتلەنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا
يەنىلا چىن دىلىدىن كۆيۈنىدۇ. ئوبدانراق نەرسە تاپسا ئۆزى
يېيىشكە چىدىماي ئالماسقا زورلاپ يېگۈزىدۇ. نېمە ئىشقا بۇيرى-
سا شۇنى قىلىدۇ. ھازىرغىچە ئالماس ئۇنىڭ "ياق" دېگەن بىر
ئېغىز گېپىنى ئاڭلاپ باققىنى يوق. مۇشۇنداق ئوبدان بالىنىڭ
قاراپ تۇرۇپ دادىسىنىڭ ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيالىق تەقدىرىگە مۇنا-
سىۋەتلىك چوڭ ئىشىدىن باش تارتىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇرۇنقى
چاغلاردا قىزلارنى تۇماق بىلەن بىرنى ئۇرسا يىقىلىپ چۈشمىسى-
لا رەسىدە بوپتۇ دەپ ئون ئۈچ ياشتىن ئاشۇرماي ئەرگە بېرىدى-
غان. ئۇلارمۇ ھېچنىمە بولماپتىكەنغۇ! ئايجامال بۇ دۇنيادا
ئاز-تولا جاپا تارتسىمۇ ئۇ دۇنياغا بارغاندا كۆپرەك راھەت كۆر-
سىلا بولمامدۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەزرىتى ئىنايەت غوجام ئادەت-
تىكى ئادەم ئەمەس، ئۇنىڭ دۇئاسىغا نائىل بولغان، ئۇنىڭ
نەزەرى چۈشكەن ھەر قانداق كىشىنىڭ ئۇدۇل جەننەتكە كىرى-
شىدە شەك يوق. ئايجامالنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، شۇ

# خاتىمە

تاڭ شەپىقى دېرىزەمنى قىزىللىققا پۈركىگەندە، قەلەمنى قولۇمدا چىڭ تۇتقىنىمچە مۈگدەپ قاپتىمەن. غايىبتىن بىر ئاۋاز ”ئويغان!“ دېگەندەك قىلىۋېدى، لاپپىدە كۆزۈمنى ئاچسام، ئالدىمنى گويا ئاللىقانداق بىر نېپىز پەردە توسۇپ تۇرغاندەك، ئەتراپ غۇۋا كۆرۈندى. زەڭ سېلىپ قارىسام، ئۈستىبېشى چاڭ-توپىغا مىلەنگەن يوغان بىر ئۆمۈچۈك قەلىمىمنىڭ ئۇچىدىن كىرپىكىمگىچە چەمبەرسىمان تور توقۇۋېتىپتۇ. ھېلىمۇ خۇداغا شۈكرى، ھەرىكىتى چاققان بۇ جانىۋار تېخى قولۇمنى چىرمىۋېلىشقا ئۈلگۈرمەستە ئويغىنىۋالغىنىم، بولمىسا پۇت-قولۇممۇ چۇشۇلۇپ قالىدىكەن. مەن غەزىپىمنى باسالمىغان ھالدا ئۆمۈچۈك تورىنى ئۈزۈشكە كىرىشتىم. بىراق بۇ تور شۇنداق پۇختا ئىدىكى، ئارقان تارتىشىش مۇسابىقىسىدا يوغان بىر ئارقاننى پاسسىدە ئۈزۈۋەتكەن كۈچۈمنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇنى ھېچنېمە قىلالمىدىم، نائىلاج ئۆتكۈر پىچاقنى چىقىرىپ، ئىرماش-چىرماش بۇ تورنى كېسىپ تاشلىدىم، ئۆمۈچۈك ئۆلە-تىرىلىشكە قارىماي قاچتى. مەن قاچاندىدۇ ئالدىمدا پەيدا بولۇپ قالغان جاھاننامىدىن شۇنى كۆردۈمكى، ئۆمۈچۈك كونا خانىقا خارابىلىقىدا بۇ تەرەپكە تەقەززالىق بىلەن قاراپ تۇرغان بىر سوپىنىڭ سەللىسى ئارىسىغا كىرىپ كۆزدىن

ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئالماسنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى
ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى. ئۇ، ياش ئەگىپ قالغان كۆزلىرىنى
قايتىدىن ئايجامالغا تىكتى. ئاي يورۇقىدا قىزىنىڭ چىرايىدا
توساتتىن پەيدا بولغان بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلۈمسىرەش ئالامەت-
لىرىنى كۆردى. ”ئاھ، خۇدا! — ئالماس ئاۋازىنى چىقىرىپ
ۋارقىرىۋېتىشكە تاس قالدى، — قۇدرىتى تەڭداشسىز ئىگەم شۇ
تاپتا نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىمنى چۈش ئارقىلىق قىزىمنىڭ
كۆڭلىگە سالغان ئوخشايدۇ. بولمىسا باياتىن تېخى چۈشىدە
يىغلامسىراۋاتقان قىزىم نېمە ئۈچۈن ئەمدىلىكتە شادلىقىنى ئى-
چىگە سىغدۇرالماي كۈلىدۇ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ خان ئانا بولىدىغانلى-
قى توغرىسىدىكى خۇشخەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلىدىكى
مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بۇ ئەقلىنى ئويلاپ تاپقان
دادىسىغا مېھرى-مۇھەببىتى بىلەن يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ قارا-
ۋاتسا كېرەك. ئاھ، ئەقىللىق قىزىم، ئوبدان قىزىم، ئىنساب-
لىق قىزىم، كۆزۈمنىڭ قارىچۇقى قىزىم، خۇدا ئۆمرۈڭنى
ئۇزۇن، مەرتىۋەڭنى ئېگىز قىلغاي!...“
ئالماس ئۈستىدىن تاغ كەبى بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈكنى
ئىرغىتىپ تاشلاپ يەڭگىللىشىپ قالغاندەك ”ئۇھ!“ دەپ يېنىك
تىنىپ، يەكىمگە قايتىدىن بېشىنى قويدى ۋە خاتىرجەم ئۇيقۇغا
كەتتى...



ھەيۋەتلىك گۈركىرەۋاتقان ئاپتوموبىللار، رېتىملىق تاقىلدا-
ۋاتقان پويىزلار، كۆك يېرىپ غارقىراۋاتقان ئايروپىلانلار،
يەرشارىنى ئايلىنىپ ئۇچۇۋاتقان ئالەم كېمىلىرى، ۋىژىلداپ
كۆككە تىك ئۆرلەۋاتقان ھەر خىل راكېتىلار چاقماق تېزلىكىدە
بىر-بىرلەپ نامايان بولدى ۋە بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كېتىپ،
ھېچنېمىنى پەرق ئەتكىلى بولماي قالدى. جاھاننامىغا يەنە قا-
راشقا جۈرئەت قىلالماي بېشىمنى تۆۋەن سالدىم. ئۆپكەم ئۆرۈل-
دى، ئاچچىق نادامەت يۈرىكىمنى ئوغرى مۈشۈكتەك تاتىلاشقا
باشلىدى. ئىختىيارسىز كۆزۈمگە ياش كەلدى، ئەھۋالىمىزغا
ئېچىندىم. بېشىمنى قاتتىق سىلكىۋەتكەندىن كېيىن ئىرادە كە-
مىرىدە بېلىمنى باغلاپ، تەپەككۇر دۇلدۇلىنى ئىگەرلەپ، مۈش-
كۈل سەپەرگە ئاتلاندىم. چايناپ بەرگەن ناندىن بىزار بولغان
ئۆرغۈن سەممىي، ئاق كۆڭۈل كىتابخانلار ئۈمىدۋار كۆزلىرى-
نى تىكىپ، ئاق يول تىلەپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئارزۇسى
بويىچە قەلەم تەۋرىتىشنى ۋاقتىنچە مۇشۇ يەردە توختاتتىم.
ھەممەتلىك تەڭرى بارلىق ئەدەپسىزلىك ۋە سەۋەنلىكلىرىمنى
كەچۈرگەي، ئامىن!

1988-يىل 11-ئايدىن 1989-يىل 3-ئايغىچە بېي-
جىڭدا يېزىلدى.
1993-يىل 5-ئايدىن 9-ئايغىچە بېيجىڭدا
تۈزىتىلدى.

غايىپ بولدى. بىردىنلا: ”ھۇم، ئاللا، ھۇم! ...“ دېگەن غەلىتە سادا يەر جاھاننى بىر ئالدى. بۇ ساداغا تەڭكەش قىلىپ ئەسەبىي-لەرچە پىقىراشقا باشلىغان ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي سەنتۈرۈ-لۈپ يەرگە يىقىلدى، نەۋرىسى ئۇنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. شۇ ھامان بوۋاينىڭ كۆزى نەۋرىسىنىڭ قولىدىكى دەپتەر-قېرىن-داش ئېلىشقا تەييارلىغان بىر كوي پۇلغا چۈشتى. ئۇ، پۇلنى نەۋرىسىنىڭ قولىدىن قوپاللىق بىلەن يۇلۇپ ئېلىپ، ھەرەمگە بېرىشقا توپلىغان يول خىراجىتىگە قوشۇپ قويدى. بالىنىڭ قىزارغان كۆزچانىقىدىن سىرغىپ چىققان ئىككى تامچە ياش مەڭزىنى بويلاپ بىلىنەر-بىلىنمەس لىپىلداۋاتقان لېۋىگە ئېقىپ چۈشتى. ئۇ ئاچچىق كۆز يېشىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئەلەم بىلەن بېشىنى چايقىدى...


تولغىما بۇرۇتلۇق، ئوتتۇرا ياشلىق يەنە بىر ئەر ئوغلىنىڭ بوينىدىن جىلتىسىنى يۇلۇپ ئېلىپ، پەگاغا چۆرۈپ تاشلاپ، ناھالىلىق ئۆتۈكىنىڭ ئۆكچىسى بىلەن چەيلەپ-چەيلىۋەتتى. ئاندىن ئۇنىڭ قۇلىقىنى چوجىغىنىچە مېترلىق زىخقا توغرامچى-لارنى ئۆتكۈزۈشكە زورلىدى. ئۈمىدسىزلەنگەن ئوغۇل ھەسرەت-لىك تىنىپ، بۇ دۇنيانىڭ يىرگىنىشلىك ئەپتىگە قارىغىسى كەلمەيۋاتقاندەك كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى...

بىردىنلا جاھاننامە ئەينىكىنىڭ يۈزىنى سان-ساناقسىز ئاپ-ئاق سەللىلەر، قارا ۋە جىگەر رەڭلىك چۈمبەللەر، ئېگىز-ئې-گىز گۈمبەز-خانىقالار، قاشاڭلىق بىلەن ھاڭراۋاتقان ئېشەك-لەر، ئۇياندىن-بۇيانغا سەكرەپ يۈرگەن قارا چېكەتكىلەر، ھەر تەرەپكە تور تارتىۋاتقان يوغان ئۆمۈچۈكلەر... قاپلاپ كەتتى.

# قەدىرلىنىدىغىنى خاسلىققا
# ئىگە خاراكتېر

ئەكبەر قادىر

ئەدەبىيات هەم ئوبرازلىق تىل سەنئىتى، هەم جانلىق،
ئىندىۋىدۇئال خاراكتېر سەنئىتى بولغاندىلا، ئۆزى ئۇچۇن تېخى-
مۇ كەڭ ئىستىقبال مەنزىرىسىنى ئاچالايدۇ. دۇنيانىڭ مەدەنى-
يەت سەھنىسىدە ئەدەبىياتنىڭ رولى ئۇنىڭ تۇرمۇش ماتېرىيال-
لىرىنى قانداق تىپىكلەشتۇرگىنىگە قارىغاندا، كۆپرەك ئىندىۋى-
دۇئال خاراكتېرلار ئارقىلىق ئىشقا ئېشىپ كەلگەنلىكى بىزگە
ئايان. دونكىخوت، گراندى، هاملېت، ئاكىيۇلار ئۆز دەۋرى
ئۇچۇنلا ئەمەس، بۇگۇنمۇ ۋە بۇندىن كېيىنمۇ قىممەتلىك. چۇن-
كى، بۇ خاراكتېرلاردا ئالدى بىلەن ئۆز رېئاللىقى ئۇچۇن ئومۇ-
مىي بولغان هادىسىلەرگە قارىغاندا خاسلىق، ئايرىملىق گەۋدى-
لىك. تېخىمۇ مۇهىمى، بۇ خاراكتېرلار پەقەت شۇ ماكان، شۇ
مىللەت ئۇچۇنلا يارىتىلغان ئەمەس، ئۇلار مەلۇم رېئاللىقتا ئۆ-
زىگە خاس تۇرمۇش بۆلىكى ئىچىدە ياشاپ تۇرۇپ، دۇنيانىڭ



گە ئوخشىمايدۇ. بۇنىڭغا بىر تەرەپتىن، تۇرمۇش رېئاللىقىمىز-
نىڭ تېز سۈرئەتتە ئۆزگىرىپ بېرىشى، بەزى نەرسىلىرىمىزنىڭ
تېز يوقىلىشى بىلەن بەزى نەرسىلىرىمىزنىڭ تاسادىپىي پەيدا
بولۇپ قېلىشى سەۋەب بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، سەنئەتكارلى-
رىمىزدىكى ئىجادچانلىق روھنىڭ تەخىرسىزلىكى سەۋەب بولۇ-
ۋاتىدۇ. يازغۇچىلىرىمىز تۇرمۇشنى ئىلاجى بار ئىندىۋىدۇئال
خاراكتېرلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ. خاراك-
تېرلارنىڭ خاسلىشىش دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەت-
ئىينەزەر، ئۇ بىزگە يازغۇچىلىرىمىزدىكى ئۆزىنى خاس خاراك-
تېر يارىتىشقا ئۇرۇنۇشتەك روھنىڭ بارغانچە كۈچىيىپ بېرىۋات-
قانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىزنىڭچە، خاس خاراكتېر
يارىتىش بىر خىل قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ئېسىل ئىجادىي-
ئەت روھى.

تىرىشچان يازغۇچى مۇھەممەت ئىمىن خېلى كۆپ يىللىق
ئىجادىيەت مۇساپىسىدە ئۆز ئەسەرلىرىدە يارىتىلغان خاراكتېر-
لارغا ئىزچىل خاس خۇسۇسىيەت بېرىشنى ھەممىدىن ئۈستۈن
قويۇپ كەلدى. ئۇ يازغان «داغدا قالغان قىز»، «ئىككى يۈز-
لۈك ئادەم»، «ۋىجدانىڭ نېمە دەيدۇ» قاتارلىق پوۋېستلاردىكى
شۆھرەت، زىننەت، قاسىم، كۆيدۈرگەبەگ قاتارلىق ئوبرازلار
بىر تەرەپتىن، تىپىك تۇرمۇش ماتېرىياللىرى ئاساسىدا يارىتىل-
غان بەدىئىي ئوبرازلار بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەمەلىي
تۇرمۇشتىكى ئادەملەرگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان خاسلىقىمۇ ئى-
گە قىلىنغان.

ناچار ئىللەت، ناچار ھادىسىلەرنى كۆپرەك قىز-يىگىتلەر

ھەممە يېرىگە نىسبەتەن شۇنداق تورمۇش بۆلىكى ھاسىل قىلالاي-دىغان قۇدرەتكە ئىگە قىلىپ يارىتىلغان. شۇڭا دونكىخوتنىڭ "ھەي ئەخمەقلەر، مېنىڭ نەيزەم بىلەن دۇبۇلغامنىڭ ئالدىدا سەن توگمەن تېشى نېمىتىڭ"دەۋاتقىنى، ئاكىيونىڭ باشقىلاردىن تاياق يەپ قالغاندا يەنىلا ئۆزىنى ئۇستۇن تۇتۇپ، "بالىسى دادى-سىنى ئۇرىدىغان قانداق زامان بولۇپ كەتتى بۇ؟" دەۋاتقىنى، گراندىنىڭ سەكراتتا تۇرۇپ "چىراغ يېغىنى ئىسراپ قىلماڭ-لار"دەپ كۆز يۇمۇۋاتقىنى بىزگە دائىم بىر خىل قىزىق تۇر-مۇش، خاس خاراكتېر ھەققىدە لەتىپە سۆزلەپ تۇرىدۇ. ئەدەبى-يات پېشىۋايىمىز زۇنۇن قادىرنى ئەسلىگەن ۋاقتىمىزدا، ئۇنىڭ قىزىق ئادىمى مەتنىياز ۋە ئۇنىڭ شۇنچە ھورۇنلۇقىغا باقماي، "ئوتتۇرىسىنى باغ، ئەتراپىنى تاغ قىلاي دەيمەن"دېگىنى يادى-مىزغا كېلىدۇ.

شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، خاس خاراكتېر يازغۇچىغا نىسبەتەن ئۇنىڭ بىرلا ئەسىرىگە تەۋە ئەمەس، ئۇ يازغۇچىنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيىتى، بەدىئىي ئىزدىنىشى، تۇرمۇش رېئاللى-قىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى، مىللىي ئېڭى ۋە ئەدەبىيات تارىخىدى-كى تۆھپىسى قاتارلىق كۆپ تەرەپلەرنى مۇجەسسەملەشتۈ-رۈشتىن پۈتۈپ چىققان بىر خىل ئالاھىدە مەھسۇلاتى. شۇڭا خاس خاراكتېر ئۈستىدە توختالغاندا، چوقۇم ئۇنى بىر تەرەپتىن، تۇرمۇش رېئاللىقى نۇقتىسىدىن كۆزەتسەك، يەنە بىر تەرەپتىن، يازغۇچىنىڭ ئۇسلۇبى، تالانتى نۇقتىسىدىنمۇ كۆزىتىش كې-رەك.

ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۈگۈنى ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋردىكى-

لىق ئۈمىدىنى شەھەرگە باغلايدۇ. شەھەرگە يېتىۋالسىلا ئۆز
قابىلىيىتىگە يارىشا ئىش تېپىپ ئىشلىيەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ
قىلىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن يىگىتى
شۆھرەت ئەكسىچە ئۆز يېزىسىدا قېلىپ قابىلىيىتىنى ئىشقا
سېلىپ ۋە شۇ ئارقىلىق چىقىش يولى تېپىش پىكرىدە چىڭ
تۇرىدۇ. مانا بۇ «داغدا قالغان قىز» دىكى تەسۋىر. بۇ يەردە
ئادەتتىكى ئىسلاھات ھېكايىلىرىغا ئوخشىمايدىغان ھالەت ۋە ئۆز-
گىچە خاراكتېر مەۋجۇت. شۆھرەت ھېچقانداق بىر كىشىنىڭ
قىلغىنىنى قىلماقچى ئەمەس ياكى بولمىسا يېزىغا مەبلەغ سالغۇ-
چىمۇ ئەمەس، ئۇنىڭدا كارخانىچى بولۇش دېگەن ئوي تېخى
شەكىللەنگىنى يوق. ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى ئاتا-بوۋىسىنىڭ، يې-
زىلىق قېرىنداشلىرىنىڭ كەتمەنگە تايىنىپ ئۆتكۈزگەن جاپا-مۇ-
شەققەتلىك ئۆتمۈشى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى داۋامى. دېمەك، شۆھ-
رەتتە قىيىن شارائىت ئىچىدىن يول تېپىش، ئۆز تەقدىرىنى
ئۆزى ئۆزگەرتىش، يېزىسىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى نامراتلىقتىن
قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش روھى ناھايىتى كۈچلۈك ئورۇندا
تۇرىدۇ. ئۇ ئەسەردە باشتىن- ئاخىر مۇشۇ روھ، مۇشۇ ئىرادە
كۈچىدە ئىنتىلگۈچى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. "بىز تا بۈگۈنگى-
چە ئىككى بىلىكىمىزگە، قارا كۈچىمىزگە تايىنىپ دېھقانچىلىق
قىلىشتىن قۇتۇلالمايۋاتىمىز، بىزنىڭ ئاتا-ئانىلىرىمىز مۇشۇ
ۋەجىدىن مۈكچىيىپ كەتتى. لېكىن ئۇلار قورساقنى ئاران
بېقىشتىن نېرىغا ئۆتەلمىدى، بىز ئەۋلادىمىزغا نېمىنى قالدۇ-
رۇپ كېتىمىز؟ يەنىلا كالىدەك قارا كۈچكە تايىنىشتىن باشقى-
نى بىلمەيدىغان نادانلىق ۋە نامراتلىقنى قالدۇرىمىزمۇ؟" شۆھ-

ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ ئېچىپ بېرىدى-
غان خاھىش يېقىنقى يىللار ئىچىدە كۆچىيىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ
ئاۋام خەلق ئارىسىدىكى ئاچچىق يىلتىزلىرىنىڭ تولۇق ئېچىپ
بېرىلىشىگە بەلگىلىك تەسىر يەتكەندى. ئىجتىمائىي ئەخلاقتا،
كىشىلىك ۋىجدانىغا، مىللەتنىڭ مەنىۋى سۈپىتىگە بېرىپ چېتى-
لىدىغان بۇنداق ھادىسىلەرنى ئىككى ياش ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرى-
ۋاتقان بىر-بىرىنى تاشلاپ كېتىپ قېلىش، ۋەسلىگە يېتەلمەس-
لىك، قىز ماجىراسى قاتارلىق تەرەپلەرگىلا ئىتتىرىپ قويماس-
لىق كېرەك. بەلكى ئۇنى پۈتكۈل خەلقىمىز ئارىسىدىن، ئۇلار
پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئاشۇ شەھەر، يېزا، قۇملۇق، بوس-
تانلىقلاردىنمۇ ئاختۇرۇپ بېقىش كېرەك. ئېلىمىز خەنزۇ ئەدە-
بىياتى نەچچە مىڭ يىللىق فېئوداللىق تۈزۈم ئۆزلىرىگە قالدۇ-
رۇپ كەتكەن مەنىۋى ئىللەتلەرنى روھىي قۇللۇقلىق ئىدىيىسى-
دىن ئىزدەپ، ئۇنىڭ تۈپ يىلتىزىغا پالتا ئۇرۇۋاتقان پەيتتە،
بىز بۇنداق ئىللەتلەرنى ھەسەتخورلۇق ئىدىيىمىزدىن ئىزدەپ
باقساق نېمە بوپتۇ؟ ئۇنىڭ چوڭقۇر يىلتىزلىرىنى ئەمگەك ھار-
غىنلىقىنى غەيۋەت قىلىش بىلەن چىقىرىدىغان ئاشۇ ئادەملەر
ئارىسىدىن ئىزدەپ باقساق نېمە بوپتۇ؟ ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىش-
چان، باتۇر، مېھماندوست دېگەنلەردىن باشقا ئامىللارمۇ مەۋ-
جۇتمۇ-يوق؟ بىز ئويلىنىش ئىچىدە مۇنۇلارنى كۆز ئالدىمىزدىن
ئۆتكۈزىمىز:

يېزىلىق قىز زىنەت ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەندىن كېيىن
ئۆزىگە مۇۋاپىق چىقىش يولى ئىزدەيدۇ. مىليونلىغان جۇڭگو
زىيالىيلىرىغا ئوخشاشلا بۇ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىمۇ بار-

ئۆز قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ساتتاروپنىڭ ھىيلە-مىكرىنىڭ قۇربانى بولۇپ ئاللىقاچان ئائىلە ئايالى بولۇپ بولغانىدى. ھەتتا بارغانسېرى تېخىمۇ يامان ئاقىۋەتلەرگە قېلىۋاتاتتى. ئۇ ئەمدى ساتتاروپتىن ئېشىپ باشقىلارنىڭمۇ ئاياغ-ئاستى قىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. زىننەت مەنىۋى جەھەتتىكى بۇنداق خورلۇقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي خاتىرجەملىك ئىزدەپ ئۆز يېزىسىغا قايتىپ كېلىدۇ. شۆھرەت بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىماقچى بولىدۇ.

بۇ يەردە زىننەتنىڭ ئۆز يېزىسىغا قايتىپ كېلىشىنى ئۇنىڭ خاراكتېر جەھەتتىكى ئۆزگىرىشىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولمايدۇ. ئۇنى يۇرتىنى سېغىنىپ قايتىپ كەلدى دېگەندىن كۆرە خورلۇق دەستىدىن ئۆزىنى قويار جاي تاپالماي قالغاندا قايتىپ كەلدى دېيىش مۇۋاپىق. ئەجەبا ئۇ، ئۆز يېزىسىدىكى تۇرمۇشنىڭ شەھەردىكى باياشات تۇرمۇشقا يەتمەيدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ ئاشۇ ئاغزى ئىتتىك، غەيۋەتخور ئاياللارنىڭ ئەمدى تېخىمۇ كۆپ سۆز-چۆچەك قىلىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ شۆھرەتنىڭ ئەمدى ئۆزىگە نەپرەت بىلەن قارايدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ ئېنىق بىلىپ تۇرۇپتۇ، زىننەت خاراكتېرىمۇ ئەدەبىياتىمىزدا ئالدانغان قىزلار قاتارىدا تەسۋىرلىنىۋاتقان مىڭلىغان زىننەتلەرنىڭ ئىچىدە تېگىشلىك خاسلىققا ئىگە خاراكتېردۇر.

زىننەتنىڭ داغدا قېلىشىدا، ئىنچىكىلەپ كۆزىتىدىغان بولساق، مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئامىلنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بايقايمىز. بىرىنچىدىن، زىننەت روھىدا شەھەردە خىزمەت قىلىش، باياشات، پاكىز مۇھىتتا تۇرمۇش كۆچۈرۈش غايىسىنىڭ بەك كۈچ-

رەتنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ قالاق قول ئەمگىكىگىلا تايىنىپ ياشاپ كەلگەن نەچچە مىڭ يىللىق ئۆتمۈشى بىلەن ئۇنىڭ ئەمدىكى بۇرۇلۇش ھالىتىدىن بېشارەت بېرىدۇ. تايىنىپ ياشاشتەك ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادەتلىنىپ كەتكەن ئاڭ بىلەن ئۇنىڭغا قارشى ھالدا چاقنىغان ئۆزىنى بىلىش، ئۆزىنى چۈشىنىش، ئۆزىنى سېلىشتۇرۇش ئېڭى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتىمۇ ئۆتكۈر ئېلىشىشنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

جاپالىق سەھرا مۇھىتىدا يېتىلگەن كۈچلۈك ئىرادە ۋە يۈكسەك يىگىتلىك غۇرۇر بىلەن ئاتا-ئانىسىغا ئەسقېتىپ، ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يەڭگىللىتىشكە بەل باغلاش — شۆھرەت خاراكتېرىنىڭ تۈۋەن قاتلىمى. ئاپتور شۆھرەت خاراكتېرىنى ئۇنىڭ ئەنە شۇ روھىي مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن ھالدا تەرەققىي قىلدۇرغان. ئۇنى ئىسلاھات، ئىلغار تېخنىكا ئۆگىنىش، مۇھەببەت ئازابى دېگەندەك تەرەپلەرگە بەنت قىلىپ قويماي، بەلكى باشتىن-ئاخىر دىققىتىنى ئۆز يېزىسىنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىشقا قارىتىدىغان، ئەنئەنىۋى قول ئەمگەككىلا تايىنىپ ياشاۋەرمەسلىكنى تەسەۋۋۇر قىلىدىغان جۈرئەتلىك، ئۆتكۈر پىكىرلىك يېزا يىگىتى قىلىپ تەسۋىرلىگەن. بىز ئەسەر ئېلان قىلىنغان 80-يىللارنىڭ باشلىرى بىلەن شۇ ۋاقىتتىكى يېزىلىرىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە نەزەر ئاغدۇرىدىغان بولساق، شۆھرەت روھىنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ تولۇق ھېس قىلىمىز.

بىز زىننەت بىلەن يىراقتا تۇرۇپ شۆھرەتنىڭ ئۆز يېزىسىدا رەھبەرلىكنىڭ قوللىشى بىلەن مېۋە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرغانلىقىنى ئاڭلايمىز. بۇ ۋاقىتتا زىننەت شەھەردە

ئىگىلەش ئىستىكىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى ئەقىلگە ئۇيغۇن. شۇ
ۋەجىدىن زىننەتتەك قىزلاردا پسىخىكا جەھەتتىن شەھەر تۇرمۇ-
شىغا قىزىقىش، يېزا تۇرمۇشىغا نىسبەتەن تويۇنۇش كەيپىياتى-
نىڭ كۈچلۈك بولۇشى تەبىئىي ئىدى. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن
يېزا تۇرمۇشىغا نىسبەتەن پۈتۈنلەي سوغۇق پوزىتسىيىدە بو-
لۇش، ئۇنى ئورۇنسىز ئەيىبلەش نورمال پسىخىكا ئەمەس. لې-
كىن زىننەت بۇ مەسىلىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمىدى. شۇنداق
بولغاچقا زىننەتنىڭ كېيىنكى ۋاقىتتا ھەرخىل پېشكەللىك ۋە
ئازابلارغا ئۇچرىغانلىقىنى ئۇنىڭ ئېڭىغا، خاراكتېر مەنتىقىسىگە
تامامەن ئۇيغۇن دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. ئۇچىنچىدىن،
مۇستەقىل ياشاش ئىرادىسىنىڭ تولىمۇ كەمچىل بولۇشى. بۇ
تەرەپنى ئالاھىدە تىلغا ئالماي بولمايدۇ. زىننەتنىڭ ئۆز يېزىسى-
دىن چىقىپ كېتىش مۇددىئاسىدىن تارتىپ كېيىن يەنە ئۆز
يېزىسىغا قايتىپ كېلىشىدىكى مۇددىئاسىغىچە ئومۇمەن تايىنىپ
ياشاش، مەلۇم ھىمايە ئاستىدا پاراغەت ۋە خاتىرجەملىككە ئې-
رىشىشتىن ئىبارەت ئاجىز پسىخىكىسىمۇ يوشۇرۇنغان دېيىشكە
بولىدۇ. ئۇ شەھەردىكى تۇغقانلىرىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلمى-
گەندىن كېيىن، دەرھال ساۋاقدىشى رىسالەتنى خىيالىغا كەلتۈ-
رىدۇ. ئۇنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىد كۈتىدۇ. ساتتاروپ بىلەن رىسا-
لەتنىڭ ئۆزىنى دەرھال ئارىغا ئېلىشىدا، كاتتا ئۆي ھەل قىلىپ
بەرمەكچى بولۇشىدا مەلۇم سىر بارلىقىنى سەزگەندەك قىلىپ
تۇرۇپمۇ يەنە ئىشىنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە سەگەكلىك بىلەن ئويلى-
نىپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئەكسىچە يار-يۆلەك ۋە ھىما-
يىلىك تۇرمۇشتىن چەكسىز خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ. ساتتاروپ-

لۈكلىكى. بىز بۇ يەردە بۇنداق غايە-ئىستەكنى ئىنكار قىلماقچى ئەمەسمىز ياكى يېزا ئادەملىرىدە پەقەت يېزا تۇرمۇشى سەۋىيە-سىگە خاسلا ئوي-ئىستەك، تەپەككۇر بولۇشى كېرەك دېگەننى تەشەببۇس قىلماقچى ئەمەسمىز. مەسىلىنىڭ نېگىزى زىنىنەتتە شۇ خىل غايە-ئىستەكلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا بولغان ئىشەنچ ۋە قەتئىي ئىرادىنىڭ بار-يوقلىقىدا، ئاجىز-كۈچلۈكلىكىدە. ئەسەرنىڭ ئۆزىدىن ئېلىپ قارايدىغان بولساق، ئۇ بۇ غايىسىنى شەھەردىكى يىراق تۇغقانلىرىنىڭ ھىممىتىگە تايىنىپ ئىشقا ئا-شۇرالمىغاندىن كېيىن ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان، پىر-كازچىك ساۋاقدىشى رىسالەت ۋە ھىيلىگەر ساتتاروپقا تايىنىپ ئىشقا ئاشۇرماقچى بولىدۇ. بىزنىڭچە بۇ بىر تەۋەككۈلچىلىك بولۇپ، ئۇ زىنىنەتنىڭ ھايات يولىغا نىسبەتەن مەڭگۈلۈك بەخت ئېلىپ كېلەلمەيدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. مۇشۇنداق شارائىتتا زىنىنەت غايە، ئىستەك ئارقىسىدىن قارىغۇلارچە ئەگەشمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئىككىنچىدىن، يېزا تۇرمۇشىدىن بىزار بولۇش، ئۇچى سىقىلىش كەيپىياتىنىڭ كۈچىيىپ بېرىشى. بىز ئەسەر-نىڭ بېشىدىلا زىنىنەتنىڭ يېزا تۇرمۇشى ھەققىدە ئېيتقان ”قاچان-غىچە كەتمەن بىلەن ئورغاقنىڭ بەندىسى بولۇپ يۈرەرمىز. ھەي تەقدىر، سەن نېمىدېگەن رەھىمسىز-ھە، قېيىشقاندەك بەختكە ئېرىششنى ئارزۇ قىلغاننى بەختسىز قىلىپ قويىسەن“ دېگەندەك دادلاشلىرىنى ئاڭلايمىز. يېزىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپنىمۇ ئۆز يېزىسىدا تاماملىغان بىر قىز ئۈچۈن ئەلۋەتتە شەھەر مەدەنىيىتىنىمۇ قوبۇل قىلىش، شەھەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىم ۋە كەسىپ

يازغۇچى مۇھەممەت ئىمىن ئۇيغۇر تۇرمۇشىدىكى يۇقىرىقى-دەك ناچار ئىللەتلەرنى تەسۋىرلىگەندە ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ روھىي ئازادلىقىغا، خاتىرجەملىكىگە ئېلىپ كېلىدىغان بېسىمىغا ئالاھىدە دىققەت قىلغان. ئۇ ئەسەرلىرىدە تۇرمۇشتىكى چاكىنا قىلىق، چاكىنا سۆز-ھەرىكەتلەرنى بىرنەچچە سەلبىي پېرسوناژ-لارنىڭ ۋۇجۇدىغىلا مەركەزلەشتۇرۇپ قويماي، ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ پۈتكۈل ئىجتىمائىي كەيپىيات بىلەن باغلاش، ئاۋام خەلقىمىز ۋۇجۇدىدىنمۇ ئىزدەش، بۇنداق ھادىسىلەرنىڭ ئۆز-ئۆزىمىزگە ئېلىپ كېلىۋاتقان تراگېدىيىلىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ بېقىش يولىدىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. ئەگەر زىننەت تراگېدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاشۇنداق ئىچكى-تاشقى سەۋەبلەر يازغۇچى تەرىپىدىن ئىنچىكىلىك بىلەن كۆرسىتىلمى-گەن، تەھلىل قىلىنمىغان بولسا، بىر قاتار ئاقىۋەتلەر كىتاب-خانغا پەقەت زىننەتنى ئۆز يېزىسىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەنگە تويغۇزۇشتەكلا تۇيغۇ بېرىپ قويغان بولاتتى، خالاس.

بىز يازغۇچىنىڭ يەنە «ئىككى يۈزلۈك ئادەم» پوۋېستىدىن قاسىمنى، «ۋىجدانىڭ نېمە دەيدۇ» پوۋېستىدىن كۆيدۈرگە بەگ-نى ئۇچرىتىمىز. بىزگە بۇ ئادەملەرنىڭ رېئاللىقتىكى چىن ئادەملەر بولۇشى كۆپايە قىلمايدۇ. ئۆزگىچە خاراكتېر ئالغان بۇ پېرسوناژلار يەنە بىزنىڭ ئاۋام خەلقىمىزنىڭ روھىغا مەھكەم ماكانلىشىۋالغان رەزىل مەنىۋى ئىللەتلەرگە ۋەكىللىك قىلغۇ-چىلاردۇر. بىزنى ئويلاندۇرىدىغىنى شۇكى، يازغۇچىنىڭ ئە-سەرلىرىدە بۇنداق كىشىلەر قانداقلا يەزدە، قانداقلا ۋاقىتتا بول-مىسۇن، كىشىلەر قەلبىدىن ئۆزىگە ئاسانلا بىر كىشىلىك ئو-

ىنىڭ ئۆزىنى باشقىلارنىڭ قوينىغا تاشلاپ بېرىشتەك رەزىل ئىد-
يىتى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن بولسا، قانۇن ۋە ئىجتىمائىي
ئەخلاق مىزانلىرىغا تايىنىپ ئۇنىڭدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ
تېگىشلىك مۇستەقىل تۇرمۇش كۆچۈرۈش يولىغا ماڭماي، يەنىلا
بىھۇدە هالدا شۆهرەتنى ئويلايدۇ. ناۋادا زىننەت مەيلى يېزىدا
بولسۇن، مەيلى شەھەردە بولسۇن، ناچار شارائىت ۋە كەيپىيات-
لارنى، تۇرلۇك ئوڭۇشسىزلىقلارنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يېڭىش
ئىرادىسىنى يېتىلدۈرەلىگەن بولسا، ئۇ چاغدا كىشىنىڭ ئىچىنى
سىيرىدىغان بۇنداق ئاقىۋەتلەرگە قالمىغان بولاتتى.

كوچىدىكى غەيۋەتخور ئاياللار دۇنياسى، ئۇلارنىڭ بويىغا
يېتىپ قالغان قىزلارنىڭ ئارقىسىدىن تاپىدىغان تۇرلۇك ئۆسەك
سۆزلىرى، زاڭلىق قىلىشلىرىمۇ زىننەت تىراگېدىيىسىگە تەسىر
كۆرسەتكەن تاشقى ئامىللارنىڭ بىرى. زىننەت ئەمدىلا ئوتتۇرا
مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ تۇرۇشىغا كوچىدىكى ئاياللارنىڭ ئاغزىدا
"چوقۇم بىر ئىش چىقىرىپ قويغان گەپ"، "هالى چاغلىق
بولسا كېرەك..."دېگەندەك سۆزلەر پەيدا بولدى. زىننەت بۇ
سۆزلەردىن قىزلارغا خاس نازۇكلىقى بىلەن ئويالدى، ئازابلاندى
هەم ئۆزىنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلىكىدىن تېخىمۇ قاتتىق
ئازابلىنىدىغان بولدى. بۇ هال ئۇنىڭ روهىدىكى يېزا تۇرمۇشى-
دىن بىزار بولۇش كەيپىياتىنى ئاشۇرۇپ، ئۇنى شۇ ئاياللارنىڭ
نەزەرىدىن بولسىمۇ يىراق تۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئۆسەك سۆزلىرى-
نى ئاڭلىماسلىق تۇيغۇسىغا كەلتۈرۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن
قەتئىي نىيەتكە كەلگەن زىننەت ئۆتۈپ كېتىۋاتقان تراكتورغا
ئولتۇرۇپ ئۆز يېزىسىدىن ئايرىلدى.

كۆيدۈرگەبەگ بىر ئۆمۈر ياخشىلار ئۈستىدىن شىكايەت قى-
لىش بىلەن ئۆتتى. ئۇنىڭ شىكايەتلىرى ئۇنىڭ تەربىيىلىنىشى،
ئېڭى، چۈشەنچىسى، تەپەككۇرىغا شۇنچىلىك ئۇيغۇن بولغاچقا،
كىتابخانىنى ئۆزىگە بەك قىزىقتۇرىدۇ. ”ۋەزىيەت ئۆزگەرسە كۆز
قاراشنىڭمۇ ئۆزگىرىشى مۇقەررەر“ دېگىنى ئۇنىڭ تۈپ روھىي
مەنتىقىسىدۇر. ئۇ رېئال ھادىسىلەرنى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدى-
كى مۇناسىۋەتلەرنى، مۇھەببەتنى پۈتۈنلەي باشقىچە نۇقتىدىن
چىقىپ كۆزىتىدۇ. ئۇنىڭغا ھەممىلا نەرسىنىڭ ئارقىسىغا بىر
خىل ھىيلىگەرلىك يوشۇرۇنغاندەكلا سېزىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ خۇد-
دى ئاكىيۇدەك ھەممە نەرسىنىڭ ئۆز ئىرادىسى بويىچە بولمايۋات-
قانلىقىدىن ئاغرىنىش بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ ھەدىسىنىڭ
ياتلىق بولغانلىقىنى ”ئالدىنىپ كەتتى“ دەپ قارىسا، ئايالى مۇد-
دەتتىن بۇرۇن يەڭگىپ قالغاندا ”دەۋرىمىز قانداق دەۋر؟ بۇ
دەۋردە يۈز كۈنلۈك ئىشنى بىر كۈندە پۈتتۈرۈۋاتىمىز. مۇشۇن-
داق خاسىيەتلىك دەۋردە خوتۇنۇممۇ توققۇز ئاي قورساق كۆتۈ-
رۈپ يۈرۈش ئورنىغا ئالتە ئاي قورساق كۆتۈرۈپلا تۇغسا نېمە
بوپتۇ؟“ دەپ ئۆز ئۆزىگە تەسەللى بېرىدۇ. ئۇ يەنە ھەمىشە
”كوممۇناغا بولغان چىن مۇھەببىتىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئار-
زۇلۇق ئوغلۇمغا كوممۇناجان دەپ ئات قويغانمەن“، ”مەن بىلەن
بىردەم پاراڭلاشساڭلارلا ئىنتايىن ئۆتكۈر بىر تالانت ئىگىسىنىڭ
توپا-چاڭ سەھرادا كۆمۈلۈپ قالغانلىقىنى بايقايسىلەر“ دېگەندەك
سۆزلەرنى قىلىپ، ئۆز-ئۆزىدىن چەكسىز پەخىرلىنىپ يۈرىدۇ.
دېمەك، كۆيدۈرگەبەگ چېقىمچى، ھەسەتخورلۇقى بىلەن ئەسەر-
دىكى ئاساسىي پېرسوناژ بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، يۇقىرىقى-

رۇن هازىرلىنىۋالىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بىز بۇ يەردە پۈتۈن ئەسىردىن ”مۇشۇنداق ئىللەتلەرنى قوبۇل قىلالمايدىغان ئىككىنچى بىر قەلب زادى نېمىشقا يوق؟“ دېگەن بىر خىل سادانى ئاڭلاۋاتقاندەك بولىمىز. قاسىم بىلەن كۆيدۈرگەبەگلەرنىڭ يارىتىلىشىدىمۇ دورامچىلىقتىن خالىي بولغان خاسلىق ئامىللىرى مەۋجۇت. قاسىم ھوقۇق تەمەسى يولىدا چېقىمچىلىق، مەككارلىق قىلىشنى كەسىپ قىلغان. ئەمما، ئۇ بۇ مەقسەتكە ئەمەتنى سەمەتكە ئۇدۇل يامان كۆرسىتىش يولى بىلەن يەتمەكچى ئەمەس. ئۇ بۇنداق قىلىشنىڭ كونا ”ئەنئەنە“ ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ بۇنى ”يېڭىلىغۇچى“، شۇڭا يېڭى كەلگەن رەھبەرگە ئاۋۋال ئۆزى بىلەن خىزمەتداشلىرىنى تازا ماختاپ، ئۈستىلىق بىلەن ”ھەممەيلەن ياخشى، ئۆزىمۇ ياخشى“دەك كەيپىيات هازىرلىۋالىدۇ. ئەكسىچە قاسىم ياخشى گېپىنى قىلغان نىزامىدىندەك ئادەملەر رەھبەرگە پىچىرلاپ، ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلدى. نەتىجىدە قاسىم رەھبەرلىكنىڭ نەزىرىدە باشقىلار كۆرەلمەيدىغان ياخشى ئادەم بولۇپ قالىدۇ. مېنىڭچە، بۇ يەردە پەقەت قاسىمنىڭ ئىنتايىن ئۇچىغا چىققان سۇيىقەستچىلىكى ئۈستىدىن ئاچچىق تەنقىدلا ئېلىپ بېرىلغان ئەمەس. لېتىپ ئاكىدەك رەھبەرلەرنىمۇ تەنقىد نەزىرىمىزدىن ساقىت قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ.

”سۆڭەك بار يەردە ئىت بار“ دېگەندەك، قاسىم ھەم كۆيدۈرگەبەگدەك قىزىل كۆز، چېقىمچى، ھەسەتخور ئادەملەر بار يەردە ئۇلارنىڭ سۆزىنى تىڭشايدىغان، ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقسىزلىق ئۇرۇقىنى چېچىۋاتقانلىقىنى سىزىپ ئالالمايدىغان رەھبەرلەرنىڭمۇ بارلىقى كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

چىن مۇھەببىتىمىزدىن ئۈستۈن كۆرۈپ، مېنى ھىجران ئوتىغا
تاشلاپ كېتىپ قالدىڭىز. چوڭ-كىچىك ئۈندەك ماشىنىدىن
تەركىب تاپقان قىز كۆچۈرۈش كارۋىنى ھەيۋەتلىك سەپ تارتىپ
شەھەرگە قاراپ يولغا چىققاندا، غۇيۇلداپ ئايلىنىۋاتقان چاقلار
ئاستىدىن قوزغالغان چاڭ-توزانلارغا مىلىنىپ قەيەرلەرگىچە يۇ-
گۈرۈپ بارغانلىقىمنى بىلمەيمەن…“ ۋاھاكازالار. زىننەت يېزىغا
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شۆھرەتنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا:
”ئەمدى ئەقلىڭنى تاپتىڭ، قىزىم، ياخشى ئىشلە، خۇدا ئۆم-
رۈڭلارنى ئۇزۇن قىلغاي“ دەيدۇ. بۇ دىئالوگدا ئىپادىلىنىۋات-
قىنى ياشانغانلارغا خاس مېھرىبانلىقتەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە
ئۇنىڭدىن شۇھرەت بىلەن زىننەتنىڭ بىرگە بولۇشى تىلىنىۋاتقان-
دەك مەنە چىقىپ تۇرىدۇ. ھەشەمەتلىك توي بىلەن شەھەرگە
ئۇزىتىلىپ كېيىن ئاجرىشىپ يېنىپ كەلگەن جۇگاننى تېخى
ئۆيلەنمىگەن ئوغلىغا ئېلىپ بېرىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش شۆھرەت-
نىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئېڭىغىمۇ، مىللىتىمىزنىڭ قائىدە-يوسۇ-
نىغىمۇ تازا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئىش.

ئىككىنچى، ئىنسان تەبىئىتى بىلەن ئىجتىمائىي ئەخلاق
چوشەنچىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىدە بەزى ھاللاردا بۇ ئىككى تەرەپ-
نىڭ بىرلىكىنى چەتكە قاقىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە. بىزگە
مەلۇم، رېئال ئادەملەردە ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ كۈچىيىپ بېرىشى
ئۇلاردا قىزغىنىش، يوشۇرۇشتەك پىسخىك كەيپىياتلارنى دائىم
پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ. يازغۇچى ئۆز ئەسەرلىرىدە مەلۇم خاسلىقتا
ئىگە، كىشىنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك ئوبرازلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك
يارىتالىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزلۈك ئېڭىغا

دەك سۆز-ھەرىكەتلىرى بىلەن ئەدەبىياتىمىزدا تېخى بىخ ھالى-
تىدە تۇرۇۋاتقان ”ئارتۇق ئادەم“ ئوبرازىنىمۇ ناھايىتى يېقىن
كېلىدۇ. ئاغزىدىكى چېقىمچىلىق، ھەسەتخورلۇق بىلەن ئاڭ
جەھەتتىكى نامرات، نادانلىقى گىرەلىشىپ ھايات سەھنىسىدە
ئاجايىپ بىر رولغا چىققان بۇ پېرسوناژ سىزنىڭچە سەھنىدىن
قانداق چۈشۈشى مۇمكىن؟! ئۇنىڭ ئۆلۈۋالغىنى ھەقلىق بولدى-
مۇ-قانداق؟

يۇقىرىدا يازغۇچى مۇھەممەت ئىمىنىنىڭ ئۈچ پارچە پوۋېس-
تى ۋە ئۇلاردا يارىتىلغان خاراكتېرلاردىكى ماھىيەتلىك خاسلىق-
لار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتۈم. يازغۇچىنىڭ بۇندىن كېيىنكى
ئىجادىيىتىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىمىزنىڭ زورلۇقى سەۋەبلىك تۆ-
ۋەندە بەزى يېتەرسىزلىكلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتىمەن:

بىرىنچى، بىزنىڭ قارىشىمىزچە، يازغۇچى مۇھەممەت ئى-
مىنىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلىدا يارىتىلىۋاتقان پېرسوناژنىڭ ئىج-
تىمائىي ئورنى، ئاڭ سەۋىيىسى، ئېستېتىك قىزىقىشى قاتار-
لىقلار بىلەن تازا ماس كەلمەي قالىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت.
مەسىلەن، «ئاينۇرى» ھېكايىسىدە ئەمدىلا باشلانغۇچ مەكتەپكە
كىرگەن ئاينۇرنىڭ تىلىدىن ”ئېيتقىنا، چوڭ ئانا، مەن راستى-
تىنلا ھارامدىن بولغان بالىمۇ؟“ دېگەن سۆزلەر بېرىلگەن.
بۇنداق سۆزلەر ئاينۇرنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى بىلەن قىلچە سىغىشال-
مايدۇ. يازغۇچىنىڭ يەنە بەزى ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلارنىڭ
دىئالوگلىرى بەك ئۇزۇن، جانلىقلىقى كەمچىل. مەسىلەن،
«داغدا قالغان قىز» پوۋېستىدا شۆھرەت بىلەن زىننەتنىڭ دىئا-
لوگىدا مۇنداق ئۇزۇن جۈملىلەر بار: ”سىز راھەت-پاراغەتنى

مەسئۇل مۇھەررىرى: قەيسەر قۇربان
مەسئۇل كوررېكتورى:

مۇھەممەت ئىمىن

# ئالتۇن گىرۋەكلىك ھاڭ

(تاللانغان پوۋېستلار)

نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
(بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ،
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 010-64228007)
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبەئە سىستېمىسى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
1997-يىل 9-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1997-يىل 9-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 16.00 يۈەن

تەۋە ھادىسىلەر بىلەن ئىجتىمائىي ئەخلاقتا يات ھادىسىلەر تەڭ
كېلىپ قالغاندا ئۇلارنى پەرقلەندۇرۇشكە ئەھمىيەت بەرمەي،
ھەممىسىنى قارا-قويۇق ئىجتىمائىي ئەخلاقتا يات ھادىسىلەر،
ناچار ئىللەتلەر قاتارىغا چىقىرىپ تەنقىدلەپ كەتكەن. نەتىجىدە
يارىتىلغاتقان ئوبرازلاردىكى خاراكتېر جەھەتتىكى خاسلىقنىڭ
تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىشىگە تەسىر يېتىپ قالغان. قاسىمدەك
ئوبرازلارنى ياراتقاندا ئۇنىڭ خۇددى بىزگە ئوخشاش ئادەم ئىكەن-
لىكىنى ئىپادىلەيدىغان تەپسىلاتلارنىڭمۇ بولۇشىغا مۇھتاج ئە-
كەنلىكىمىزنى يازغۇچىنىڭ ئۇنتۇپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلى-
مىز.



**图书在版编目（CIP）数据**

金色的悬崖：维吾尔文/穆罕默德. 伊明著.
—北京：民族出版社，1997. 6
ISBN 7－105－02787－8

I. 金…II. 穆…III. 中篇小说—作品集－中国－当代－
维吾尔语（中国少数民族语言）IV. I247. 5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（97）第 04540 号

民族出版社出版发行
（北京市和平里北街 14 号 邮编 100013）
民族出版社微机照排　　民族印刷厂印刷
各地新华书店经销
1997 年 9 月北京第 1 版　　1997 年 9 月北京第 1 次印刷
开本：850×1168 毫米　1/32　印张：14$\frac{7}{8}$
印数：001—300 册　定价：16.00 元

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:
ھۆسنخەت، قىستۇرما   دولقۇن قادىر
رەسىملەرنى ئىشلىگۈچى:



ISBN 7-105-02787-8

9 787105 027873 >

ISBN 7-105-02787-8/I.676
民文(维 118) 定价: 16.00 元